ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

يىپەكچىلىك * قاشتېشى * گىلەمچىلىك



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

[illegible] * [illegible] * [illegible]


تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

天下只有一个和田. 4,丝绸业、和田玉、地毯业/阿布都拉·苏莱满编著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.8
ISBN 7—228—08242—7

Ⅰ.天… Ⅱ.阿… Ⅲ.①和田地区—概况—维吾尔语(中国少数民族语言)②丝绸工业—概况—和田地区—维吾尔语(中国少数民族语言)③玉器—制造工业 ④地毯—制造工业—概况—和田地区—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.K924.52

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 073811 号

责任编辑:牙里坤·司马义
责任校对:穆尼热·木沙江
封面设计:艾克拜尔·沙力

天下只有一个和田
——丝绸业、和田玉、地毯业

阿布都拉·苏莱满 编著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号邮编 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
880×1230 毫米 大 32 开本 12.75 印张 插页 2
2003 年 8 月第 1 版 2003 年 8 月第 1 次印刷
印数:0001—3800 册

ISBN 7—228—08242—7
(民文)总定价(共六册):98.50 元

## مۆھتەرەم ئوقۇرمەن

# خوتەننى بىلگىڭىز بارمۇ؟

*خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،*
*سەۋادى ئۈزرە جەننەت جان فىشاندۇر.*
*(نەۋائى)*

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» — بۇ چىن پىششىغ گەپ. چۈنكى خوتەنلىكلەر «بىرنى بىر» دەيدۇ.

خوتەن — ئۈز دىيار، تارىخى ئۇزۇن دىيار؛ خوتەن — تارىختا ئېچكىرىكى چىن ئۇچۇن غەربكە كۆزنەك دىيار؛ شۇڭا، نۇرغۇن سالنامىلەر، سەيياھلارغا دىڭىزدەك كەڭ سۆزلەك دىيار.

خوتەنلىكلەرنىڭ ئاتا - ئاغۇنلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە، گازۇن - چىرىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، بارخانلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى كەتمەن بىلەن توسقان ۋە قورام تاشلارنى دوملاتقۇدەك دەھشەتلىك قاش ئۆكۈز ئېقىنلىرىنى بويسۇندۇرغان، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئەقىل- ھۈنەر بىلەن ئېچىپ، تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ قانۇنى بىلەن ئىگىلىگەن ھەم ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتنى جەمئىيەتنىڭ نىزامى بىلەن يۈكسەلدۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، جەننەت مەسەل خوتەن بوستانلىقىنى ئەھياغا كەلتۈرگەن. بۇ ھەققەت توغرىسىدا، ئالتە جىلدلىق ئەمەس، ئاتمىش جىلدلىق قامۇس تۈزۈپمۇ بايانىغا يەتكىلى بولماس.

تالانتلىق شائىر، ئىجتىھاتلىق پروفېسسور ئابدۇللا سۇلايمان قەلىمىگە مەنسۇپ بۇ يۈرۈشلۈك كىتاپلار خوتەننى ھەر جەھەتتىن بىلگۈسى كەلگەن ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئۈچۈن قىممەتلىك دەستۇردۇر. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى- تەھرىرلىشىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ دەستۇر، ئاساسەن، ئۆز ئانا يۇرتىدا تۇغۇلغان ۋە ئۆز ماكانىنىڭ ئۆتمۈشى ھەم ھازىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن، پىششىق بىلگەن قەلەمكەشلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ شىلدىر - شىبكەر مېۋىسىدۇر. بۇ كىتابنىڭ ئالتە جىلدى بىر - بىرىگە ئۆزۈۋى باغلانغان ھەم ھەر بىر جىلدى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئەسەردۇر. ھەر جىلدنى ۋاراقلىغىنىڭىزدا، رىۋايەتتىن

تاكى ئەمەلىيەتكىچە، ئىجادىيەتتىن تاكى رىئاللىققىچە بولغان كارامەتلەر تەسۋىرى كۆز ئالدىڭىزدىن خۇددى كارتىنىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ؛ سىزنى نەچچە مىڭ يىللىق تىلسىماتنىڭ قاپقىسىنى ئېچىپ، ئاجايىپ رەڭگارەڭ ۋە ئىنسانىيەتكە ھەمئاھەڭ خەزىنىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ؛ سىزنى ھېكايەت باياۋاننى كەزدۇرۇپ، ھاياتلىق خىيابانىغا يەتكۈزۈپ، خوتەن توغرىسىدىكى بىلىم تەشنالىقىڭىزنى شېرىن تىل بۇلاقلىرىدىن قاندۇرىدۇ.

ئىگىلىك تەمىر قىلىشتا تۆھپىكار، مەدەنىيەت - مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈشتە كەشپكار، مەنىۋى ئۇزۇقلۇق يارىتىشتا سەنئەتكار، يۇرت - ماكانىنى قوغداشتا پىداكار خوتەنلىكلەرنىڭ مۇلايىم چېھرىسى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراقۇرۇمدەك چىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئالەمشۇمۇل ئەمگەك مېۋىسىگە قايىل بولىسىز ۋە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇيسىز.

نۇرغۇن - نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە كۆرمىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن خوتەنلىكلەرنىڭ ھازىرقى بوغۇنلىرى يېرىم ئەسىردىن بۇيان قەدىمكى ئوغۇش- ئاغۇنلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئانا يۇرتنى ئەقىل - پاراستى ۋە ئەمگەك تەرى بىلەن تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش يولىدا جان پىدالىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە. قەدىمكى خوتەننىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان يېڭى خوتەن پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەت ئەسرى بولغان 21 - ئەسىرگە يېڭىچە قىياپەت بىلەن گىگانت قەدەم باستى.

قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم — «يۇرت ئاتىسى نېمىگە مايىل بولسا يۇرت ئەھلى شۇنىڭغا ياندىشىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ۋە «يادلاپ ئالغان كېتىدۇ، يېزىپ قويغان قالىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ياخشى چۈشەنگەن خوتەن رەھبەرلىرىدىن ئۆمەر ئابدۇللا، جۈملىدىن يالقۇن قادىر ھەم مۇھەممەت چاۋار ئەپەندىلەرنىڭ قەلەمكەشلەرنى قوللىشى بىلەن بۇ دەستۇر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ھىممىتىگە ۋە قەلەمكەشلەرنىڭ غەيرىتىگە كەڭ جامائەتچىلىك بارىكاللا دەيدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەر جامائەسى ئالقىش بىلدۈرىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

ئېھتىرام بىلەن: ئىمىن تۇرسۇن

2003 - يىل، ئىيۇن

# مۇندەرىجە

خوتەن يىپەكچىلىكى.................. مۇھەممەتئىمىن سابىر
**خوتەن يىپەكچىلىكى ھەققىدە ئۇمۇمىي بايان** .............. 1
1. خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ ئۆتمۈشى .............................. 1
2. خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ ئەگرى-توقاي تەرەققىياتى .............. 9
3. خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ بۈگۈنى .............................. 16
دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلغان پىلە ئۆجمىچىلىك .............. 16
زامانىۋى يىپەك توقۇمچىلىق سانائىتى .......................... 19
قايتا گۈللەنگەن ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمچىلىق .................. 21
**گۆھەرگە ئايلانغان يىپەك ۋە يىپەك مەدەنىيىتى** .............. 26
1. يىپەكنىڭ خاسىيەتلىرى ........................................ 26
2. يىپەكنى ئۇلۇغلاش ئېڭى........................................ 29
3. يىپەككە باغلانغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى .................... 31
4. خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر ........................ 38
**يىپەك خام ئەشيا سورتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى**........................ 40
1. ئاق پىلە ...................................................... 40
2. يېشىل پىلە..................................................... 40
3. ئەنئەنىۋى پىلە بېقىش ئۇسۇلى .............................. 41
**يىپەك تارتىش ۋە كوچا سوزۇش**..................................... 43
1. يىپەك تارتىش دۇكان - سايمانلىرى .......................... 43
2. يىپەك تارتىش مەشغۇلاتى ........................................ 45
**يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى** .............. 49
1. ساپ يىپەك توقۇلمىلار .......................................... 49
گۈللۈك ساپ يىپەك توقۇلمىلار ................................ 50
ئاددىي، رەڭدار يىپەك توقۇلمىلار ............................ 64
سىدام يىپەك توقۇلمىلار ........................................ 66
2. ئارىلاش يىپەك توقۇلمىلار .................................... 69

گۈللۈك ئارىلاش توقۇلمىلار.......... 69
ئاددىي، رەڭدار ئارىلاش توقۇلمىلار.......... 72
**يىپەك توقۇمىچىلىقى..........** 75
1. يىپەك توقۇمىچىلىق ئۇسكۇنە ـ سايمانلىرى .......... 76
2. يىپەك توقۇمىچىلىق مەشغۇلاتى .......... 78
**يىپەك بوياقچىلىقى ..........** 93
1. رەڭ خۇشتارلىق پسىخىكىسى ۋە ئۇنىڭ رولى .......... 93
2. بوياق ماتېرىياللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى .......... 98
3. ئەنئەنىۋى يىپەك بوياقچىلىقى .......... 108
4. ئەنئەنىۋى يىپەك بوياقچىلىقىدا سانائەت بوياقلىرىدىن پايدىلىنىش .......... 124
5. ئەتلەس ئۇرۇش بوياقچىلىقى ۋە ئەتلەس توقۇمىچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى .......... 133

خوتەن قاشتېشى .......... ئابدۇرشات مۇساجان
**مۇقەددىمە..........** 141
**خوتەن قاشتېشىنىڭ قىممىتى ..........** 144
1. خوتەن قاشتېشىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى.......... 147
2. خوتەن قاشتېشىنىڭ مىنېراللىق تەركىبى.......... 151
3. خوتەن قاشتېشىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى .......... 154
**خوتەن قاشتېشىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى..........** 159
1. خوتەن قاشتېشىنىڭ بۆشۈكى — «قاش ئۆگۈز» .......... 160
2. كان تېشىنىڭ بۆشۈكى — ئالماس كان .......... 163
3. خوتەن قاشتېشىنىڭ بىر تەركىبى — مىرداي كان .......... 170
4. قاشتېشى كان رايونلىرىنىڭ بۆلەكلەرگە ئايرىلىشى .......... 173
**قاشتېشى سودىسى ۋە يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ..........** 176
1. «قاشتېشى يولى» نىڭ بارلىققا كېلىشى.......... 176
2. تارىخىي مەنبەلەردە خوتەن قاشتېشى.......... 182
3. قەدىمكى ئىزلاردا خوتەن قاشتېشى .......... 192
4. قاشتېشىنىڭ قېزىلىشى.......... 199
5. قاشتېشى ئويمىچىلىق سايمانلىرى.......... 204
**قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈز-**

لەقلىكتىكى راۋاجى ............................................ 206
1. قاشتېشى ئويمىچىلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە بىر
قىسىم بەدىئىي ئەسەرلەر ........................................ 206
2. ياڭجۇ قاشتاشچىلىقى ۋە خوتەن قاشتېشى ........................ 225
3. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قاشتېشى قىزغىنلىقى ........................ 227
4. چيەنلۇڭ خان ۋە خوتەن قاشتېشى ............................ 239
قاشتېشى تەتقىقاتى ۋە هازىرقى زامان قاشتاشچىلىق
مۇۋەپپەقىيەتلىرى ............................................ 248
1. قاشتېشى تەتقىقاتىدىن ئۆچۈرلار .............................. 248
2. يېقىندىن ئىجاد قىلىنغان بىر قىسىم قاشتېشى ئويما
ئەسەرلىرى ................................................ 252
بۈگۈنكى زامان خوتەن قاشتاشچىلىقىنىڭ ئاساسىي
ئەھۋالى .................................................... 254
ئاخىرقى سۆز ................................................ 260

خوتەن گىلەمچىلىكى ................ مۇھەممەتئىمىن سابىر
توختىنىياز تۇرسۇن ................................................
خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى .......................... 263
1. خوتەن گىلەمچىلىكى توغرىسىدا ئەپسانە - رىۋايەتلەر .............. 264
2. خوتەن گىلەمچىلىكىگە ئائىت تارىخىي يازما مەلۇماتلار ............. 268
3. خوتەن گىلەمچىلىكىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ......... 270
4. مەلۇماتلاردىن خۇلاسە ........................................ 273
خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ...................... 276
1. ئەجدادلارنىڭ تۆھپىسى ........................................ 276
2. خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ يېڭى باھارى ............................ 283
3. خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ پاراۋوزى — خوتەن گىلەم
كارخانىسى ................................................... 284
4. ئەللىك بەش مىڭ كىشىلىك «تۈۋرۈك» ............................ 290
5. گىلەمچىلىكنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق ........................ 292
خوتەن گىلىمىنىڭ تۈرلىرى .................................... 294
1. زىلچا گىلەمنىڭ تۈرلىرى ...................................... 295
2. زىلچا گىلەمنىڭ تۈزۈلۈشى .................................... 297

3. زىلچا گىلەمنىڭ نۇسخا، رەڭ تۈرلىرى ۋە
ئالاھىدىلىكى ........................................ 299
خوتەن گىلەمنىڭ نەقىشچىلىكى ........................ 321
1. گىلەم گۈل نەقىشلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە........ 322
2. خوتەن گىلەمنىڭ كانارا نەقىشلىرى .................. 327
3. خوتەن گىلەمنىڭ ئىچ گۈل نەقىشلىرى ............. 328
خوتەن گىلەمنىڭ سەنئەت قىممىتى ۋە ئىستېمال
قىممىتى ........................................ 331
1. گىلەمگە مۇجەسسەملەنگەن مەدەنىيەت - سەنئەت ........ 332
2. گىلەمدىن تارقالغان مەدەنىيەت - سەنئەت........... 334
3. خوتەن گىلەمنىڭ ئىستېمال قىممىتى.............. 340
گىلەم خام ئەشيالىرى ۋە سايمانلىرى................ 341
1. خوتەن قويى ۋە يۇڭ يىپ .............................. 341
2. گىلەم ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇللىرى ...... 346
3. گىلەم ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سايمانلىرى ...... 347
رەڭ ۋە بوياقچىلىق.................................. 350
1. ئەنئەنىۋى يۇڭ بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال
ۋە سايمانلار .......................................... 351
2. يۇڭ بوياقچىلىقىغا ئىشلىتىلىدىغان سانائەت بوياقلىرى
ۋە سايمانلار .......................................... 358
3. سانائەت بوياقلىرى ئارقىلىق يۇڭ يىپ بوياش .............. 361
گىلەم توقۇش تېخنىكىسى ........................ 366
1. گىلەم توقۇش دۇكانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى .......... 366
2. گىلەم توقۇشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر ............ 368
گىلەم توقۇش مەشغۇلاتى ........................ 377
1. گىلەم توقۇشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلار ............ 377
2. تېۋىت چىگىش ئۇسۇلى.............................. 379
3. ئارقاق ئۆتكۈزۈش ۋە پەنجە ئۇرۇش ئۇسۇلى ............. 381
4. قىرغاق يۆگەش ۋە گىلەم قىرغاقلىرىنى تارتىش............ 383
تۆھپىكار گىلەمچىلەر شەجەرىسى......................... 386

# 目　录

和田丝绸 ………………………… 买买提依明·沙比尔
和田丝绸业概论 ………………………… 1
1、昔日和田丝绸业 ………………………… 1
2、和田丝绸业的曲折发展历程 ………………………… 9
3、今日和田丝绸业 ………………………… 16
冠以为宝的丝绸与丝绸文化 ………………………… 26
1、丝绸之特性 ………………………… 26
2、丝绸推崇意识 ………………………… 29
3、与丝绸相联的文化现象 ………………………… 31
4、和田丝绸业的前程展望 ………………………… 38
丝绸原料及特点 ………………………… 40
1、白蚕 ………………………… 40
2、绿蚕 ………………………… 40
3、传统养蚕法 ………………………… 41
缫丝和捻丝 ………………………… 43
1、缫丝设备和工具 ………………………… 43
2、缫丝作业 ………………………… 45
丝织品及其特点 ………………………… 49
1、纯丝织品 ………………………… 49
带花丝织品 ………………………… 50
色条丝织品 ………………………… 64
素色丝织品 ………………………… 66
2、混纺丝织品 ………………………… 69

带化混丝织品……69
色条混丝织品……72
丝绸纺织……75
1、丝织设备和工具……76
2、丝织作业……78
丝染业……93
1、颜色迷恋心理及其作用……93
2、染料及其性能……98
3、传统丝染业……108
4、工业染料在传统丝染业中的应用……124
5、艾特来丝绸经线染法及艾特来丝染织之特点……133
和田玉……阿不都热夏提·木沙江
序言……141
和田玉的品位……144
1、和田玉的化学成分……147
2、和田玉的矿物成分……151
3、和田玉的物理性能……154
和田玉的分布情况……159
1、和田玉的摇篮——“喀什乌谷子”……160
2、矿玉之父——阿里玛斯玉矿……163
3、和田玉的另一种——米尔代玉矿……170
4、玉石矿区的分布……173
玉石贸易和丝绸之路的形成……176
1、玉石之路的出现……176
2、史记中的和田玉……182
3、古迹中的和田玉……192
4、玉石的开采……199
5、玉雕设备、工具……204
玉雕艺术及其在中原的发展……206

1、玉雕业的产生及部份玉雕艺术品 …………………… 206
2、扬洲玉雕业与和田玉 …………………… 225
3、中原的玉石热 …………………… 227
4、乾隆皇帝与和田玉 …………………… 239
玉石研究与现代玉石业成果 …………………… 248
1、玉石研究信息 …………………… 248
2、部份新创玉雕作品 …………………… 252
今代和田玉石业的基本情况 …………………… 254
后记 …………………… 260
和田地毯 ………… 买买提依明·沙比尔、托合提尼牙孜·吐尔逊
和田地毯的出现 …………………… 263
1、有关和田地毯的神话与传说 …………………… 264
2、关于和田地毯的史记信息 …………………… 268
3、关于和田地毯的考古信息 …………………… 270
4、有关和田地毯的信息小结 …………………… 273
和田地毯业的历史发展 …………………… 276
1、祖先的业绩 …………………… 276
2、和田地毯业的新春 …………………… 283
3、和田地毯业的火车头——和田地毯厂 …………………… 284
4、五万五千人组成的“柱” …………………… 290
5、地毯业的未来更光明 …………………… 292
和田地毯的种类 …………………… 294
1、栽绒地毯品种 …………………… 295
2、栽绒地毯的结构 …………………… 297
3、栽绒地毯的图案品种、花色及特点 …………………… 299
和田地毯的图案构成 …………………… 321
1、地毯图案之概念 …………………… 322
2、和田地毯的周边条框图案 …………………… 327
3、和田地毯的中央部分图案 …………………… 328

和田地毯的艺术价值和使用价值……331
1、汇集于地毯的文化艺术……332
2、扩散于地毯的文化艺术……334
3、和田地毯的使用价值……340
地毯原料及设备、工具……341
1、和田羊与毛线……341
2、地毯原料的加工方法……346
3、地毯原料加工用具……347
颜料与染线业……350
1、传统颜料、染具及毛染法……351
2、工业颜料及染具设备……358
3、工业颜料毛线着染法……361
织毯技术……366
1、地毯架及其构造……366
2、地毯编织的技术要求……368
织毯作业……377
1、前期准备……377
2、栽绒法……379
3、穿纬线其打实……383
和田地毯名人录……386

مۇھەممەتئىمىن سابىر

# خوتەن يىپەكچىلىكى

## خوتەن يىپەكچىلىكى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 1. خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ ئۆتمۈشى

ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا كېيىنىش ئوزۇقلىنىشتىنلا كېيىن تۇرىدىغان زۆرۈرىيەت ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن، ئەڭ قەدىمكى ئىنسانلار ئوت - چۆپ ۋە دەرەخ قوۋزاقلىرى ئارقىلىق ئەۋرەتلىرىنى دالدا قىلغان ھالدا يېرىم يالىڭاچ ياشىغان. كېيىنچە ھايۋان تېرىلىرىنى يېپىنچا قىلغان. ئاندىن يۇڭ پىشۇرما بۆيۈم - كىگىز بىلەن يۇڭ يىپنى كەشىپ قىلىپ، كىگىز كېپىنەك، كىگىز قالپاق قاتارلىق پىشۇرما كىيىملەرنى، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان قۇر - ئۆرمىلەردىن چېتىپ ئىشلەنگەن شوينا كىيىملەرنى كىيىدىغان بولغان. كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئىپتىدائىي دېھقانچىلىققا ئۆتكەندىن كېيىن يۇڭ رەخت، بۆز رەخت توقۇش، يىپەك رەخت توقۇشنى ۋە بۇلاردىن ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى كەشىپ قىلغان. ئوت - چۆپ يېپىنچىلاردىن تېرە يېپىنچىغا، ئۇنىڭدىن كىگىز يېپىنچىغا، ئۇنىڭدىن چاتما شوينا كىيىمگە، ئۇنىڭدىن ھەقىقىي مەنىدىكى توقۇلما رەخت كىيىملەرگە ئۆتۈش — نەچچە مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ئەمەلگە ئاشقان. بۇ كىيىم - كېچەك زەنجىرىنىڭ ھەربىر ھالقىسىدىن يەنە بىر ھالقىسىغا ئۆتۈش ماھىيەتتە بىر قېتىملىق سەكرەش، بىر قېتىملىق ئىنقىلاب ئىدى. بۇ ئىنقىلاب ئاخىر يۇڭ، يىپەك، بۆز رەختلەردىن كىيىنىشنى بەلگە قىلغان مەدەنىي ئىنسانلار دەۋرىگە قەدەم قويۇش بىلەن نەتىجىلەنگەن.

ئىنىقكى، يىپەك — تەبىئىي تالالار ئىچىدە ئەڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇم بولۇپ سىپتىلىقى، ۋەزنىنىڭ يېنىكلىكى، رەڭ ئېلىش ۋە رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى، جۇلالىق - كۆركەملىكى، شۇنداقلا چىداملىقلىقى جەھەتتە ھەرقانداق تەبىئىي تالا ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن يىپەك ۋە يىپەك توقۇلمىلار قەدىمدىن ھازىرغىچە جاھان خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالىدا ئەتىۋارلىنىپ كەلمەكتە.

دىيارىمىز خوتەندىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا تەبىئىي تالالاردىن پايدىلىنىپ توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

تارىم ۋادىسى، جۈملىدىن خوتەن ئۇجمە ئۆستۈرۈش، پىلە بېقىش ۋە تەبىئىي يىپەك تالاسىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەڭ بۇرۇن ئۆزلەشتۈرگەن رايونلارنىڭ بىرى. لېكىن، خوتەن دىيارىدا پىلە بېقىش ۋە يىپەكچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەن كونكرېت يىل دەۋرى ھازىرغىچە ئېنىق بولمىغان، شۇنداقلا ئۇزاقتىن بۇيان دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنى قىزىقتۇرۇۋاتقان تېما بولۇپ كەلگەن. ئەپسۇسكى، تا ھازىرغىچە خوتەندە پىلىچىلىك - يىپەكچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتىغا دائىر بىۋاسىتە يازما خاتىرىلەر بايقالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەمما، غەرب تارىخچىلىرى ۋە دۆلىتىمىز تارىخچىلىرىنىڭ خوتەننىڭ قەدىمكى دەۋردىكى پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك، ھەققىدە قالدۇرغان يازما مەلۇماتلار بىزنى بۇ جەھەتتە قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا، تارىم ۋادىسى، جۈملىدىن خوتەننىڭ پىلە - يىپەكچىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار مانا شۇ ۋاسىتىلىق يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

**خوتەندە پىلىچىلىك - يىپەكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار**

گرېك تارىخچىسى ئۇنېسكرىدوس بىلەن نېئاركوس يازغان «قىرغاق بويلاپ دېڭىز ساياھىتى» [1] (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 325 - يىلى يېزىلغان) دە، غەرب ئەللىرى ئىشلىتىدىغان يىپەك ۋە تۆمۈرلەر سېرىستىن كېلىدۇ، دېيىلگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 400 - يىللىرى تۇغۇلغان كىتفوسنىڭ «ئېتىرىيە» دېگەن

ئەسىرىدە «سېرىس» دەپ يېزىلغان. شۇنىڭدەك ھومېرنىڭ «ئودىيسا» داستانىدىمۇ، سېرىستىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ئارىسىدا تۆمۈر ۋە كۆن - قىرىملار بار، دېيىلگەن. يەنە، تۈرلۈك تۆمۈرلەر ئىچىدە سېرىسنىڭ تۆمۈرى بەك ئېسىل، سېرىسلار ھەر خىل يىپەك ماللىرىغا قوشۇپ، كۆن - قىرىملارنىمۇ بىزگە ئىمپورت قىلىدۇ، دەپ قەيت قىلىنغان[2].

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان غەرب تارىخچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە يىپەك ماللارنىڭ «سېرىس» يەنى «يىپەك ئېلى» دىن كېلىدىغانلىقى يېزىلغان. ئۇنداقتا، «سېرىس» نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى قەيەردە؟ ئۇيغۇرلاردىن بۇ ھەقتە ئەڭ بۇرۇن پىكىر يۈرگۈزگەن قاسىم ئارىش ئەپەندى «يىپەك ئېلى — خوتەن توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە، غەرب ئالىملىرىنىڭ «سېرىس» نىڭ ئورنى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن: «رىم ۋە يۇنان ئالىملىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، سېرىسنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا توغرا كېلىدۇ. بىزگە شۇ نەرسە مەلۇمكى، قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە شىنجاڭدا ئەڭ بالدۇر پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك راۋاجلانغان[3].

ئېلىمىز ئالىمى چيەن بوچۈەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىپ غەرب ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان سېرىس — يىپەك ئېلىنى «ھازىرقى شىنجاڭ، جۇملىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا خوتەن، يەركەننى كۆرسىتىدۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى[4]. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، تەتقىقاتچى يىن چىڭ ئەپەندى قەدىمكى غەرب ئالىملىرى نەزەرىدىكى «سېرىندىيە» (غەربىي يۇرت، يەنى ئۇدۇن) ھەققىدە تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندىن كېيىن، رىملىقلارنىڭ تاكى مىلادىيە VII ئەسىرلەرگىچە پىلە بېقىش، يىپەك چىقىرىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى، يىپەكنى «سېرىندىيە»، يەنى غەربىي يۇرت ئۇدۇندىكى دەرەخ غازاڭلىرىدىن چىقىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەنلىكىنى، راھىبلاردىن يىپەكنىڭ پىلە قۇرتىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئاشۇ راھىبلارنى ئىشقا سېلىپ پىلە ئۇرۇقىنى ئوغرىلىتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن رىمدا پىلە - يىپەكچىلىكنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ[5].

دېمەك، غەرب ئالىملىرىنىڭ «سېرىس» (يىپەك ئېلى)

توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلىرى ۋە بۇ خاتىرىلەر ئاساسىدا ئېلىپ
بېرىلغان يۇقىرىقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، شۇنى قەيە
قىلالايمىزكى، يىپەك يولى مىلادىيىدىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىلا
شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تارتىپ غەربتە رىم ۋە يۇنانلارغىچ
تۇتاشقان. گرېكلار ۋە رىملىقلار بۈگۈنكى تارىم ۋادىسىنى
«سېرىس» ، «سېرىندىيە» يەنى «يىپەك يۇرتى» ، «يىپەك ئېلى
دەپ ئاتىغان. تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمى
مىلادىيىدىن خېلى ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن باشلاپلا يىپەك سودىسى بىلە
شۇغۇللىنىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيە
ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ۋەھالەنكى، غەر
ئالىملىرىنىڭ «سېرىس» توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى تارىم ۋادىس
جۈملىدىن خوتەندە پىلە - يىپەكچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتىن
يورۇتۇپ بېرىشتە بىزنى تېخىمۇ ئېنىق مەلۇمات بىلە
تەمىنلىيەلمەيدۇ.

بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يەنە بىر قىسى
تەتقىقاتچىلار دۆلىتىمىزنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى يازما مەلۇماتلا
ئاساسىدا تەتقىقات يۈرگۈزۈپ كەلدى. ئىلگىرى بىر قىسى
تەتقىقاتچىلار پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك تاڭ سۇلالىسى (مىلادى
618 ـ 907 - يىللار) دەۋرىدىن سەل بۇرۇن شەرقتىن ئۇدۇ
تارقىلىپ كىرگەن دەپ قاراپ كەلگەنىدى. بۇنىڭدا، تاڭ سۇلالىس
دەۋرىدە غەربكە بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بارغان راھىب تا
شۈەنزاڭنىڭ (مىلادىيە 602 ـ 664 - يىللاردا ياشىغان) «بۈيۈ
تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابى
خاتىرىلەنگەن بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغان.

«تاڭ شۈەنزاڭ مىلادىيە 644 - يىللىرى ئۇدۇنغا كەلگ
بولۇپ، ئۇ خاتىرىلىگەن ھېلىقى رىۋايەتتە ھېكايە قىلىنىشىچە، بۇر
ئۇدۇندا پىلە - يىپەكچىلىكى يوق ئىكەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى
يىپەك بۇيۇملىرى بۇ يەردە ئىنتايىن ئەتىۋارلىنىدىكەن. شۇڭا، ئۇد
شاھى ئەلچى ئەۋەتىپ پىلە ئۇرۇقىنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن، خان ئۇ
مەخپىي تۇتۇپ بەرمەپتۇ. كېيىن، ئۇدۇن شاھى شەرق مەلىكىس
ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويۇپتۇ، خان قوشۇلۇپتۇ. ئۇدۇن شاھ
خانىشنى ئېلىپ كېلىشكە بارىدىغان ئەلچىلەرگە: خانلىقىمىزدا پىل
ئۇجمە ئۇرۇقى يوق، خانىشنىڭ كېيىمىنى قانداق قامداشنى ئۇنى

ئېيتىشلار، دەپ تاپىلاپتۇ. مەلىكە ئەلچىلەردىن ئۇدۇن شاھىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ پىلە، ئۈجمە ئۇرۇقىغا ئېرىشىشنى خۇپىيانە پۇرانقانلىقىنى پەملەپتۇ - دە، پىلە، ئۈجمە ئۇرۇقىنى چېچىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئېلىپ كەپتۇ. قورۇققا كەلگەندە قورۇقچى لەشكەرلەر ھەممەيلەننى ئاختۇرغان بولسىمۇ، مەلىكىنى ئاختۇرۇشقا پېتىنالماپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇدۇندا پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك بارلىققا كەپتۇ»[6]. ئەلۋەتتە بۇ بىر رىۋايەت بولۇپ، ئۇنى رەسمىي تارىخ ئورنىدا چۈشىنىشكە بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئۇدۇن خانىغا ياتلىق بولغان بۇ مەلىكە بەزى ماتېرىياللاردا «شەرق مەلىكىسى»[7] دەپ ئاتالغان بولسا، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا «شەرقتىكى قوشنا ئەلنىڭ مەلىكىسى» دېيىلگەن[8].

ئامېرىكا ئالىمى لاۋفېير يۇقىرىقى رىۋايەت توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە ئاساسەن، ئۇدۇنلۇقلار مىلادىيىنىڭ 419 - يىلى بىر نەپەر جۇڭگو مەلىكىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا پىلە بېقىشنى بىلگەن. ئاندىن پىلىچىلىك پەيدىنپەي يەركەن، پەرغانە ۋە پېرسىيىگە تارقالغان دەيدۇ[9]. فرانسىيىلىك ژبرونوۋ بولسا، مەركىزىي ئاسىيادىكى تەسىرى چوڭ بەگلىكنىڭ شاھزادىسى مىلادىيىنىڭ 420 ـ 440 - يىللىرى ئارىلىقىدا خەنزۇ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن پىلىچىلىك ئۇدۇنغا تارقالغان دەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، غەرب تارىخچىلىرى بىلەن ئېلىمىز تارىخچىلىرىنىڭ خوتەننىڭ يىپەكچىلىك تارىخى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتلىرىدا ۋاقىت پەرقى خېلى چوڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچە باشقىلاردىن ئاڭلىغان رىۋايەتلەر ئاساسىدا خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، ئۇدۇننىڭ قەدىمكى يىپەكچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىرمۇنچە ئېنىقسىزلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، شۇنداقلا ھازىرقى تەتقىقاتتىكى كۆزقاراشلارنىڭ خېلىلا پەرقلىق بولۇشىغا سەۋەب بولماقتا. خەيرىيەتكى، ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ئارقىسىدا، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئىشلىرىدا غايەت زور بايقاشلار قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ داۋامدا قېزىۋېلىنغان پىلىچىلىك- يىپەكچىلىككە دائىر نۇرغۇنلىغان ماددىي بۇيۇملار، بۇ

رايوننىڭ پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بىزنى ناھايىتى مۇھىم پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

«چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن چىققان يىپەك رەخت پارچىسى، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ساھىلىدىكى قەبرىستانلىقتىن چىققان يىپەك كۆڭلەك، يىپەك بوغما ئىشتان، يىپەك ياغلىق، يىپەك خالتا قاتارلىقلارنىڭ سانى خىلى كۆپ ... ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئۇلارنىڭ دەۋرىنى بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى چاغلار دەپ ھېسابلىدى. دېمەك، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۇچمە ئۆستۈرۈپ پىلە بېقىپ، ھەر خىل يىپەك رەختلەرنى توقۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان» ⑪.

دۆلەتنىڭ نوپۇزلۇق ئورگانلىرى تەرىپىدىن بۇنىڭدىن 90±2265 يىل بۇرۇنقى دەۋرىدىن 95±1720 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن. ⑫لوپ سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن كىمخاب، شايى بۇيۇملار، مەشۇت، شۇنداقلا جەسەتلەرنىڭ يۈزىگە، بېشىغ يۆگەلگەن مەشۇت ۋە شايىدىن تىكىلگەن يازلىق كىيىم - كېچەك قاتارلىق ھەمدەپنە بۇيۇملار تېپىلدى.

مىلادىيە Ⅲ ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق نىيە قەدىمكى خارابىسىدىن كىمخاب، دارايى قاتارلىق يىپەك توقۇلما بۇيۇملا تېپىلدى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بىلەن خوتە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىرلىشى تەشكىللىگەن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىد يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يىپەك بۇيۇملار قاتارىدا بىر دانە پى غوزىكىنى تاپقان. تېخنىكىلىق باھالاش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئۆ پىلىسىنىڭ غوزىكى ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن بولۇپ، شەكلى زەيتۇ توپقا ئوخشايدۇ. غوزەك رەڭگى ئاق، نېپىز بولۇپ، ئېغىرلى 0.2 گرام، ئۇزۇنلۇقى 4 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 3. سانتىمېتىر كېلىدۇ. بېشىدا بىر كېپىنەك تېشىپ چىققان تۆش بار. بۇ خارابىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا قاقشالغا ئايلانغان ئۇج دەرەخلىرى ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ خارابىنىڭ جەنۇبى چېتىدىك قاقاسلىققا ئايلانغان ئۇزۇمزار يېنىدىكى ئۆي خارابىسى ئەتراپىدا چا

چاك يېرىلىپ قاقشالغا ئايلانغان بىرقانچە تۈپ ئۆجمە دەرىخى ھېلىھەم قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

خوتەننىڭ قەدىمكى يىلىچىلىك - يىپەكچىلىك ئىشلىرىغا دائىر تەتقىقاتتا، ئىلگىرى ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي پاكىت ۋە يازما تارىخىي پاكىتلارنىڭ ئاز بولۇشى، شۇنداقلا تەتقىقاتتىكى ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ چەكلىمىلەر سەۋەبىدىن، خوتەندە يىلە - يىپەكچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدىكى قاراشلار ھەر خىل، شۇنداقلا ۋاقىت پەرقى چوڭ بولۇپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردا نوقۇل غەربنىڭ يازما مەنبەلىرىگە ياكى نوقۇل دۆلىتىمىزنىڭ يازما مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ تەتقىق قىلىنىدىغان كونا ئەندىزە بۇزۇپ تاشلاندى. بىر قىسىم ئالىملار بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتتا، ئەپسانە ۋە قىياسلاردىن خالىي بولغان تارىخىي خاتىرىلەرگىمۇ، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقالغان ماددىي پاكىتلارغىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىش، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇسۇل قوللىنىپ، بەزى يېڭىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تەتقىقاتچى يىن چىڭ ئەپەندى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقالغان يىپەك بۇيۇملار، يىلە غوزىكى ۋە قاقشال بولۇپ كەتكەن ئۆجمە دەرەخلىرى قاتارلىق ماددىي پاكىتلار بىلەن يازما خاتىرىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا: «بۇ مىراسلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بۇ يەردە (نىيە قەدىمىي شەھىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ - ئاپتور) يىلە، ئۆجمىچىلىك بۇ شەھەر خارابىلىشىپ تاشلىنىپ كېتىشتىن بۇرۇن، يەنى مىلادىيىنىڭ 269 - يىلىدىن بۇرۇنقى خەن، جىن دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. ھازىر دۆلەت ئىچى-سىرتىدا يىلە بېقىش تېخنىكىسى ئۇدۇنغا 420 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تارقىلىپ كىرگەن، دېگەن قاراش مەۋجۇت. بۇ خىل قاراش ئۇدۇندا يىلە بېقىشنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتىنى ئەمەلىي ۋاقىتتا قارىغاندا كەم دېگەندە 200 يىللارچە كەينىگە سۈرۈپ قويغان»[13] دەپ كۆرسەتكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا يىن چىڭ ئەپەندى خوتەندە يىلە بېقىشنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى مىلادىيىنىڭ 220 - يىللىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

ئاتاقلىق تىلشۇناس، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىمۇ، يازما مەنبەلەر بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق

قىلىش ئاساسىدا مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «خوتەننىڭ يىپەك ماللىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە سىچۈەندىن چىقىدىغان يىپەك ماللارغا ئوخشاشلا قەشقەر ئارقىلىق غەربكە سېتىلغاندىن تاشقىرى ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ توشۇلغان. مەسىلەن، بەنچاۋ ئۆزىنىڭ ئاكىسى بەنگوغا ئاق شايى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەندە بەنگو يازغان جاۋاب خېتىدە: ‹ئەۋەتكەن 300 توپ ئاق شايى، بازارلىق يۆچى (كۇشان) ئېتى، خۇشبۇي دەرمەك، چەم قوياقنى ئالدىم› » دەپ يازغان.

«قىسقىسى، يەر ئاستىدىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە تارىخىي يازما مەنبەلەرگە ئاساسەن، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تارىم ئويمانلىقىدا پىلە - يىپەكچىلىكنىڭ تارىخى 2000 يىلدىن ئاشىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن تەرەپلەر پىلىچىلىك- يىپەكچىلىكنىڭ ماكانى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدە يىپەك چىقىدىغان مەشھۇر جايلاردىن بىرى»، «مەملىكىتىمىز دۇنيادا پىلە بېقىش، يىپەك تاۋلاش، تاۋار - دۇردۇن توقۇشنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغان مەملىكەت. پىلە، يىپەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە سىچۈەن، شىنجاڭنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىدا پەيدا بولۇپ راۋاجلانغان. يىپەك ۋە يىپەك ماللار ئاۋۋال شىنجاڭ ئارقىلىق غەربىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ياۋروپاغا تارقالغان»[14].

دۆلىتىمىزدىكى مەشھۇر ئالىم خۇاڭ ۋېنبى پىلە - يىپەكچىلىكنىڭ ئۇدۇنغا تارقالغان ۋاقتى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە (مىلادىيە 25 - 220 - يىللار) توغرا كېلىدۇ[15]، دەپ كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، خوتەندە پىلىچىلىك - يىپەكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. ئالىملارنىڭ پىكرى بارغانسېرى بىرلىككە كېلىشكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. يەنى، خوتەندە پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە، كېچىككەندىمۇ 220 - يىللار ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە ئالىملارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تارىخىي سىرلار چوقۇم ئېچىلغۇسى.

## 2. خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ ئەگرى - توقاي تەرەققىياتى

يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، خوتەندە پىلىچىلىك - يىپەكچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولدى. مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچ - دەۋرلىرىدە، خوتەننىڭ پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يازما مەلۇماتلار بەكلا كەمچىل. شۇنداقتىمۇ، بىز كۆرۈشكە نىسىپ بولغان مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، خوتەن (شۇنداقلا پۈتكۈل غەربىي رايون) نىڭ پىلە - يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى شۇنداقلا تەبىئىي ئاپەت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گاھى ئۆرلەپ، گاھى پەسىيىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي تارىخىي مۇساپىسىدىن قارىغاندا ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ كەلگەن، دەپ ئېيتالايمىز.

خەن سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە، ھونلارنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىگە تەھدىت پەيدا قىلغانلىقتىن، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى سودا - تىجارەت گۈللەنگەن. شەرقىي خەن دەۋرىدە خوتەن بۇ يولدىكى مۇھىم سودا تۈگۈنىگە ئايلانغان. شەرقنىڭ تاۋار - دۇردۇن، شايىلىرى، سىرلىق قاچىلىرى ۋە مېتال بۇيۇملىرى بۇ يەردىن غەربكە توشۇلسا، غەربنىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرى، ئۈنچە - مەرۋايىت، مۇشكى - ئەنبار ۋە ئەينەك بۇيۇملىرى شەرققە توشۇلغان. «كېيىنكى خەننامە» دە بۇ خىل قاينام - تاشقىنلىق سودا مەنزىرىسى «جان - جەھلى بىلەن كارۋان، تىنماي قاتنايدۇ تۈنلەپ، غۇژ سودىگەرلىرى كۆپ، قورغاندا تۇرار كۈنلەپ» دەپ تەسۋىرلەنگەن. يىپەك يولىدىكى سودىنىڭ گۈللىنىشى ئەينى ۋاقىتتا خوتەننىڭ ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان.

شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقى دەۋرىدە (مىلادىيە 534 — 550 - يىللار) «غەربىي دىياردىكى پىشامشان، ئۇدۇن، سۇلې، كۇسەن، كېنىگىت ۋە قوش قاتارلىق ئالتە خانلىقنىڭ ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى ناھايىتى راۋاجلانغان. مەسىلەن، تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەينى

زاماندىكى ئۇدۇن شەھىرىنىڭ دائىرىسى 8 — 9 چاقىرىم كېلىدىغانلىقى، بۇ خانلىق تەۋەلىكىدە بەش چوڭ شەھەر، 10 نەچچە كىچىك شەھەرنىڭ بولغانلىقى، ئۇدۇن شەھىرىنىڭ 30 يول شەرقىدىكى خوتەن دەرياسىدىن قاشتېشى چىقىدىغانلىقى، يېرىنىڭ مۇنبەتلىكى، زىرائەت تۇرىنىڭ كۆپلىكى، بولۇپمۇ بۇ جايدا پىلە ۋە كەندىرنىڭ داڭلىق ئىكەنلىكى... بايان قىلىنغان»[⑩]. مىلادىيە V ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەنگە كەلگەن راھىب فا شيەن «بۇ يەردە دۆلەت ئاۋات، خەلق باياشات ئىكەن» دەپ يازغان.

كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى قارا دۆڭ خارابىسىدىكى قەبرىلەردىن شىمالىي ۋېي سۇلالىلەر (مىلادىيە 386 ـ 534 ـ يىللار) دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ قارالغان چاتما رەخت ۋە كۆك تەگ، ئاق گۈللۈك بۆز رەخت — ھەمزەك تېپىلغان بولۇپ، بۇلار شۇ يەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى دەپ قارالماقتا. بۇلار شۇ دەۋردە خوتەننىڭ توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق ھۈنىرىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ قەبرىلەردىن يەنە قىزىل تەگ، ئاق گۈللۈك بوغما بوياق شايى رەخت بۇيۇملار تېپىلغان (بۇ خىل رەخت يەرلىك ھۈنەر ـ كەسىپ تىلىدا «گۈلۋەرە» دەپ ئاتىلىدۇ ـ ئاپتوردىن). بۇ پاكىت ئۆز ۋاقتىدا خوتەندە يىپەك توقۇمىچىلىقنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ[⑰].

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، خوتەن پۈتكۈل غەربىي رايون تەۋەسىدە پىلىچىلىك ـ يىپەكچىلىك ئەڭ تەرەققىي قىلغان جايغا ئايلىنىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا داڭقى چىققانىدى[⑱]. شۇ دەۋردە خوتەنگە كەلگەن تاڭ شۇەنزاڭ خوتەنلىكلەر «ھۈنەر ئۆگىنىشكە خۇشتار، ماھارەتتە كامىل»، «زىلچا ـ گىلەم، سىپتا كىگىز ئىشلەپچىقىرىدۇ. دۇكانلاردا يىپەك تارتىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن. بۇلار شۇ دەۋردە خوتەندە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بولۇپمۇ يىپەك توقۇمىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىپ، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى جەھەتتە ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، VII ئەسىرلەردە خوتەنلىكلەر كۆپىنچە يىپەك كىيىملەرنى كىيەتتى، باھاسىمۇ قىممەت ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى خوتەندە پىلىچىلىك ـ يىپەكچىلىك ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىدى. قېزىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن يىللىرىدا (مىلادىيە 713—742— يىللار) خوتەندە ھەربىر توپ رەڭدار يىپەك رەختنىڭ باھاسى 170 يارماق بولۇپ، شىجۇ (تۇرپان) دىكى

ئوخشاش يىپەك رەخت باھاسىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى[19].

مىلادىيە VIII ئەسىردىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۇللىنىش مەزگىلىگە كىردى. بۇ چاغدا غەربىي يۇرتتىكى خوتەندىمۇ جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، ئىگىلىك گۈللەنگەندى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلىنىپ خېلى يۇكسەك سەۋىيىگە يەتكەنىدى. ئېرىق - ئۆستەڭلەر توردەك يېيىلغان بولۇپ، بۇغداي، قوناق كەڭ كۆلەمدە تېرىلغاندىن سىرت، شال، ئۈجمە، كەندىر، كېۋەز قاتارلىقلارمۇ تازا ئاينىيتتى. قول سانائەتتە مېتال تاۋلاش، توقۇمىچىلىق، ئىچىتقۇلۇق ئىچىملىككلەرنى ئىشلەپچىقىرىش خېلى تەرەققىي قىلغانىدى. بولۇپمۇ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە شايى - دۇردۇن، كىمخاب توقۇمىچىلىق، بۆز توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، قاشتېشى كولاش ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىقى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقانىدى[20].

مىلادىيە VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، خوتەن كۆنسېرى كۆچەيگەن تۇبۇتلارنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچراپ، بارا - بارا تۇبۇتلارنىڭ ھامىيلىقىغا چۈشۈپ قالغان. ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ۋىسپاراخان جەمەتى گەرچە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تۇبۇتلارغا ئولپان تۆلەش ۋە كۆپلىگەن ھەربىي خىراجەت - لازىمەتلىككلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقتىن، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان - سېلىق كۆپىيىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك چېكىنىپ كەتكەن. 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قاتتىق قارشىلىقلار ئارقىلىق، خوتەن تۇبۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، جەمئىيەتتە ئەمىنلىك ئورناپ، ئىشلەپچىقىرىش تېز ئەسلىگە كەلگەن. مۇقەددەس تەڭرىخان ۋىسارا سامبىھا تەختتە ئولتۇرغان (912 - 966) يىللاردا خوتەن راسا گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن. خانلىق كۈچىيىپ، مەمۇرچىلىق بولغان. يىپەك، يۇڭ، پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى زور مىقداردا ئاشقان. خوتەننىڭ پىلە ۋە يىپەك مەھسۇلاتلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي ساجۇ (ھازىرقى گەنسۇ) تەرەپلەرگە توشۇپ سېتىلغان[21].

مىلادىيە 961 - يىلىدىن 1006 - يىلىغا قەدەر قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن خوتەن بۇددا ئېلى ئوتتۇرىسىدا 40 نەچچە يىلغا

سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن ۋە قاراخانىيلار ئاخىرقى ھېساپتا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن. بۇ ئۇرۇش خوتەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە چېكىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مىلادىيە 1212 - يىلىغىچە بولغان 200 يىلدەك ۋاقىتتا جەمئىيەتتە ئۇزاققا سوزۇلغان ئەمىنلىك دەۋرى بارلىققا كېلىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەسلىگە كېلىپ، تېخىمۇ يېڭى سەۋىيىگە يەتكەن.

ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا 18 خىل يىپەك رەختنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇ رەختلەرنىڭ كېلىش مەنبىيىگە بېرىلگەن ئىزاھاتلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تارىم ۋادىسىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رەختلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. «دىۋان» دا يىپەك رەخت، بۆز رەخت، گۈللۈك بۆز رەخت، يۇڭ رەختلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەندىن سىرت، «ياتۇق» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇشى يۇڭ يىپ، ئارقىقى بۆز يىپتىن توقۇلىدىغان ئارىلاش توقۇلما رەخت ۋە يەنە بىرمۇنچە توقۇمىچىلىق سايمانلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. «چەكىن» دېگەن سۆزگە «يىپەك رەختكە زەر بېسىش»، «سۈۋلۇق ساچۇلادى» دېگەن سۆزگىلا لۈڭگە چۇچىلىندى (يەنى لۈڭگىگە چۇچ چىقاردى)»، دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دۇنياغا كېلىشتىن سەل بۇرۇنراق، يەنى غەزنەۋى خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىد ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتۇرغان مىلادىيە 1050 - 1053 - يىللاردا ئابدۇرەشىد ئابدۇل ھەيي بىننى زەھھال گەردىزى تەرىپىدىن يېزىلىپ ھازىر ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «زەينۇل ئەخبار» دېگەن ئەسەردە، خوتەننىڭ ئۆز زامانىسىدىكى پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك ئىشلىرىغا ئائىت مۇنداق مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن: «خوتەن شەھىرىدە... مېۋە - چېۋە بەك كۆپ، بۇغداي، ئارپا، كاۋا، كۈنجۈت، ئۈجمە ۋە ئەنجۈر ئۆستۈرۈلىدۇ. يىپەك ناھايىتى تولا، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يىپەك كىيىم كىيىدۇ. ئۈجمە ناھايىتى كۆپ، بەزى ئادەملەرنىڭ 2000 تۈپتىن ئارتۇق ئۈجمىسى بار، ئۈزۈم ۋە سورتى ئوخشاشمىغان نەشپۈتلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ دەرياسىدىن قاشتېشى چىقىدۇ. خوتەن رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە تۈگمەن بار ھەمدە تۈگمەندە ئاستىنقى تاش چۆرگىلەيدۇ، ئۈستىدىكى چۆرگىلىمەي جىم تۇرىدۇ.

تۇگمەندە يىپەكتىن ياسالغان ئەلگەك بار. ئۇ سۇ كۆچى بىلەن تاسقىلىدۇ. ئۇن ئاستىغا چۈشسە، كېپىكى ئۈستىدە قالىدۇ».

ئوخشاش بولمىغان مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن بۇ مەلۇماتلار قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە پىلىچىلىك - يىپەكچىلىكنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلغانلىقىنى، يىپەك رەخت مەھسۇلات تۈرلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، زەرلىك يىپەك رەخت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 1206 - 1368 يىللار) خوتەننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. تۆمۈرچىلىك، زەرگەرلىك، مىسكەرلىك، قاشتېشى ئويمىچىلىق، قەغەزچىلىك ۋە سىماب ئىشلەپچىقىرىش مۇئەييەن دەرىجىدە راۋاجلانغان. مەتبەئەچىلىكمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. خوتەن كىشىلەر تەرىپىدىن «ئادەملىرى چىۋەر، ناخشا - ئۇسسۇلغا خۇشتار، توقۇمىچىلىقتا ماھىر» دەپ تەرىپلەنگەن. خوتەندە ئىشلەپچىقىرىلغان زەرلىك كىمخاب⑳، غۇز تاۋىرى ۋە گۈللۈك كىمخابلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يۆتكەپ سېتىلغان. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوتەندە توقۇمىچىلىق - بوياقچىلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس خانبالىقتىكى شاھزادە، بەگ - تۆرىلەر ئۈچۈن يىپەك - توقۇلما ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشقا قويغان. شۇنىڭدەك يارلىق چۈشۈرۈپ خوتەندىكى ماھىر توقۇمىچى ئۇستىلارنى خانبالىققا بېرىپ بوياقچىلىق، توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇغان㉑.

يەركەن خانلىقى دەۋرىدە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىر تەرەپتىن كارخانىلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتە نەپىسلىككە ۋە يۇقىرى سەۋىيىگە قاراپ يۈزلەندى... توقۇمىچىلىق جەھەتتە، يىپەك ۋە مەشۇتتىن ھەر خىل رەڭلىك رەختلەرنى، يۇڭدىن خىلمۇخىل ئېسىل گىلەم - زىلچىلارنى توقۇيدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ھۈنەرۋەنچىلىك پەيدا بولدى㉒. بولۇپمۇ، خوتەن، قەشقەر رايونىنىڭ ئۆزىدە توقۇلغان شايى، كىمخاب، بەقەسەم، ئەتلەس، دۇردۇن ۋە پاختىدىن ئىشلەنگەن گۈللۈك رەخت - شاتىۋار، سەرگەز، گۈللۈك رومال قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر ئىدى.

يەركەن خانلىقى دۆرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى تېخىمۇ كۆپەيدى... يىپەك توقۇلما بۇيۇملاردىن

خوتەننىڭ شايى - ئەتلىسى، چۈچۈنكىسى، چىرىنىڭ مەشۇت ۋە پاختا رەختلىرى، قەشقەرنىڭ تاۋار، دۇردۇن، مەشۇت، شايى - ئەتلىسى بار ئىدى ①.

مىلادىيە 1680 - يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاتامانى غالدان 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ، يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنى غۇلاتتى ھەمدە بۆلۈنمە ھاكىمىيەت تىكلەپ 80 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىن يەنە ئامۇرسانا توپىلىڭى، چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى يۈز بەردى. بۇ مەزگىلدە خوتەننىڭ پۈتكۈل ئىگىلىكى ئېغىر چېكىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. 1759 - يىلىغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىپ، بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، دۆلەتنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى. خوتەننىڭ ئىگىلىكىمۇ پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلدى. 1720 - يىلىدىن تارتىپ 1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغانغا قەدەر ئارىلىقتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ ئىجتىمائىي ئىگىلىك قاتتىق چېكىنىپ كەتتى. ياقۇپبەگ بۆلۈنمە ھاكىمىيىتى يوقىتىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ ئىگىلىكى تېز ئەسلىگە كەلدى. بۇ دەۋردە يىپەكچىلىك تەشەببۇس قىلىنىپ، قومۇل، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا يىپەكچىلىك جۇجۇقى تەسىس قىلىندى. قاراقۇرۇم تېغى ئېتەكلىرىدە پىلە بېقىش ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە يىللىق يىپەك مەھسۇلاتى 300 مىڭ جىڭدىن 700 مىڭ جىڭغا كۆپەيدى. خوتەن دائىرىسىدە 2 مىليون تۈپ ئۈجمە ئۆستۈرۈلۈپ، ئەنگلىيە، رۇسىيە ئىككى دۆلەتكە يىلىغا 270 مىڭ جىڭ پىلە غوزىكى، 80 مىڭ جىڭ يىپەك سېتىلدى. ئائىلە بويىچە توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 1200 تۈتۈندىن ئاشتى. گۇما ناھىيىسىنىڭ مۇجى، سانجۇ، ھاڭگىيار (ئەسلىي تېكىستتە شۇنداق، ئەمەلىيەتتە زاڭگۈينى دېمەكچى - ئاپتوردىن) قاتارلىق ئۈچ كەنتتە 1906 - يىلى پىلە غوزىكى مەھسۇلاتى 70 مىڭ جىڭغا يەتمەيتتى. 1907 - يىلى ئۈچ ھەسسە، 1908 - يىلى يەنە بەش ھەسسە كۆپەيدى. شۇ يىلى گۇما ناھىيىسى بويىچە يەرلىك پىلە غوزىكىدىن جەمئىي 323 مىڭ جىڭ ئېكسپورت قىلىندى. ئەنگلىيە، رۇسىيە سودىگەرلىرى ئۇنى بەس - بەس بىلەن سېتىۋالدى ②.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەننىڭ يىللىق يىپەك مەھسۇلاتى 16

مىڭ توپقا يەتتى. ئەنگلىيە، رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ھەر يىلى سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كەتكەن پىلە غوزىكى 1 مىليون 500 مىڭ جىڭغا يەتتى. 1908 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە 29 مىڭ 240 دەن (1462 تونىنغا باراۋەر — ئاپتوردىن) پىلە ئىشلەپچىقىرىلدى ⑫. يەنە بىر مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 1910 - يىلى خوتەندە ئۇجمە دەرىخى 5 مىليون تۇپكە، ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەك رەختلەر 30 نەچچە مىڭ توپقا يەتكەن. بولۇپمۇ ئەتلەس قاتارلىق يىپەك رەختلەرنى ھەرقايسى ئەللەر تالىشىپ سېتىۋالغان ⑬.

1912 - يىلى خوتەندە ئۆتكۈر يۇقۇملۇق ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، تېزلىكتە يامراپ، پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ كېسەللىك بىرنەچچە يىل داۋام قىلىپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك زور دەرىجىدە چېكىندى. شۇ يىلى 5 - ئايدا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بوغاز لەڭگەر كەنتىدە يۈز بەرگەن ۋابا كېسىلى ناھايىتى تېزلىك بىلەن كېرىيە، لوپ، خوتەن ناھىيىلىرىگە تارقىلىپ، كېيىنچە پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا يامرىدى. ھەتتا ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا قاتارلىق جايلارغىمۇ تەسىر قىلدى. بۇ كېسەل 1917 - يىلىغا قەدەر 6 - 7 يىل داۋاملاشتى. يۇقىرىقى ئۈچ ناھىيىدە 100 مىڭغا يېقىن ئادەم يۇقۇملۇق كېسەل تۈپەيلىدىن ھاياتىدىن ئايرىلدى، يەنى لوپ ناھىيىسىدە 30 مىڭغا يېقىن ئادەم، كېرىيە ناھىيىسىدە 30 ـ 40 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. خوتەن ناھىيىسىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەر تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، 10 ئائىلىنىڭ توققۇزى قۇرۇق قالدى. يەرلەر ئاق قالسىمۇ تېرىيدىغانغا ئادەم چىقمىدى. 1910 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە 376 مىڭ 930 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن %27 ئادەم بۇ قېتىمقى ۋابا كېسىلىدە ئۆلۈپ كەتتى.

1937 - يىلى 10 - ئايدا شىڭ شىسەي ماخوسەن كۈچلىرىنى يوقىتىپ، خوتەننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا ئالغاندىن تارتىپ، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، ئۇ يولغا قويغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ئوبيېكتىپ جەھەتتە خوتەننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىدى. بۇ مەزگىلدە، خوتەننىڭ پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك ئىشلىرى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

1941 - يىللىرى ئەنخۇي يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئاتاقلىق

پروفېسسورى جاۋ خېڭجى ئىككى قېتىم خوتەنگە كېلىپ، پىلىچىلىك-ئۈجمىچىلىك ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ مەزگىلدە لوپ ناھىيىسىدە ئىككى ئورۇندا، قاراقاش، خوتەن ناھىيىلىرىدە بىردىن ئورۇندا پىلە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، ناچار پىلە سورتلىرى شاللىنىپ، خوجۇدىن سۈپەتلىك پىلە سورتى كىرگۈزۈلدى. 1942-يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۈجمە دەرىخى 9 مىليون تۈپتىن ئېشىپ پىلە مەھسۇلاتى 1600 نەچچە توننىغا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە ھەرقايسى ناھىيىلەردە سەككىز ئورۇندا يىپەك توقۇمىچىلىق كارخانىسى قۇرۇلدى[⊗].

شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە خوتەننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى چېكىنىپ ئېغىر پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقىپ، پۇلنىڭ قىممىتى ئىنتايىن تۆۋەنلەپ، بازاردا بۇغداي - قوناقنى پۇل ئورنىدا ئوبوروت قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەنلىكتىن، پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك ئىشلىرىمۇ تۆگىشىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. 1949 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاران 4 مىڭ 172 قۇتا پىلە ئۇرۇقى تارقىتىلىپ، 44.5 تونا پىلە ئىشلەپچىقىرىلدى.

## 3. خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ بۈگۈنى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ پىلىچىلىك - ئۈجمە، يىپەكچىلىك ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويىدى.

### 1) دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلغان پىلىچىلىك ۋە ئۈجمىچىلىك

1949 - يىلى 22 - دېكابىر كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 15 - پولكى خوتەنگە كىردى. 1952 - يىلى سىنتەبىردىن 1953 - يىلى ئىيۇلغىچە ۋىلايەت بويىچە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 182 مىڭ 217 ئائىلىنىڭ 69% نى ئىگىلەيدىغان، يېرى يوق ياكى يېرى يېتىشمەيدىغان 125 مىڭ 12 ئائىلىگە يەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى تەقسىملەپ بېرىلدى. يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىتىلىشى ئىشلەپچىقىرىش

كۆچلىرىنىڭ چاپسان تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. پىلە ۋە ئۈجمىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1956 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پىلە مەھسۇلاتى 1 مىڭ177 توننىغا يېتىپ 1949 - يىلىدىكىدىن 25 ھەسسە ئاشتى.

1958 - يىلىدىن باشلاپ، يېزا خىزمىتىدە سولچىللىق خاتالىقى كېلىپ چىقتى. شۇ يىلى ئاۋغۇستتا، ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى 1 مىڭ 152 ئالىي كوپىراتسىيە بىر ئاي ئىچىدىلا «گوڭشېلاشتۇرۇش» نى ئورۇنلاپ، 120 خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى. كېيىن 45 كە قىسقارتىلدى. گوڭشېلاشتۇرۇش داۋامىدا «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىش شامىلى» چىقىرىلدى. «تەشكىلنى ھەربىيلەشتۈرۈش، ھەرىكەتنى جەڭگىۋارلاشتۇرۇش، تۇرمۇشنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش» يولغا قويۇلدى. ھەممە ئادەم «جامائەت ئاشخانىسى» دا تاماق يەيدىغان بولدى.

1958 - يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىدا، كەڭ كۆلەمدە «پولات تاۋلاش» يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 80% تىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدىغان 560 مىڭ ئەمگەك كۈچى، 500 نەچچە مىڭ تۇياق ئۇلاغ كۈچى پولات تاۋلاشقا ئاجرىتىلدى. بۇ جەرياندا 100 نەچچە مىڭ تۇياق تېرىلغۇ ھايۋىنى ئۆلدى. ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى نەچچە مىليون تۈپ ۋايىغا يەتكەن دەرەخلەر كېسىلىپ، دومنا يېچلارغا يېقىلغۇ قىلىندى. مۇشۇنداق ئېغىر بەدەللەر ھېسابىغا پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئاساسەن كېرەككە كەلمەيدىغان 19 توننا چۆيۈن «تاۋلاپ» چىقىلدى. بۇنداق نادانلىق ۋە خاتالىقلار تۈپەيلىدىن، بوستانلىق ئېكولوگىيىسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر تالاپەتكە دۇچار بولدى. پىلە ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئوخشاشلا قاتتىق تەسىرگە ئۇچراپ، 1961 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پىلە مەھسۇلاتى 475 توننىغا چۈشۈپ قالدى.

1961 - يىلىدىن كېيىن، پارتىيىمىز ئىقتىسادىي خىزمەتلەردىكى ئېغىشلارنى تۈزەتتى. خەلق ئىگىلىكىدە «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى. «يېزا خەلق گوڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «ئۈچ دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنى ئاساس قىلىش» پرىنسىپى يولغا قويۇلدى.

جامائەت ئاشخانىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. گۆشچى ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلدى. گۆشىپلاشتۇرۇشتىن بۇيان دېھقانلارنىڭ ھەقسىز ئىشلىتىۋېلىنغان ئۆي، چارۋا، مال، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق مۈلۈكلىرى ئىنقىلاپ قايتۇرۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. 1965 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پىلە مەھسۇلاتى 876 توننىغا يەتتى.

1966 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە داۋام قىلغان 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى تېخىمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. 1979 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پىلە مەھسۇلاتى 6.363 توننىغا چۈشۈپ قالدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خوتەننىڭ پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. سىياسەت جەھەتتە پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك ئىشلىرىغا مايىللىق سىياسىتى يولغا قويۇلدى، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش داۋامىدا، پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك ئىشلىرى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان كەسىپلەر قاتارىغا قويۇلدى.

پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك پەن تەتقىقات خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1950 - يىللاردا خوتەن پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك پەن تەتقىقات ئورنى ۋە قاراقاش پىلە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلغانىدى. 1992 - يىلى يەنە لوپ ناھىيىلىك پىلىچىلىك، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. بۇ ئورۇنلار سۈپەتلىك ئۈجمە سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، پىلە يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، سۈپەتلىك پىلە ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلەش، ئۈجمە ۋە پىلىنىڭ ئەلا سورتلىرىنى كىرگۈزۈش - كېڭەيتىش، پىلە بېقىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە بارغانسېرى روشەن مۇھىم رول ئوينىدى.

پىلىكار دېھقانلارنى پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك تېخنىكىسى جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، «بىردىن ساقلىنىش، تۆتنى ئۆزگەرتىش» (كېسەللىكتىن ساقلىنىش، ئۇرۇق تارقىتىشنى چۈمۈلە قۇرت تارقىتىشقا ئۆزگەرتىش، كىچىك قۇرتنى ئايرىپ بېقىشنى ئۈپچە بېقىشقا ئۆزگەرتىش، يوپۇرماقنى ئۆز پېتى بېرىشنى

يۇيۇپ بېرىش، قەۋەتلەپ بېقىشقا ئۆزگەرتىش، چوڭ قۇرتقا ئاز يوپۇرماق بېرىشنى ياخشى يوپۇرماقنى تويغىچە بېرىپ بېقىشقا ئۆزگەرتىش) تىن ئىبارەت ئىلمىي ئۇسۇلدا پىلە بېقىش تەدبىرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى. يىلدا 2، 3 قېتىم پىلە بېقىش يولغا قويۇلدى. پىلە قۇرتىدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈجمىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سورتنى ياخشىلاش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. 1990 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ۋىلايەت بويىچە 2 مىليون 460 مىڭ مو سالا ئېتىزنىڭ سۇغىرىش ئېرىقلىرىغا ئۈجمە سېلىندى. دېھقانلارنىڭ هويلا- ئاراملىرىغا ئۈجمە سېلىش زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈ- رۈلدى. گەرچە بۇ مەزگىلدە خەلقئارا ۋە ئىچكى بازارنىڭ يىپەككە بولغان ئېھتىياجىنى مۆلچەرلەش تازا توغرا بولالماسلىق، پىلىچىلىك- ئۈجمىچىلىكنىڭ پۈتكۈل ئىگىلىكتىكى ئورنىنى زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلەش، دېھقانلارنى ئۈجمە سېلىش، پىلە بېقىشقا تەشكىللەشتە خىزمەت ئۇسۇلى ئاددىي، قوپال بولۇپ قېلىش قاتارلىق بەزى سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا خوتەننىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى تاۋار ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇپ، پۈتكۈل ئىگىلىكنى ئىمكانقەدەر تېزلىكتە راۋاجلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بۇ تەدبىرلەر ھەقىقەتەن زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1992 - يىلىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە يوپۇرماق بېرىشكە باشلىغان ئۈجمە 30 مىليون تۈپكە، بۇنىڭدىن ئاق ئۈجمە ياكى چوڭ يوپۇرماقلىق ئۈجمە، ئۇلاپ سورتى ياخشىلانغان ئۈجمە دەرىخى 15 مىليون تۈپكە يەتتى. 1995 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پىلىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پىلىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 - 3 مىڭ توننا ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ. ھازىر خوتەننىڭ يىللىق پىلە مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلە مەھسۇلاتىنىڭ 70% نى ئىگىلەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك بازىسى بولۇپ قالدى.

### 2) زامانىۋى يىپەك توقۇمىچىلىق سانائىتى

خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى پىلە، يىپەك بايلىق ئەۋزەللىكىنى تاۋار ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن 1953 - يىلى 26 - ئىيۇلدا «خوتەن يىپەكچىلىك فابرىكىسى» قۇرۇلۇشى باشلانغان بولۇپ، بۇ كارخانا 1954 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردە پۈتۈپ رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا

كىرىشكەنىدى. ئۇ چاغدا 1000 نەپەردەك ئىشچى - خىزمەتچى، 200
ئۇرچۇقلۇق يىپەك تارتىش ماشىنىسى بولۇپ، شۇ يىلى 5.67 تونن
مەشۇت يىپ ئىشلەپچىقارغان. 1960 - يىلى بۇ كارخانا «خوتەن
ئەتلەس كارخانىسى» بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ خوتەن يىپەك
توقۇمىچىلىق فابرىكىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن. 1965 - يىلى پۈتۈنلەي
تۆمۈر قۇرۇلمىلىق يىپەك توقۇش ماشىنىسى ۋە بېسىش، بوياش،
رەتلەش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە
بولغانىدى.

1980 - يىللاردا، بۇ كارخانا ئەسلىدىكى ئاساسىدا ئۈچ قېتىم
كېڭەيتىلىپ، 7 مىڭ 200 ئۇرچۇقلۇق يىپەك تارتىش ماشىنىسى
300 دانە يىپەك توقۇمىچىلىق ماشىنىسى ۋە يۇرۇشلەشكەن بېسىش
بوياش، رەتلەش ئۈسكۈنىسىگە ئىگە، غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چول
يىپەك تارتىش، توقۇش، بوياش بىرلەشمە كارخانىسىغا ئايلاندى.
هازىر بۇ كارخانىنىڭ يىللىق يىپەك يىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدار
180 تونىنىغا، يىپەك رەخت توقۇش ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مى
مېتىرغا يېتىدۇ. مەھسۇلات تۈرى 20 خىلغا، رەڭ نۇسخا تۈرى 00
خىلغا يېقىنلىشىدۇ. ئاق يىپەك رەخت، دۇخاۋا، يەككە رەڭلىك
گىرىپ، قوش رەڭلىك گىرىپ، مۇرەككەپ رەڭلىك گىرىپ
دەمبىزە، ئەتلەس قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى مەملىكىتىمىز ئىچىد
سېتىلىپلا قالماي، بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرى ياپونىيە، ئامېرىكا
ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەت
ۋە رايونلارغا سېتىلىدۇ. بۇ كارخانا 1990 - يىللارنىڭ باشلىرى
بولۇپ ئەڭ تەرەققىي قىلغان يىلىغا 180 توننىدىن ئارتۇق مەشۇت
يىپ ئىشلەپچىقىرىش، بىر مىليون 485 مىڭ مېتىردىن ئارتۇق
يىپەك رەخت ئىشلەپچىقىرىش، خادىملارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگە
ئۈنۈمدارلىقىنى 19 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇش، يىلىغا 11 مىليون 00
مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج - پايدا يارىتىشتەك شانلىق نەتىجىلەرنى قول
كەلتۈرۈپ فابرىكا تارىخىدا پارلاق سەھىپە ياراتتى. دۆلەت ئىچى
سىرتىدىن ھەر يىلى بۇ كارخانىغا ئېكسكۇرسىيىگە كېلىدىغان مېھما
ئۈچ مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى، 60 - يىللاردا پارتىيە، دۆلەت
رەھبەرلىرىدىن جۇئېنلەي، چېن يى، خې لۇڭ قاتارلىقلار ئىلگىرى
ئاخىر بۇ فابرىكىنى كۆزدىن كۆچۈرگەنىدى. 1990 - يىلى 24
ئاۋغۇست كۇنى جياڭ زېمىن باش شۇجى خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرن
كۆزدىن كەچۈرگەندە، بۇ فابرىكىغا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش
ئەھۋالىنى كۆرگەن، ئىشچىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن ھەمدە ئۇ

قەلىمى بىلەن: «شىنجاڭ خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنىدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ۋىلايىتىمىزنىڭ يىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، خەلقئارا بازاردا يىپەك سودىسىنىڭ جانلىنىشى ئارقىسىدا، لوپ، قاراقاش، كېرىيە، چىرا، خوتەن ناھىيىلىرىدە يىپەك فابرىكىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە يىپەك تارتىش ماشىنىسى 23 مىڭ ئۈرچۈققا يەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، يېقىنقى يىللاردا، خەلقئارا يىپەك سودىسىنىڭ سۇسلىشىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋىلايىتىمىزنىڭ يىپەك كارخانىلىرى جىددىي رىقابەتكە دۇچ كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ناقۇلاي ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، جىددىي رىقابەت داۋامىدا ھاياتىي كۈچىنى ئۆرغۈتۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 2001 - يىلى 4 - ئايدا ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، «قۇملۇق تۆگىسى» يىپەك توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى. گەرچە ھازىر ۋىلايىتىمىزنىڭ يىپەك سانائىتى سۇسلىشىش مەزگىلىدە تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، 50 نەچچە يىلدىن بېرى بەرپا قىلىنغان بىر قەدەر ياخشى ئۇسكۇنە، تېخنىكا ئاساسى، كەسىپچان ۋە تىرىشچان ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى بار. 1998 - يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ۋىلايەت بويىچە يۈز مىليون تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار. خەلقئارادىكى يىمەكلىكلەرنىڭ ماھىيىتىنى قايتا تونۇپ، يېشىل يىمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى؛ پاختا توقۇلمىلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى قايتا تونۇپ، سۈنئىي تالالىق توقۇلمىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن پاختا توقۇلمىلىرىنى ئەتىۋارلاشقا بۇرۇلۇشنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن شۇنى جەزملەشتۈرەلەيمىزكى، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا يىپەكنىڭ خاسىيىتىنى قايتا تونۇش، يىپەكنى ئۇلۇغلاش، يىپەك توقۇلمىلارنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىش دولقۇنى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ئەنە شۇ كۈنلەر ۋىلايىتىمىزنىڭ زامانىۋى يىپەكچىلىك سانائىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى باشلىنىدىغان ۋاقىت بولىدۇ.

### 3) قايتا گۈللەنگەن ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىق

دۆلىتىمىزنىڭ 1 - بەش يىللىق پىلانى باشلانغان يىلى (1953- يىلى) ۋىلايىتىمىزدە يەككە قول ھۈنەرۋەنلەرنى كوپىراتسىيىلىشىشكە تەشكىللەش خىزمىتى باشلانغانىدى. 1954 - يىلى ۋىلايەت بويىچە

تۇرلۇك قول ھۈنەر كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 17 مىڭ 467 ئائىلە، 23 مىڭ 521 نەپەر ھۈنەرۋەن تەشكىللىنىپ، 362 قول ھۈنەر ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇلدى. ھەرقايسى ناھىيىلەردە قول سانائەت بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، قول ھۈنەر ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى. 1956 - يىلى بارلىق قول ھۈنەرۋەنلەر كوپىراتىپقا قاتناشتۇرۇلۇپ، قول ھۈنەر سانائىتىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. شۇ مەزگىلدە ھەرقايسى ناھىيىلەردە قول ھۈنەر يىپەك توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا شايى - ئەتلەس ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويغانىدى. كېيىن، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ كارخانىلار ئاساسەن تارقىلىپ كەتتى. 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئەنئەنىۋى يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش چېكىنىپ كەتتى. كۆپ قىسىم جايلاردا يىپەك توقۇمىچىلىق ئۇستىلىرىنىڭ ياشىنىپ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ ئىزى ئۆچتى.

دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن مىللىي، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھام بېرىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي، ئەنئەنىۋى توقۇلما مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، ئەزەلدىن پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ۋە مەركەزلەشكەن جايلاردا، بولۇپمۇ لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىق كەسپى قايتىدىن جانلاندى. لوپ ناھىيىسى ۋە جىيا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا 1984 - يىلى بۇ يېزىدا يەككە ئىگىلىكتىكى شايى - ئەتلەس كارخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كارخانىدا ھازىر 50 نەپەر ئىشچى- خىزمەتچى، 25 يىپەك توقۇمىچىلىق دۇكىنى بار. ھەر خىل ئەتلەس، ئەتلەس شارپا، شايى شارپا، ئاق شايى، رەڭدار شايى، بەقەسەم، ماشرەڭ رەخت قاتارلىق يەتتە تۈردە نەچچە ئون خىل گۈل نۇسخىسى ۋە رەڭ تۈردىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 50 مىڭ مېتىردىن، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 240 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئېيىغا 350 يۈەندىن 800 يۈەنگىچە ئىش ھەققى ئالىدۇ.

جىيا شايى - ئەتلەس كارخانىسى يىپەك تارتىش، بوياشتىن تارتىپ، توقۇش، پەردازلاشقىچە ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى

ساقلاپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئوردان رەڭ، ياڭاق شۆپىكى، تۇخۇمەك چېچىكى، زاك، نىل بوياق قاتارلىق تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يىپەك بوياشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. قوش يۈرەك نۇسخا ئەتلەس، كەلكۈن نۇسخا ئەتلەس، چاچتەڭگە نۇسخا ئەتلەس قاتارلىق بىر قىسىم مەھسۇلاتلار تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدا بويالغان يىپەكتىن ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ. كارخانىدا مەھسۇلات ئەۋرىشكە زالى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەر يىلى 2 مىڭ 600 نەپەردىن ئارتۇق چەت ئەللىك ساياھەتچى ۋە 8، 10 مىڭ نەپەر دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن ساياھەتچى مېھماننى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ كارخانا يەنە تۇرپان سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، قەشقەر ئاپپاق خوجا مەقبەرىسى قاتارلىق مەشھۇر ساياھەت ئورۇنلىرىدا ۋە خوتەن شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىدا سېتىش نۇقتىسى تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ ساتىدۇ. كارخانىنىڭ شايى - ئەتلەس مەھسۇلاتلىرى ئىچكى بازارنى قامدىغاندىن سىرت، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىغا سېتىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، جىيا يېزىسى يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش داۋامىدا، پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك ۋە شايى- ئەتلەس توقۇمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆز يېزىسىنىڭ كوزىر كەسپى قىلىپ تۇتتى. ھازىر يېزا بويىچە ئۆستۈرۈلگەن ئۈجمە دەرىخى 520 مىڭ تۈپكە يېتىدۇ. ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 90.7%نى تەشكىل قىلىدىغان 3 مىڭ 757 ئائىلە پىلە باقىدۇ. يىللىق پىلە مەھسۇلاتى 80 توننا ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ. ئىلگىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىپەك توقۇمىچىلىقىنى توختىتىپ قويغان ئائىلىلەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئارقا - ئارقىدىن ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ھازىر يېزا بويىچە 1 مىڭ ئائىلە، 2 مىڭ 100 نەپەر ئەمگەك كۈچى يىپەك توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ ئايرىم ھالدا يېزا بويىچە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 24% نى، ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 33% نى تەشكىل قىلىدۇ. يېزا بويىچە 1 مىڭ 50 دانە ئېلېكتر ئېنېرگىيىلىك يىپەك توقۇمىچىلىق ماشىنىسى، 280 دانە ياغاچ قۇرۇلمىلىق يىپەك توقۇمىچىلىق دۇكىنى بار. يېزا بويىچە يىللىق يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتى 574 مىڭ مېترغا، سېتىش كىرىمى 4

مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتلىرىد
قىلىنغان كىرىم يېزا بويىچە ئومۇمىي نوپۇس ئوتتۇرىچە س
كىرىمىنىڭ %11 نى تەشكىل قىلىدۇ.

جىيا يېزىسى پىلە - يىپەكچىلىكتىن ئىبارەت تەبىئىي بايل
ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تۈردە مەھسۇلات ئەۋزەللىكى ۋە تاۋ
ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلى
ئىشلەپچىقىرىشى، دېھقانلارنى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يەن - تېخنى
بىلەن تەربىيىلەش، ئىلمىي ئۇسۇلدا پىلە بېقىش تېخنىكىسىنى
ئومۇملاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تۇتقاندىن تاشقىرى، يىپ
توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى ياخشىلاپ، ئىش ئۈنۈمىنى
ئۆستۈرۈش، ئەنئەنىۋىلىكىنى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھسۇلا
نۇسخا تۈرلىرى ۋە رەڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، يېڭى مەھسۇلا
يارىتىش خىزمىتىنىمۇ زور كۈچ بىلەن تۇتتى.

يېزىلىق شايى - ئەتلەس كارخانىسى ۋە بىر بۆلۈك ئائىلىلەر
ئەنئەنىۋى ياغاچ قۇرۇلمىلىق يىپەك توقۇمىچىلىق دۇكانلىرىنى
ساقلاپ قېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا 2000 - يىلىدىن باشلاپ
ئېلېكتر ئېنېرگىيىلىك يىپەك توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىنى
ئومۇملاشتۇرۇشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىد
ئۈنۈمدارلىق زور دەرىجىدە ئۆستى.

جىيا يېزىسىنىڭ ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىقى ھەر دەرىجىلى
رەھبەرلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى
2002 - يىلى نامراتلارنى يۆلەش ھەقسىز مەبلىغىدىن 630 مى
يۈەن، 2003 - يىلى 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ
توقۇمىچىلىق دۇكانلارنى ماشىنىلاشتۇرۇش، تېخنىكا يېڭىلىش
ئىشلىتىلدى. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا يىپەك توقۇمىچىلىق ئائىلىلىر
كۆپىيىپ 1 مىڭ 500 ئائىلىگە يېتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەنئەنىۋى نۇسخىلاردىكى شايى - ئەتلە
مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن سىرت، ئەتلەسچى ئۇستىلارنى
ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىشى ئارقىسىدا ئەتلەسنىڭ كاتەكچە ئەتلەس
كەكلىك قېشى ئەتلەس، مۇكا گۈل ئەتلەس، چاچتەڭگە ئەتلە
قاتارلىق تۆت خىل نۇسخا، توققۇز خىل رەڭ تۈرىدىكى يېڭى سور
كەشىپ قىلىندى. كەلكۈن نۇسخا ئەتلەسنىڭ چاچما كەلكۈن ياندا
نۇسخىسى كەشىپ قىلىندى. شارپا ئەتلەس مەھسۇلات تۈرى كەشى
قىلىنىپ، قارا ئەتلەس شارپا، قىزىل ئەتلەس شارپا، سېرىق ئەتلە

شارپا، قوش يۈرەك ئەتلەس شارپا قاتارلىق تۆت خىل نۇسخىدىكى ئەتلەس شارپا ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شايى شارپا مەھسۇلات تۈرى كەشىپ قىلىنىپ، قىزىل شايى شارپا، قىزىل پىلەك شايى شارپا، ئاق شايى شارپا قاتارلىق ئۈچ خىل نۇسخىدىكى يېڭى مەھسۇلات بازارغا سېلىندى.

ئەتلەس مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىش جەھەتتىكى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىسىدا، زەرلىك ئەتلەس ئىشلەپچىقىرىش كەشىپ قىلىندى. بۇخىل ئەتلەسلەرگە كالۋۇتۇن يىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان بولۇپ، ئالتۇن رەڭ زەر يىپنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەتلەسنىڭ رەڭدارلىقى ۋە جۇلاسى تېخىمۇ ئېشىپ، خېرىدارلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ھازىر قارا ئەتلەس، زۆتىنە ئەتلەس، يەركەن ئەتلىسى، موكا گۈل ئەتلەس، ئۈۋاقگۈل ئەتلەس قاتارلىق نۇسخىلاردىكى مەھسۇلات تۈرلىرىدە زەرلىك ئەتلەس توقۇش يولغا قويۇلدى.

ھازىر جىيا يېزىسى ۋە توقۇمىچى ئۇستىلار شايى - ئەتلەسنىڭ نۇسخا، رەڭ تۈرلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش، مەھسۇلاتلارنىڭ ئوراش-قاچىلاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مەھسۇلات تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتىدۇ.

جىيا خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى غەيرەت - شىجائىتى قانچىلىك ئۇستۇن، تۆھپىسى قانچىلىك گەۋدىلىك بولسا، ئۇلارنىڭ بازار ئىگىلىگى داۋامىدا تاۋار ماركىسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ ئابرۇيىنى تىكلەش، تەسىرى ۋە سېتىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئوبوروتىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى رولىنى تونۇپ يەتكەنلىكى شۇنچە قەدىرلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بولدى.

ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى جىيا يېزىلىق ئەتلەس كارخانىسى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق «جىيا گۈزىلى» ناملىق جىيا يېزىلىق سودا كوپېراتىپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەبلەغ توپلاپ قۇرغان ئەتلەس كارخانىسى «رەيھان» ناملىق، شەخسىي ئەتلەسچىلىك چوڭ ئائىلىسىدىن تۇرسۇنتوختى مەسۇم «تەكلىماكان گۆھىرى» ناملىق، سەدىردىن ئابدۇللا «ئۇدۇن ئەتلىسى» ناملىق تاۋار ماركىسىنى ئىشلىتىشكە ئىجازەتنامە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن خوتەن ئەتلەسلىرىنىڭ تاۋار ماركىسى بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپلا قالماي، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش

باھاسىمۇ 10% ئەتراپىدا ئۆسۈپ ئوبوروت مىقدارى ئاشتى.
جىيا يېزىسىدىكى ئەتلەسچىلەر ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، سېتىلىش يوللىرىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە «ئەتلەسچىلىك كەسپىي جەمئىيىتى» قۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.
كۆپ يىللار تۇرغۇنلۇق، چېكىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان شايى - ئەتلەس توقۇمىچىلىقى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، يوقاپ كېتىش قايتا تېپىلغان گۆھەر ئوخشاش تېخىمۇ يارقىن چاقنىماقتا.

# «گۆھەر»گە ئايلانغان يىپەك ۋە يىپەك مەدەنىيىتى

يىپەك، قاشتېشى ۋە گىلەم خوتەننىڭ ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم ئەنئەنىۋى ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، ئادەتتە قىسقارتىپ خوتەننىڭ «ئۈچ گۆھىرى» دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. خوتەن قەغىزى، خوتەن ئىپارى، خوتەن ياڭىقى، خوتەن قىزىل گۈلى، خوتەن قىزىل ئۈزۈمى قاتارلىقلارمۇ قەدىمدىن تارتىپ خوتەننىڭ يىراق - يېقىنغا داڭقى بار يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇلار نېمە ئۈچۈن «ھېسابنىڭ سىرتىدا قېلىپ»، خوتەن يىپىكى «ئۈچ گۆھەر» قاتارىدىن ئورۇن ئالالىدى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ بېشىدا تىزىلدى؟ مېنىڭچە، بۇ كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ كېتىپ خاھىشى بويىچە يىپەككە كەيدۈرۈپ قويغان گۈل تاجى ئەمەس، بۇنىڭدا ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرمۇ، سۆيۈپ كېتىپ تاللاشچانلىقىمۇ بار.

## 1. يىپەكنىڭ خاسىيەتلىرى

**ۋەزنىنىڭ يېنىكلىكى:** يىپەك تالاسى ئىنتايىن ئىنچىكە بولۇپ ئادەتتە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا يىپەك تارتىشتا ھەر 20، 30 تال يىپەك تالاسى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر نەخ يىپ قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق يىپتىن توقۇلغان بىر كىيىملىك دەييارنىڭ ئېغىرلىقى ئاران 5.1 - 2 سە

ئەتراپىدا بولىدۇ. يىپەكنىڭ ۋەزنىنىڭ مۇشۇنداق يېنىك بولۇشى ئۇنىڭ ئۇزاق مۇساپىگە يۆتكەپ سودا قىلىشقا ئەپلىك بولۇشىنى بەلگىلىگەن. خوتەن پەلەككە بوي سوزغان قارا قۇرۇم تاغلىرى بىلەن بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قورشاۋىغا جايلاشقان. قەدىمكى دەۋرنىڭ قالاق قاتناش شارائىتىدا خوتەندىن جاھاننىڭ قايسىلا تەرىپىگە كارۋان تارتىپ سودا قىلىشقا توغرا كەلسۇن، مۇقەررەر ھالدا نەچچە ئون كۈن، ھەتتا نەچچە ئايلاپ پايانسىز تاغ - ئېدىر، چەكسىز قۇملۇق دەشتلەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ئەھۋال خوتەندىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان تاۋارلارنىڭ ۋەزنى يېنىك، قىممىتى يۇقىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ھەرقانداق رايون، ھەرقانداق ئىنسانلار توپىنىڭ «توققۇزى تەل» بولۇپ، باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. تۇرمۇش ئىجتىمائىيلاشقانىكەن، رايونلار، خەلقلەر ئارا ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە زۆرۈر بولىدۇ. بار - يوقىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە فارفۇر بۇيۇملار، دورا ماتېرىياللىرى، چاي قاتارلىقلار خوتەنگە يىپەك، قاشتېشى، گىلەم قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارغا ئايرىۋاشلاش ھېسابىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ئىجتىمائىي ئېھتىياج قامداپ كېلىنگەن. خوتەننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ «چەت، ياقا» بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى خوتەندىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان تاۋارلارنىڭ ۋەزنى يېنىك، قىممىتى يۇقىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن بولسا، يىپەكنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزنى يېنىكلىك، سانى چەكلىك بولۇش ئالاھىدىلىكى، مۇشۇ تەلەپكە ھەممىدىن باب كېلىشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن، ئالماشتۇرۇلغۇچى تاۋارلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى بولۇشتەك ئورنىنى بەلگىلىگەن.

**جۇلالىق - كۆركەملىكى:** يىپەكنىڭ رەڭ ئېلىش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، بوياقنى تەكشى ئالىدۇ. ئاسانلىقچە ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىپەك تالاسى ئىنتايىن سىلىق، سىپتا بولۇپ، يىپەك توقۇلمىلار پەردازلانغاندىن كېيىن نۇر قايتۇرۇش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچىيىپ، كۈن نۇرى ياكى چىراغ نۇرىدا جىلۋە - جۇلاسى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ھالبۇكى، گۈزەللىكنى سۆيۈش ۋە گۈزەللىكنى قوغلىشىش ئىنسانلارنىڭ ئورتاق پسىخىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، يىپەكنىڭ گۈزەللىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ئىقتىدارى ۋە رولى ئۇنى ئىنسانلار نەزەرىدە، ئۆزىنىڭ ئەسلىي

قىممىتىدىن ئالاھىدە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلغان.

**چىداملىقلىقى:** يىپەك توقۇلمىلار يۇقىرى هارارەتكە چىداملىق
دائىم كۈن نۇرىغا قاقلانسىمۇ ئاسان چىرىپ كەتمەيدۇ؛ نەملىكك
چىداملىق، دائىم يۇقىرى نەملىك ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئاسان سىبىسمايد
ياكى ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ؛ كۈيىگە چىداملىق، مىتە - كۈيە قاتارلىق
زىياندâش هاشاراتلار ئۇنىڭغا زىيان سالالمايدۇ. سوزۇلۇش
سۇركىلىشكە چىداملىق، مەلۇم سەۋەبلەردىن سوزۇلۇش
سۇركىلىشكە ئۇچرىسىمۇ، ئاسانلىقچە شەكلى ئۆزگىرىپ ياكى
يىرتىلىپ كەتمەيدۇ. يۇيۇش، تازىلاشقا چىداملىق، كىر - داغلاردىن
ئاسان پاكلىنىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەردە مەيلى يۇڭ ياكى پاخ
تالالىق توقۇلمىلار بولسۇن، ھېچقايسىسى يىپەكتىن ئۈستۈنلۈ
تالىشالمايدۇ.

**هاۋا ئۆتكۈزۈش، نۇر قايتۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى**
بەدەنگە چاپلاشمايدۇ، تەر سۈمۈرىدۇ، ئىسسىق نەملىك شارائىتتىم
بەدەنگە راھەتبەخش ئېتىدۇ. نۇر قايتۇرۇشى ياخشى بولغاچقا، كىشىگ
سالقىنلىق بېغىشلايدۇ.

**قىسلىقى:** قىس نەرسە قىممەت بولىدۇ. ئاشلىق، پاختا قاتارلىق
بەزى تاۋارلار قىس بولسا، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كۆپەيتىش، سىپلىنىمى
ئاشۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر - ئىككى يىلدىلا ئۇنىڭ
مەھسۇلاتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش مۇمكىن. لېكىن، يىپەك ئۇنىڭ
ئوخشىمايدۇ. يىپەك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلە
ئۈجمە ئۆستۈرۈشكە باب كېلىمات بولۇشى كېرەك. مۇۋاپىق كېلىما
بولغاندىمۇ، ئۈجمىنى تىكىپ بىرنەچچە يىلدىلا ئاندىن يوپۇرما
مەھسۇلاتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگ
پىلە قۇرتى بېقىش بىرقەدەر ئىنچىكە تېخنىكا ۋە يۇقىرى ئەمگە
سىجىللىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئامىللار يىپەكنىڭ قىس بولۇشىنى
قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىرقانچە خىل ئالاھىدىلىك بى
تەرەپتىن، كىشىلەردە يىپەكنى ياقتۇرۇش، ئارزۇلاش، قەدىرلەش
پسىخىكىسىنى يېتىشتۇرگەن بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يىپەكنىڭ
قىس، ئەتىۋار، قىممەت بولۇشىنى بەلگىلىگەن. دېمەك، ئېستېتىك
ئېھتىياجتىن ھاسىل بولغان ئىجتىمائىي ئېستېمال تەلىپىنىڭ چو
بولۇشى بىلەن، چەكلىكۈچى ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلەنگە

مەھسۇلاتىنىڭ قىس بولۇشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان «ۋەزنى يېنىك، قىممىتى يۇقىرى» بولۇش خۇسۇسىيىتى يىپەكنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

يىپەكنىڭ بۇنداق خاسىيىتى تارىختىن بۇيان ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن پىلىچىلىك-يىپەكچىلىككە ئەھمىيەت بېرىشىگە سەۋەب بولغان بولسا، ئاۋام خەلقنىڭ پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ماددىي مەئىشەتلىرىنى ياخشىلاش ۋە ئىستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا تۈرتكە بولغان. مانا بۇ ئامىللار قوشۇلۇپ، خوتەندە پىلىچىلىك - يىپەكچىلىكنىڭ ئىزچىل (ئەلۋەتتە ناھايىتى ئەگرى - توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ) تەرەققىي قىلىشىنى ھەمدە يىپەكنىڭ خوتەننىڭ «ئۈچ گۆھىرى» نىڭ بىرى بولۇش ئورنىنى بەلگىلىگەن.

## 2. يىپەكنى ئۇلۇغلاش ئېڭى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يىپەكنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيەتلىرى شۈبھىسىزكى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا تونۇپ يېتىلگەن ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئابستراكسىيىلەشتۈرۈپ ئېلىنغان يىپەك توغرىسىدىكى ئاڭ خوتەن خەلقىدە (شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىدە) پەيدىنپەي يىپەكنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت پسىخىك ئاڭ بولۇپ شەكىللەنگەن ھەمدە بۇنداق پسىخىك ئاڭ نەتىجىسىدە مۇئەييەن تۇرمۇش قارىشى شەكىللەنگەن.

### پىلە قۇرتى رىۋايىتى ۋە بەخت قارىشى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بەدىنى قۇرتلاپ كەتكەن بىر ئاغرىق كىشىگە دىل ئازار قىلغانلىقتىن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن 6 مىڭ جۈپ قۇرت ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىگە چۈشۈپ، 70 يىلغىچە ئۇنىڭ گۆشلىرىنى يەپ، ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەنىكەن. شۇ ھالەتتىمۇ ئۇ ئاللاھقا دۇئا-تەكبىر ئېيتىپ ئىبادەت قىلغان. كېيىن ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام شىپالىق تاپقان. ئۇنىڭ بەدىنىدىن تۆكۈلگەن

قۇرتلار ئۈجمىگە چىقىپ، ئۇنىڭ ياپراقلىرىنى يېگەن ۋە ئۇنىڭدىن
پىلە ھاسىل بولغان ®.
ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە زىچ باغلانغان بۇ رىۋايەتنىڭ خوتەنگە
تارقىلىشتىن مىڭ يىللارچە بۇرۇن خوتەندە پىلىچىلىك
يىپەكچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىگە ۋە بۇ رىۋايەت مەزمۇنىنىڭ
رېئاللىقتىن ئاللىقانداق يىراق ئىكەنلىكىگە قارىماي، بۇ رىۋايەت خەلق
ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بۇددىزم ئېتىقادى دەۋرىدە ئېھتىمال
پىلىچىلىك - يىپەككە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەپسانە - رىۋايەتلەر
بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئۇنتۇلۇپ، مۇشۇ رىۋايەت ئاۋام خەلق ئارىسىدا پىلىچىلىك
يىپەكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى بىردىنبىر مەنبە سۈپىتىدە
چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. نادانلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە بۇ
رىۋايەتكە چىنپۈتكەن خەلق پىلە ۋە يىپەكنىڭ پەيدا بولۇشى ئىلاھنىڭ
قۇدرىتىنىڭ دەلىلى، ئىلاھنىڭ ئىنسانلارغا بەخش ئەتكەن رەھمىتى
دەپ قارىغان. شۇ ئاساستا پىلە ۋە يىپەكنى قەدىرلەش ساۋاب، يىپەك
بەختىنىڭ بېشارىتى دەيدىغان قاراش شەكىللەنگەن.

### پىر - ئۇستازلارغا چوقۇنۇش ۋە پاكلىق قارىشى

يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش خېلى كۆپ ئىش
تەرتىپلىرى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. بۇ ئىش تەرتىپلىرى ۋە ئۇلارنى
ئورۇنلاشتا ئادا قىلىدىغان شەرتلەر «شايىچىلىق رىسالىسى» دە
پۈتۈلگەن بولۇپ، پېشقەدەم يىپەكچىلىك ئۇستىلىرى بۇ رىسالىنى
مۇقەددەس بىلىدۇ. رىسالىدە شايى - يىپەكچىلىكنىڭ خوجا ئىسمائىل
خوتەنى، خوجا سەلىم قەشقىرى، مۇقىيىم يەركەندى قاتارلىق 7
نەپەر پىر - ئۇستازلىرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، شايى
يىپەكچى ئۇستىلار مەشغۇلات داۋامىدا ھەربىر ئىش ھالقىسىدا بۇ پىر
ئۇستازلارنىڭ نامىنى ۋە كۆرسىتىلگەن دۇئالارنى زىكىر قىلىپ
ھەمدە بۇ رىسالىدىكى كۆرسەتمىلەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان
مەھسۇلاتلار شەكسىز پاك ۋە ھالال بولىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. مۇشۇ
سەۋەبتىن ئاۋام خەلق يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى پاكلىق، ھاللىق
توغرىلىقىنىڭ سىمۋولى؛ يىپەكتىن ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەك
تۇرمۇش بۇيۇملىرى كىشىنى كۆز تېگىشتىن، كېسەللىكتىن
ساقلايدۇ، ساغلاملىقنى ئاسراپ، بەدەنگە راھەت بېغىشلايدۇ، دەپ
بىلىدۇ.

## 3. يىپەككە باغلانغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى

يىپەكنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيەتلىرى ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن يىپەكنى ئۇلۇغلاش ئېڭى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بىر جەھەتتىن پىلە - يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يىپەك ماللارغا كەڭ بازار ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال ئەمەلىيىتى داۋامىدا پىلىچىلىك - يىپەكچىلىككە باغلىنىشلىق بولغان نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى شەكىللەنگەن.

**يىپەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش:** خوتەندە پىلە بېقىش خېلى كەڭ ئاممىۋى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئەۋلادمۇئەۋلاد پىلە بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پىلىكار ئائىلىلەر بارلىققا كەلگەن. پىلە بېقىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ھويلا - ئارام ئەتراپلىرىغا، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا، يەر پاسىللىرىغا ئۈجمە ئۆستۈرۈش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. ئۈجمە كۆچىتىگە بولغان ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئۈجمە ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش كەسپى، ئۈجمە سورتىنى ياخشىلاش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئۇلاغچىلىق كەسپى بارلىققا كەلگەن. يېقىنقى دەۋرلەردە كۆچەتچىلىك ۋە ئۇلاغچىلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ كەسپىي كۆچەتچىلەر، كەسپىي ئۇلاغچىلار بارلىققا كەلدى.

پىلىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە تېخنىكا تەلىپىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئارقىسىدا، يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا بىرقەدەر ئىنچىكە ئىش تەقسىماتى ۋە مەخسۇس كەسىپ تۈرلىرى شەكىللەنگەن. يىپەك تارتىش، كوچا يىپ سوزۇش، ئەتلەس توقۇش، يىپەك چەكمەن، شايى توقۇش، دەيىيارە، بەقەسەم توقۇش، ئەلگەك تىغى توقۇش، يىپەك بوياش قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدىغان كاسىپلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆپىنچە ھۈنەرۋەنلەر مۇشۇ كەسىپلەرنىڭ بىر - ئىككى تۈرى بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان ئىنچىكە ئىش تەقسىماتى شەكىللەنگەن ۋە ئۇلار كەسىپ ئالاھىدىلىكى بويىچە يىپەكچى، ئەتلەسچى، شايىچى، چەكمەنچى، بوياقچى دېگەن خاس ناملار بىلەن ئاتالغان (ئەمەلىيەتتە بۇ خىل كاسىپ ناملىرى ئېغىز تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنغاندا سۆز

ياسىغۇچى قوشۇمچە «چى» چۈشۈپ قالىدۇ. يەنى توختاخۇن يىپەك
ئىمىن ئەتلەس، قاسىم شايى، ئەمەت چەكمەن، تۇردى بوياق دېگە
شەكىلدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)، ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇشۇنداق مەخسۇ
كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش نەتىجىسىدە، بۇنداق كەسىپ ناملىر
نۇرغۇن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ لەقىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ خى
لەقەملەر ھېلىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

پىلىكار ئائىلىلەردە، پىلە بېقىشقا كەسلەپ كېلىنگەن شاخلارنى
يوپۇرمىقى ئېلىۋېلىنغاندىن كېيىن قېپقالغان شاخلارنى
قوۋزاقلىرىنى سويۇپ، قۇرۇتۇپ باغلاپ قويۇش ئومۇمىي ئادەت
ئايلانغان. قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان شاخلار «پورۇخ» دېگەن خاس
بىلەن ئاتالغان. قوۋزاق بولسا، قەغەزچىلىككە خام ئەشيا قىلىنغا

**پىلە ۋە ھويلا - ئارام:** پىلە بېقىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن
يېزىلاردا قۇرت بېقىش ئۆيى سېلىش ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىن
مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. خېلى بىر قىسىم پىلى
ئائىلىلەرنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇراق ئۆيگە ياندىشتۇرۇپ بىر ياك
بىرنەچچە ئېغىز قۇرت باقىدىغان ئۆيلەر سېلىنغان. بۇنداق ئۆيا
«قۇرتخانا» دەپ ئاتالغان. قۇرتخانىلارغا بادىرا - چەنزىلەر ئارقىل
بىرنەچچە قەۋەتلىك جەن (سىنچەك) ياسىلىپ، ئۈستىگە قومۇش ب
ياكى چىۋىق بورا سېلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇجمە، يۇلغۇن، توغر
شاخلىرىدىن چىۋىق بورا توقۇش كەسپى بارلىققا كەلگەن. بۇن
بورىلار «چىۋىق بورا» (بەزى جايلاردا «سامبا») دېگەن نام بىل
ئاتالغان. قۇرتخانىلار يازدا قۇرت بېقىشقا، قىشتا ئامبار قىلى
ئىشلىتىلىپ كەلگەن. پىلىكار ئائىلىلەردە قۇرتخانا سېلىش ھا
تېخىمۇ ئومۇملىشىپ، ھويلا - ئارام قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي
ئايلاندى.

**يىپەك ۋە بازار:** خوتەندە يىپەك ۋە شۇنىڭغا دائىر مەھسۇلا
سودىسى قىلىنىدىغان مەخسۇس بازارلار شەكىللەنگەن بولۇپ، «
بازىرى» دا پىلە سودىسى؛ «يىپەك بازىرى» دا يىپەك يىپ، ك
يىپ، سايناخ سودىسى؛ «ئەتلەس بازىرى»، «شايى بازىرى
«چەكمەن بازىرى» دا شۇ خىل يىپەك گەزلىمىلەر سودىسى؛ «
بازىرى» دا يىپەك بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈك بو
ماتېرىياللىرى، مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرى، ۋاسىتىچى بو
ماتېرىياللىرى ۋە سانائەت تەييار بوياق ماتېرىياللىرى سودىسى

بولاتتى. «قوۋزاق بازىرى» دا قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈجمە قوۋزىقى سودىسى بولاتتى.

**يىپەك ۋە كارۋان:** خوتەن يىپىكى ۋە يىپەك توقۇلمىلار شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربتە كىچىك ئاسىياغا قەدەر بولغان كەڭ رايونلارغا يۆتكەپ سېتىلغان. شۇ سەۋەبتىن مەخسۇس ھەر خىل ماللارنى يىراق - يېقىنغا يۆتكەپ ساتىدىغان كارۋانچىلىق ۋە رەۋەندىچىلىك كەسىپلىرى بارلىققا كەلگەن. كارۋانچىلىق نەچچە ئون كۈنلۈك، ھەتتا نەچچە ئايلىق مۇساپىلىق يىراق جايلارغا قاتنايدىغان قاتناش ترانسپورت ئەترىتى بولۇپ، تۆگە ئاساسىي قاتناش قورالى ھېسابلىناتتى. ھەربىر كارۋان ئون نەچچە، ھەتتا نەچچە ئون تۆگىدىن تەركىب تاپاتتى. كارۋانلارنىڭ بەزىسى چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۆز ماللىرىنى ئۆز كارۋىنىدا يۆتكىسە، يەنە بەزىلىرى مەخسۇس باشقىلارنىڭ مېلىنى ھاۋالە بويىچە توشۇيدىغان كارۋان بولۇپ، يۈك توشۇپ كىراغا ئىشلەشنى ئاساس قىلاتتى. رەۋەندىچىلىك بىرنەچچە كۈنلۈك، ئېشىپ كەتسە بىرەر ئايلىق يولغا قاتنايدىغان ترانسپورت ئەترىتى بولۇپ، بۇلارنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئىش تەقسىماتى كارۋان ئەترىتى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن قاتناش ۋاستىسى جەھەتتە ئېشەك ۋە خېچىرنى ئاساسىي قاتناش قورالى قىلاتتى.

يىراق مۇساپىگە قاتنايدىغان سودىگەرلەر كۆپىنچە ھاللاردا بىرنەچچە كارۋاندىن تەشكىللەنگەن، نەچچە ئون كىشىلىك، نەچچە يۈز تۆگىلىك چوڭ كارۋان ئەترىتى بولۇپ يولغا چىقاتتى. بۇنىڭدا، ئادىمىزاتسىز چۆل - جەزىرىلەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان قاراقچى، بۇلاڭچىلارغا ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش مەقسەت قىلىناتتى. كارۋان قاتنىشىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن سارايۋەنلىك كەسىپلىرى ئاۋاتلاشقان بولۇپ، كارۋان يولىدىكى چوڭراق شەھەرلەردە كارۋان سارايلىرى، كىچىك يۇرت ۋە چۆل - جەزىرىلەردە ئۆتەڭ - راباتلار بارلىققا كەلگەنىدى. كارۋان سارايلىرىدا ياتاقخانا، ئامبار، ئاشپۇزۇل، چايخانا، ئاتخانا (ئات ئېغىلى)، تۆگىخانا، ھاممام قاتارلىق ئەسلىھەلەر بولاتتى. ئوت - سامان ۋە يەم - بوغۇزمۇ تەييارلىناتتى. ئۆتەڭلەردە بولسا، ئاددىي ياتاق، ئاتخانا، تۆگىخانا بولغاندىن سىرت، ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز شۇنداقلا قۇدۇق ياكى كۆلچەكلەر بولاتتى. بۇنداق قونالغۇلارنىڭ چوڭراقلىرى ئۆتەڭ دەپ ئاتالسا، چۆل - جەزىرىلەردىكى ۋادىك ياكى شاخ - شۇمبىلار بىلەن

ياسالغان ئاددىي ئۆتەڭلەر «ساتما» دېيىلەتتى. گەرچە ئۆز زامانىس
ئۇزاق - ئۇزاق رايونلار ئارىسىدىكى سودا - سېتىق، ما
ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان بۇ كەسىپلەر ھازىر ئەمەلد
قالغان بولسىمۇ «كارۋان»، «رەۋەندە»، «ساراي»، «سارايۋەن»
«دەڭجا»، «ئۆتەڭ»، «ساتما» دېگەندەك شۇ دەۋردىكى كەسى
ناملىرىدىن يالداما بولۇپ قالغان لەقەملەر بىلەن ئاتىلىدىغان ئادەمل
ھازىرمۇ بار.

**يىپەك ۋە ئۆي بېزەش:** ئۆتكەن دەۋرلەردە ھۆكۈمرانلار تەبىقىس
ئوردا - سارايلارنى يىپەك پەردىلەر بىلەن بېزەيتتى. تاملارغا يىپ
گىلەملەر ئېسىلاتتى. يۇقىرى تەبىقىدىكى زەردارلارمۇ يىپەك پەرد
يىپەك ياپقۇچ، يىپەك گىلەملەر بىلەن ئۆي بېزەشنى قوغلىشاتتى
ئۇلارنىڭ نەزەرىدە يىپەك بۇيۇملار بىلەن ئۆي بېزەش ھوقۇق
مەرتىۋە، بايلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىناتتى.

**يىپەك ۋە كىيىم - كېچەك:** يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى
ھاللىقراق ئائىلىلەردە ئەرلەرنىڭ يىپەك تون، بەقەسەم ياكى ش
يەكتەك كىيىشى، يىپەك بەلۋاغلىق باغلاپ، يىپەك قولياغلىق
تۇتۇشى، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئەتلەس، شايى، گۈلۋەرە كۆڭلەك
يىپەك پەرىجە، شايى ياكى تاۋاردىن تامبال كىيىشى، يىپەكتە
كەشتىلەنگەن گىلەم دوپپا، مارجان دوپپا كىيىشى، يىپەك روە
ئارتىشى خېلى ئومۇملاشقان ئىدى. نامراتراق ئائىلىلەردىم
ئاياللارنىڭ ھېچبولمىسا بىرەر قۇر ھېيت - مۇراسىملىق يىپ
كىيىمى بولاتتى. قىزلارنىڭ تويلۇق مېلى ئىچىدە ھېچبولمىسا، بى
- ئىككى قۇر يىپەك كىيىم كەم بولمايتتى. تاڭ سەنزاڭنىڭ «بۇي
تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە قالدۇرغا
ئۇدۇنلۇقلار «كۆپىنچە يىپەك ۋە پاختا كىيىملەرنى كىيىدۇ» [31] دېگ
بايانلىرى دەل مۇشۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**يىپەك ۋە مۇھەببەت:** ئۆتكەن دەۋرلەردە ئەركىن مۇھەببەتن
تەقىب قىلىنغىنىغا قارىماي، ياخشى كۆرۈشكەن قىز - يىگىتلەر
ئاماللار بىلەن بىر - بىرىگە يىپەك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىشاتت
يىگىتلەر ئادەتتە قىزلارغا يىپەك ياغلىق، يىپەك رومال سو
قىلىپ، ئۇنى مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتىكى ۋاستە قىلاتتى؛ قىز
بولسا، كەشتىلەنگەن يىپەك قولياغلىق ياكى كەشتە بەلۋاغلىق سو
قىلىش ئارقىلىق مەيلى بارلىقىنى بىلدۈرەتتى.

**يىپەك ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە:** ئۆتكەن دەۋرلەردە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى يىراق - يېقىندىكى خانلىق، بەگلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا يىپەك بۇيۇملار ۋە قاشتېشى بۇيۇملىرى سوۋغا قىلىشنى دوستلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىپ، ئىناق ئۆتۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرەتتى. ياخشى كۆرگەن ياكى خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارغا يىپەك تون ياپاتتى. خەلق ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە ئۇرۇق - تۇغقانلار، دوست - يارانلار توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگە يىپەك تون، يىپەك رەخت قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىپ، ھۆرمەت - ئىكرام ۋە ياخشى ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيتتى.

**يىپەك ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى:** يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى ئۇلۇغلاش، قەدىرلەش ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەندى:

*ئالتە كەپتەر يەتتە بولۇپ،*
*قوندى تىرەككە.*
*يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ يىپنىۋالاي،*
*ئەتلەس كۆڭلەككە.*

*سېرىق ئەتلەس، قىزىل ئەتلەس،*
*ساڭا سوۋغا قىلاي دەيمەن.*
*سېغىنغاندا بىر كەلسەڭ،*
*يۈرەكنى ياقاي دەيمەن.*

*ئەتلەس كۆڭلەك لىغىلدايدۇ،*
*كىيگەندە.*
*يۈرەك باغرىم جىغىلدايدۇ،*
*كۆرگەندە.*

*ئىشتىنىڭىز ئاق شايى،*
*كۆينىكىڭىز دەبيارى.*
*ئىشقىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،*
*كىم سورايدۇ دەۋانى.*

ئۇنىڭدىن باشقا، «يىپەكتەك ئاق»، «پىلىدەك يۇمشاق» «ئەتلەستەك رەڭدار» دېگەندەك تۇراقلىق ئىبارىلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

**يىپەك ۋە تەسۋىرىي سەنئەت:** خوتەن خەلقىدە يىپەكنى ئۇلۇغلاش، پىلىنى ئەتىۋارلاش ئېڭى، گۈللۈك توقۇلما بۇيۇملارنىڭ گۈل - نەقىشلىرىنى ھاسىل قىلىشتىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئادەم، ھايۋان ۋە ھاشاراتلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىش گۇناھ بولىدۇ دەيدىغان ئەقىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان. شۇڭا، ئۆتكەنكى دەۋرلەردىكى ھەر خىل رەخت گۈللىرى، گىلەم - كىگىز گۈللىرى، تام نەقىشلىرىدە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلغان

بولسىمۇ، پىلە قۇرتىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا قالغان. ماددىي پاكىتلار
ئاساسلانغاندا، گۈللۈك باسما بوياق زەدىۋالىلار نۇسخىسى ئىچىد
«قۇرت نۇسخا زەدىۋال» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل زەدىۋال بولۇپ
بۇ خىل زەدىۋالنىڭ گۈللىرى پىلە قۇرتنىڭ ئوبرازىدىن تۈزۈلگەن
قۇرت نۇسخا زەدىۋال گۈل نەقىشلىرىدە سەككىز دانە پىلە قۇرت
ئوبرازىدىن تۈزۈلگەن سىزىقلار بىر رومبا شەكلىنى ھاسىل قىلىد
ۋە مۇشۇنداق رومبىلارنىڭ يانتۇ يۆنىلىشتە تىزىلىشىدىن ئۈزۈن
تىزمىلىق رومبا قاتارى ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق زەدىۋالنىڭ ئايگۈا
قىسمى مۇشۇنداق سانسىز پىلە قۇرتلار ئوبرازىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ
مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن «قۇرت نۇسخا زەدىۋال» دەپ ئاتىلىدۇ
ھەربىر پىلە قۇرت ئوبرازى ئاق رەڭلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تېنى
توققۇزدىن 13 كىچە بوغۇم ۋە ھەربىر بوغۇم ئۈستىدە بىردىن قا
چېكىت بولىدۇ. بۇنداق قۇرت سۈرەتلىرىنىڭ ئاق رەڭلىك بولۇشى
9 ~ 13 بوغۇم بولۇشى، ھەربىر بوغۇم ئۈستىدە بىردىن قارا چېكىت
بولۇشى، تەبىئىي پىلە قۇرتلىرىنىڭ رەڭ ئالاھىدىلىكى
بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. شۇ دەۋرلەر
گۇناھ بولۇشتىنمۇ قورقماي، پىلە قۇرت ئوبرازىنى تەسۋىر
سەنئەتنى ۋاستە قىلىپ زەدىۋال نۇسخىلىرىدا ئىشلىتىشنى
خەلقىمىزدە يىپەكنى ئۇلۇغلاش ئېڭىنىڭ ھەققەتەن چوڭقۇر يىلت
تارتقانلىقىدىن بولغان دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

**يىپەك ۋە كەشتە:** خەلقىمىزدە كەشتىچىلىك ئالاھىدە تەرەقق
قىلغان بولۇپ، دوپپا كەشتىسى، ياغلىق كەشتىسى، تون - يەكتە
كەشتىسى، پەرىجە كەشتىسى، كانۋا كۆينەك كەشتىسى، ئىشت
پۆچاق كەشتىسى، يوڭ پايپاق كەشتىسى، ياستۇق كەشتىسى، ئىشە
پەردە، كىيىم ياپقۇچ كەشتىسى، كارۋات ئايغى كەشتىسى
داستىخان كەشتىسى، بەلۋاغلىق كەشتىسى، يوتقان - كۆر
كەشتىسى، ئاسما سۈرەت كەشتىسى قاتارلىق نۇرغۇن تۈرلەر
بولۇنىدۇ. بۇنداق كەشتە بۇيۇملارنى ئىشلەشتە، مۇتلەق كۆپ ھاللار
ھەر خىل رەڭلىك يىپەك يىپلار كەشتە يىپى قىلىنىش ئارقىلىق
كەشتىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە جۇلاسى ئاشۇرۇلىدۇ.

**پىلە ۋە تېبابەت:** خەلقىمىزنىڭ تېبابەت ئەمەلىيىتىدە پىلىنى
خاسىيىتى ھەققىدىكى تەلپۇنۇش - ئىزدىنىشلەر پىلىنىڭ دورىل
خۇسۇسىيىتىنى بايقاش بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولۇپ، ئۇيغ
تېبابىتىدە پىلە غوزىكى دورا ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئ

قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، جىگەر، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، بەلغەم ھەيدەش، پارقىرىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. مېڭە، يۈرەك، جىگەر ئاجىزلىقلىرىنى داۋالاش مەقسىتىدە پىلە غوزىكىدىن شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. پىلە غوزىسى، ئۇستىقۇددۇس، سۇمبۇل، بادرەنجى، بۇيا، سېرىق ئوت قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان شەربەت يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ، خۇرسەنلىك پەيدا قىلىدۇ. ئەزالاردىكى جاراھەتنى ساقايتىش ئۈچۈن، كۆيدۈرۈلگەن پىلە تالقىنى كەھرىۋا بىلەن مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىنسا ياكى بۇلاردىن تەييارلانغان سۇفۇف (تالقان) جاراھەتلەنگەن ئەزاغا سېپىلسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن پىلە غوزىسى تالقىنى باشقا دورىلار بىلەن كۆزگە سۈرمە قىلىنسا كۆزنىڭ جاراھەتلىرى، كۆز ياشاڭغۇراش ۋە كۆز قىچىشىشنى داۋالايدۇ.

پىلە غوزىسى چۈشىدىغان مەشھۇر مۇرەككەپ دورا ياساملىرىدىن، خېمىرى ئەۋرىشىم، ئەرشەدۋالا، شەربىتى ئەبرىشىم، داۋائۇلمىشكى، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى گاۋزىبان قاتارلىقلار بار[1]. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خوتەن ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومى ئەنئەنىۋى رېتسېپلار ئاساسىدا ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان «جەۋھىرى مۇپەررىھ ئەۋرىشىم» ناملىق كاپسۇللۇق دورىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى پىلە غوزىكى بولۇپ، ئۇنىڭ يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈنۈمى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، دۆلەت ئىچى سىرتىدا بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ ھەرمىللەت بىمارلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە.

**يىپەك ۋە بوۋاق تەربىيىسى:** خەلق ئىچىدە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا پىلە قۇرتىنىڭ مايىقى سىلىنغان كىچىك ياستۇق تىكىپ بېرىش ئادىتى بار. بوۋاقلار بۇنداق ياستۇقتا ياتقۇزۇلسا، سوقاباش، دوقا ماڭلاي بولۇپ قېلىشتەك ئەيىبلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بوۋاقلارنىڭ كىيىمىنىڭ ياقا قېتىغا مەشۇت تىكىپ قويۇش ئادىتى بولۇپ، بۇنىڭدا بالىنىڭ ئاسان ئايىغى چىقىدۇ، چاققان، زېرەك ئادەم بولىدۇ؛ ئايەت يېزىلغان قەغەزنى يىپەك رەخت ئارىسىغا ئېلىپ تۇمار تىكىپ گۆدەك بالىلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ، بۇنداق قىلغاندا بالىغا كۆز تېگىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

## 4. خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر

ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، خوتەننىڭ پىلىچىلىك - يىپەكچىلىك ئىشلىرى پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە. خوتەن ۋىلايىتى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، «تۆت بىر مىليون مو» دىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىستراتېگىيىسىنى بېكىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەش چوڭ كەسىپنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويدى. پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك بازىسى قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنغان يۇرۇشلۇك يىپەك توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۇقىرىقى بەش چوڭ كەسىپنىڭ بىرى سۈپىتىدە نۇقتىلىق ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش كۈنتەرتىپىگە قويۇلدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 2000 - يىلىدىن 2015 - يىلىغىچە بولغا[ن] ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىدا، خوتە[ن] ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمى[ي] ھېسابلاشلار ئارقىلىق، 2000 - يىلى خوتەنگە كەلگەن چەت ئەللىك ساياھەتچى مېھمان 2 مىڭ 369 نەپەر، بۇنىڭدىن يارىتىلغا[ن] ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 369 مىڭ يۈەن (خەلق پۇلى) بولغانىدى، 2015 - يىلى خوتەنگە كېلىدىغان چەت ئەللىك ساياھەتچ[ى] مېھمان 23 مىڭ 440 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭدىن قىلىنىدىغا[ن] ساياھەتچىلىك كىرىمى 29 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كېتىدىغانلىق[ى] ئىسپاتلانغان؛ 2000 - يىلى خوتەنگە كەلگەن ئىچكى ساياھەتچىلەر 8[...] مىڭ ئادەم، بۇنىڭدىن يارىتىلغان ساياھەتچىلىك كىرىمى 4 مىليو[ن] 80 مىڭ يۈەن بولغانىدى، 2015 - يىلى خوتەنگە ساياھەتكە كېلىدىغا[ن] ئىچكى مېھمان 480 مىڭ ئادەم بولۇپ، بۇنىڭدىن يارىتىلىدىغا[ن] ساياھەتچىلىك كىرىمى 35 مىليون 900 مىڭ يۈەندىن ئېشىـ[ـپ] كېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى ھەمدە ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى[نى] ماسلىشىش ئۈچۈن، خوتەننىڭ يىپەك، گىلەم قاتارلىق نادى[ر] مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، سېتىۋېلىش مەخسۇ[س] ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئەتلەسنى خام ئەشيا قىلىپ يېڭى كىيىم نۇسخىلىرىنى لايىھىلەش؛ ئەتلەس سەنئەت بۇيۇملىرى[نى]

ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ جىيا يىزىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەتلەس توقۇمىچىلىقىنى ئاساس قىلىپ، ساياھەت مەنزىرىلىك رايونى قۇرۇپ چىقىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇش بەلگىلەندى.

ناھايىتى ئېنىقكى، ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە 2015 - يىلىغىچە بولغان ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى ۋىلايىتىمىزنىڭ يىلچىلىك - يىپەكچىلىك ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى ئىنتايىن ئەۋزەل پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، نۆۋەتتىكى يېڭى تارىخىي دەۋردە، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قارىشى، ئىستېمال قارىشى، قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يېڭىلىنىشى خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى يىپەك مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ بېيىپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق يېڭى قىياپەت بىلەن جامال ئېچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گەرچە، ئەنئەنىۋى يىپەك مەدەنىيىتىنىڭ بەزى قاتلاملىرى ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەرىپىدىن شاللانغان (بۇ قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئەلۋەتتە!) بولسىمۇ، لېكىن يىپەك مەدەنىيىتى زامانغا لايىق شەكىللەر ئارقىلىق يېڭىلىنىپ، بېيىپ بېرىۋاتىدۇ؛ ئەتلەس توقۇلما بۇيۇملار مېھمانسارايلار، ئويۇن سەھنىلىرى ۋە بەزى ماگىزىنلارنىڭ مىللىي، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگۈچى بېزەك بۇيۇمى قىلىنىۋاتىدۇ؛ كىتاب - ژۇرنال قاتارلىق باسما بۇيۇملىرىنىڭ مۇقاۋا بېزەكلىرىگە ئۆرنەك قىلىنىۋاتىدۇ؛ ئەتلەس كىيىملەر ھۆكۈمەت كۈتۈۋېلىش پائالىيەتلىرى، مېھمانساراي، رېستورانلار، تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ۋە سەھنە ئويۇنلىرىدىكى كۈتكۈچى، مۇلازىم، رىياسەتچى خېنىملارنىڭ ئەدەپ - مۇراسىم كىيىملىرى قىلىنىپ، يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىگۈچى بەلگە قىلىنىۋاتىدۇ؛ «يىپەك شەھىرى»، «يىپەك يولى»، «يىپەك شاھى»، «ئەتلەس ماكانى»، «ئەتلەس دۇنياسى» دېگەندەك پىلە ۋە يىپەك ئىبارىلىرى قوشۇلغان ئاتالغۇلار ماگىزىن، مېھمانساراي، رېستوران، كوچا قاتارلىقلارنىڭ ۋىۋىسكا نامى ياكى خاس نامى قىلىنىپ، ئۆزگىچىلىك، قەدىمىيلىك، ئەنئەنىۋىلىك مەنىلىرى ئىپادە قىلىنىۋاتىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خوتەننىڭ يىپەك سانائىتى ۋە ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىقى قايتا گۈللەپ ياشنايدۇ. يىپەك مەدەنىيىتى تېخىمۇ ناۋلىنىپ ۋە بېيىپ، يىپەكتىن

ئىبارەت بۇ «گۆھەر» يىپەك يۇرتى خوتەنگە تېخىمۇ يارقىن جۇلا بەرگۈسى.

# يىپەك خام ئەشيا سورتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

يىپەك توقۇمىچىلىقىدا پىلە غوزىكىدىن تارتىلغان يىپەك يىپ خام ئەشيا قىلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە يىپەك توغرىسىدا سۆز ئېچىلسا، كىشىلەر ئاپئاق پىلە قۇرتىنى، ئاپئاق پىلە غوزىكىنى، ئاپئاق يىپەك يىپ، يىپەك رەختلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ھالبۇكى، خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى پىلىچىلىك - يىپەكچىلىكىدە پىلە ۋە يىپەكنىڭ سورتى «ئاپئاق» بولۇش بىلەنلا چەكلەنمىگەن.

خوتەندە بۇرۇندىن تارتىپ پىلە قۇرتىنىڭ ئاق پىلە ۋە يېشىل پىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بېقىلىپ كەلگەن.

## 1. ئاق پىلە

ئۆتكەن زامانلاردا بېقىلغان ئاق پىلە سورتى ھازىرقى ئاق پىلە سورتىدىن رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، شەكلى، بېقىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. پەقەت ئۇ چاغلاردا پىلە ئۇرۇقى بىر تۇتاش تارقىتىلماستىن، پىلىكار ئائىلىلەر ئۆزى باقىدىغان پىلە ئۇرۇقىنى ئۆزى كۆپەيتىپ، ئادەتتىكى ئۆي تېمپېراتۇرىسىدا ساقلاپ كېيىنكى يىلى باقىدىغان بولغاچقا، بىرلىك مەھسۇلاتى تۆۋەن ئىدى.

## 2. يېشىل پىلە

يېشىل پىلە — پىلە ئائىلىسىدىكى يەنە بىر خىل سورت بولۇپ، رەڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن خەلق ئارىسىدا «يېشىل پىلە» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك جەھەتتىن، يېشىل پىلىنىڭ يېتىلگەن كېپىنىكى يېشىل رەڭلىك، ئۇرۇقى قارا رەڭلىك، يېتىلگەن لىچىنكىسى (يېتىلگەن پىلە قۇرتى) ئاق رەڭلىك، پىلە

غوزىكى يېشىل رەڭلىك بولىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن يېشىل پىلە قۇرتىنىڭ كىسەللىككە تاقابىل تۇرۇشچانلىقى يۇقىرى، تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىشچانلىقى ياخشى بولۇپ، ھازىرقى پىلە قۇرتلىرىدەك نازۇك ئەمەس، ئالاھىدە بېقىش كەتمەيدۇ. پىلە مەش قويۇلمىغان ئۆيلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىدا بېقىلىسىمۇ، يوپۇرماق بېرىش ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قالسىمۇ ئاسانلىقچە كېسەل بولۇپ قالمايدۇ، ئۆلمەيدۇ. تاسادىپىي ئەھۋاللاردا چېچىلىپ كېتىپ قالسا، يېقىن ئەتراپتىكى ئۆجمە دەرەخلىرىگە يامىشىپ چىقىپ، ئۆز - ئۆزىنى بېقىپ پىلە بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەردىن قارىغاندا يېشىل پىلە ئېھتىمال پىلە قۇرتىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي سورتى بولۇشى مۇمكىن.

يېشىل پىلىنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇنىڭ پىلە غوزىكى نېپىز، تالا ئۇزۇنلۇقى قىسقا، بىرلىك مەھسۇلاتى تۆۋەن بولىدۇ. يېشىل پىلە غوزىكىدىن تارتىلغان يىپەك سەل - پەل كۆكۈش ياكى توق ناۋات رەڭلىك بولىدۇ. توقۇمىچىلىقتا تەبىئىي رەڭدە ئىشلىتىلىدۇ.

يېشىل پىلە سورتى خوتەندە 1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بېقىلىپ كەلگەن. كېيىن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، كوللېكتىپلىشىش دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، چېكىدىن ئاشقان سول-چىللىقنىڭ تەسىرى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يەرلىك پىلە سورتلىرى، بولۇپمۇ يېشىل پىلە سورتى يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشكە، ئۇنۇملۇك قوغداش، تەتقىق قىلىشقا ئېرىشەلمەي نەسلى ئۆچكەن.

## 3 . ئەنئەنىۋى پىلە بېقىش ئۇسۇلى

ئەجدادلىرىمىز پىلە بېقىشتا، ئائىلىلەرنى ئاساسىي بىرلىك قىلىپ مەخسۇس ياسالغان قۇرت بېقىش ئۆيلىرى ياكى بىكار ئۆيلەردىن پايدىلىناتتى. زۇرۇرىيەت تۇغۇلغاندا ئولتۇراق ئۆيلەرنى بىكارلاپ، قۇرت بېقىشقا ئىشلىتەتتى. ئەنئەنىۋى قۇرت بېقىش ئۇسۇلى مۇنداق بولاتتى، ئادەتتە ئۆينىڭ ئىككى يان تېمىنى بويلاپ، بادرا بىلەن ئىككى ياكى ئۈچ قەۋەتلىك جەن (سىنچەك) ياسىلىدۇ. جەننىڭ ئۈستىگە چۇۋۇق بورا ياكى قومۇش بورا سېلىنىدۇ. 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇرۇق قەغەزلىرى بورا ئۈستىگە سېلىنىدۇ.

مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىدا قەغەزگە چاپلىشىپ تۇرغان پىلە ئۇرۇقلىرى قارىيىپ، دەسلەپكى قۇرتلار (ئەمدىلا ئۇرۇقتىن چىققان بۇنداق قۇرتلار پىلىكارلار تىلىدا «چۇمۇلە» دەپ ئاتىلىدۇ) چىققاندا، ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئۇششاق توغرالغان يېڭى يوپۇرماقلىرى، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە بولسا شېخى بىلەن كەسلەپ كېلىنگەن يوپۇرماقلار بىلەن بېقىلىدۇ. 35 — 40 كۈن بېقىلغاندىن كېيىن پىلە بولىدۇ. بۇ جەرياندا، پىلە قۇرتلىرى ھەر بىر نەچچە كۈندە بىر قېتىم ئۇخلاپ (ئۆچەككە كىرىپ) يەنە ئويغىنىدۇ. بۇنداق ئۇخلاپ ئويغىنىش بەش قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ھەر قېتىم ئۇخلاپ ئويغانغاندا بىر قېتىم تېرە تاشلايدۇ. دەسلەپ تۇخۇمدىن چىققاندىكى قاپقارا رەڭلىك چۇمۇلە قۇرتلار بىرقانچە قېتىم تېرە تاشلاش ئارقىلىق تەدرىجىي رەڭ ئۆزگىرىشى ياساپ، بەشىنچى ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندىن كېيىن ئاپئاق رەڭگە كىرىدۇ. بېقىلغىنىغا 30 — 35 كۈن ئەتراپىدا بولغاندا، جەن ئۇستىگە جاڭگال، سايلاردىن كەسلەپ كېلىنگەن «ئېشەكقومۇشى» ناملىق چاتقال ئۆسۈملۈك تاشلاپ بېرىلىدۇ. تويۇنۇپ ۋايىغا يەتكەن قۇرتلار ئېشەكقومۇشىنىڭ ئۇششاق شاخلىرى ئارىسىغا كىرىپ يىپەك تالالىرىنى قۇسۇپ چىقىرىپ پىلە غوزىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھالەت «تورغا كىرىش» دېيىلىدۇ. كۆپ قىسىم پىلە قۇرتلىرى تورغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئېشەكقومۇشى جەندىن ئېلىنىپ، شاخلار ئارىسىدىكى پىلە غوزەكلىرى يىغىۋېلىنىدۇ. تېخى تورغا كىرمىگەن قۇرتلار «سۇزۇندە» دېيىلىدۇ. سۇزۇندە قۇرتلار تورغا كىرگەنگە قەدەر داۋاملىق بېقىلىدۇ.

دەسلەپ يىغىۋېلىنغان پىلە غوزەكلىرىدىن شەكلى ئۆلچەملىك، چوڭ - كىچىكلىكى تەكشى بولغان سۈپەتلىك غوزەكلەر ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمى سېتىلىدۇ ياكى يىپەك سوزۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن قالدۇرۇلغان پىلە غوزەكلىرى پاكىز تازىلانغان جەن ئۇستىگە سېلىنغان خام قەغەز (خوتەن قەغىزى) ئۇستىگە يېيىپ سېلىنىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، پىلە غوزەكلىرى ئىچىدىكى پىلە قورچاقلىرى كېپىنەككە ئايلىنىپ پىلە غوزىكىنى تېشىپ چىقىدۇ ۋە ئۆز ئارا چېتىشقاندىن كېيىن خام قەغەز ئۇستىگە تۇخۇملايدۇ (تۇخۇملار قەغەزگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ)، ئاخىرىدا تۆشۈك پىلە غوزەكلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇرۇق قەغەزلىرى ئاۋايلاپ يۆگىلىدۇ. يازدا سالقىن، قۇرغاق جايدا، قىشتا ئىسسىق جايدا (ئادەتتە ئوت قالىنىدىغان قىشلىق ئۆيلەرنىڭ تۇرۇسىدا)

ساقلىنىدۇ. كېيىنكى يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئۇرۇق قەغەزلىرى جەن ئۈستىگە يېيىپ سېلىنىدۇ. مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا شارائىتى ئاستىدا ئۇرۇقتىن چۈمۈلە قۇرتلار تىرىلىپ چىقىدۇ.

# يىپەك تارتىش ۋە كوچا سوزۇش

شۇنىسى ئېنىقكى، تەبىئىي تالالاردىن پايدىلىنىپ رەخت ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا، مۇقەررەر ھالدا تەبىئىي تالانى يىپقا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بىر ئۆتكۈنچى ھالقا بولىدۇ. خوتەن خەلقى ئۇزاق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆز جايىنىڭ بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك تەبىئىي تالالىق يىپلاردىن ھەر خىل رەختلەرنى توقۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن. خوتەن خەلقى قول ھۈنەر ئارقىلىق پىلە غوزەكلىرىنى يىپەك يىپقا ئايلاندۇرۇشتا، كۆپىنچە ھاللاردا يىپەك تارتىش دۇكىنىدىن پايدىلانغان. قول مەشغۇلاتى ئارقىلىق كوچا يىپ سوزۇشمۇ مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولغان.

دۇكاندا تارتىلغان يىپەك يىپنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ ئادەتتە «يىپەك يىپ» «مەشۇت يىپ» دەپ ئاتىلىدۇ. قول مەشغۇلاتى ئارقىلىق سوزۇلغان يىپنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ «كوچا يىپ» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭغا ماس ھالدا دۇكاندا ئېلىپ بېرىلغان مەشغۇلات «يىپەك تارتىش»، قولدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشغۇلات «كوچا سوزۇش» دەپ ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

## 1. يىپەك تارتىش دۇكان - سايمانلىرى

يىپەك تارتىش — مۇقىم قۇرۇلمىلىق دۇكان ۋە ئىنچىل داۋاملىشىدىغان ئىش تەرتىپى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان مەشغۇلات بولۇپ، پىلە غوزەكلىرىنى يىپەك يىپقا ئايلاندۇرۇشتا، يىپەك دۇكىنى، چۆگۈاز، يىك قۇمۇش، يىكچاق، تۈنقىز قاتارلىق دۇكان - سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

**يىپەك تارتىش دۇكىنى:** بۇ، كۆپ مىقداردىكى پىلە غوزەكلىرىنى يىپەك يىپقا ئايلاندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان

ئاساسلىق قۇرۇلما بولۇپ، قازان سۇپىسى، غاغرا، ماشىپرە قاتارلىق
ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. قازان سۇپىسى ئادەتتىكى چو
چۆيۈن قازان ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوچاقنى چۆرىدەپ ياسالغان چا
شەكىللىك سۇپا بولۇپ، سۇپىنىڭ ئالدى يان تەرىپىگە ئوچا
ئېغىزى، كەينى تەرىپىگە تۈرخۇن چىقىرىلىدۇ. ماشىپرەگە ئۇدۇ
تۇرغان يان تەرىپىگە غاغرا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. غاغرا — ئىككى بېش
ئېگىز، ئوتتۇرىسى ئويمان بولغان مېتال ياكى ياغاچ غالتەك بولۇپ
غاغرا پاچىقىنىڭ ئۈستىدىكى توغرا ئوققا ئۆتكۈزۈلىدۇ. غاغرا پاچ
قىنىڭ ئالدى يان تەرىپىگە گىجەك ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. گىجەك —
ئىنچىكە مېتال سىمدىن ياسالغان پۇرشىن بولۇپ، قازاندىن سوزۇلۇ
چىققان يىپەك تالالىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، غاغرىغا ئۆزىتىپ بېرىش ۋ
يىپقا ئارىلىشىپ چىققان قۇرت مايىقى، لاس قاتارلىق كېرەكس
نەرسىلەرنى سۈزۈپ قېلىش رولىنى ئوينايدۇ. غاغرا گىجەكتى
كەلگەن يىپەك يىپنى ئايلانما ھەرىكەت ئارقىلىق ماشىپرەگە ئۆزىتى
بېرىدۇ.

**ماشىپرە:** ماشىپرە يىپەك تارتىش دۇكىنىدا ھەرىكەت ھاسى
قىلغۇچى ۋە ئايلانما ھەرىكەت ئارقىلىق قومۇشقا يىپ تۈرگۈچ
ئاساسىي قۇرۇلما بولۇپ، چاق، تاناپ، يىك پاچىقى قاتارلىقلاردى
تۈزۈلىدۇ.

**چۆگۈز:** ئۈچى سەل ئەگرى بولغان، باش بارماق توملۇقىدىك
ياغاچ چوكا بولۇپ، پىلە قوچۇش ۋە پىشۇرۇلغان پىلىلەرنىڭ تا
ئۈچىنى سۈزۈۋېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**يىك:** ئىككى بېشى ئۈچلۇق، ئوتتۇرىسى تومراق بولغان ياغا
قىرما بۇيۇم بولۇپ، يۇلغۇن ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ. چوڭ
كىچىك ئىككى خىللى بار، كىچىكرەكى «يىك» دېيىلىدۇ، ئادەتتە يى
ئىگىرىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛ چوڭراقى «تۆۋيىك» (بەزى جايلارد
«تۇرك») دېيىلىدۇ، يىپ تۇرۇشكە ئىشلىتىلىدۇ.

قومۇش: قومۇش ئۆسۈملۈكىنىڭ قاتتىق غولىدىن كېسى
ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ، دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتى
ئەتراپىدا بولغان بۇيۇم. تۆۋيىككە كەيگۈزۈپ يىپ تۇرۇشق
ئىشلىتىلىدۇ (ھازىر يىپەك تارتىش دۇكانلىرىدا ياغاچ يىك ئورنىغ
تۆمۈر يىك، قومۇش ئورنىغا يالتىراق قومۇش ئىشلىتىلىدۇ).

**يىكچاق:** بۇ، تاپانلىق، ئالدى - كەينى پاچاق، قانات، قولاق،

زەي، تاناپ قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەشكىل تاپقان قۇرۇلما بولۇپ، كۆپىنچە بۆز يىپ ئىگىرىشكە ئىشلىتىلىدۇ. يىپەك تارتىشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا يىپ سورتلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

تۇتقۇچ: كەڭ بولۇشلۇق چەينەكسىمان ياغاچ بولۇپ، دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. يىپ سورتلاشتا، يىپ تۇرۇلگەن قومۇشنى تۇتۇپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 2. يىپەك تارتىش مەشغۇلاتى

يىپەك تارتىش دۇكىنىدا پىلىنى يىپقا ئايلاندۇرۇش — يىپەك تارتىش ۋە يىپ سورتلاشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

### 1) يىپەك تارتىش

پىلە غوزەكلىرى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، پاكىز رەخت ياكى بورا ئۈستىگە يېيىپ ئۈچ كۈن قاتتىق ئاپتاپقا سېلىپ، غوزەك ئىچىدىكى پىلە قۇرت قورچىقى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئامبارغا كىرگۈزۈپ ساقلىنىدۇ. يىپەك تارتىشتىن بۇرۇن، پىلە خىللىنىپ، تۆشۈك، شالتاق، غەيرىي شەكىللىك سۈپەتسىز پىلىلەر ئىلغاپ تاشلىنىدۇ. سۈپەتلىك پىلىلەر چالا قاينىغان قازانغا سېلىنىپ، يېرىم سائەت قاينىتىلىدۇ. قايناش نەتىجىسىدە پىلە كۆكىرىپ، غوزەك ئىچىگە سۇ ئۆتكەندە پىشقان ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن چۆگۈاز ئارقىلىق قازاندىكى پىلىنى قوچۇپ مەشۇت تالا ئۇچى سۇزۇۋېلىنىدۇ. ئادەتتە 20 تالدىن 25 تالغىچە مەشۇت تالاسىنىڭ ئۇچى بىرلەشتۈرۈلۈپ (بىر نەخ قىلىنىپ)، گىجەك تۆشۈكى ۋە غاغرا ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ماشىپىرەدىكى تۇۋىكىكە كەيگۈزۈلگەن قومۇشقا بېكىتىلىدۇ. ئاندىن ماشىپىرە ئىشچىسى ئوڭ قولى ئارقىلىق چاق قولىقىنى ئايلاندۇرىدۇ، سول قولى ئارقىلىق قومۇشقا يۆگىلىدىغان يىپنى يىپنىڭ تۇتۇپ باشقۇرىدۇ. ماشىپىرە چاقىنىڭ ئايلانما ھەرىكىتى تاناپ ئارقىلىق تۇۋىك ۋە قومۇشنىڭ ئايلانما ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. قومۇشنىڭ ئايلىنىشى ئارقىسىدا، قومۇشقا بېكىتىلگەن يىپەك يىپ تارتىلىدۇ - دە، ئۈزلۈكسىز تۈردە سوزۇلۇپ چىقىپ، گىجەك ۋە غاغرىدىن ئۆتۈپ ماشىپىرەدىكى قومۇشقا يۆگىلىدۇ.

دۇكاندا يىپەك تارتىشتا، يىپنىڭ توم - ئىنچىكىلىكىنى ياخشى

ئېگىلەش بىر مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. پىلە غوزەكلىرىنىڭ چوڭ.
كىچىكلىكى تامامەن ئوخشاش بولمايدىغانلىقتىن، تالا ئۇزۇنلۇقىمۇ
ئوخشاش بولمايدۇ (بىر تال پىلە غوزىكىدىن 500 مېتىردىن 300
مېتىرغىچە تالا چىقىدۇ). شۇڭا ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان
مەشغۇلات داۋامىدا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچى تۈگەپ قالغان يىپەك
تالالىرى ئورنىغا يېڭى تالا (پىلە تالاسىنىڭ ئۇچلىرىنى) قوشۇپ
تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە قات قوشۇشتا ماشىنىرە ھەرىكىتى
توختىتىلمايدىغانلىقى ۋە بىر نەخ يىپ تەركىبىگە جۇپلىنىپ بېرىۋاتقان
تالا سانىنى ئېنىق ساناپ تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن،
يىپنىڭ قات سانىنى توغرا ئېگىلەپ، توم - ئىنچىكىلىكى بىردەك
بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتا، مول ئەمەلىي تەجرىبىگە تايىنىپ
«كۆزى ئىتتىك، قولى چاققان، مۆلچەر توغرا بولۇش» نى ئىشق
ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن يىپنىڭ
سۈپىتىگە، ئاخىرقى ھېسابتا توقۇلىدىغان رەختنىڭ سۈپىتىگ
كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، ماشىنىرە ئىشچىسىنىڭ قومۇشقا يىپ تۇرۇش
مەشغۇلاتىنىڭ توغرا بولۇشى، يەنە بىر مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ.
قومۇشقا يىپ تۇرۇشتە، ئادەتتە قومۇشنىڭ باش ۋە قۇيرۇق تەرىپىدىن
ئىككى - ئۈچ سانتىمېتىردىن ئاق يەر قالدۇرۇلىدۇ. قالغان قىسمىغ
يىپ بىر قات - بىر قاتتىن دەۋرىي تەرتىپتە تۇرۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، چاق ۋە يىك سالپا بولماسلىق، غاغرىنىڭ
ئايلىنىشى راۋان بولۇش، گىجەكتە دەز ۋە مۇدۇرچاقلار بولماسلىقق
كاپالەتلىك قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يىپنىڭ
ئۈزۈلۈشى ئازايتىلىپ، يىپ سۈپىتى ۋە ئىش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك
قىلىنىدۇ.

## 2) يىپ سورتلاش

يىپ سورتلاش يىپەك تارتىشقا ئۇلاشتۇرۇپلا (قومۇشقا تۇرۇلگەن
يىپلار قۇرۇپ قالمىغان چاغدىلا) ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشغۇلاد
بولۇپ، بۇنىڭدا تۇتقىزنىڭ چوڭ ئۈچى يەرگە سانچىم
مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، كىچىك ئۈچىغا ماشىنىرەدە يىن
تۇرۇلگەن قومۇش كەيگۈزۈلىدۇ. ئاندىن يىپ ئۈچى يىكچاقنىڭ
مەدىكى (مەدەك — يىكچاقنىڭ يىك ئورناشتۇرۇلىدىغان بىر جۈپ
پاكار پاچىقى) ئورناشتۇرۇلغان تۈۋىككە كەيگۈزۈلگەن قۇرۇق
قومۇشقا بېكىتىلىدۇ. سورتلاش ئىشچىسىنىڭ يىكچاقنى ئايلاندۇرۇش

ئارقىسىدا، تۇتقىزغا كەيگۈزۈلگەن قومۇشتىكى يىپ تارتىلىدۇ - دە، ئۈزلۈكسىز هالدا چۇۋۇلۇپ چىقىپ يىكچاققا بېكىتىلگەن قومۇشقا يۆتكەپ تۇرۇلىدۇ. يىپنى يۆتكەپ تۇرۇش داۋامىدا سورتلاش ئىشچىسى كۆزى ۋە قولىغا تايىنىپ، سورتلاش مەشغۇلاتىنى ئورۇندايدۇ. يەنى يۆتكەپ تۇرۇلىۋاتقان يىپنى قول بارماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە كۆزدە كۆزىتىش ئارقىلىق يىپقا ئارىلىشىپ قالغان ئەخلەت، ماياق قالدۇقى، ئاق تاسما (قاتتىق، يىرىك تالا) قاتارلىقلارنى ئېلىپ تاشلايدۇ. ئالاھىدە جايلار (بەك ئىنچىكە ياكى بەك توم جايلار) نى ئۈزۈپ تاشلاپ، (ئۈزۈپ تاشلانغان بۇنداق كېرەكسىز يىپ «لاس» دەپ ئاتىلىدۇ) ، يىپنىڭ تومىلىقىنى بىر خىللاشتۇرىدۇ.

يىپەك تارتىش دۇكىنى ئارقىلىق يىپەك تارتىش مەشغۇلاتىدا ئادەتتە بىر جىلىق پىلىدىن ئۈچ سەر (ھەرئىككىلىسى قۇرۇق ھېسابتا) سۇپەتلىك يىپەك يىپ ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. ئىككى كىشى (قازان ئىشچىسى بىلەن ماشىرە ئىشچىسى) بىر كۈنلۈك مەشغۇلات ئارقىلىق سەككىز جىڭ قۇرۇق پىلىنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدۇ. دۇكاندا تارتىلغان يىپەك يىپنىڭ سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، ئەتلەس، شايى، بەقەسەم قاتارلىق سۈپەتلىك يىپەك رەختلەرنى توقۇشقا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

## 3) كوچا يىپ سوزۇش

**كوچا يىپ:** سۈپەتسىز پىلىدىن سوزۇلىدىغان يىپەك يىپ بولۇپ، مۇرەككەپ ۋە مۇقىم قۇرۇلمىلىق دۇكانلاردا ئىشلىتىلمەيدۇ. مەشغۇلات قائىدىسىمۇ ئاددىي ۋە ئاسان بولىدۇ. كوچا يىپ سوزۇشتا قاپاق (ياغاچ غالتەك) ئاساسىي ۋاستە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پىلە پىشۇرۇش ئۈچۈن قازان، كوچا يىپى تالاش ئۈچۈن يىكچاق قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

**قاپاق:** بۇ قولدا سوزۇلغان كوچا يىپىنى تۇرۇشكە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ غالتەك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى سەككىز - ئون سانتىمېتىر، ئىككى باش دىئامېتىرى ئالتە - يەتتە سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ - تۆت سانتىمېتىر بولىدۇ. ئىككى گىرۋىكى ئېگىز، ئوتتۇرىسى ئويمان بولۇپ، مەركىزىي قىسمىدىن ئۇزۇن بويىغا تۆشۈك ئېچىلىدۇ. قىرمىچىلىق دۇكىنىدا تېرەك، جىگدە ياغاچلىرىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ. قول ئىشى ئارقىلىق كوچا يىپى سوزۇش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىلىدىن يىپەك يىپ سوزۇشتىكى

ئەڭ قەدىمىي مەشغۇلات ئۇسۇلى بولۇپ، سوزۇلغان يىپنى يۆگەشك
قەدىمكى زامانلاردا قاپاقتىن ياسالغان تەبىئىي غالتەكلە
ئىشلىتىلگەن، كېيىن قىرمىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىد
تېخىمۇ چىدامىلىق بولغان ياغاچ قىرما غالتەكلەر ئىشلىتىلگە
بولسىمۇ، تىل ئادىتى تۈپەيلىدىن بۇ خىل ياغاچ قىرما غالتەكلەر يەنى
«قاپاق» دەپ ئاتىلىۋەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

قول ئىشى ئارقىلىق كوچا يىپ سوزۇشتا، ئالدى بىلەن تۆشۈك
شالتاق، غەيرىي شەكىللىك سۈپەتسىز پىلىلەر ۋە دۇكاندا يىپەك
تارتىشتا ئۇچى چىقمىغان پىلىلەر شاخار (شاخار ـ يەرلىك ئۇسۇل
ئىشلەپچىقىرىلىدىغان شۇلتا) ئىرىتمىسىدە قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ.
پىشۇرۇلغان پىلىلەر شاخار تەسىرىدە كىر ـ داغلاردىن تازىلىنى
ئاقىرىش بىلەن بىللە يۇمشايدۇ. پىشۇرۇلغان پىلە چايقاپ يۇيۇلۇ
قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن ساۋاش ۋە تىتىش ئارقىلىق پىلە تالالىر
چۇۋۇتىلىدۇ. كوچا يىپ سوزۇشتا سول قولنىڭ باش بارمىقىغا قاپا
كەيدۈرۈلىدۇ. ئوڭ قول بارماقلىرى ۋە سول قولنىڭ بىكا
بارماقلىرى ئارقىلىق ساۋاپ چۇۋۇتۇپ تەييارلانغان مەشۇ
كالىلىكىدىن يىپ ئۇچى چىقىرىلىپ، يىپنىڭ ـ يىپنىڭ تارتىپ سوزۇ
تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ئوڭ قولنىڭ باش ۋە كۆرسەتكۈ
بارماقلىرى ئارقىلىق ئالدى ـ كەينىگە ئېشىپ جۈپلەشتۈرۈلىدۇ.
«يالغان تور كىرگۈزۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. يالغان تور كىرگۈزۇ
جۈپلەنگەن يىپلار ئۇدۇللۇق قاپاق ئويمانچىسى سىرتىغا يۆگىلىدۇ
ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشغۇلات يۇقىرىقى ئۇسۇل بويى
داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. يىپ سوزۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن قاپاق
يۆگەلگەن يىپلارنى يىكچاق ياردىمىدە قومۇشقا يۆتكەپ تۇرۇش داۋام
تالاپ رەسمىي تور كىرگۈزۈلىدۇ.

قول ئىشى ئارقىلىق كوچا يىپ سوزۇشنىڭ ئىش ئۈنۈمى تۆۋ
بولۇپ، بىر ئادەم بىر كۈندە ئىككى سەر ئەتراپىدا يىپ سوزالايدۇ
كوچا يىپى ئادەتتە كوچا چەكمىنى توقۇشقا خام ئەشيا قىلىنىدۇ

يىپەك تارتىش دۇكىنى ئارقىلىق يىپەك تارتىش — پ
سورتلاش، پىلە پىشۇرۇش، يىپەك سوزۇش، يىپ سورتلاش قاتارل
بىر قانچە ئىش ھالقىسى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. بۇ ئى
تەرتىپلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ ئېلىپ بېرىش تەل
قىلىنىدىغان بولغاچقا، كەم دېگەندە بەش ـ ئالتە، كۆپ بولغاندا ئ
نەچچە ئەمگەك كۈچىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىگە توغرا كېلىد

ئىلگىرى دۇكان ئارقىلىق يىپەك تارتىش مەخسۇس يىپەك يىپ ئىشلەپچىقىرىپ ساتىدىغان ۋە شايى - ئەتلەس، بەقەسەم توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلارنىڭ خۇسۇسىي كارخانىلىرىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇنداق كارخانىلاردا نىمكار (ياللانما ئەمگەك كۈچى) ئىشلىتىلەتتى. هازىر يەرلىك يىپەك توقۇلما مەهسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە مەهسۇلات مىقدارى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن 90 - يىللارنىڭ بېشىغا قەدەر بولغان تۆۋەن دولقۇن هالىتىدىن قۇتۇلدى. بازار ئېگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئىستېمال تەلىپىنىڭ ئېشىشى ئارقىسىدا خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى يىپەك توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ۋە ئائىلە يىپەك توقۇمىچىلىق كەسپى قايتا تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ يېقىنقى 4 - 5 يىلدىن بۇيان يېڭىۋاشتىن گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

قول ئىشى ئارقىلىق كوچا يىپ سوزۇش كۆپ ئەمگەك تەلەپ قىلمايدىغان، خالىغان ۋاقىت ۋە خالىغان جايدا ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغان مەشغۇلات بولۇپ، ئىلگىرى ئائىلە ئاياللىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ خام ئەشيا مەنبەسى كەمچىل، ئىش ئۇنۇمى ۋە مەهسۇلات سۈپىتى تۆۋەن بولغاچقا، هازىر قول ئىشى ئارقىلىق كوچا يىپى سوزۇش كەسپى كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

# يىپەك توقۇلما مەهسۇلاتلىرى ۋە ئالاهىدىلىكى

خوتەننىڭ ئۇيغۇر قول هۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يىپەك توقۇلما مەهسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ساپ يىپەك توقۇلمىلار ۋە ئارىلاش يىپەك توقۇلمىلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1. ساپ يىپەك توقۇلمىلار

ساپ يىپەك توقۇلمىلار — ئۆرۈش ۋە ئارقاقلىرىغا پۈتۈنلەي يىپەك يىپ ئىشلىتىلگەن توقۇلمىلار بولۇپ، ئەتلەس، شايى، يىپەك

چەكمەن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساپ يىپەك توقۇلمىلارنى بوياق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، گۈللۈك ساپ يىپەك توقۇلمىلار، ئاددىي، رەڭدار يىپەك توقۇلمىلار ۋە سىدام يىپەك توقۇلمىلاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1) گۈللۈك ساپ يىپەك توقۇلمىلار

گۈللۈك توقۇلما دېگىنىمىز، رەخت يۈزىگە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلىدىغان توقۇلما مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان گۈللۈك يىپەك توقۇلمىلار ئىچىدە ئەتلەس ئەڭ گەۋدىلىك، شۇنداقلا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر مەھسۇلات بولۇپ، خوتەن ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

### ئەتلەسنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى

ئەتلەس — ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەت» ۋە «لاس» سۆزلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ياسالما ئىسىم. ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە بىلدۈرىدىغان مەنىسى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار.

بەزىلەر «ئەتلەس» پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي تومۇرى «ئاتلاس» بولۇپ، پارس تىلىدا «ئادەم ۋە ھايۋان سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن گۈللۈك رەخت» دېگەن مەنىگە ئىگە. ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەندىن كېيىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «ئەتلەس» بولۇپ قالغان ھەمدە يەرلىك گۈللۈك يىپەك توقۇلما — ئەتلەسنىڭ خاس نامى بولۇپ قالغان دەپ قارايدۇ (33).

خەلق ئىچىدىكى بەزى زاتلار بولسا «ئەت» سۆزى «تەن، بەدەن» مەنىسىنى بېرىدۇ. «لەس» سۆزى «لەسلىدەپ تۇرىدىغان، لىغىلداپ تۇرىدىغان، بەدەنگە چاپلاشمايدىغان نەرسە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، «ئەتلەس» — بەدەنگە چاپلاشمايدىغان، سىلىق، سۈپەتلىك رەخت دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، «ئەت» سۆزى تىلىمىزدا «گۆش، مۇسكۇل، بەدەن» قاتارلىق تۆپ مەنىلەرنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، ھەر نەرسىنىڭ ئىستېمالغا يارامىلىق قىسمى، ھاللىنىپ قالماق (مەسىلەن، سەمەت ئەتلىنىپ قالدى) دېگەندەك كۆچمە مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. «لاس» سۆزى بولسا كېرەكسىز، سۈپەتسىز دېگەنلىك بولۇپ، يىپەك يىپىنى سورتلاشتا چىقىرىپ تاشلانغان سۈپەتسىز يىپ «لاس» دەپ ئاتىلىدۇ. زىلچا گىلەم توقۇشقا ئىشلىتىلگەن يۇڭ

يىپلارنىڭ تىۋىت قايچىلاش داۋامىدا كىبىسىپ تاشلانغان، قايتا ئىشلىتىشكە يارىمايدىغان قىسقا - قىسقا بۆلەكلىرىمۇ «لاس» دېيىلىدۇ. كەسىپ ئەھلىلىرى «لاس» سۆزىنى ئاڭلىسا «كېرەكسىز، سۇپەتسىز يىپ» نى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن «ئەتلاس ← ئەتلەس» دېگەن سۆز «سۇپەتلىك يىپەك، يارامىلىق يىپەك رەخت» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە «لاس» نىڭ تەلەپپۇزىنىڭ «لەس» كە ئۆزگىرىپ قېلىشى پەقەت فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشتىنلا ئىبارەت.

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئەتلەس توقۇشنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق يازما مەلۇماتلار يوق. بەزىلەر «ئەتلەس توقۇش ھۈنەر - تېخنىكىسى XIX ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا تارالغان» [②] دەيدۇ. شايى - ئەتلەس ماكانى بولغان لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىدىكى پېشقەدەم ئەتلەسچى ئۇستىلار بولسا، خوتەندە ئەتلەس توقۇمىچىلىقنىڭ داۋام قىلىپ كەلگىنىگە كەم دېگەندە 800 يىلدىن ئارتۇق بولغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىمالار قولىدا ساقلانغان «سۇلتان ئېلىق ئاتا تەزكىرىسى» (قولىيازما) لا قالدۇرۇلغان بەزى مەلۇماتلار بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزدا مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. مەزكۇر تەزكىرىنىڭ تېكىستى ۋە ئاخىرىدا بېرىلگەن ئىزاھاتلاردىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، بۇ تەزكىرە ئەسلىدە قايسىبىر ئاپتور تەرىپىدىن نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان. ھىجرىيە 550- يىلى مەھجۇرى تەخەللۇسلۇق بىر شائىر تەرىپىدىن ئاقسۇ ئايكۆل يېزىسىدا نەزىم شەكلىدە قايتا يېزىلغان. تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ۋەقەلىكلىرىنى ئىپادىلەشكە بېغىشلانغان. شۇنداقلا ھەربىي يۈرۈش لىنىيىسى ۋە جەڭ مەيدانلىرىنىڭ ئورنى كونكرېت بايان قىلىنغان. تەزكىرىدىكى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسى ئەتراپىدىكى بىر شەھەرگە بېكىنىۋالغان بۇددىستلار ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھى كاي كاكىلغا قارشى ئۇرۇشتا ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى بايان قىلىنغان قىسمىدا مۇنداق مىسرالار يېزىلغان:

*بادىلدار سىياۋۇش قەلەندەردەك بولدىلار،*
*قارا ئەتلەس ئەگىلىدە، تولۇم سۇلتا قولىدا.*
*............*

بۇ يەردە زەپەر قۇچقان قاراخانىلار سۇلالىسى قوشۇنى ئاۋاتتىن يولغا چىقىپ، خوتەن دەرياسىنى بويلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلىدۇ. مازار تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن يولدىن ئادىشىپ كېرىيە تەرەپكە كېلىدۇ ۋە بۇرۇلۇپ خوتەنگە يۈرۈش قىلىدۇ. كېرىيە بىلەن چىرا ئارىلىقىدا تۈرك تارخان شەھىرى دەپ ئاتالغان شەھەردىكى بۇددىست قوشۇنلىرىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. نەچچە قېتىملىق جەڭدىن كېيىن، زەپەر قۇچقان قاراخانىلار قوشۇنى چىرىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن شۇ يەرلىك ئاھالە، قاراخانىلار قوشۇنى سەركەردىلىرىگە سوۋغا ئېلىپ كېلىدۇ. تەزكىرىنىڭ مۇشۇ ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان قىسمىدا مۇنداق مىسرالار يېزىلغان:

*ئىمان ئېيتقان جوھۇتلار كىمخاپ توقۇر ئىدىلەر،*
*ئىككى ئالتۇن موكىنى نەزىر ئېلىپ كەلدىلەر.*
*ئالتۇن موكىنى تارتتىلار، ئىششەك-نىمشەك كەلدىلەر،*
*ئېلىپ كەلگەن نەزىرگە دەرھال دۇئا قىلدىلەر.*
*ئاغزىغا ئاسان بولدى، دۇمۇكى دەپ ئات قويدى،*
*مۇسۇلمانلار ھەممىسى ئاندىن ئۆيىگە ياندى.*

...........

مەزكۇر تەزكىرىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلىك قاراخانىلار بىلەن خوتەن بۇددىستلىرى ئىركىشىپ تۇرۇۋاتقان دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان «تاۋار، كىمخاب، ئەتلەس، موكا» قاتارلىق يىپەك توقۇلمىلار ۋە توقۇمىچىلىق سايمانلىرى شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەزكىرىدە مۇئەللىپ يىپەك رەخت تۈرلىرىنى ئېنىق ئاتىغان. ھەتتا «قار ئەتلەس» دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئەتلەس رەڭگىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. تېكىستتە بىر جۈپ ئالتۇن موكا سوۋغا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «دۇمۇكى» (ئىككى موكا) دەپ نام بېرىلگەن يۇرت دەل كېرىيە بىلەن چىرا ناھىيىسى ئارىلىقىغا جايلاشقان، چىرا ناھىيىسىگە قاراشلىق ھازىرقى دامىكۇ يېزىسىدۇر. دېمەك، مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋردە كىمخاب، ئەتلەس

بولغانىكەن، خوتەن تەۋەسىدە چوقۇم 12 ياكى 16 تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇش كېرەك بولغان كىمخاب توقۇلغانىكەن، ئۇنىڭدىن ئاددىيراق بولغان، يەنى ئاز بولسا ئىككى تەپكۈلۈك، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ سەككىز تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدىغان يىپەك ئەتلەس توقۇمىچىلىقىمۇ بارلىققا كەلگەن دەپ جەزملەشتۈرەلەيمىز.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا بايقالغان تېپىندىلاردىمۇ بۇ قاراشنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

ئۇنىڭ بىرسى شۇكى، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە، ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت قىسمىدا: «مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان پاختا، يۇڭ، يىپەك، كەندىر توقۇلمىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. يىپەك توقۇلمىلارنىڭ تۈرى ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شايى، گۈللۈك دۇردۇن، ئەتلەس، بەقەسەم، كىمخاب، مەشۇت يىپ، گۈللۈك تاۋار، كەشتە قاتارلىقلار بار» دېيىلگەن[8]. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 857 — 1393 - يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، شۇ دەۋردە تۇرپاندا ئەتلەس توقۇش مەۋجۇت بولسا، پىلە - يىپەكچىلىكنىڭ ئەسلىي ماكانلىرىدىن بىرى بولغان خوتەندە ئەتلەس توقۇمىچىلىقنىڭ بارلىققا كەلگەن بولۇشى تامامەن مۇمكىن.

ئىككىنچىسى شۇكى، 1996 - يىلى 12 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ سۇ يار ئېلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بىر قەدىمكى قەبرىدە قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى. بۇ قەبرىدىن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى يىغىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچىمى 14×17 سانتىمېتىر ۋە 16×20 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى پارچە ئەتلەس پارچىسى يىغىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ چەت گىرۋەكلىرى چىرىپ پۇچۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ رەڭگى ناھايىتى ئوچۇق، گۈللىرى ئېنىق ئىدى.

بۇ يۇڭ ئەتلەسنى گۈل نۇسخا ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، ھازىرقى يەكەن ئەتلىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنى رەخت يۈزىگە ئۈچ يول رەڭدار گۈل چىقىرىلغان. گۈل شەكلى ھازىرقى

ئەتلەسلەردىكى تاغاقگۈل شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق بۇ گۈللەر ھازىرقى ئەتلەسلەردىكى يەككە تاغاق، تۇتقۇلۇق تاغاق ياكى قوش تاغاق شەكلىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنى شەكىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ «تۇتاش گەۋدىلىك تاغاق» دەپ ئاتاش مۇمكىن. بوياق ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بۇ بىر پارچە رەختنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى رەڭ بىلەن تەتۈر يۈزىدىكى رەڭ تامامەن ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، ئۇيغۇر بوياقچىلىقىدىكى تامغا باسما بوياق، قېلىپ باسما بوياق ياكى چىغىرىق باسما بوياق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بۇنداق ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. پەقەت چەگمە بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىقلا مۇشۇنداق رەڭ ۋە گۈل ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ رەختنىڭ چەگمە بوياق ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئەتلەس ئۆرۈش بوياقچىلىقىغىلا خاس بولغان ئۇسۇل بىلەن بوياپ توقۇلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ نېگىزلىك ئالاھىدىلىك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان گۈل نۇسخىسى، گۈل شەكلى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ رەختنىڭ باشقا ھەر قانداق تۈردىكى رەخت بولماستىن، پەقەتلا ئەتلەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ ئەتلەسنىڭ ھازىرقى ئەتلەستىن روشەن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ئۆرۈشلىرىگە يۇڭ يىپ، ئارقاقلىرىغا بۆز يىپ ئىشلىتىلگەن. توقۇش ۋاستىسى جەھەتتە بۇ ئەتلەسنىڭ ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلغان بولۇش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن چوڭ.

سامپۇل قەدىمكى خارابىسىنىڭ بۇنىڭدىن 90±2865 يىل بۇرۇنقى دەۋردىن 95±1720 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىستانلىق ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇر خەلقىدە (جۈملىدىن خوتەندە) ئەتلەس (يۇڭ ئەتلەس) توقۇمىچىلىقى ئالاھەزەل ئىككى مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، يەنى دەسلەپتە يۇڭ ئەتلەس توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن. كېيىن بۇ خىل تېخنىكا يىپەك توقۇمىچىلىقىغا تەتبىقلىنىپ، يىپەك - بۆز ئارىلاش ئەتلەس ۋە يىپەك ئەتلەس توقۇمىچىلىقى بارلىققا كەلگەن.

ئەتلەس توقۇمىچىلىقى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆتۈش، گۈزەل ئىستېمال بۇيۇمى بولۇشتىن ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇمىغا ئايلىنىشتەك ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن.

پېشقەدەم ئەتلەسچىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى نامىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، يىپەك ئەتلەس ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن ۋاقىتلاردا

يىپەكنى ئۆرۈش، بوزنى ئارقاق قىلىپ توقۇلغان. تېگى قارا، گۈلى ئاق رەڭدە بولۇپ، «دەۋرۇ ئەتلەس» دەپ ئاتالغان. ئۆرۈش - ئارقاق يىپلىرىنىڭ ھەممىسى تالاپ (ئېشىپ) سىلىنىپ، ئىككى تەپكۈلۈك دۇكانلاردا توقۇلغان. تازا كۆركەم بولمىسىمۇ، پىششىق، چىداشلىق بولغان. ئۇ چاغلاردا ئەتلەس مەھسۇلاتىنىڭ چەكلىك، باھاسى قىممەت بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئەتلەس ئوردا - سارايلارنى بېزەش، خانىش، مەلىكىلەر، شۇنداقلا يۇقىرى تەبىقىدىكى دۆلەتمەن ئاياللارنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق بويۇمى بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل ئەتلەس «خان ئەتلىسى» دەپمۇ ئاتالغان. كېيىنچە ئەتلەسچى ئۇستىلارنىڭ ئىجتىھات - ئىزدىنىشى ئارقىسىدا دەۋرۇ ئەتلەسنىڭ ئارقاق يىپى ئالماشتۇرۇلۇپ، بوز ئارقاق ئورنىغا ئاق رەڭلىك يىپەك ئارقاق ئىشلىتىلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەتلەسچىلىك تېخنىكىسىدا ئارىلاش توقۇمىچىلىقتىن ساپ يىپەك توقۇمىچىلىقىغا ئۆتۈشتەك سەكرەش كېلىپ چىققان ھەمدە بۇ خىل ئەتلەس «ئاق پىلەك ئەتلەس» دەپ ئاتالغان. ئاق پىلەك ئەتلەس ماتېرىيال سۈپىتى جەھەتتە، دەۋرۇ ئەتلەستىن پۈتۈنلەي پەرقلەنسىمۇ، لېكىن گۈل نۇسخىلىرىدا ئۆزگىرىش بولماي، دەۋرۇ ئەتلەس گۈل نۇسخىسى ساقلاپ قېلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەپكۈلۈك دۇكانغا تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تۆت ۋە سەككىز تەپكۈلۈك دۇكان بارلىققا كەلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا 16 تەپكۈلۈك دۇكان بارلىققا كەلگەن، كۆپ تەپكۈلۈك ئەتلەس توقۇش دۇكانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەتلەسچىلىك تېخنىكىسىدىكى يەنە بىر سەكرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپ تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلغان ئەتلەستە، ئارقاق رەڭگىنىڭ ئەتلەس ئوڭ يۈزىگە تەسىر قىلىشى زور دەرىجىدە ئازىيىدىغانلىقتىن، ئەتلەس گۈللىرى ئوچۇق، شوخ رەڭنى ساقلاپ قالالايدۇ. جۇلاسى ئېشىپ سۈپىتى ئۆسىدۇ.

كۆپ تەپكۈلۈك دۇكانلار كېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئەتلەس نۇسخا ۋە رەڭ تۈرلىرىمۇ كۆپەيگەن. دەسلەپتە دەۋرۇ ئەتلەسنىڭ بوز يىپ ئارقىقى ئورنىغا قىزىل رەڭلىك يىپەك ئارقاق سېلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ھازىر «قارا ئەتلەس» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئەتلەس بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىق، ئاخىرىدا قىزىل ئەتلەس ۋە يەكەن ئەتلىسى بارلىققا كەلگەن ھەمدە بۇلار ئۇيغۇر ئەتلەس توقۇمىچىلىقىدىكى ئەنئەنىۋى ئەتلەس تۈرلىرى بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەتلەسچى ئۇستىلارنىڭ كۆپىيىشى، ئەتلەس

مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشى ۋە تاۋار بازىرىغا كۆپلەپ سېلىنىپ باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشى، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەتلەسنىڭ گۇرۇھ ئىستېمال بۇيۇمى بولۇش ئىمتىيازى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئومۇمىي خەلق ئىستېمال بۇيۇمىغا ئايلانغان.

ئەتلەس توقۇمچىلىقىدا ئەنئەنىۋى نۇسخىلار شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى توختاپ قالغىنى يوق. ئەنئەنىۋى نۇسخىلار ئاساسىدا، ئەتلەسنىڭ يەنە كۆپلىگەن نۇسخا ۋە رەڭ تۈرلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل يۈزلىنىش ھېلھەم داۋام قىلىنىۋاتىدۇ.

## ئەتلەس نۇسخىلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

ئەتلەس نۇسخىلىرى گۈل شەكلى ۋە بوياق رەڭگىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، قارا ئەتلەس، سېرىق ئەتلەس، قىزىل ئەتلەس، يەكەن ئەتلىسى قاتارلىق تۆت ئاساسىي تۈرگە؛ زۆتنە ئەتلەس، ئالاقاغا شايى ئەتلەس، ئاقپىلەك ئەتلەس، جەينەك گۈل قىزىل ئەتلەس، قىزىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس قاتارلىق بىرمۇنچە رەڭ تۈرلىرىگە بۆلۈنىدۇ.

ھەر خىل ئەتلەسلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، رەڭگىۋاسى جەھەتتە رەڭ پەرقى روشەن، رەڭ تۈرى كۆپ، كۆركەم ۋە جۇلالىق بولۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قېنىق، شوخ رەڭلەرنى ياقتۇرىدىغان پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدۇ؛ گۈل نۇسخىلىرى جەھەتتە تاج، مۇنچاق، تارغاق قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئامۇت، بادام قاتارلىق مېۋە شەكىللىرى، دەرەۋزۇن (ياغاچ توقۇلما پەنجىرە)، زەنجىر قاتارلىق گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر ئورگانىك ھالدا بىرگەۋدىلەشتۈرۈلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش مۇھىت ئالاھىدىلىكى ۋە تۇرمۇش ئادىتى ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. لېكىن، بۇ شەكىللەر تەبىئىي نەرسىلەر ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى شەكىللىرىنىڭ ئۆز ئەينى كۆچۈرۈلمىسى بولماستىن، مەلۇم دەرىجىدە مۇبالىغا، فانتازىيە تۈسىگە ئىگە قىلىنىدۇ. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان پسىخىكىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەتلەسكە ھايۋانات، ئۇچار قۇش قاتارلىق جانلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلمەيدۇ. بۇ، خەلقىمىزنىڭ ئىسلام دىنىي ئەمىر - مەرۇپلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ئېتىقاد قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. توقۇش تېخنىكىسى جەھەتتە، ساپ يىپەك ئەتلەسلەر ئومۇمەن ئالتە تەپكۈلۈك دۇكانلاردا، قىسمەن ھاللاردا تۆت

ياكى سەككىز تەپكۈلۈك دۇكانلاردا توقۇلىدۇ. شۇڭا، ئەتلەسنىڭ ئوك يۈزىدە ئارقاق يىپ ئاساسەن كۆرۈنمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئارقاق يىپ رېڭىنىڭ ئۆرۈش يىپتىن چىقىرىلىدىغان ئاساسىي گۈل رەڭگىگە تەسىر قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئەتلەسنىڭ كۆركەملىكى ئاشۇرۇلىدۇ.

ساپ يىپەكتىن توقۇلىدىغان ئەتلەسلەرنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقى ئاساسەن گۈل نۇسخىسى ۋە رەڭگى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

**قارا ئەتلەس:** قارا ئەتلەس — ئەتلەس ئائىلىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ ئومۇمىي نۇسخا بولۇپ، تېگى قارا، گۈلى ئاق رەڭدە بولىدۇ. تەگلىك رېڭى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «قارا ئەتلەس» دەپ ئاتىلىدۇ. قارا ئەتلەسنىڭ گۈل نۇسخىسى ماھىيەتتە خانتاجى (ئاياللارنىڭ باش تاجىسى) نىڭ تەكشىلىكتىكى مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئەتلەس يۈزىدىكى گۈللەرنىڭ جايلىشىشىنى ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈشكە بولىدۇ. دەل ئوتتۇرىغا بادام شەكلى، ئۇنىڭ مەركىزىگە ئاق توچكا چۈشۈرۈلىدۇ. بادام شەكلى تاج كۆركىسىگە، تاج كۆركىسى ئىچىدىكى ئاق توچكا يالتىراپ تۇرغان ياقۇتقا سىمۋول قىلىنىدۇ. تاج كۆركىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاق ۋە قارا سىزىقلارنىڭ كېسىشىشىدىن ھاسىل بولغان دەرەۋزۇن (ياغاچ توقۇلما پەنجىرە) شەكلى، ئۇنىڭ ئاستىغا ئىنچىكە ئاق سىزىقلار بىلەن تۇتاشقان ئاق توچكىلار چۈشىدۇ. بۇنىڭدىكى دەرەۋزۇن شەكلى خانتاجىنىڭ ئىككى چېكە تەرىپىگە ئورنىتىلغان توقۇلما بىزەككە، ئاق توچكىلار بولسا توقۇلما بىزەككە ئېسىلغان ئاسما مۇنچاققا سىمۋول قىلىنىدۇ. بادام شەكلىنىڭ ئاستىنقى ئۈچىدىن تۈز چۈشكەن بىر تال ئاق سىزىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ يانغا قايرىلىپ ئىككى تال ئەگرى مۈڭگۈز شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلار ئارىسىدا ئىنچىكە ئاق سىزىق بىلەن تۇتاشقان ئاق توچكا بولىدۇ. بۇ بىر گۇرۇپپا گۈل شەكىل ئېتىبارى بىلەن «قوچقىراق» دەپ ئاتىلىدۇ. ماھىيەتتە ئۇ تاج كۆركىسىدىن پىشانىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن كۈمۈش يوپۇرماقلار ئارىسىدىكى يۇمران غۇنچىنىڭ سىمۋولىدۇر.

ئۈستۈنكى قەۋەتتە، بادام شەكىللىك تاج كۆركىسى ئۈچىدىن يۇقىرىغا يۆنەلگەن ئاق سىزىق تولداما گۈل بەرگى ۋە گۈل چاغىسىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، گۈل ئۈستىگە كۆمتۈرۈلگەن ھىلال ئاي شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ھىلال ئاي ئۈستىدە ئىنچىكە ئاق سىزىقلار بىلەن تۇتاشقان سەككىز تالدىن 12 تالغىچە ئاق توچكا بولىدۇ. بۇ شەكىل بىر قاراشتا دۇتار ياكى تولداما گۈلگە ئوخشاپ كېتىدۇ،

ماھىيەتتە ئۇ گۈل ئۇستىدىكى ھىلال ئاي ۋە ئايغا بېكىتىلگەن تا
مۇنچاقتىن تۈزۈلگەن تاج قوبدۇرمىسىنىڭ سىمۋولى بولۇ
ھېسابلىنىدۇ. تىك مۇنچاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن تۈتقۇلۇ
ياغاچ تارغاق، گۈل بەرگىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن كىچىك ياغا
تارغاق ۋە بىردىن ئورغاق شەكلى چۈشۈرۈلىدۇ. بۇلار تاجنى
گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئاستىنقى قەۋەت ئوتتۇرىسىدا تىك مونچاقلىق ھىلال ئاي
مونچاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن تەقرىبىي بۆرەك شەكلى بولۇپ
بۆرەك تېنىگە تارغاق شەكلى، بۆرەكنىڭ يۇقىرى ئۇچىغا تۆت تالدى
مونچاق شەكلى چۈشۈرۈلىدۇ. بۇنداق گۈل نۇسخىسى «بۆرەك» دە
ئاتالسىمۇ، ماھىيەتتە دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئاسما مۇنچاقلىق ئالتۇ
ھالقىغا سىمۋول قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ گۇرۇپپا گۈللەردىن ھاسىل بولغا
بىر يۈرۈش قارا ئەتلەس گۈل نۇسخىسى، بىر كىيىملىك ئەتلەسنىڭ
تۆتتىن بىر قىسمىغا چۈشۈرۈلىدۇ. ئادەتتە بىر كىيىملىك ئەتلەسنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 30.6ــــ50.6 مېتىر، ئەن كەڭلىكى 42.0ــــ45.0
مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ كەسىپ تىلىدا «بىر تاقا ئەتلەس» دە
ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدىكى بىر يۈرۈش گۈل نۇسخىسى بىر تاقا ئەتلەس
يۈزىگە 4 قېتىم دەۋر قىلىپ چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ قائىدە ئەتلەسنىڭ باشق
تۈرلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولۇپ، قايتا بايان قىلىنمايدۇ.

قارا ئەتلەس كىشىگە جىمجىتلىق، سەلتەنەتلىك، سىرلىقلىق
تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. ئۇ، كەڭ ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا ئىلگىر
ياشلارمۇ، ياشانغانلارمۇ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان، توي - مەرىكىلەرد
كىيىشكىمۇ، ھازا - ماتەملەردە كىيىشكىمۇ باب كېلىدىغان ئەتىۋارلىق
بۇيۇم ھېسابلىناتتى. ھازىر ئاساسەن ياشانغان ئاياللارنىڭ يازلىق
كىيىملىرىنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**سېرىق ئەتلەس:** سېرىق ئەتلەسنىڭ گۈل رەڭگى شوخ سېرىق،
تېگى ئاق رەڭدە بولىدۇ، شۇڭا «سېرىق ئەتلەس» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ
گۈل نۇسخىسى ئۈچ قەۋەت، ئىككى رەتكە بۆلۈنىدۇ، يەنى ئەتلەس
بوي ئوتتۇرا سىزىقىنىڭ ئىككىلا تەرىپىدە بىر رەتتىن ئوخشاش
شەكىللىك گۈل نۇسخىسى بولۇپ، ھەر بىر رەتنىڭ ئوتتۇرىسىد
تەقرىبىي رومبا شەكىللىك ئاساسىي گۈل، بۇ گۈل مەركىزىدە قوش
مۇنچاق، رومبىنىڭ ئاستى - ئۇستىدە بىر نەچچىدىن ئاسما مۇنچاق
بولىدۇ؛ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى قەۋەتتە ئوخشاشلا ئىككى ياندا بىردىن

چوڭ ياغاچ تارغاق، ئۇلار ئارىسىدا بىردىن كىچىك ياغاچ تارغاق شەكلى بولىدۇ. چوڭ تارغاقلارنىڭ گەۋدىسىدە ئىككىدىن يىپشىل توچكا بولىدۇ. بۇنداق توچكىلار «ناسۋاي» دېيىلىدۇ. سېرىق ئەتلەسنىڭ ئىككى گىرۋىكىدە قىزىل، قارا رەڭلىك، زەنجىر شەكىللىك كانارا گۈل بولىدۇ. بۇ، سېرىق ئەتلەسكىلا خاس بولغان يەنە بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

سېرىق ئەتلەس يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئومۇمىي ئالاھىدىلىكتىن باشقا، رەخت يۈزىدىكى تارغاق شەكىللىك گۈل سانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، «قوش تارغاق سېرىق ئەتلەس» ۋە «تاق تارغاق سېرىق ئەتلەس» تىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سېرىق ئەتلەس گۈللىرىدە ئاساسەن تارغاق بىلەن مۇنچاق شەكلى ئاساسىي گۈل ئېلېمېنتى قىلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش - تارىنىشنى ياخشى كۆرۈش، پاكىزلىق، گۈزەللىكنى قىزغىن سۆيۈشتىن ئىبارەت ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

سېرىق ئەتلەسنىڭ ئىككى رەت گۈلى سىممېتىرىك ھالدا جايلاشقان، چوڭ - كىچىك شەكىللەر بىر - بىرىگە چىپىسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، گۈل نۇسخىسى ساددا، ئەمما نەپىس بولىدۇ. ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئاياللارنىڭ كىيىشىگە باب كېلىدۇ.

**قىزىل ئەتلەس:** قىزىل ئەتلەسنىڭ گۈل رەڭگى قىزىل، تېگى سېرىق ياكى ئاق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «قىزىل ئەتلەس» دەپ ئاتىلىدۇ. قىزىل ئەتلەستە ئامۇت شەكلى ئاساسىي گۈل نۇسخىسى، ھەرە چىشى، قوچقىراق، ناغرا گۈل، ئالما، تارغاق قاتارلىقلار قوشۇمچە گۈل نۇسخىسى قىلىنىدۇ. قىزىل ئەتلەس گۈللىرىمۇ ئىككى رەت، ئۈچ قەۋەت جايلاشتۇرۇلىدۇ. ئادەتتە ئەتلەس بويى ئوتتۇرا سىزىقىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر رەتتىن گۈل چۈشۈرۈلىدۇ. ھەر بىر رەتنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئامۇت شەكلى، ئامۇت ئۈچىدىن باشلىنىپ ئىككى تەرەپكە يېيىلىپ ئەگرى سىزىق ھاسىل قىلغان قوچقىراق نۇسخا گۈل چىقىرىلىدۇ. قوچقىراق ئاچىسى ئوتتۇرىسىدا بىردىن ئاسما مونچاق شەكلى بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىل شەكىلدىن تەركىب تاپقان ئاساسىي گۈل شەكلى، چوڭ قۇلاقلىق راۋابقا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئاساسىي گۈلنىڭ ئۈستى تەرىپىدە قوش بەرگىلىك ئالما شەكىللىك گۈل، ئاستى تەرىپىدە تاق بەرگىلىك كىچىك ئامۇت ۋە قوش

بەرگىلىك چوڭ ئاموت شەكىللىك گۇللەر كىرىشتۇرۇلگەن، ئۇنىڭ ئاستىغا تەگلىك رەڭدە چىقىرىلغان چوڭ - كىچىك تارغاق شەكىللىك گۇللەر بولىدۇ. بەزى ئەتلەسلەردە ئالما شەكلى ئورنىغا ناغرا شەكلى چۈشۈرۈلىدۇ.

قىزىل ئەتلەسنىڭ سەپلىمە گۇل شەكىللىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئەتلەس يۈزىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان گۇل شەكىللىرىگە قاراپ «يىلان باغرى قىزىل ئەتلەس» «ئاموت گۇل قىزىل ئەتلەس» «ناغرا گۇل قىزىل ئەتلەس» قاتارلىق خاس ناملار بىلەن ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

قىزىل ئەتلەس گۇللىرىنىڭ جايلىشىشى سىممېترىك، رەڭ پەرقى ئېنىق، شوخ، كۆركەم بولۇپ، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن گۇل نۇسخىلىرى مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن، نەغمە - ناۋالار ياڭراۋاتقان باغ مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قىزىل ئەتلەس قىزلار ۋە ياش ئاياللار ياقتۇرۇپ كىيىدىغان نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

**يەكەن ئەتلىسى:** يەكەن ئەتلىسى يەنە «بېلىشمان نۇسخا ئەتلەس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەكەن ئەتلىسى يۇقىرىقى ئۈچ خىل نۇسخىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، يەكەن ئەتلىسىگە يۇقىرىقى ئەتلەسلەردىكى بىر قىسىم گۇل ئۆرنەك ئېلېمېنتلىرىنىڭ بىر قىسمى كىچىكلىتىلىپ ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى ئۆزىگە خاس بەزى گۇل ئېلېمېنتلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ باشقا ئەتلەسلەردىن ئەڭ چوڭ پەرقى شۇكى، يەكەن ئەتلىسىنىڭ گۇللىرى بوي يۆنىلىشى بويىچە تۆت يول ئىككي دەۋر ياكى بەش يول ئىككى دەۋر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. يەنى، بىر تاقا ئەتلەس يۈزىدە سەككىز ياكى ئون يول گۇل بولىدۇ. ھەر قايسى يوللارنىڭ تەگلىك رەڭگى ۋە گۇل رەڭگى پەرقلىق بولىدۇ. ئادەتتە قىزىل، قارا، ھال، يېشىل، زۆتىنە رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ. ھەرقايسى يوللارنىڭ تەگلىك رەڭ تەكرارلىقى A,B,C,D→A,B,C,D تەرتىپىدە بولىدۇ. ئومۇمىي تەكشىلىك كۆرۈنۈشىدە، ھەر بىر يولنىڭ گۇل نۇسخىلىرى ئۈچ قەۋەت جايلىشىدۇ. ئاستى قەۋەت گۇللىرى ئومۇمەن تۇتقۇلۇق تارغاق ۋە ئاچىماق باشلىق موينەكەش شەكلىدە، ئىككىنچى قەۋەت (ئاساسى) گۇللىرى رومبا، تارغاق، موينەكەش شەكىللىرىدە، ئۈچىنچى قەۋەت گۇللىرى رومبا، تىركەلمە ئاچا، تۇتقۇلۇق تارغاق شەكىللىرىدە بولىدۇ.

يەكەن ئەتلىسى گۈللىرىنىڭ جايلىشىشى رىتىملىق، كىچىك ۋە زىچ بولۇپ، رەڭ تۈرى كۆپ، شوخ كېلىدۇ. ياش ئاياللار ۋە ئۆسمۈر قىزلارنىڭ كىيىشىگە باب كېلىدۇ.

يەكەن ئەتلىسىنىڭ نامىدا يۇرت ئىسمى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەنلىكىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ يەكەندە ئىختىرا قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىسمۇ، بۇ خىل ئەتلەس توقۇمىچىلىقىنىڭ قاچانلاردا بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە قاچانلاردا خوتەنگە تارقىلىپ كىرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭ رەڭ ۋە گۈل شەكلى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ ئالدىنقى ئۈچ خىل ئەتلەستىن كېيىن بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئەتلەس سورتلىرى يۇقىرىقى تۆت خىل ئاساسىي نۇسخا بىلەن چەكلەنمەيدۇ. پاراسەتلىك ئەتلەس ئۇستىكارلىرى جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق يۇقىرىقى تۆت خىل نۇسخا ئاساسىدا يەنە ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەتلەسنىڭ يېڭى سورتلىرىنى ئىختىرا قىلغان. بۇ يېڭى سورتلاردا ئەنئەنىۋى نۇسخىلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ساقلاپ قېلىنىش بىلەن بىللە، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرمۇ گەۋدىلەنگەن.

**زۆتىنە ئەتلەس:** گۈل نۇسخىسى قارا ئەتلەس گۈل نۇسخىسىغا ئوخشايدۇ، ئەمما تەگلىك رېڭى زۆتىنە رەڭدە بولىدۇ.

**ئاق پىلەك ئەتلەس:** گۈل نۇسخىسى قارا ئەتلەس گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئەمما، ئارقاقا بويالمىغان (ئاق) يىپەك يىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئارقاق يىپ رەڭگى ئۆرۈش رەڭلىرىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، رەڭنىڭ ئوچۇقلۇق دەرىجىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئاققا مايىل قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «ئاق پىلەك ئەتلەس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئالا قاغا شايى ئەتلەس:** گۈل نۇسخىسى ئومۇمىي جەھەتتىن سېرىق ئەتلەس گۈلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ خىل ئەتلەستە ھەرە چىشى سىزىقلىق رومبا شەكلى ئاساسىي گۈل قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، گۈللەر ئۇششاق ۋە زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**قىزىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس:** گۈل نۇسخىسى قارا ئەتلەس گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئەمما، گۈللەرنىڭ گەۋدىسىدە ئەسلىي رەڭ (ئاق رەڭ) ساقلاپ قېلىنسىمۇ، گۈل قىرغاق ئۇچلىرى قىزىل رەڭدە بويىلىدۇ. شۇڭا، «قىزىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس» دېيىلىدۇ.

**يېشىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس:** بۇ خىل ئەتلەسنىڭ گۈل شەكىللىرى تامامەن قىزىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس گۈللىرىگە ئوخشايدۇ. ئەمما گۈل

قىرغاق ئۇچلىرى يىشىل رەڭدە بويىلىدۇ. شۇڭا «يىشىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس» دېيىلىدۇ.

**جەينەك گۈل قىزىل ئەتلەس:** گۈللىرى ئاق رەڭدە بولىدۇ. بۆرەك تارغاق قاتارلىق قارا ئەتلەسكە خاس بولغان بەزى گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ جەھەتتە قارا ئەتلەسكە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق قارا ئەتلەستىن پەرقلىنىدۇ. جەينەك گۈل قىزىل ئەتلەسنىڭ تېگى قىزىل رەڭلىك بولۇپ، گۈللىرى ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ. مەركىزى قەۋەتتە قوچقىراق گۈل بولۇپ، شەكلى راۋاب قارنى ۋە قۇلىقىغا ئوخشايدۇ. قارنى قىسمىدىكى ئاق گۈل ئوتتۇرىسىغا ئىككى توچكىلىق سېرىق ناسۋاي (سېرىق رەڭلىك چوڭ چېكىت) گۈل چىقىرىلىدۇ. قوچقىراق گۈلنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە بىردىن بۆرەك گۈل، ئۇنىڭ گەۋدىسى ئۈستىگە بىردىن تارغاق گۈل شەكلى چىقىرىلىدۇ. ئاستى ئۈستى قەۋەت گۈللىرىدە، بۆرەك گۈل (قارا ئەتلەسنىڭ تاج قوندۇرمىسى شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ) ئاساس قىلىنىدۇ. بۆرەك گۈل مەركىزىگە بىر توچكىلىق يىشىل ناسۋاي چىقىرىلىدۇ. بۆرەك ئۈستى ئوتتۇرىسىدىن بىر تال ئاق سىزىق ئەتلەس بوي مەركىزى سىزىقنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ 20 سانتىمېتىر داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئىككىگە ئايرىلىپ سۇنۇپ، جەينەك ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئىككى يان قىرغاققا قاراپ 40 سانتىمېتىرچە سوزۇلۇپ، بۆرەك ئىككى يان تەرىپىدە قىرغاققا يېتىپ تۈگەيدۇ. دەل مۇشۇ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك تۈپەيلىدىن بۇ خىل ئەتلەس «جەينەك گۈل قىزىل ئەتلەس» دەپ ئاتىلىدۇ. جەينەكلەرنىڭ گەۋدىسى ئۈستىگە ئىككىدىن قىزىل، بىردىن يىشىل ناسۋاي چىقىرىلىدۇ. جەينەك چوققىسىنىڭ دەل ئۇدۇلىدىكى ئىككى قىرغاقتا بىر داندىن يېرىم بۆرەك گۈل بولىدۇ. كېيىم تىكىش ۋاقتىدا، ئەتلەس ئەنلەنگەندىن كېيىن، ئىككى تاختا ئەتلەستىكى يېرىم بۆرەك شەكىللىرى ئۆزئارا تۇتۇشۇپ پۈتۈنلىنىدۇ ۋە ئاستى - ئۈستى تەرەپتىكى بۆرەك گۈللەر جەينەك گۈللەردىن ھاسىل بولغان ھەرە چىشى شەكىللىك سىزىقلار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ.

دېمەك، جەينەك گۈل قىزىل ئەتلەسنىڭ بەزى گۈللىرى قارا ئەتلەس گۈللىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، شۇنداقلا پېشقەدەم ئەتلەسچى ئۇستىلار بۇ خىل ئەتلەسنىڭ قارا ئەتلەستىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېنىق قەيت قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ باشقا ئەتلەسلەردىن روشەن

پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. يەنى، بۇ خىل ئەتلەستە ئوخشاشلا ئۈچ قەۋەت گۈل بولسىمۇ، ئەمما بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى قەۋەت گۈللىرى ئوخشاش بولىدۇ؛ ئەتلەس يۈزىدە جەينەك گۈل ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ ۋە بۆرەك گۈللەرنى تۇتاشتۇرىدۇ؛ ئاساسىي گۈللەر ئۈستىدە ناسىۋاي گۈللەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، گۈللەرنىڭ رەڭدارلىقى ئاشۇرۇلىدۇ.

**جەينەك گۈل يېشىل ئەتلەس:** بۇ ئەتلەسچى ئۇستىلار ئىزدىنىش ئارقىلىق يېقىنقى دەۋرلەردە ئىختىرا قىلغان جەينەك گۈل ئەتلەسنىڭ يەنە بىر يېڭى سورتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئەتلەسنىڭ گۈل ئالاھىدىلىكى جەينەك گۈل قىزىل ئەتلەس گۈللىرىگە تامامەن ئوخشايدۇ. پەقەت تەگلىك رېڭىلا پەرقلىق بولۇپ، قىزىل ئەمەس، بەلكى يېشىل رەڭدە بولىدۇ. شۇڭا «جەينەك گۈل يېشىل ئەتلەس» دېيىلىدۇ.

دېمەك، جەينەك گۈل ئەتلەسلەر گەرچە ئەڭ دەسلەپتە قارا ئەتلەس ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا گۈل نۇسخىلىرى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، رەڭ تۈرى كۆپەيمەكتە. قارا ئەتلەس بىلەن بولغان ئورتاقلىقى ئازىيىپ، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى يىراقلاپ، جەينەك گۈل قىزىل ئەتلەس بىلەن جەينەك گۈل يېشىل ئەتلەسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتلەس ئائىلىسىنىڭ باشقا ئاساسىي سورتلىرى بىلەن تەڭ تۇرىدىغان مۇستەقىل «جەينەك گۈل ئەتلەس» نۇسخا تۈرىنى ھاسىل قىلىش يۈزلىنىشىنى ئىپادىلىمەكتە.

**كەلكۈن نۇسخا ئەتلەس:** بۇمۇ ئەتلەسچى ئۇستىلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىزدىنىشى ئارقىسىدا ئىجاد قىلىنغان بىر خىل يېڭى سورت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئەتلەسنىڭ ئۆرۈشىدە گۆشرەڭ ئاساس قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر بۆلۈك ئۆرۈشلەر چەگمە بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق سېرىق، قىزىل، زۆتىنە، يېشىل، قارا رەڭلەردە بوياپ سىزىلىدۇ. ئارقاق يىپ گۆش رەڭدە بويۇلىدۇ. ئەتلەس يۈزىدە كەلكۈن (رومبا شەكىللىك گۈل) نۇسخا گۈل ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ گۈل شەكىل ئېتىبارى بىلەن كەلكۈن نۇسخا گىلەم گۈلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، رومبىنىڭ تەرەپ سىزىقلىرى كەلكۈن نۇسخا گىلەمدىكىگە ئوخشاش تىك بۆلۈكلۈق سۇنۇق سىزىقلارنىڭ يانتۇ داۋام قىلىشىدىن ئەمەس، بەلكى يانتۇ يۆنىلىشلىك، ھەرە چىشلىق تۈز سىزىقلاردىن ھاسىل بولىدۇ.

رومبىنىڭ تار بۇلۇڭ چوققىلىرى ئەتلەس بوي مەركىزى سىزىقى ئۈستىدە بىر - بىرىگە ئۇرۇنىدۇ. كەڭ بۇلۇڭلىرى ئەتلەس قىرغىقىغا تىركىلىدۇ. ھەر بىر تولۇق رومبا گۈرۈپپىسى ئەتلەس ئۆرۈشىگە ئىشلىتىلگەن رەڭدار يىپلاردىن ھاسىل بولغان بىر قانچە رومبىنىڭ ئۈستى - ئۈستىگە ھالقىلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

بۇنىڭدىكى ھەر بىر رومبىنىڭ تەرەپ سىزىقى بىر خىل رەڭدە بولىدۇ. رومبا تەرەپ سىزىقلىرىنىڭ كەڭلىكى 2 ـ 3 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ سىزىقلارنىڭ ئۈستىگە باشقا رەڭلەردىكى مۈنچاق، تارغاق، ھىلال ئاي، ئامۇت شەكىللىك ناسىۋاي گۈللەر چىقىرىلىدۇ.

كەلكۈن نۇسخا ئەتلەسنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى قىسقا بولۇپ، بۇ خىل ئەتلەسنى توقۇيالايدىغانلار مۇ ناھايىتى ئاز. شۇنداقلا تارقىلىش دائىرىسى چەكلىك بولۇپ، ئادەتتە بازاردىن تېپىلمايدۇ.

ئەتلەس توقۇمىچىلىقىدىكى بۇ ئەھۋاللار ئەتلەس توقۇمىچىلىقىنىڭ ھېلىھەم بىرقەدەر كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2) ئاددىي، رەڭدار يىپەك توقۇلمىلار

ئاددىي رەڭدار توقۇلما — رەخت يۈزىگە گۈل چىقىرىلمايدىغان، لېكىن ئۆرۈشلەرنى ھەر خىل رەڭلەردە بوياپ سىلىش ئارقىلىق رەڭدار يوللۇق توقۇلىدىغان رەختنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر يىپەك توقۇمىچىلىقىدا ئاددىي رەڭدار توقۇلما رەختلەردىن ھازىر ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولغىنى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى «دەييارە»، يەنە بىرى يىپەك قولياغلىقتىن ئىبارەت.

**(1) دەييارە:** دەييارە — يول - يول رەڭدار رەخت دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، سۆز تومۇرى «دەريا» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. خوتەن دىئالېكتىدا «دەريا» دېگەن سۆز «دەييا» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مانا شۇ «دەييا» دېگەن ئىسىمغا تۇرغۇن سۆزلەردىن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «رە» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق «دەييارە» دېگەن يېڭى سۆز ياسالغان. بۇ، قاتار - قاتار تىزىلغان دەريالارغا ئوخشاش رەت - رەت رەڭدار يوللۇق رەخت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دەييارىنىڭ ئېنى 42 — 50 سانتىمېتىر بولىدۇ. 55 — 90 لۈت (1200 — 2000 نەخ ئۆرۈش يىپ) يۈگۈرىلىدۇ. ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدۇ.

دەييارە ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالنىڭ سۈپەت پەرقىگە ئاساسەن پىشىشىق دەييارە، خام دەييارە، ئارا دەييارە دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. پىشىشىق دەييارىنىڭ ئۇرۇش - ئارقاق يىپلىرى بىر دەك تالاپ سىپلىنىدۇ. خام دەييارىنىڭ ئۇرۇش - ئارقاق يىپى بىردەك تالانماي (خام) سىپلىنىدۇ. ئارا دەييارىنىڭ ئۇرۇش يىپى تالاپ، ئارقاق يىپى خام سىپلىنىدۇ.

دەييارە ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالنىڭ رەڭ پەرقى ۋە رەڭدار يوللىرىنىڭ كەڭ - تارلىق پەرقىگە قاراپ كەڭ يوللۇق دەييارە ۋە چىغ يوللۇق دەييارە دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

دەييارە ئۇرۇش يىپى قىزىل، سېرىق، مايسىرەڭ، نىل رەڭ، توق كاۋا چېچەكى، يۇلغۇن چېچىكى قاتارلىق رەڭلەردە بويىلىدۇ. ئارقاق يىپى ئۇرۇشتە ئاساس قىلىنغان رەڭدە بويىلىدۇ. ئۇرۇش يىپ رەڭ خىلى كەم بولغاندىمۇ تۆت خىلدىن ئاز بولمايدۇ.

كەڭ يوللۇق دەييارىنىڭ رەڭدار يوللىرى تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ھەر بىر يول كەڭلىكى 2.5 — 4 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. رەڭدار يوللارنىڭ رەڭ تۈرى بويىچە تىزىلىشى قانۇنىيەتلىك بولۇپ، ABCDEF → ABCDEF تەرتىپىدە تەكرارلىنىدۇ. رەڭدار يول كەڭرەك بولسا، رەڭ تەكرارلىقى ئاز؛ رەڭدار يوللار تارراق بولسا، رەڭ تەكرارلىقى كۆپرەك بولىدۇ.

چىغ يوللۇق دەييارىنىڭ رەڭدار يوللىرى تەڭسىز مۇناسىۋەتتە بولۇپ، يول كەڭلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇرۇشتە ئاساس قىلىنغان رەڭ ئىگىلىگەن يول كەڭرەك بولۇپ، كەڭلىكى 2.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، قالغان رەڭدار يوللار تىزىلىش تەرتىپى بويىچە بارغانسېرى تار بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق دەييارە يۈزىدە رەڭ تەكرارلىقى كۆپ بولۇپ، 5 — 6 تەكرارلىنىدۇ.

دەييارە توقۇشقا ئىنچىكە ۋە سۈپەتلىك تارتىلغان يىپ ئىشلىتىلىدۇ. دەييارە ئۇيغۇر يىپەك توقۇمىچىلىقىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رەختلەر ئىچىدە ئەڭ نېپىز، ۋەزنى ئەڭ يېنىك رەخت بولۇپ، بىر كىيىملىك دەييارە ئادەتتە 1.5 سەر ئېغىرلىقتا بولىدۇ.

دەييارە ئايالچە پەرىجە، كۆينەك، ئىشتان تىكىشكە، كۆرپە تەگلىكى قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەرەنچە سەھنە يەكتەكى تىكىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ھازىر دەييارە توقۇمىچىلىقى ئاساسەن ئۆچكەن تۈر

ھېسابلىنىدۇ.

(2) يىپەك قولياغلىق: خەلقىمىزنىڭ قولياغلىق ئىشلىتىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «ۋلاتو» دېگەن سۆزلەمگە «بۆرۈن ئەرتىدىغان يىپەك قولياغلىق، قويۇندا ساقلىنىدۇ» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. قولياغلىق ۋەزنى ۋە قىممىتى جەھەتتىن ئادەتتىكى بۇيۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنسانلارنىڭ تازىلىق قارىشى ۋە تېببىي ئاڭ سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر يىپەك توقۇمىچىلىقىدا، يىپەك قولياغلىق ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدۇ. كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئوخشاشلا 42 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئۇرۇشى 45 — 50 لۈت (1000 نەخ ئەتراپىدا) يۇگۇرۈلىدۇ. ئاساسىي قىسمى ئاق توقۇلىدۇ. پەقەت تۆت قىرغاق تەرەپكە ئۈچ يولدىن رەڭدار پەتلە چۈشىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى چوقۇم نىل رەڭ، قالغان ئىككى يولى خالىغان باشقا رەڭلەردە بولىدۇ. رەڭلىك يوللار تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ھەر بىر رەڭدار يول كەڭلىكى يېرىم سانتىمېتىر بولىدۇ. قوشنا بولغان ھەر ئىككى رەڭدار يول، يېرىم سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئاق سىزىق يول ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. يىپەك قولياغلىقنىڭ ھەر 10 دانىسى بىر كېسىۋېلىنىپ، بىر توپ قىلىپ قاچىلىنىدۇ. ئىشلىتىش ئالدىدا تۆت تەرەپ قىرغىقى يۇكۇپ تىكىلىدۇ. ھازىر يىپەك قولياغلىق توقۇمىچىلىقى ئۆچكەن تۈر ھېسابلىنىدۇ.

### 3) سىدام يىپەك توقۇلمىلار

سىدام يىپەك توقۇلمىلار دېگىنىمىز، يىپەك يىپىنىڭ ئەسلىي رېڭىنى ئاساس قىلىپ، بوياقسىز، گۈلسىز توقۇلىدىغان مەھسۇلات بولۇپ، ئىشلىتىلگەن يىپىنىڭ سۈپىتى ۋە رەخت ئۆلچىمى جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن، شايى، چۈچۈنكە، چەكمەن، يىپەك ياغلىق ۋە ئەلگەك تىغىدىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) شايى: شايى يىپەك تارتىش دۇكىنىدا تارتىلغان ساپ يىپەك يىپ خام ئەشيا قىلىپ توقۇلىدىغان ئاق رەخت بولۇپ، ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدۇ. ئىشلىتىلگەن يىپ ئۆلچىمىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا، قاراپ ئاق شايى ۋە گەزلىك شايى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئاق شايى: ئاق شايىنىڭ ئۇرۇش ۋە ئارقاقلىرىغا بىردەك سىغارقات تەييارلانغان يىپەك يىپ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا، ۋەزنى يېنىك، پارقىراق، نېپىز، چىداملىق بولۇپلا قالماي، ھاۋا ئۆتكۈزۈش

ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىش ئىقتىدارى ياخشى بولىدۇ. ئەر - ئاياللار ئىچ كىيىم ۋە يازلىق كىيىملەر تىكىشكە باب كېلىدۇ.

گەزلىك شايى: گەزلىك شايىنىڭ ئۆرۈشى ئىككى قات چەپپە قىلىنغان يىپەك يىپتىن تەييارلىنىدۇ. ئارقاق يىپمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تومراق تەييارلىنىدۇ. شۇڭا، گەزلىك شايى ئاق شايىدىن قېلىن، پىششىق، پاتلىق، چىدامىلىق بولىدۇ. باھار، كۈز پەسىللىك كىيىملەر ۋە مۇراسىم كىيىملىرىنى تىكىشكە باب كېلىدۇ.

شايى كەڭ - تارلىقىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، تاختا ئەنلىك شايى ۋە كەڭ ئەنلىك شايى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. تاختا ئەنلىك شايىنىڭ ئېنى 40 سانتىمېتىر، كەڭ ئەنلىك شايىنىڭ ئېنى 60 — 75 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. شايى بىردەك ئاق رەڭدە توقۇلىسىمۇ، ئېھتىياجغا ئاساسەن ھەر خىل رەڭدە بوياپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

(2) **چۇچۇنكە:** بۇ يېشىل پىلە غوزىكىدىن تارتىلغان، تەبىئىي رەڭدار يىپەك يىپىنى خام ئەشيا قىلىپ توقۇلىدىغان بىر خىل رەخت بولۇپ، ئۆلچىمى ۋە توقۇش ئۇسۇلى شايى توقۇشقا ئوخشايدۇ. رەڭگى توق ناۋات رەڭ ياكى سەل - پەل كۆكۈشكە مايىل بولىدۇ. تەبىئىي رەڭلىك بولغاچقا، ئۆڭمەيدۇ، ئەر - ئاياللار ھەر خىل كىيىملەرنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. يېشىل پىلىنىڭ بېقىلىش مىقدارى ۋە مەھسۇلات مىقدارى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، چۇچۇنكە رەختلەر ئالاھىدە ئەتىۋارلىق بۇيۇم ھېسابلىنىپ كەلگەن.

(3) **يىپەك چەكمەن:** يىپەك چەكمەن «بۆز چەكمەن» گە نىسبەتلەشتۈرۈپ قوللىنىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئىشلىتىلگەن يىپ سۈپىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، شايى چەكمەن ۋە كوچا چەكمەندىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

شايى چەكمەن سۈپەتلىك پىلىدىن ماشىنىدا ۋە دۆرەچاق ئارقىلىق تارتىپ تەييارلانغان يىپنى خام ئەشيا قىلىپ توقۇلىدۇ. سىلىق، پارقىراق، سۈپەتلىك بولىدۇ.

كوچا چەكمەن سۈپىتى تۆۋەنرەك بولغان پىلە (سايناخ) دىن قولدا تارتىلغان كوچا يىپنى خام ئەشيا قىلىپ توقۇلىدۇ. سۈپىتى شايى چەكمەندىن تۆۋەنرەك بولىدۇ.

چەكمەننىڭ ئېنى شايىنىڭ ئېنى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بىردەك ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدۇ.

چەكمەن شايىدىن قېلىنراق بولۇپ، ئەر - ئايالچە تاش كىيىملەرنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. چەكمەن توقۇمىچىلىقى ھازىر ئاساسەن ئۆچكەن تۈر ھېسابلىنىدۇ.

(4) **يىپەك ياغلىق:** يىپەك ياغلىق — سۈپەتلىك يىپتىن توقۇلىدىغان كۋادرات شەكىللىك ئاق رەخت بولۇپ، بويى ۋە ئېنى 80 — 85 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدۇ. ئۈرۈش - ئارقاق يىپ تالاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۈرۈشى 130 — 180 لۈت (2600 — 3600 نەخ) يۆگۈرۈلىدۇ. يىپەك ياغلىق ئۈرۈش سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن شايى رومال ۋە يىپەك بەلياغلىق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

شايى رومال توقۇشقا، ئىنچىكە تارتىلغان يىپەك يىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۈرۈش سانى ئازراق بولىدۇ. ئارقاق بوشراق چىڭدىلىدۇ. رەخت نېپىز، سىپتا پۈتۈپ چىقىدۇ. بۇنى ئاياللار ياغلىق قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

يىپەك بەلياغلىق توقۇشقا، تومراق تارتىلغان يىپەك يىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۈرۈش سانى كۆپرەك بولىدۇ. دەپتىن قاتتىق ئۈرۈلۈپ ئارقاق زىچ چىڭدىلىدۇ. رەخت قېلىن، پاتلىق پۈتۈپ چىقىدۇ. چىداشلىقى شايى رومالدىن يۇقىرى بولىدۇ. ئەرلەرگە بەلۋاغ قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «بەلياغلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. يىپەك ياغلىق رومال قىلىشقا توقۇلمىسۇن ياكى بەلياغلىق قىلىشقا توقۇلمىسۇن، نەچچە ئون ھەتتا يۈز نەچچە پارچە ياغلىق ئۈرۈشى بىراقلا تەييارلىنىپ، دۇكانغا تارتىلىدۇ. توقۇش داۋامىدا ھەر بىر ياغلىق پۈتكەندە 5 — 6 سانتىمېتىر ئۈزۈنلۇقتا چۇچىلىق تاشلاپ، يەنە بىر پارچە ياغلىق داۋاملاشتۇرۇپ توقۇلىدۇ. ھەر 10 پارچە ياغلىق بىر كېسىۋېلىنىپ ئوراپ قاچىلىنىدۇ. بۇ «بىر توپ» ياغلىق بولىدۇ. ئىشلىتىش ۋاقتىدا، چۇچىلىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن كېسىلىدۇ. شايى رومالنىڭ ئىككى قىرغاقتىن يەنە بىر بۆلۈك ئۈرۈش سۇغۇرۇپ تاشلىنىپ، چۇچا چىقىلىدۇ ۋە بىر نەچچە تال چۇچا يىلتىزى بىر قىلىپ چىگىلىدۇ. بۇ خىل ياغلىقلاردىن ھەر خىل بوياق ياغلىقلار ۋە كەشتە ياغلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بەلياغلىقنىڭ ئىككى بويى ئۈچىدىكى چۇچىلارنى كېسىۋېتىپ، پۆكۈپ تىكىپ ئىشلىتىشكىمۇ، تۆت تەرىپىدىن ئوخشاش چۇچا چىقىرىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئاق رەڭلىك يىپەك بەلياغلىقلاردىن

قايناتما بوياق، باسما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەر خىل رەڭدار بەلياغلىق ياكى گۈللۈك بەلياغلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

(5) **ئەلگەك تىغى:** بۇ ئىنچىكە تارتىلغان سىڭارقات يىپنى ئۆرۈش، ئارقاق قىلىپ توقۇلىدىغان توك توقۇلما مەھسۇلات بولۇپ (ئادەتتە توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل يىپلار ئالدى بىلەن شاخار ئېرىتمىسىدە قاينىتىپ پىشۇرۇش ئارقىلىق ئاقارتىلىدۇ ۋە يۇمشىتىلىدۇ. بۇنداق يىپ «پىششىق يىپ» دېيىلىدۇ. شاخاردا قاينىتىپ پىشۇرۇلمىغان يىپ «توك يىپ»، بۇنداق يىپتا توقۇلغان توقۇلمىلار «توك توقۇلما» ياكى «توك رەخت» دەپ ئاتىلىدۇ)، ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدۇ. ئۆرۈشى 40 ـــ 75 لۇت (ھەر بىر لۇتتە 20 نەخ ئۆرۈش بولىدۇ) يۈگۈرۈلىدۇ. ئېنى 40 ـــ 45 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بولىدۇ. توك يىپنىڭ ئەۋرىشىملىكى تۆۋەن، قاتتىق بولىدىغانلىقتىن، ئارقاق - ئۆرۈشلەر بىر - بىرىگە ئوبدان چىپىسلاشمايدۇ. شۇڭا رەخت يۈزىدە كىچىك چاسا تۆشۈكچىلەر ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل رەخت مەخسۇس پاراشوك ھالەتتىكى مەھسۇلاتلارنى تاسقايدىغان توق ئەلگەك ياساشقا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل رەخت «ئەلگەك تىغى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا سىدام يىپەك توقۇلمىلارنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «دارايى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرى بارلىقى، ئۇنىڭ يوللۇق توقۇلىدىغان ئاق رەڭلىك يىپەك رەخت ئىكەنلىكى مەلۇم، لېكىن تەپسىلاتى ئېنىق ئەمەس.

## 2. ئارىلاش يىپەك توقۇلمىلار

ئارىلاش يىپەك توقۇلمىلار دېگىنىمىز، يىپەك يىپنى ئۆرۈش، بۆز يىپ ياكى سۇنئىي تالا يىپنى ئارقاق قىلىپ توقۇلىدىغان مەھسۇلاتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئارىلاش يىپەك توقۇلمىلارنى رەخت يۈزىگە گۈل چىقىرىلىدىغان - چىقىرىلمايدىغانلىقىغا قاراپ گۈللۈك ئارىلاش توقۇلمىلار ۋە ئاددىي رەڭدار ئارىلاش توقۇلمىلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) **گۈللۈك ئارىلاش توقۇلمىلار**

گۈللۈك ئارىلاش توقۇلمىلار دېگىنىمىز، رەخت يۈزىگە ھەر خىل

گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلىدىغان توقۇلمىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان گۈللۈك ئارىلاش توقۇلمىلاردىن ھازىر ئىنىقلاشقا مۇمكىن بولغىنى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، كىمخاب ۋە ئارىلاش توقۇلما ئەتلەسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) **كىمخاب:** بۇ، ساپ يىپەك ئۇرۇش ۋە بۆز ئارقاقتىن توقۇلىدىغان، توقۇش داۋامىدا گۈل چىقىرىلىدىغان رەخت بولۇپ، 12 ـ 16 تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدۇ. تېگى توق كۆك ياكى سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ. كۆك رەڭلىك كىمخاب ئۇرۇشىغا سېرىق، سېرىق رەڭلىك كىمخاب ئۇرۇشىغا كۆك رەڭلىك ئۇرۇشلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇگۇرۇش، رەختىنىڭ تەگلىك قىسمىدا گۈل ئۇرۇشلىرىنى رەختىنىڭ تەتۈر يۈزىگە يوشۇرۇش، گۈل چىقىرىلىدىغان قىسمىدا رەخت يۈزىگە لەيلىتىپ چىقىرىش ئارقىلىق گۈل چىقىرىلىدۇ. كىمخاب، گۈل ئۇرۇشلىرىنىڭ پەرقىگە قاراپ ئادەتتىكى كىمخاب ۋە زەرلىك كىمخاب دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. زەرلىك كىمخابنىڭ ئادەتتىكى كىمخابتىن پەرقى شۇكى، ئۇنىڭ گۈل ئۇرۇشلىرىگە كالۋۇتۇنلۇق يىپ ئارىلاشتۇرۇپ يۇگۇرۇلىدۇ. كالۋۇتۇنلۇق يىپ ئادەتتە يىپنىڭ سىرتقى دىۋارىغا نېپىز مېتال ياپراقچە يىپ يۆگەپ ئىشلىتىدىغان بىر خىل يىپ بولۇپ خام ئەشيا مەنبەسى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئېنىق ئەمەس. كالۋۇتۇنلۇق يىپ ئالتۇن رەڭلىك بولۇپ، پارقىراقلىقى يۇقىرى، شۇڭا زەرلىك كىمخاب جۇلالىق، كۆركەم بولىدۇ.

كىمخاب گۈل شەكىللىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، غازاڭ نۇسخا كىمخاب، بادام گۈل نۇسخا كىمخاب، توخۇ ئىزى گۈل نۇسخا كىمخاب قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. پېشقەدەم شايى - ئەتلەسچىلەر ئەۋلادلىرىنىڭ قەيت قىلىشىچە، كىمخاب توقۇمىچىلىقى ئۆچكىلى يۈز يىلدىن ئارتۇق بولغان، شۇڭا كىمخاب توقۇمىچىلىقىنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرى مەلۇم ئەمەس.

(2) **ئارىلاش توقۇلما ئەتلەس:** ئارىلاش توقۇلما ئەتلەسلەرنى ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ يىپەك - بۆز ئارىلاش ئەتلەس ۋە يىپەك - سۇنئىي تالا ئارىلاش ئەتلەس دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

يىپەك - بۆز ئارىلاش ئەتلەس: يىپەك يىپىنى ئۇرۇش، بۆز يىپىنى ئارقاق قىلىپ توقۇلىدىغان ئەتلەس بولۇپ، ئۇرۇشنى تەييارلاش، بوياش ئۇسۇلى، ئۇرۇش لۇت سانى، گۈل نۇسخىلىرى جەھەتتە ساپ يىپەك ئەتلەسكە ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما توقۇش ئۇسۇلى تامامەن

ئۇخشاپ كەتمەيدۇ. يەنى بۇ خىل ئەتلەسلەر ساپ يىپەك ئەتلەسلەرنى توقۇش ئۇسۇلى بويىچە توقۇلغاندىن تاشقىرى يەنە ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندىمۇ توقۇلىدۇ. بۇ جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن، ئارىلاش ئەتلەسنى تەڭسىز گىرەلىك ئارىلاش ئەتلەس ۋە تەڭ گىرەلىك ئارىلاش ئەتلەس دېگەن ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

تەڭسىز گىرەلىك ئارىلاش ئەتلەس: بۇ ساپ يىپەك ئەتلەس توقۇش ئۇسۇلىدا، يەنى تۆت، ئالتە ياكى سەككىز تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدىغان ئەتلەس بولۇپ، ساپ يىپەك ئەتلەستىن پەقەت ئارقىقىغا بۆز يىپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ھەمدە ساپ يىپەك ئەتلەسكە قارىغاندا پاتىسىز، يۇمشاق، شۇنداقلا جۇلاسى كەمرەك، چىدامسىز بولىدۇ.

تەڭ گىرەلىك ئارىلاش ئەتلەس: بۇ ئەتلەس ئائىلىسىدىكى ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدىغان بىردىنبىر مەھسۇلات بولۇپ، ئۇنى باشقا ئەتلەسلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «ئەبجەش ئەتلەس» دەپ ئاتايمىز. ئەبجەش ئەتلەسنىڭ ئۇرۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يىپەك يىپ ساپ يىپەك ئەتلەس ئۇرۇشىنى تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ ۋە دۇكاندا يۇگۇرۇشتىن ئىلگىرى چەگمە بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق بوياپ گۈل چىقىرىلىدۇ. ئارقاققا ئاق بۆز يىپ ئىشلىتىلىدۇ. گۈل نۇسخىسى جەھەتتە كۆپىنچە سىرىق ئەتلەس ياكى قىزىل ئەتلەس گۈل نۇسخىلىرىدا توقۇلىدۇ. ئەبجەش ئەتلەسنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ خىل ئەتلەس ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدىغان بولغاچقا، ئىككى تەپكۈ نۆۋەتلەشتۈرۈپ دەسسىلىش نەتىجىسىدە ئۇرۇشلەردىن تەڭ ئايرىمىلىق گىرە ئېچىلىدۇ. ئارقاق يىپلار ئۇرۇش يىپلارنى بىر تالدىن ئارىلاپ بېسىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا رەخت يۈزىدە ئۇرۇش رەڭگىمۇ، ئارقاق رەڭگىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. گۈل رېڭى تۇتۇق، جۇلاسىز بولىدۇ. رەختنىڭ ئوڭ يۈزى بىلەن تەتۈر يۈزىنىڭ روشەن پەرقى بولمايدۇ. ئەمما، توقۇلۇشى پىششىق، پۇختا، چىداملىق بولىدۇ، تارىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ خىل ئەتلەس ئانچە خېرىدارلىق ئەمەس. شۇڭا ئالاھىدە بۇيرۇتما بولمىسا توقۇلمايدۇ.

يىپەك ۋە سۇنئىي تالا ئارىلاش ئەتلەس: بۇ، سۇنئىي تالا يىپ ئۇرۇش، يىپەك يىپ ئارقاق قىلىنىپ توقۇلىدىغان ئەتلەس بولۇپ، كەسىپ تىلىدا «خېچىر ئەتلەس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇش - ئارقاقلىرى يىپەك ئەتلەس ئۇرۇش - ئارقاقلىرىنى بوياش ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. تۆت تەپكۈلۈكتىن يۇقىرى دۇكانلاردا توقۇلىدۇ. گۈل

نۇسخىلىرىغا يىپەك ئەتلەسنىڭ خالىغان گۈل نۇسخىلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. خېچىر ئەتلەس چىداملىقلىقى جەھەتتە ئوتتۇراھال ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە يەنە شۇنى دەپ ئۆتۈش كېرەككى، سۇئىي تالادىن پايدىلىنىپ ئەتلەس توقۇش مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا شەخسىي ئەتلەس كارخانىلىرىنىڭ پىلە - يىپەك خام ئەشياسى بىلەن تەمىنلىشى ئىنتايىن قىيىن بولغان شارائىتتا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا يىپەك - سۇئىي تالا ئارىلاش ئەتلەس توقۇلغاندىن سىرت، ساپ سۇئىي تالالىق ئەتلەسلەرمۇ توقۇلغان. بۇ خىل ئەتلەسلەرنىڭ ئۇرۇش - ئارقاقلىرىنى بوياش، توقۇش ئۇسۇلى ۋە گۈل نۇسخىلىرى ساپ يىپەك ئەتلەسنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ساپ سۇئىي تالالىق ئەتلەس پاتلىق، ئالاھىدە پارقىراق، جۇلالىق بولىدۇ. ئەمما ئۇرۇش-ئارقاقلار ياخشى يېپىشمايدۇ. بىر قېتىم يۇيۇلغاندىن كېيىنلا تارىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يەرلىك ئۇسۇلدا بويىغاندا، قارا رەڭدىن ئۆزگە رەڭلەرنى ياخشى ئالمايدۇ. رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارى ناچار بولۇپ، ئاسان ئۆڭۈپ كېتىدۇ. يۇيۇلغاندا رىڭى تاراپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئەتلەسنىڭ خېرىدارلىقى ناچار بولۇپ، ھازىر ئاساسەن توقۇلمايدۇ.

2) ئاددىي، رەڭدار ئارىلاش توقۇلمىلار

ئاددىي رەڭدار ئارىلاش توقۇلمىلار دېگىنىمىز، رەخت يۈزىگە گۈل چىقىرىلمايدىغان، لېكىن ئۇرۇشلەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ھەر خىل رەڭدە بوياپ رەڭدار يوللۇق توقۇلىدىغان يىپەك — بۆز ئارىلاش توقۇلمىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر قول ھۈنەر توقۇمىچىلىقىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاددىي، رەڭدار ئارىلاش توقۇلمىلارنى بەقەسەم، ماش رەڭ رەختتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) بەقەسەم: تالانغان ۋە بىر نەچچە خىل رەڭدە بويالغان يىپەك يىپ ئۇرۇش، ئۈچ قات چەپپە قىلىپ (جۈپلەپ تالانغان) بويالغان بۆز يىپ ئارقاق قىلىپ توقۇلىدىغان رەڭدار يوللۇق رەخت بولۇپ، ئېنى 42 — 50 سانتىمېتىر، ئۇرۇش سانى 110 لۈت (يەنى 2400 نەخ) ئەتراپىدا بولىدۇ. رەڭدار يوللىرىنىڭ كەڭ - تارلىق پەرقىگە قاراپ، چوڭ يوللۇق بەقەسەم، شامى بەقەسەم ۋە چىغ يوللۇق بەقەسەم قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

چوڭ يوللۇق بەقەسەم: بۇ خىل بەقەسەم يەنە «خۇجەت بەقەسەم»

دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چوڭ يوللۇق بەقەسەم يۈزىدە 8 دىن 16 گىچە رەڭدار يول بولىدۇ. رەڭدار يول ئۇرۇشلىرى ئايرىم - ئايرىم بوياپ تەييارلانغاندىن كېيىن دۇكانغا تارتىلىدۇ. رەڭگىۋاسى جەھەتتە يېشىل رەڭ ئاساس قىلىنىپ تۆت يول چۈشىدۇ. قالغان يوللىرىغا ئاق رەڭلىك ئۇرۇشلەر ۋە بىنەپشە رەڭ، چاچرەڭ، قارا رەڭ، قىزىل رەڭلەردە بويالغان ئۇرۇشلەر ئارىلاپ سېلىنىدۇ. ئارقاق يىپى قارا رەڭدە بويىلىدۇ. ھەرقايسى رەڭدار يوللارنىڭ كەڭلىكى ئوخشاش بولۇپ، تەڭداش مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ. ھەر بىر يول كەڭلىكى 3 — 4 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. چوڭ يوللۇق بەقەسەم قېلىن، چىدامىلىق بولۇپ، ئاساسەن ئەرەنچە تون، يەكتەك تىككىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئايالچە كەمزۇل ۋە پەرىجە تىكىشكىمۇ بولىدۇ.

شامى بەقەسەم: بۇمۇ بىر خىل رەڭدار يوللۇق ئارىلاش توقۇلما رەخت بولۇپ، ئۇرۇشتە ئاق يىپەك يىپ ئاساس، بىرنەچچە خىل رەڭدار بويالغان يىپەك يىپ قوشۇمچە قىلىنىدۇ. يەنى ئاق رەڭلىك ئۇرۇشلەر ئارىسىغا مەلۇم ئارىلىق تاشلاپ رەڭدار يىپلار ئارىلاشتۇرۇپ يۇگۇرۇلىدۇ. ئاق يوللارنىڭ كەڭلىكى 2 — 4 سانتىمېتىر، رەڭدار يوللارنىڭ كەڭلىكى 0.2 — 0.3 سانتىمېتىر بولىدۇ. رەڭدار يوللارغا بىر خىل رەڭلىك ئۇرۇشلەرلا ئىشلىتىلىشىمۇ، ھەر خىل رەڭلىك ئۇرۇشلەر دەۋرىي ھالدا ئىشلىتىلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما شامى بەقەسەمنىڭ ئارقىقىغا چوقۇم ئاق رەڭلىك بۆز يىپ ئىشلىتىلىدۇ. شامى بەقەسەم كۆپىنچە يەكتەك ۋە كۆڭلەك تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

چىغ يوللۇق بەقەسەم: بۇ خىل بەقەسەمنىڭ ئۇرۇشىگە قارا رەڭ ۋە يېشىل رەڭدە بويالغان ئىككى خىل رەڭلىك ئۇرۇش ئىشلىتىلىدۇ. يەنى بۇ ئىككى خىل رەڭ رەخت يۈزىدە بىر مىللىمېتىردىن كەڭلىكتە نۆۋەتلىشىپ كىچىك رەڭدار يوللارنى ھاسىل قىلىدۇ. دەل شۇ سەۋەبتىن «چىغ يوللۇق بەقەسەم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئارقاققا ئىشلىتىلىدىغان بۆز يىپ ئۈچ قات چەپپە قىلىنىدۇ ۋە قارا رەڭدە بويىلىدۇ. چىغ يوللۇق بەقەسەم ھەر خىل ئەر - ئايالچە كىيىملەرنى تىكىشكە باب كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل بەقەسەمنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، ئۇرۇشكە يىپەك يىپ، ئارقاققا بۆز يىپ ئىشلىتىلىدۇ. بىردەك ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدۇ، رەڭدار يوللۇق بولىدۇ. پەرقى شۇكى، چوڭ يوللۇق بەقەسەمنىڭ يوللىرى كەڭ ۋە تەڭداش

مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. رەڭ تۈرى كۆپ، رەڭ پەرقى ئېنىق، جۇلالىق بولىدۇ. شامى بەقەسەمنىڭ يوللىرى تەكشىز مۇناسىۋەتتە بولۇپ، تەگلىك رەڭنى ھاسىل قىلغۇچى ئاق يول رېڭى رەڭدار يول رېڭىنى تېپىپ چىقىرىدۇ ۋە گەۋدىلەندۈرىدۇ. رەڭدار يولنىڭ رەڭ تاللاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن، رەڭدار يول ئۇرۇشلىرىنى خالىغان رەڭلەردە بوياپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چىغ يوللۇق بەقەسەمنىڭ رەڭدار يوللىرى تار، زىچ، رەڭ پەرقى كىچىك، شۇنداقلا رېڭى تۇتۇق، جۇلاسى كەمرەك بولىدۇ.

**(2) ماش رەڭ رەخت (ماشرۇپ):** سىگارقات تالىنىپ ماش رەڭ بويالغان يىپەك ئۇرۇش ۋە ئۇچ قات چەپپە قىلىنىپ قارا بويالغان ياكى ئىككى قات قارا يىپ بىلەن بىر قات زۆتىنە (ياكى سۇس ھاۋا رەڭ) يىپتىن جۈپلەپ چەپپە قىلىنغان بۆز ئارقاقتىن توقۇلىدىغان رەخت بولۇپ، كۆرۈنۈشى ماش رەڭلىك بولىدۇ. شۇڭا «ماش رەڭ رەخت» دېيىلىدۇ (بەزى ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان «ماشرۇپ» ناملىق رەخت ئېھتىمال دەل مۇشۇ ماش رەڭ رەخت بولۇشى مۇمكىن. زادى شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ؟ داۋاملىق ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ). ئۇرۇش سانى 110 لۇت ئەتراپىدا بولىدۇ. ماش رەڭ رەختلەر ئۇرۇش يىپ رەڭ قېنىقلىقىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ:

تۆمۈر ماش رەڭ رەخت: بۇ، توق ماش رەڭ بويالغان ئۇرۇش يىپتىن توقۇلىدىغان رەخت بولۇپ، رەخت رەڭگى قېنىق، قارىغا مايىل بولىدۇ.

يېشىل ماش رەڭ رەخت: بۇ، ئاچ ماش رەڭ بويالغان ئۇرۇشتىن توقۇلغان رەخت بولۇپ، رەڭگى تۆمۈر ماش رەڭ رەخت رەڭگىدىن ئاچراق، توق مايسا رەڭگە مايىل بولىدۇ.

ماش رەڭ رەختلەر بىردەك ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلىدۇ. شۇڭا، ئارقاق يىپ رەڭگى رەخت يۈزى رەڭگىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى قارا رەڭلىك ئارقاق سېلىنسا، رەخت يۈزى بىر ماش رەڭ، بىر قارا رەڭ جۇلالىنىدۇ. ئەگەر ئارقاق يىپ ئىككى قات قارا، بىر قات ئاق (بۇ يەردىكى «ئاق» دېگىنىمىز، كەسىپ تىلى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەقىقىي ئاق رەڭنى ئەمەس، بەلكى زۆتىنە ياكى سۇس ھاۋا رەڭدە بويالغان يىپنى كۆرسىتىدۇ) رەڭلىك بۆز يىپتىن چەپپە قىلىپ تەييارلانغان بولسا، رەخت يۈزى بىر ماش رەڭ، بىر قارا رەڭ، بىر ئاق رەڭ جۇلالىنىدۇ. بۇ خىل رەختنىڭ جۇلاسى

ئالدىنقىسىدىن زىيادە كۆركەم بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە توچكا گۈل تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. ماش رەڭ رەختلەرنىڭ تېگى قېلىن، توقۇلۇشى پىششىق، چىداملىقلىقى يۇقىرى بولىدۇ. ھەر خىل ئەر - ئايالچە كىيىملەرنى تىكىشكە، بولۇپمۇ تون، كەمزۇل قاتارلىق كۈز ۋە قىش پەسىللىك كىيىملەرنى تىكىشكە باب كېلىدۇ.

يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، يۇقىرى سۈپەتلىك سانائەت يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، كىيىم - كېچەك ئىستېمال تەلىپىنىڭ كۆپ خىللىششى قاتارلىق ھەر خىل ئامىللار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىقىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى تارىيىپ، مەھسۇلات خىللىرى ئازايدى. يىپەك ياغلىق، يىپەك چەكمەن، ئەلگەك تىغى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان بولدى. ئارىلاش توقۇلما ئەتلەس، شايى، ماش رەڭ رەخت قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئاز ساندا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ساپ يىپەك ئەتلەس مەھسۇلاتلىرى بولسا، پېشقەدەم ئۇستىلار ۋە ياش ماھىرلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلىشى ئارقىسىدا گۈل نۇسخىلىرى موللىنىپ، رەڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. جىددىي بازار رىقابىتى داۋامىدا پۇت تىرەپ، ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا.

## يىپەك توقۇمىچىلىقى

يىپەك توقۇمىچىلىق دېگىنىمىز، پىلە غوزىكىدىن تارتىلغان مەشۇت يىپ ياكى كوچا يىپنى خام ئەشيا قىلىپ، تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھازىرقى زامان سانائەت توقۇمىچىلىقى بارلىققا كەلمىگەن دەۋرلەردە، شۇنداقلا ھازىرقى زامان سانائەت توقۇمىچىلىقى مەھسۇلاتلىرى بارلىققا كېلىپ شىنجاڭ رايونىدا يېتەرلىك دەرىجىدە بازارغا سېلىنمىغان دەۋرلەردە قول ھۈنەر يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتلىرى سۈپىتى ۋە كۆركەملىكى جەھەتتە ئەۋزەل ئورۇندا تۇرغانلىقى ئېنىق. شۇڭا قول ھۈنەر يىپەك توقۇلمىلىرىغا بولغان ئېھتىياجمۇ بىرقەدەر چوڭ ئىدى. شۇنداقلا، يىپەك توقۇمىچىلىقتا

ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە، قورال - سايمانلار ۋە ئىش ھالقىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، مەبلەغ سېلىنمىسى ۋە ئەمگەك سەرپىياتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، توقۇش، بوياش ھۈنەر تېخنىكىسىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى قاتارلىق ئامىللار يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ بىرقەدەر مەركەزلىك راۋاجلىنىشىنى بەلگىلىگەنىدى. گەرچە تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا پىلە بېقىلسىمۇ، لېكىن يىپەك توقۇمىچىلىقى پەقەت بىر قىسىم شەھەرلەر ۋە بىر قىسىم يېزا - مەھەللىلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، لوپ، ئىلچى، قاراقاش، چىرا، گۇما، يەكەن، تۇرپان قاتارلىق جايلار يىپەكچىلىك بىرقەدەر مەركەزلەشكەن ۋە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلار ئىدى. بۇ جايلاردا مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە يىپەكچىلىك كارخانىلىرى بار ئىدى. بۇنداق كارخانىلارنىڭ بەزىلىرىدە ئون نەچچە ھەتتا نەچچە ئون ئادەم ئىشلەيتتى. ئىش تەقسىماتى بىر قەدەر ئىنچىكە بولۇپ، مۇئەييەن دەرىجىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. دېمەك، يىپەك توقۇمىچىلىقى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە بۆز توقۇمىچىلىقتىن كېيىن تۇرسىمۇ، لېكىن مەخسۇسلىشىش دەرىجىسى ۋە ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى جەھەتتە بۆز توقۇمىچىلىقتىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە خاس بولغان بۇنداق ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى بىر مۇھىم ساھە بولۇپ شەكىللەنگەنىدى.

ھازىرقى كۈندە قول ھۈنەر يىپەك توقۇمىچىلىقى مەھسۇلات مىقدارى ۋە مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتىن ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە ھېچقانچە سالماقنى ئىگىلىمىسىمۇ، لېكىن مىللىي، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. يىپەك توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنە - سايمانلىرى

ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىقى بىرقەدەر مۇرەككەپ ھۈنەر - سەنئەت ئىش تەرتىپى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان مەشغۇلات بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە - سايمانلارمۇ بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. ئاساسلىقى تالام چاقى، دۆرە چاقى، گازۇۋ قوزۇقى، تەپلە، پىمىك،

قازان، چوپسا، توقۇش دۇكىنى، تاراق، سەرچۆپ، توقماق، سوقما پالتىسى، قىرغۇ، ئەلگەك قاتارلىق ئۈسكۈنە - سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە توقۇش دۇكىنى، قىرغۇ، تاراق قاتارلىقلار توقۇش باسقۇچىدا؛ سەرچۆپ، توقماق، سوقما پالتىسى، ئەلگەك قاتارلىقلار پەردازلاش باسقۇچىدا؛ قالغانلىرى ماتېرىيال تەييارلاش باسقۇچىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**تالام چاقى:** چاق گەۋدىسى، شادا، ئايلانما چاق، تاسما قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان قۇرۇلما بولۇپ، ئىگىرىپ سورتلاپ تەييارلانغان يىپەك يىپتىن ئۇرۇش تەييارلاشتا، ئۇرۇش يىپنى تالاپ تور كىرگۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**دۆرە چاقى:** «دەۋرلىك ئايلانما چاق» دېگەن ئاتالغۇنىڭ تەلەپپۇزدا قىسقارتىپ ئېيتىلىشى بولۇپ، بۇ خىل چاقنىڭ قارىمۇ - قارشى يۆنىلىشلىك دەۋرلىك ئايلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن شۇنداق ئاتالغان. ئۇ ئوق، باستۇرما، تەگلىك، قانات، تاقاق قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ. دۆرە چاقى قومۇشقا تۇرۇلگەن يىپلارنى لۈتلەپ (16، 20، 22 ياكى 24 نەخ يىپنى جۈپلەپ) ئۇرۇش تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ مۇھىم قۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ.

**گازۋو قوزۇقى:** بۇ، بىر جۈپ ياغاچ تۈۋرۈك بولۇپ، دۆرە چاقىدا لۈتلەپ دەم تىرىپ تەييارلانغان ئۇرۇش يىپنى ھالقا شەكلىدە يۆگەپ كالۋۇ قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تاناپ دۇكىنى:** تۈۋرۈك، چوڭ چوپسا، ئارغامچا قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدىغان قۇرۇلما. ئۇرۇش يىپلارنى ئايلاندۇرۇپ، تاماققا ئېلىپ، گۈل چىقىرىلىدىغان جايلىرىغا چەگمەك چېگىشكە لايىقلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەپلە:** تەگلىك، چاقپىلەك، چىشلىق چاق، دالۋاي، نەخكەش، ناچا قوزۇقى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن قۇرۇلما. ئىگىرىپ سورتلاپ تەييارلانغان يىپتىن ئارقاق تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**پىيىك:** بۇ، تەگلىك، پاچاق، چاق قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن يىپ ئىگىرىش چاقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ياغاچ قۇرۇلما. كالۋۇ قىلىنغان ئارقاق يىپنى ناچىغا يۆتكەپ تۇرۇشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**توقۇمىچىلىق دۇكىنى:** بۇ، دۇكان تەگلىكى، تەپكۈ، شانا، دەپتىن، تۇرگۇ، لەڭگەر چۆپ قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن ياغاچ قۇرۇلما بولۇپ، تەييارلانغان ئۇرۇش - ئارقاقلاردىن رەخت توقۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئەڭ ئاساسىي مېخانىزم.

**تاراق:** بۇ، دەستە، پەغەز، تىغدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بىر خىل چوتكا، دۇكانغا تارتىلغان ئۆرۈش يىپقا ئاھا بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**سەر چۆپ:** بۇ، چىلان، ئۆرۈك قاتارلىق قاتتىق تەنلىك ياغاچلاردىن ياسىلىدىغان سىلىندىر ياكى پاراللېلىپىپېد شەكىللىك كۆتەك. ئەتلەس سورتلاش باسقۇچىدا ئەتلەسنى سوقۇشقا تەگلىك قىلىنىدۇ.

**توقماق:** بۇ چۇلدا ۋە دەستىدىن تەركىب تاپقان بازغان شەكىللىك ياغاچ سايمان. پەردازلاش باسقۇچىدا ئەتلەس سوقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**سوقما پالتىسى:** بۇ، چۇلدا گىرۋەكلىرى يۇكۇلگەن تۆمۈر پالتا، ئەتلەسنى سوقۇپ پەردازلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قىرغۇ:** پىچاققا ئوخشايدىغان تۆمۈر سايمان. دەيىارە، شايى، چەكمەن قاتارلىق رەختلەرنىڭ يۈزىنى قىرىپ پەردازلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەلگەك:** ئادەتتىكى ئەلگەك بولۇپ، ئەتلەس، بەقەسەم پەردازلاشقا ئىشلىتىلىدىغان تۇخۇم شىرنىسى سۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

يىپەك توقۇمىچىلىقىدا بۇ خىل سايمانلاردىن سىرت ئاھا بىلەن تۇخۇم ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاھا:** قوناق ئۇنى بىلەن سۇنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان دوغاپ، ئەتلەس ئۆرۈشىگە سۈركەپ، يىپىشقاقلىقىنى تۆۋەنلىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇخۇم:** توخۇ تۇخۇمى. ئەتلەس، بەقەسەم قاتارلىق رەختلەرنى پەردازلاشتا شىرە بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

## 2. يىپەك توقۇمىچىلىق مەشغۇلاتى

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ، ساپ يىپەك توقۇلمىلار ۋە ئارىلاش يىپەك توقۇلمىلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە؛ بوياق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، گۈللۈك يىپەك توقۇلمىلار ۋە سىدام يىپەك توقۇلمىلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدىغانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدى. بۇنداق تۈرگە ئايرىش پەقەت يىپەك توقۇلمىلارنىڭ ماتېرىيال پەرقى بىلەن رەڭ پەرقىنىلا كۆرسىتىپ

بىرەلەيدۇكى، توقۇلۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى پەرقنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يىپەك توقۇلمىلار، ئىككى تەپكۈلۈكتىن سەككىز تەپكۈلۈككىچە بولغان دۇكانلاردا توقۇلىدۇ. ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا رەخت توقۇشتا، ئىككى تەپكۈ نۆۋەتلەشتۈرۈپ دەسسىلىدۇ. ھەر بىر تەپكۈ دەسسەلگەندە، دۇكانغا تارتىلغان ئۆرۈشلەر تەڭ سانلىق ئىككى گورۇپپىغا بۆلۈنۈپ گىرە ئېچىلىدۇ. تۆت تەپكۈلۈكتىن يۇقىرى دۇكانلاردا رەخت توقۇشتا، بارلىق تەپكۈلەر مەلۇم قائىدە ۋە تەرتىپ بويىچە بىر - بىرلەپ دەسسىلىدۇ. ھەر بىر تەپكۈ دەسسەلگەندە تۆتتىن بىر، ئالتىدىن بىر ياكى سەككىزدىن بىر قىسىم ئۆرۈشلەرلا تۆۋەنگە تارتىلىپ، قالغان ئۆرۈشلەر يۇقىرىلاپ تەڭسىز گىرە ئېچىلىدۇ. دېمەك، يىپەك رەختلەرنى توقۇلۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى بۇنداق پەرقىگە ئاساسەن «تەڭسىز گىرەلىك يىپەك توقۇلمىلار» ۋە «تەڭ گىرەلىك يىپەك توقۇلمىلار» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. كىمخاب ۋە ئەتلەسلەر تەڭسىز گىرەلىك توقۇش ئۇسۇلىدا، باشقا يىپەك توقۇلمىلار (جۇملىدىن ئەبجەش ئەتلەس) تەڭ گىرەلىك توقۇش ئۇسۇلىدا توقۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە توقۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى بۇنداق پەرق توقۇش مەشغۇلاتى داۋامىدىلا ئەمەس، بەلكى ماتېرىيال تەييارلاشتىن تارتىپ توقۇشقىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، تۆۋەندە بۇ ئىككى خىل يىپەك رەخت توقۇمىچىلىق مەشغۇلات قائىدىسى ۋە تەرتىپى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

### 1) تەڭسىز گىرەلىك يىپەك توقۇمىچىلىق مەشغۇلاتى

تەڭسىز گىرەلىك يىپەك رەخت (يەنى ئەتلەس) توقۇش، ماتېرىيال تەييارلاش، ئىش يۈگۈرۈش، توقۇش، پەردازلاشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

**ماتېرىيال تەييارلاش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا ئۆرۈش ۋە ئارقاق يىپلار ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق تەييارلاپ تەقلىنىدۇ.

**ئۆرۈش يىپ تەييارلاش:** ئۆرۈش يىپ كالۋۇ قىلىش، ئاقارتىش، تاماقتا ئېلىش، چەن سېلىش، بوياش قاتارلىق بەش باسقۇچلۇق ئىش تەرتىپى ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**كالۋۇ قىلىش:** سورتلاپ تەييارلانغان يىپەك يىپ ھۆل ھالەتتە (قۇرۇپ قالسا بولمايدۇ) ئۆرۈش تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. يەنى، يىپ قومۇشلىرى تالام چاقىدىكى يىكلەرگە كەيگۈزۈلىدۇ. يىپ

ئۇچلىرى گىجەكتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن بىرلەشتۈرۈلۈپ، دۆرە چاقىنىڭ باشلاش مىقىغا بېكىتىلىدۇ. ئاندىن تالام چاقى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. تالام چاق گەۋدىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىپكلەرنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئايلانما ھەرىكەت قىلىشى نەتىجىسىدە ئۆرۈش يىپلارغا تور كىرگۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر ئادەم دۆرە چاقنى سائەت ئىسترېلكىسى يۆنىلىشىدە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. يەنە بىر ئادەم تالام چاقىدا تورلانغان 22 نەخ يىپنى جۈپلەپ، دۆرەچاق قانات مىقلىرى ئارىسىغا يۆگەپ چىقىدۇ. يىپ ئورامى قاناتلارغا بورما شەكلىدە يۆگىلىپ قۇيرۇق مىخقا يەتكەندە دەم تىرىلىدۇ. يەنى ئۆرۈش يىپ كېيىنكى ئىككى بەندىۋا مىخىدا لۈت ئايرىلىدۇ (ئۇڭ تالانغان 11 نەخ يىپ بىلەن تەتۈر تالانغان 11 نەخ يىپ ئايرىلىدۇ). ئالدىنقى ئىككى بەندىۋا مىخىدا ئۆرۈشلەر بىردىن نەق ئايرىلىپ، مىخ ئارىسىدا گىرە ھاسىل قىلىپ ئۆتىدۇ. لۈت ئايرىمىسى ئىچىدىن يىپ ئۆتكۈزۈپ چىگىلىدۇ. ئاندىن يىپ بېغى قۇيرۇق مىخىدا ئايلىنىپ كەينىگە قايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆرە چاقىنىڭ سائەت ئىسترېلكىسىغا قارشى يۆنىلىشتە ئايلاندۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يىپ بېغى بەندىۋا مىخلىرىدا يۇقىرىقىدەك نەخ ۋە لۈت ئايرىلغاندىن كېيىن بورما شەكلىدە ئورىلىپ تۆۋەنلەيدۇ. دۆرە قانىتىنىڭ ئاخىرىغا يەتكەندە، يىپ بېغى باشلاش مىخىنى ئايلىنىپ كەينىگە قايتىدۇ ۋە ئەسلىدىكى يۆنىلىش بويىچە يۇقىرىغا قاراپ يۆگىلىدۇ. مۇشۇنداق تەكرار ھەرىكەت ئارقىلىق ھەر بىر قانات مىخى ئارىسىغا 72 لۈتتىن 130 لۈتكىچە ئۆرۈش يۆگەلگەندە توختىتىلىدۇ. لۈت سانى كۆپ بولسا، ئۆرۈش سانى كۆپ، رەخت قېلىن، لۈت سانى ئاز بولسا رەخت نېپىز چىقىدۇ. دۆرە چاق قانات مىخىنىڭ ئاز - كۆپلىكى بولسا، شۇ بىر قېتىم تەييارلانغان ئۆرۈش يىپتا قانچە كىيىملىك ئەتلەس بولۇشنى بەلگىلەيدۇ. يەنى مىخ سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن، دۆرە چاقىدا يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە بىر قېتىمدا تەييارلانغان ئۆرۈش يىپتا 25 — 30 كىيىملىك ئەتلەس توقۇشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە لۈت ئايرىپ، دەم تىرىلىپ دۆرە چاقىغا يۆگەلگەن ئۆرۈش يىپ دۆرە چاقىدىن چۇشۇرۇلۇپ گازۇۇ قوزۇقىغا يۆگىلىدۇ ۋە گىرە ئارىسىغا يىپ ئۆتكۈزۈپ باغلاپ كالۋۇ (گىرەلىك ھالقا) قىلىنىدۇ. بۇ «دۆرىدىن چۇشتى» دېيىلىدۇ.

**ئاقارتىش:** كالۋۇ قىلىنغان يىپەك يىپ كىر ۋە داغلارنى

چىقىرىپ تاشلاش مەقسىتىدە شاخار ۋە خۇشنا ياردىمىدە ئاقارتىلىدۇ. ئالدى بىلەن شاخار سوقۇپ گۇلە - قاق چوڭلۇقىدا ئۇششاقلىنىدۇ. ئاندىن قازاندا قاينىتىپ ئېرىتىلىدۇ. شاخار كاللەكلىرى تولۇق ئېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئوت توختىتىلىپ، ئېرىتمە سۈزۈلدۈرۈلىدۇ. يەنە بىرقازاندا سۇ قاينىتىلىپ شاخار ئېرىتمىسى قۇيۇلىدۇ. ئاقارتىلىدىغان يىپەك يىپ بىلەن شاخار ئېرىتمىسىنىڭ نىسبىتى 1:1 بولىدۇ. قازان قاينىغاندا يىپەك يىپ قازانغا سېلىنىپ تۆت نۆۋەت ئۆرۈلىدۇ. يىپەك يىپ پىشقاندا (قاينىتىلغان يىپەك يىپنى تاياق ئارقىلىق سۈزۈپ قارىغاندا يىپ گۇللىشىپ پارقىرىسا پىشقان ھېسابلىنىدۇ) سۈزۈۋېلىپ سىقىلىدۇ. ئاندىن يىلمان خۇشنا ئېرىتمىسىدە ئۇدا ئۈچ نۆۋەت چايقىلىدۇ.

**تاناپقا ئېلىش:** ئاقارتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، چوپىسىغا يۆگەلگەن يىپەك ئۇرۇش بوياشتىن ئاۋۋال تاماققا ئېلىنىدۇ. يەنى تاناپ دۇكىنىدىكى جىم چوپسا بىلەن ھەرىكەتچان چوپىسىنىڭ ئارىلىقى تەڭشىلىپ چىڭىتىلغاندىن كېيىن، كىچىك چوپىسىغا يۆگەلگەن يىپ ئۇچى جىم چوپىسىنىڭ بىر بېشىغا چىگىلىدۇ. ئاندىن يىپ ئۇچى ھەرىكەتچان چوپىسىنىڭ ئۇستىدىن ئايلاندۇرۇپ، ئاستىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ جىم چوپسا ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئۇستىدىن يۆگەپ كەينىگە قايتۇرۇلىدۇ ۋە مۇشۇ تەرتىپتە بىر جايغا ئۇدا ئىككى يۆگەم يۆگىلىدۇ. بىر جايغا ئۇستى - ئۇستىلەپ يۆگەلگەن بۇنداق ئىككى يۆگەم يىپ «بىر تاناپ» دېيىلىدۇ. ئاندىن يىپ ئۇچى ئىككىنچى تاناپقا يۆتكەپ داۋاملىق يۆگىلىدۇ. مۇشۇ تەرتىپ بويىچە تاماق دۇكىنىغا ھەرقايسى تاناپلار ئارىلىقىدا بىر - ئىككى سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ 55 — 60 تاناپ يىپ يۆگىلىدۇ. بۇ «بىر پارچە ئىش» دېيىلىدۇ. ئىش تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن يىپنىڭ يۇرۇشۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەر بىر تاناپ ئۈچ يەردىن بوغۇلىدۇ.

**چەن سېلىش:** ئۇرۇش يىپ تاماققا ئېلىپ تەييارلانغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىكى چوپسا يىشىپ يەرگە چۈشۈرۈلىدۇ. (تاماققا ئېلىنغان ئۇرۇش يىپنىڭ كىرلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يەرگە كىرلىك سېلىنىدۇ) ئاندىن قايسى خىل ئەتلەس توقۇلماقچى بولسا، ئۇنىڭ گۇل نۇسخىسىغا ئاساسەن، ھەر بىر تاناپتىكى گۇل ئورنى بېكىتىلىپ ياغاچ كۆمۈرى ئارقىلىق بەلگە سېلىنىدۇ. بۇ «قارا تەگكۈزۈش» دېيىلىدۇ. قارا تەگكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەتلەس نۇسخىسى ۋە بوياش تەلىپىگە ئاساسەن چەگمەك چىگىلىدۇ.

**بوياش:** ئۇرۇش يىپقا چەن سىلىنىپ چەكمەك چىگىلگەندىن كېيىن، ئوخشاش بولمىغان ئەتلەس ئۇرۇشلىرى، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق بويىلىدۇ (بۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىنكى بابتا ئايرىم بايان قىلىنىدۇ).

**ئارقاق تەييارلاش:** ئەتلەس توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئارقاق يىپ گىرە قىلىش، ئاقارتىش، بوياش، ناچىغا تۇرۇشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**گىرە قىلىش:** ئارقاق يىپنى گىرە قىلىش، ئاقارتىش ۋە بوياشقا لايىقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭدا ماشىرەدىن چۇشۇرۇپ سورتلاپ تەييارلانغان يىپ قومۇشلىرى تەپلە ئالدىدىكى ناچا قوزۇقلىرىغا كىرگۈزۈپ بېكىتىلىدۇ. يىپ ئۇچلىرى ئايرىم - ئايرىم هالدا نەخكەش گىجەك تۆشۈكلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، تەپلىنىڭ بىر قانىتىغا ئورنىتىلغان نوغۇچقا قاتار چىگىلىدۇ. ئاندىن تەپلە قولىقى چۆرۈلىدۇ. تەپلە ئوقىنىڭ ئايلانما هەرىكىتى نەتىجىسىدە، تەپلە قاناتلىرى ئايلىنىدۇ - دە، قومۇشقا تۇرۇلگەن يىپلار سوزۇلۇپ چىقىپ تەپلە قاناتلىرىنىڭ سىرتقى دىۋارىغا چوڭ هالقا بولۇپ يۆگىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەپلە ئوقىنىڭ بىر بېشىدىكى چىشلىق چاق بۆكىنى ئايلاندۇرىدۇ. بۆكىنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۆك ئۈستىدىكى دالۋاي ئۇگىسىنىڭ ئوڭ - سول دىۋارىنى نۆۋەت بىلەن ئىتتىرىپ هەرىكەت قىلىدۇ - دە، دالۋاي تاختىسىنىڭ قۇيرۇقىنى ۋە ئۇنىڭغا چېتىلغان نەخكەشنىمۇ ئوڭ - سول دەۋرىي تەۋرەنمە هەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. تەپلە ئوقىنىڭ بېشىدىكى ئەركەك چىشلىق چاق بىلەن بۆكتىكى چىش سانى 2 : 1 نىسبەتتە (يەنى بۆكتىكى چىش سانى ئوقتىكى چىش ساندىن بىر هەسسە ئارتۇق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن)، تەپلە ئوقى ئۆز ئوقىنى دەۋر قىلىپ بىر قېتىم ئايلانغاندا نەخكەش ئىككى قېتىم دەۋرىي تەۋرەنمە هەرىكەت قىلىدۇ. بۇ داۋامىدا، تەپلە قاناتلىرىنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ قومۇشتىكى يىپلار سوزۇلۇپ چىقىپ تەپلە قانىتىغا چەمبەر شەكلىدە يۆگىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەخكەشتىكى گىجەكنىڭ يىپنى ئوڭ سولغا دەۋرىي هالدا ئىتتىرىشى ئارقىسىدا، تەپلە قانىتى يۆگىلىۋاتقان يىپ قايچىلاشما گىرەلىك هالقا هاسىل قىلىدۇ. ئارقاق يىپ بۇ ئۇسۇلدا گىرە (كالۋۇ) قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قانات باغلانغان نوغۇچ ئېلىپ تاشلىنىپ، يىپ هالقىسى بىر ئ
بوشىتىلىدۇ. ئاندىن يىپ يۆگەملىرىنىڭ گىرە هاسىل قىلغا

جايلىرىغا سەككىز رەقىمى شەكلىدە تاناپ ئۆتكۈزۈلۈپ بوشراق بوغۇلىدۇ ۋە تەپلە قانىتىدىن چىقىرىۋېلىنىدۇ. بۇنداق گىرەلەنگەن يىپ پىلتىسىدىكى يىپ نەخلىرى تال - تال چېچىلىپ كەتمەيدىغان بولغانلىقتىن، ئاقارتىش ۋە بوياش ۋاقتىدا، شاخار، خۇشنا ۋە رەڭ ئېرىتمىسى بىلەن تولۇق ئۇچرىشىپ تەكشى ئاقىرىش ۋە تەكشى رەڭ ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

**ئاقارتىش، بوياش:** ئارقاق يىپنى ئاقارتىش ئۇسۇلى ئۆرۈش ئاقارتىشقا ئوخشاش بولىدۇ. شۇنداقلا ئۆرۈش بويىغانغا ئوخشاشلا قايناتما بوياق ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. پەرقى شۇكى، ئارقاق يىپلار گۈل چىقىرىشقا قاتناشمايدىغانلىقتىن تاماق دۇكىنىغا ئېلىنمايدۇ، چەن سېلىنمايدۇ، چەگمەك چېگىلمەيدۇ.

**ناچىغا تۈرۈش:** بوياپ چايقاپ قۇرۇتۇلغان ئارقاق يىپ ھالقىسى پىيىك قانىتى سىرتقى دىۋارىغا چەمبەر شەكلىدە كەيگۈزۈلىدۇ. گىرە ئارىسىدىن چىگىلگەن چەگمەك تاناپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئاندىن يىپ ئۇچى چىقىرىلىپ يىكچاقتىكى يىككە كەيگۈزۈلگەن ئارا ناچىغا (قومۇشتىن كىچىكرەك، موكا ناچىسىدىن چوڭراق بولغان بىر خىل ناچىغا) يۆگىلىدۇ. يىكچاق قانىتى ۋە يىكنىڭ ئايلىنىشى ئارقىسىدا يىپ تارتىلىپ پىيىك قانىتى ئايلانما ھەرىكەتكە كېلىدۇ. مەشغۇلات ئىشچىسى بىر قولىدا يىكچاق قۇلىقىنى ئايلاندۇرۇپ، بىر قولىدا يىپنى باشقۇرۇپ ناچا گەۋدىسىگە يۆتكەپ تۈرىدۇ. ئارا ناچىغا تۈرۈلگەن يىپلار سۇغا چىلاپ نەمدەلگەندىن كېيىن، ئارا ناچا كاسىغا سېلىپ قويۇلۇپ، يىپ ئۇچى چىقىرىلىپ يىكچاقتىكى موكا ناچىسىغا ياندۇرۇپ تۈرۈلىدۇ.

**ئۆرۈش يۆگۈرۈش باسقۇچى:** ئۆرۈش يۆگۈرۈش دېگىنىمىز، بوياپ تەييارلانغان ئۆرۈش يىپنى دۇكانغا تارتىپ توقۇشقا لايىق ھالەتكە كەلتۈرۈش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ «ئىش تارتىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز ئەبجەش ئەتلەستىن ئۆزگە ئەتلەسلەرنىڭ تۆت تەپكۈلۈكتىن يۇقىرى دۇكانلاردا توقۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەندۇق. تۆت، ئالتە ياكى سەككىز تەپكۈلۈك دۇكانلاردا ئەتلەس توقۇشنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن، دۇكاننىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى پەرقى (يەنى تەپكۈ سانى ۋە شانا سانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى) تۈپەيلىدىن ئوخشاشمىغان دۇكانلاردا توقۇلغان ئەتلەسلەرنىڭ سۈپىتى پەرقلىق بولىدۇ.

تۆت تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلغان ئەتلەستە، ھەر بىر قېتىم تەپكۈ

دەسسەلگەندە، ئومۇمىي ئۇرۇشلەرنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى تۆۋەنلەپ، تۆتتىن ئۈچ قىسمى يۇقىرىغا تارتىلىپ 1 : 3 نىسبەتلىك تەڭسىز گىرە ئېچىلىدۇ. ھەر بىر قېتىم موكا ئېتىپ ئارقاق سېلىنغاندا ئومۇمىي ئۇرۇشنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى ئارقاق ئۇستىدىن، تۆتتىن بىرقىسمى ئارقاق ئاستىدىن ئۆتۈپ ئارقاقنى گىرەگە ئالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دۇكانغا تارتىلغان ھەر بىر تال ئۇرۇش ئۇدا ئۈچ نەخ ئارقاق ئۇستىدىن ئاتلاپ ئۆتكەندىن كېيىن بىر قېتىم تۆۋەنگە شۇڭغۇپ بىر نەخ ئارقاق يىپنى گىرەگە ئالىدۇ - دە، يەنە يۇقىرىلاپ رەخت يۈزىگە قايتىپ ئۈچ نەخ ئارقاقنى ئاتلاپ ئۆتىدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە ئالتە ۋە سەككىز تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلغان ئەتلەستە ھەر بىر تال ئۇرۇش بەش ياكى يەتتە نەخ ئارقاقنى ئاتلاپ ئۆتكەندىن كېيىن بىر نەخ ئارقاقنى گىرەگە ئالىدۇ. دېمەك، تەپكۈ سانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، ئومۇمىي ئۇرۇشلەردىن تۆتتىن بىر، ئالتىدىن بىر ياكى سەككىزدىن بىر قىسىم ئۇرۇشلەرلا ئارقاقنى گىرەگە ئېلىپ ئۆتىدۇ. سەككىز تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلغان ئەتلەسنىڭ رەڭگى جۇلالىق، كۆركەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشلەرنىڭ ئاتلام ئارىلىقى ئۇزۇن بولغاچقا، يۇيۇشقا چىدامسىز بولۇپ ئاسان تارىلىپ كېتىدۇ؛ تۆت تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلغان ئەتلەسنىڭ ئۇرۇش ئاتلام ئارىلىقى قىسقا بولۇپ ئاسان تارىلىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ئۇرۇش سانى ئاز، ئەتلەس نېپىز، چىداملىقلىقى تۆۋەنرەك بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى خىل دۇكان كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇڭا تۆۋەندە ئەتلەس توقۇمىچىلىقىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئالتە تەپكۈلۈك دۇكانغا ئىش يۈگۈرۈش قائىدە - تەرتىپى ئاساس قىلىنىپ بايان قىلىنىدۇ.

ئەتلەس دۇكىنىغا ئىش يۈگۈرۈش — ئۇرۇش يىپلارنى تاماق شادا ھالقىسىغا ئېلىش، قەۋەت ئايرىش، شانا ھالقىسىدىن ئۆتكۈزۈش، تەپكۈ بېغى باغلاش، شانا بېغى باغلاش، تىغدىن ئۆتكۈزۈش، مۇقىملاشتۇرۇش، چىگىتىش قاتارلىق مەشغۇلات تەرتىپلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

**تاماقا ئېلىش:** بوياپ تەييارلانغان ئۇرۇشلەرنىڭ گۈلى تىزىلىپ (ئۇرۇشلەرنىڭ بويالغان جايلىرىنىڭ يۇرۇشۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بوغۇپ قويۇلغان چەگمەكلىرى يېشىلىپ)، يېرىم ئەن بويالغان يىپلار ئېچىلىپ پۈتۈن ئەن شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ قايتىدىن چوپسىغا يۆگىلىدۇ. ئاندىن چوپسا لەڭگەر چۆپ كەينىدىكى شوينا ھالقىسىغا ئەركىن يۇرۇشەلەيدىغان ھالەتتە ئېسىلىدۇ. ئۇرۇش باغ ئۈچى

چوپسىدىن بىر قانچە مېتىر چۇۋۇتۇلۇپ، داۋان غالتىكىدىن ئارتىلدۇرۇپ دۇكان ئالدىغىچە سوزۇلىدۇ.

تاماق شادىسى ئۇرۇش باغلىمىنىڭ ئاستىغا قويۇلۇپ، ئۇرۇش بېغىدىكى يىپلار 4 — 6 لۇتتىن ئايرىلىپ 20 — 30 تارامغا بۆلۈنىدۇ ۋە ھەر بىر تارامدىكى ئۇرۇش يىپلار تاناپ ئارقىلىق تاماق شادىسىغا باغلىنىپ ھالقىغا ئېلىنىدۇ. بۇ مەشغۇلات كەسىپ تىلىدا «باغ ئايرىش» دەپ ئاتىلىدۇ. باغ ئايرىلىپ ھالقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئۇرۇشلەرنىڭ كەڭلىكى توقۇلىدىغان ئەتلەس كەڭلىكىگە ئوخشاش بولىدۇ. تاماقتا ئېلىنغان ئۇرۇشلەر ئالدى - كەينىگە يۇرۇشەلەيدۇ. ئەمما ئىككى يان تەرەپكە يۇرۇشۇپ كېتەلمەيدۇ. تاماق شادىسىغا ئېلىپ باغ ئايرىشتىكى مەقسەت شۇكى، يۇمغاق كاللىكىدىن سوزۇلۇپ چىققان ئۇرۇش بېغىدىكى يىپلار تاماق شادىسىدىن ئۆتكەندە مەلۇم كەڭلىككە يېيىلىپ، تۈرگۈ بىلەن تاماق شادىسى ئارىسىدا بىر تەكشى بەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشلەرنى گىرە ئايرىش، شانا ھالقىسى ۋە دەپتىن تىغىدىن رەتلىك ئۆتكۈزۈش، شۇنداقلا ئۇرۇش دىۋارىغا ئاھا بېرىشكە قولايلىق شارائىت يارىتىلىدۇ.

**قەۋەت ئايرىش:** ئۇرۇشلەر تاماق شادىسىدىن باغ ئايرىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، جۈپ شادا ئارقىلىق جۈپ گىرەگە ئايرىلىدۇ. يەنى ھەر ئىككى تال ئۇرۇش بىر نەخ قىلىنىپ، بىرىنچى شادىنىڭ ئۈستىدىن، ئىككىنچى شادىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. دېمەك جۈپ گىرەگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر تال ئۇرۇش بىر نەخ قىلىنىپ، بىر جۈپ تاق شادا ئارقىلىق تاق گىرەگە كەلتۈرۈلىدۇ، يەنى ئىككىنچى جۈپ شادا ئاستىدىن ئۆتكەن بىرجۈپ ئۇرۇشنىڭ بىرسى، بىرىنچى تاق شادىنىڭ ئۈستىدىن، ئىككىنچى تاق شادىنىڭ ئاستىدىن ئۆتىدۇ؛ يەنە بىرسى، ئۇدۇللا بىرىنچى تاق شادىنىڭ ئاستىدىن، ئىككىنچى تاق شادىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدۇ. ئىككىنچى جۈپ شادا ئۈستىدىن ئۆتكەن بىر جۈپ ئۇرۇش بولسا، يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە يۆنىلىش بويىچە تاق گىرە شادىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بارلىق ئۇرۇشلەر ئىككىنچى تاق شادىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ تەڭ يېرىمى شادا ئۈستىدىن، قالغان يېرىمى شادا ئاستىدىن بىر تال - بىر تالدىن نەخ ئايرىلىپ ئۆتىدۇ. مانا بۇ مەشغۇلات «قەۋەت ئايرىش» دېيىلىدۇ. جۈپ شادىدا ئايرىلغان گىرەلەر «جۈپ قەۋەت»، تاق شادىدا ئايرىلغان گىرەلەر «تاق قەۋەت»، ئىككىنچى جۈپ شادا بىلەن بىرىنچى تاق شادا ئارىسىدا ئايرىلغان گىرەلەر «ئارا

گىرە قەۋەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

. ئۇرۇشلەرنى قەۋەتكە ئايرىپ، بىر تال - بىر تالدىن تەكشى يىيىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى شانا ھالقىسى ۋە دەپتىن تىغىدىن ئۆز رىتى بويىچە ئۆتكۈزۈشكە شارائىت يارىتىلىدۇ. توقۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا ئۇرۇشلەرنىڭ ئۆز ئارا مىنگىشىپ - چىگىشىپ قالماي بىمالال يۇرۇشۇپ گىرە ھاسىل قىلىشىغا، مۇنداقچە ئېيتقاندا رەخت سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**شانا ھالقىسىدىن ئۆتكۈزۈش:** ئالتە تەپكۈلۈك دۈكاندا ئالتە دانە شانا (گۈلى) بولۇپ، دۈكانغا تارتىلغان بارلىق ئۇرۇشلەر مەلۇم تەرتىپ ۋە قائىدە بويىچە گۈلى ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. يەنى دۈكانا تارتىلغان ئۇرۇشلەرنى ئوڭدىن سولغا ئۆز رىتى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا A, B, C, D, E, F بىلەن، شانا ھالقىلىرىنى a, b, c, d, e, f بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇرۇشلەرنىڭ شانا ھالقىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى A←f, B←e, C←d, D←c E←b, F←a تەرتىپى بويىچە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە دەۋر قىلىدۇ. ھەر بىر تال ئۇرۇش پەقەت بىرلا شانىنىڭ گۈلى ھالقىسىدىن ئۆتىدۇ. قالغان رەتتىكى شانىلارنىڭ ھالقا سىرتىدىن ئۆتىدۇ. دېمەك، ھەر بىر تال ئۇرۇش پەقەت بىرلا شانا ھالقىسىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدۇ. ھەر بىر شانا ئومۇمىي ئۇرۇشنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ، يەنى 2 مىڭ 400 ئۇرۇشلۇك ئەتلەستە ھەر بىر شانا 400 تال ئۇرۇشنى تىزگىنلەيدۇ.

**تەپكۈ بېغى باغلاش:** تەپكۈ بېغى تەپكۈ ئۇچلىرىدىن شانا تاياقلىرىغا تۇتىشىدىغان شوينا بولۇپ، تەپكۈ ھەرىكىتىنى شانىلارغا يەتكۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئوڭدىن سولغا قاتار جايلاشقان ئالتە تەپكۈنى A, B, C, D, E, F بىلەن، دەپتىن كەينىدىكى ئالتە يۇرۇش شانا تايىقىنى ئۆز نۆۋىتى بىلەن a, b, c, d, e, f بىلەن ئىپادىلىسەك، تەپكۈ بېغى A←f, B←e, C←d, D←c, E←b, F←a تەرتىپى بويىچە شانا تايىقىنىڭ ئىككى ئۇچىغا باغلىنىدۇ.

**گۈلى بېغى باغلاش:** گۈلى بېغى شانىلارنىڭ ئۈستۈنكى تايىقىنىڭ ئىككى ئۇچىغا باغلىنىپ، ئوينىغۇچتىن ئۆتكەندىن كېيىن باشقا شانا تاياقلىرىغا تۇتىشىدىغان تانا بولۇپ، توقۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا ئوينىغۇچىنىڭ ۋاستە بولۇشى ئارقىلىق، شانىلار ئەركىن ھەرىكەتلىنىپ، ئۇرۇشلەردىن گىرە ئېچىشقا كاپالەت بېرىدۇ. گۈلى

بىغى باغلاشتا، ھەر بىر شاننىڭ ئۈستۈنكى تايىقىنىڭ ئىككى ئۇچىغا تانا باغلىنىدۇ. ئىككى تال تانا مەلۇم ئېگىزلىكتە بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ئاندىن تۇرۇسقا ئېسىلغان ئوينىغۇچ ئېرىقچىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ تۆۋەنگە قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئىككى قات ياغاچ تاياقچە ئوينىغۇچ (پەغەز شەكىللىك ياغاچ) ياردىمىدە بىر نەچچە تارامغا بۆلۈنۈپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قالغان شانا تاياقلىرىنىڭ ئىككى ئۇچىغا باغلاپ چىقىلىدۇ. نەتىجىدە، مەلۇم بىر تال تەپكۈ دەسسەلگەندە، تەپكۈ بىغىنىڭ مۇناسىپ شانىنى تۆۋەنگە تارتىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باغلانغان گۈلى بىغىنىڭ تارتىلىپ ئوينىغۇچ ۋاسىتىسىدە باشقا شانا تاياقلىرىنى يۇقىرىغا تارتىشى ئارقىسىدا دۇكانغا تارتىلغان ئۇرۇشلەر ئارىسىدىن گىرە ئېچىلىدۇ.

ھازىر گۈلى بىغى باغلاشتا كۆپىنچە ئوينىغۇچ ئىشلىتىلمەي، تورۇسقا رېزىنكىلىك توقۇلما تاسما، گۈلى بىغى رېزىنكە تاسمىغا بىۋاستە باغلىنىدىغان بولدى. بۇ ئۇسۇلدا گۈلى بىغى باغلانسا، شاننىڭ تۆۋەنلەش ھەرىكىتى رېزىنكە تاسمىنىڭ سوزۇلۇپ بېرىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىش ھالقىسى ئاددىيلىشىپ، كاشىلا ئازىيىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ياغاچ ئوينىغۇچلۇق دۇكانلارنى ھېلىھەم ئاندا- ساندا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

**تىغدىن ئۆتكۈزۈش:** شانا ھالقىلىرىدىن ئۆتۈپ كەلگەن ئۇرۇش يىپلار دەپتىن تىغنىڭ ئارىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ «تىغدىن ئۆتكۈزۈش» دېيىلىدۇ. ئادەتتە، ئەتلەس ئومۇمىي ئۇرۇش سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ، ھەر ئىككى تال تىغ ئارىسىدىن تۆت نەختىن ئالتە نەخكىچە ئۇرۇش ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى نۇقتا باركى، بىرىنچىدىن، ئەتلەس قانچىلىك كەڭلىكتە توقۇلماقچى بولسا، ئۇرۇشلەر ھەم شۇنچىلىك كەڭلىكتىكى تىغ ئارىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئۇرۇشلەر شانا ھالقىسىدىن ئۆتكەندىكى رەت تەرتىپى بويىچە تىغ ئارىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك.

**مۇقىملاشتۇرۇش:** ئۇرۇش نەخلىرى تىغدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ھەر 8 — 10 لوت ئۇرۇش يىپ ئۇچى بىر قىلىنىپ باشلانما تاياققا باغلىنىدۇ. ئاندىن باشلانما تاياق تۇرگۈگە باغلاپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. تۇرگۈ بولسا قولاق چۆپىنى دۇكان تەگلىكىگە تىرەش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

**چىڭىتىش:** ئۇرۇش ئۇچلىرى تۇرگۈگە باغلىنىپ

مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن داۋان غالتىكىنىڭ كەينى تەرىپىدە ئۇرۇش بىغى چىگىپ هالقا قىلىنىپ، هالقىغا غوررەك ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە غوررەككە ئاسما تاش (ئېغىرلىقى 15 جىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ) ئېسىلىدۇ. تاشنى يىپ بىغى تۆۋەنگە تارتىشى ئارقىسىدا، تۇرگۇ بىلەن داۋان غالتىكى ئارىسىغا تارتىلغان ئۇرۇش يىپلار چىگىپ تاختا شەكىلگە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن توقۇش مەشغۇلاتىنى باشلاشقا شارائىت هازىرلىنىدۇ.

**توقۇش باسقۇچى:** ئەتلەس توقۇش ئاها بېرىش ۋە توقۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىش تەرتىپى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**ئاها بېرىش:** ئاها، قوناق ئۇنىنى سوغۇق سۇغا چېلىپ قوچۇپ ئۇماچ هالىتىگە كەلتۈرۈلگەن سۇيۇق دوغاپ بولۇپ، تەلەپ بويىچە تەييارلانغان ئاها دۇكانغا تارتىپ تاختىلانغان ئۇرۇش يىپ ئۈستىگە پۈركىلىدۇ. ئاندىن تاراق ئۇرۇش ئۈستى ۋە ئاستىدىن ئايرىم - ئايرىم هالدا ئۇرۇش بويىغا پاراللېل هالەتتە ئۈچ - تۆت نۆۋەت سۇرتۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاها سۇيۇقلۇقى ئۇرۇش يىپلارنىڭ سىرتقى دىۋارىغا تەكشى يېپىشتۇرۇلىدۇ. ئاها بېرىلگەن ئۇرۇش يىپلارنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى يىپ تۈكچىلىرى قېتىشىپ، يىپەك يىپنىڭ يېپىشقاقلىقى تۆۋەنلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشلەرنىڭ چىگىلىپ قېلىش، مىنگىشىپ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۈزۈلۈشى ئازايتىلىپ، توقۇش مەشغۇلاتىنىڭ راۋان ئېلىپ بېرىلىشىغا شارائىت هازىرلىنىدۇ.

**ئەتلەس توقۇش مەشغۇلاتى:** ئارقاق يىپ تۇرۇلگەن موكا ناچىسىغا چىغ ئۆتكۈزۈلۈپ موكا بوشلۇقىغا قاچىلىنىدۇ. ئارقاق يىپ ئۈچى يىپ تۆشۈكىدىن سوزۇپ چىقىرىلىپ، موكا ئېتىشقا تەييارلىق كۆرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇلۇك پۇت ئارقىلىق تەپكۈ دەسسىلىدۇ. تەپكۈ دەسسىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سول قول بارماقلىرى يېرىم يۇمۇلۇپ دەپتىنىنىڭ سول بېشى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كەينىگە ئىتتىرىلىدۇ. تەپكۈ دەسسەلگەندە، تەپكۈ بېغىنىڭ تۆۋەنگە تارتىلىشى ئارقىسىدا ئۇنىڭغا باغلانغان شانا تايىقى تۆۋەنلەيدۇ. ئۈستۈنكى شانا تايىقىغا باغلانغان گۈلى بىغى هەم تۆۋەنگە تارتىلىدۇ. بۇ چاغدا، گۈلى بىغى ئۆينىغۇچىنىڭ ئايلانما هەرىكىتى ئارقىلىق باشقا شانا تاياقلىرىنى يۇقىرىغا تارتىدۇ. دېمەك، مەلۇم بىر تەپكۈ دەسسەلگەندە، ئۇنىڭغا باغلانغان گۈل تايىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭ گۈلى هالقىلىرىدىن ئۆتكەن ئۇرۇشلەرنىڭ تۆۋەنلىشىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا گۈلى

تاياقلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ گۈلى ھالقىلىرىدىن ئۆتكەن ئۇرۇشلەرنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشى ئارقىسىدا، تۆۋەنلىگەن ۋە كۆتۈرۈلگەن ئۇرۇشلەر ئارىسىدا بىر بوشلۇق ئېچىلىدۇ. مانا بۇ بوشلۇق «گىرە بوشلۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ. گىرە بوشلۇقى تولۇق ئېچىلغاندا، ئوڭ قولدىكى موكا گىرە بوشلۇقىنىڭ سول تەرىپىگە قارىتىپ ئېتىلىدۇ. موكا گىرە بوشلۇقىنىڭ سول چېتىگە يەتكەن ھامان سول قول دەپتىندىن بوشىتىلىپ موكا تۇتۇۋېلىنىدۇ. بۇ چاغدا جىددىي تۆۋەنلەپ ئەسلىي ئورنىغا قايتىپ كەلگەن دەپتىن تىغلىرى ئەمدىلا موكا ناچىسىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ ئۇرۇش گىرەسى ئارىسىدا قالغان ئارقاق يىپىنى ئۇرۇپ چىڭدايدۇ. شۇ ھامان ئوڭ پۇت تەپكۈدىن كۆتۈرۈلۈپ سول پۇت ئارقىلىق باشقا بىر تەپكۈ دەسسىلىدۇ. ئوڭ قول ئارقىلىق دەپتىن كەينىگە ئىتتىرىلىدۇ. گىرە ئېچىلغان ھامان سولدىن-ئوڭغا موكا ئېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشغۇلات مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئەتلەس توقۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا پۇت ھەرىكىتى بىردىن ئۆزگەرتىلىشىدۇ، شۇنداقلا ھەر ئىككى پۇتنىڭ مۇقىم ئىش تەقسىماتى بولىدۇ. ئالتە تەپكۈلۈك دۇكاننى مىسال قىلغاندا، ئوڭ پۇت ئوڭ تەرەپتىكى ئۈچ تەپكۈگە، سول پۇت سول تەرەپتىكى ئۈچ تەپكۈگە مەسئۇل بولىدۇ. ئوڭ پۇتنى O بىلەن، سول پۇتنى S بىلەن، ئالتە تەپكۈنى ئوڭدىن-سولغا رىتى بويىچە a, b, c, d, e, f بىلەن ئىپادىلىسەك، تەپكۈ دەسسەش ھەرىكىتى aO←fS←bO←eS←cO←dS تەرتىپى بويىچە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەپكۈ دەسسەش ھەرىكىتى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. تۆت تەپكۈلۈك دۇكاندا ھەم مۇشۇ قائىدە بويىچە cs←bo←ds←ao تەرتىپى بويىچە تەپكۈ دەسسىلىدۇ.

ئەتلەس توقۇلۇۋاتقاندا، تۇرگۈنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئەتلەس يۈزىگە كېرىگۈ سېلىپ قويۇلىدۇ ۋە ھەر بەش سانتىمېتىر توقۇلغاندا بىر قېتىم يۆتكەپ تۇرۇلىدۇ. كېرىگۈ ئەتلەسنىڭ ئىككى قىرغىقىنى سىرتقا ئىتتىرىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئەتلەسنىڭ ئېنى كىرىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. ئەتلەس توقۇلۇپ مەلۇم ئۇزۇنلۇققا (ئادەتتە 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا) يەتكەندە، قولاق چۆپ ياردىمىدە تۇرگۈنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، توقۇلۇپ بولغان ئەتلەس تۇرگۇ سىرتقى يۈزىگە ئۇدۇللۇق يۆگەپ تۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئەتلەس

توقۇمىچىلىقىدا تەپكۈ - شانا ھەرىكىتى، دەپتىن ھەرىكىتى، موكا ھەرىكىتى، تۆرگۈ ھەرىكىتى، كېرىگۈ ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بەش يۈرۈش ھەرىكەت بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئالدىنقى بىرسى پۈت مەشغۇلاتى، كېيىنكى تۆتى قول مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. بۇ بەش يۈرۈش ھەرىكەت ئىچىدە دەپتىن ھەرىكىتى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. دەپتىن ھەر قېتىم ئىنتىرىپ قويۇپ بېرىلگەندە ئۆزىنىڭ تۆۋەنلەش ئىنېرتسىيە كۈچى ئارقىلىق ئارقاقنى ئۇرۇپ چىڭدايدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھەر قېتىمقى سىلجىش ئارىلىقىنىڭ ئوخشاش بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر سىلجىش ئارىلىقى ئوخشاش بولمىسا، ئىنېرتسىيە كۈچىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ - دە، ئارقاق بەزىدە زىچ، بەزىدە شالاڭ بولۇپ قېلىپ ئەتلەس سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

**پەردازلاش باسقۇچى:** پەردازلاش ئەتلەس توقۇمىچىلىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەشغۇلات باسقۇچى بولۇپ، توقۇلۇپ بولغان ئەتلەسنى سۈپەتلەپ كۆركەملىكى ۋە چىداملىقلىقىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەتلەس پەردازلاشتا، توقۇلۇپ بولغان ئەتلەس دۇكاندىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن سۈزۈك سۇدا يۇيۇپ، چايقاپ ئاھا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ ۋە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن ھەر بىر كىيىملىك ئەتلەس ئۈچۈن ئىككى دانە تۇخۇم ئېقى يېرىم پىيالە سۈزۈك سۇغا قويۇلۇپ قوچۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق تەييارلانغان تۇخۇم شىرىسى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ سۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئەتلەسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تۇخۇم شىرىسىگە چىلىنىدۇ. ئەتلەس تۇخۇم شىرىسىنى تولۇق سۈمۈرۈپ بولغاندا چىقىرىۋېلىنىپ، قالغان ئۈچتىن ئىككى قىسمى شىرىگە چىلانغان قىسمىنىڭ سىرتىدىن يۆگەپ قاتلىنىدۇ. ئاندىن سەر چۆپ ئۈستىگە قويۇلۇپ، توقماق ئارقىلىق بەش مىنۇت تەكشى سوقۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەتلەس تۇخۇم شىرىسىنى ئۆزىگە تولۇق سۈمۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەتلەس يېيىلىپ 10 مىنۇت ئەتراپىدا شامالدىتىلىپ نەملىكى ئازايتىلىدۇ، ئاندىن 24 قات قاتلىنىدۇ. بۇ «سوقاق قاتلام» دېيىلىدۇ. سوقاق قاتلام قايتىدىن سەر چۆپ ئۈستىگە قويۇلۇپ، سوقما پالتىسىنىڭ چۆلدىسى ئارقىلىق كۆچەپ تەكشى سوقۇلىدۇ. ئۈچ مىنۇتتىن بەش مىنۇتقىچە سوقۇلغاندىن كېيىن يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئاساسەن قۇرۇپ بولغاندا قاتلاپ دەستىلەپ تەكشى رەندىلەنگەن شال ئاستىغا باسۇرۇپ قويۇلىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن چىقىرىۋېلىنىپ ئوراپ قاچىلىنىدۇ.

پەردازلاش مەشغۇلاتى ئارقىلىق، ئەتلەسنىڭ ئۇرۇش - ئارقاق يىپلىرى ياپىلاقلىنىپ رەخت يۈزىدىكى تۈشۈكچىلەر ئېتىلىدۇ. مودۇر - چوقۇرلار يوقىلىدۇ. رەخت يۈزى سىلىقلىنىپ پارقىراقلىقى ئاشىدۇ. ئۇرۇش - ئارقاقلار بىر - بىرىگە تېخىمۇ ياخشى يېپىشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يىپ سوغۇرۇلۇپ كېتىش ۋە رەخت تارىلىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، چىداملىقلىقى ئاشۇرۇلىدۇ.

## 2) تەڭ گىرەلىك يىپەك توقۇمىچىلىق مەشغۇلاتى

شايى، يىپەك چەكمەن، بەقەسەم، ماش رەڭ رەخت ۋە تەڭ گىرەلىك ئارىلاش ئەتلەس قاتارلىقلار تەڭ گىرەلىك توقۇش ئۇسۇلىدا (يەنى ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا) توقۇلىدۇ. ئۇرۇش، ئارقاق تەييارلاش ۋە توقۇش مەشغۇلات تەرتىپى، شۇنداقلا ئىشلىتىلىدىغان قورال - سايمانلار يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىسىمۇ، يەنە بەزى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدۇ.

**ماتېرىيال تەييارلاش باسقۇچىدىكى پەرقلەر:** گەزلىك شايى ئۇرۇش يىپى ئىككى قات چەپپە قىلىنىدۇ. يىپەك چەكمەن ئۇرۇش يىپى دۆرە چاقى ئارقىلىق تەييارلىنىشىمۇ ياكى بۆز توقۇلما مەھسۇلاتلىرى ئۇرۇشىنى تەييارلايدىغان تانىكاغا تارتىپ تەييارلىنىشىمۇ مۇمكىن.

ھەر خىل دەييارە، بەقەسەملەرنىڭ بوياپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇش يىپلىرى ئايرىم - ئايرىم بوياپ تەييارلىنىپ، ئاندىن تەلەپ بويىچە دۇكانغا تارتىلىدۇ. بوياپ ئىشلىتىلىدىغان ئارقاق يىپلىرىمۇ ئايرىم - ئايرىم بويىلىدۇ. بەقەسەم ۋە ماش رەڭ رەختلەرنىڭ ھەر خىل رەڭلىك يىپلاردىن چەپپە قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان ئارقاق يىپلىرى ئايرىم - ئايرىم بويالغاندىن كېيىن، تەلەپ بويىچە چەپپە قىلىنىدۇ.

تەڭ گىرەلىك يىپەك توقۇلمىلار ئىچىدە، پەقەت ئەبجەش ئەتلەس ئۇرۇش يىپلىرىلا تاماق دۇكىنىغا تارتىلىپ، چەگمەك چېگىلىپ بويىلىدۇ. قالغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئۇرۇشلىرى تاماق دۇكىنىغا ئېلىنمايدۇ، چەگمەك چېگىلمەيدۇ.

**توقۇش باسقۇچىدىكى پەرقلەر:** تەڭ گىرەلىك يىپەك توقۇلمىلار بىلەن تەڭسىز گىرەلىك يىپەك توقۇلمىلارنىڭ توقۇش باسقۇچىدىكى پەرقى ئاساسەن ئۇرۇشلەرنى گۈلى ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە تەپكۈ دەسسەشتە ئىپادىلىنىدۇ. تەڭ گىرەلىك توقۇلمىلار ئىككى تەپكۈلۈك دۇكانلاردا توقۇلىدىغانلىقتىن ۋە بۇنداق دۇكانلاردا ئىككىلا تەپكۈ ۋە

ئىككى يۇرۇشلا شانا بولىدىغانلىقتىن، تەپكۇ دەسسەش مەشغۇلاتى بىر قەدەر ئاسان بولىدۇ. يەنى ئۇرۇشلەرنى ئۆز رىتى بويىچە A,B,C,D بىلەن، شانا گۈلى ھالقىلىرىنى a,b بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇرۇشلەر A←a,B←b,C←a,D←b... تەرتىپ بويىچە گۈلى ھالقىلىرىدىن ئۆتىدۇ. ئىككى پۇتنى O, S بىلەن، ئىككى تەپكۇنى A, B بىلەن ئىپادىلىسەك، تەپكۇ دەسسەش ھەرىكىتى AO←BS←AO←BS تەرتىپى بويىچە بولىدۇ. يەنى ئىككى تەپكۇ ئىككى پۇت ئارقىلىق بىر - بىردىن نۆۋەت بىلەن دەسسىلىدۇ.

**رەخت پەردازلاش باسقۇچىدىكى پەرقلەر:** يىپەكنىڭ يىپىشقاقلىقىنى تۆۋەنلىتىپ، يىپ ئۇزۇلۇشىنى ئازايتىپ، رەخت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، ئەتلەس، شايى، دەبىيارە، چەكمەن، بەقەسەم، ماش رەڭ رەخت قاتارلىق بارلىق يىپەك توقۇلمىلار ئۇرۇشلىرى دۇكانغا تارتىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇش تاختا يۇزىگە ئاھا پۇركىلىپ تاراق بىلەن تارىلىدۇ ۋە ھۆل ھالەتتە توقۇلىدۇ. رەخت توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاھانى چىقىرىپ تاشلاپ، رەختنى پەردازلاشقا توغرا كېلىدۇ. شايى، چەكمەن، دەبىيارە، بەقەسەم، ماش رەڭ رەخت قاتارلىقلارنى پەردازلاش ئۇسۇلى ئەتلەس پەردازلاشتىن پەرقلىق بولىدۇ. بۇلاردىن بەقەسەم بىلەن ماش رەڭ رەخت بىر خىل ئۇسۇلدا، قالغان رەختلەر بىر خىل ئۇسۇلدا پەردازلىنىدۇ.

**بەقەسەم ۋە ماش رەڭ رەخت پەردازلاش:** بەقەسەم ۋە ماش رەڭ رەخت توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سۇزۇك سۇدا يۇيۇپ، چايقاپ ئاھا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ ۋە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. بىر كىيىملىك رەخت ئۈچۈن ئۈچ دانە تۇخۇم ئېقى بىر پىيالە سۇغا چېلىپ شىرە قىلىنىدۇ. ئاندىن رەخت يۇزىگە تەكشى پۇركىلىدۇ. رەخت قاتلىنىپ تەكشى تەگلىك ئۈستىگە قويۇپ، ئۈستىدىن تەكشى يۇزلۇك ئېغىر كۆتەك قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن باستۇرۇپ 10 سائەت تۇرغۇزۇلىدۇ. شىرە سىڭىشىپ بولغاندا رەخت چىقىرىۋېلىنىپ، ھەر بىر كىيىملىك رەخت ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئالتە قات قاتلىنىپ، سەر چۆپ ئۈستىگە قويۇپ سوقما پالتىسى ئارقىلىق سوقۇلىدۇ. ئۇرۇش - ئارقاق يىپلار ئېزىلىپ، كېرىشىپ، رەخت تۆشۈكچىلىرى ئېتىلىپ، رەخت يۇزى شورپا يۇزى شەكلىدە گۈللەشكەندە پەردازلاش ئۆلچەمگە يەتكەن بولىدۇ ھەمدە ئوراپ قاچىلىنىدۇ.

شايى، چەكمەن، دەييارە پەردازلاش: شايى، يىپەك چەكمەن، دەييارە، يىپەك ياغلىق قاتارلىق رەختلەر توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يۇيۇلمايدۇ، سوقۇلمايدۇ. تۇخۇم شىرىسى بېرىلمەيدۇ. بەلكى قىرغۇ ئارقىلىق رەخت يۈزى ئاۋايلاپ قىرىلىپ ئاھا قالدۇقلىرى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

# يىپەك بوياقچىلىقى

## 1. رەڭ خۇشتارلىق پسىخىكىسى ۋە ئۇنىڭ رولى

مەلۇمكى، توقۇمىچىلىقتا خام ئەشيا قىلىنغان تەبىئىي تالالارنىڭ رەڭ تۈرلىرى ئاز ۋە ئاددىي بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كىيىنىش ئېھتىياجى ئېستېتىك ئېھتىياجىدىن ئۈستۈن تۇرغان، ئىسسىق - سوغۇقتىن ساقلىنىش — ھاياتلىقنىڭ ئالدىنقى زۆرۈرىيىتى ھېسابلانغان قەدىمكى دەۋرلەردە تەبىئىي تالالار كىشىلەرنىڭ كىيىنىش ئېھتىياجىنى قامداشتىكى ئاساسىي خام ئەشيا مەنبەسى بولغانىدى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى بىلىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۆسۈشى، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ھەرھالدا ياخشىلىنىشى، ئۇلاردا ئېستېتىك ئېھتىياجنىڭ بىخلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەر خىل تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنى تونۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ تەبىئىي تالالارنى بوياپ ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپىگە لايىق رەڭگە كىرگۈزۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. بوياقچىلىق دەل مۇشۇنداق زۆرۈرىيەت تەقەززالىقىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىدا، چارۋا ماللاردىن، كېۋەزدىن ۋە پىلىدىن بىر قىسىم رەڭدار تالالار ئېلىنىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئومۇمىي تەبىئىي تالا مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە تۇتقان سالمىقى چەكلىك، رەڭ تۈرى ئاز، جۇلاسى كەم ئىدى. ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇم بارخانلىرى ۋە تاقىر سايلار قورشاۋىغا جايلاشقان چوڭ - كىچىك بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزدا ناھايىتى بۇرۇنلا تەبىئەتتىكى جانلىقلار ۋە تەبىئەت

ھادىسىلىرىدىكى رەڭ مۇناسىۋەتلىرىگە قارىتا پاك ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر بارلىققا كەلگەن. ھەر خىل رەڭ - بوياقلارغا قارىتا پسىخىك قىزىقىش پەيدا بولغان ۋە شۇ ئاساستا بىرقەدەر ئومۇمىيلىققا ئىگە رەڭ پسىخىكىسى شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ رەڭلەرگە بولغان بىلىش پائالىيىتىدە ئەڭ دەسلەپتە بوستانلىقنىڭ ھاياتلىق بۆشۈكى ئىكەنلىكى ۋە بوستانلىقنىڭ تۈپ بەلگىسى يېشىل رەڭ ئىكەنلىكىدەك ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ئاساسەن، يېشىل رەڭنى نىجاتلىق، ھاياتلىق ۋە پاراۋانلىقنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىش؛ ھەر ئەتىگەنلىكى شەرق ئاسمىنىدىكى ئالتۇن رەڭ شەپەق ئارىسىدىن قۇياش تۇغۇلىدىغانلىقى ۋە زېمىننى ئاپئاق نۇرغا چۆمكەيدىغانلىقى، ھەر كۈنلۈك ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ مۇشۇ رەڭ ئۆزگىرىشلىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدەك ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ئاساسەن قىزىل رەڭنى ياشلىق، جۇشقۇنلۇق ۋە قىزغىنلىقنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىش؛ ئاق رەڭنى پاكلىق، ئادىللىق، توغرىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىش؛ ھەر كۈنى كەچتە تۈن پەردىسى زېمىنغا يوپۇق ياپقاندا تەبىئەتنىڭ سىرلىق سۈكۈناتقا چۆمۈپ، بارلىق جانلىقلارنىڭ بىخارامان ئارام ئالىدىغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ئاساسەن، قارا رەڭنى جىمجىتلىق، سەلتەنەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىش قارىشى شەكىللەنگەن ۋە پەيدىنپەي ئومۇمىي پسىخىك قاراشقا ئايلىنىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەر خىل بوياق-رەڭلەر ھەققىدىكى تونۇشى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقان. ھەر خىل بوياق - رەڭلەرنى ياخشى كۆرۈش پسىخىكىسىمۇ پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ، ئورتاق مىللىي پسىخىكا ۋە ئادەت تەركىبىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتتا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «مەخمەلدەك يايپېشىل» «ئاناردەك قىپقىزىل» «قۇندۇزدەك قاپقارا» «سۈتتەك ئاپئاق» «ئالتۇندەك ساپسېرىق» دېگەندەك نۇرغۇن ئوخشىتىشلار ۋە رەڭ - بوياقلار توغرىسىدىكى چۆچەك - قوشاقلار خەلقىمىزنىڭ ئاشۇنداق ھەر خىل رەڭلەرنى، رەڭدارلىقنى ياخشى كۆرىدىغان ئورتاق پسىخىكىسى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

دېمەك، خەلقىمىزدە رەڭ چۈشەنچىسىنىڭ ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن رەڭ خۇشتارلىق پسىخىكىسىنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكى، ئۇلار ياشىغان ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن زىچ

مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنداق رەڭ خۇشتارلىق پىسخىكىسى ئۇلارنىڭ تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنى بىلىشى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قامدىشىغا تۈرتكە بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ قولىدا رەڭ ئېلىش خۇسۇسىيىتى ناھايىتى ياخشى بولغان مول يۇڭ، پاختا، يىپەك خام ئەشياسىنىڭ بولغانلىقى بۇنداق ئېستېتىك ئېھتىياجنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقى مانا شۇنداق ئېھتىياج ۋە شارائىتلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ناھايىتى قەدىمىي قول ھۈنەر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

خوتەندە قول ھۈنەر بوياقچىلىقىنىڭ زادى قاچانلاردا بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە يازما مەلۇماتلار كەمچىل بولسىمۇ، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزگە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇشىدا بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋردىلا بوياقچىلىقنىڭ مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. «چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى، بۇگۇر چومپاق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل يۇڭ كىيىملەردىن ئەينى چاغدىكى توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىقنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ كىيىملەر پۈتۈنلەي رەڭدار توقۇلغان. ئالدى بىلەن يۇڭدىن يىپ ئېگىرىپ، ئاندىن يىپنى بوياپ، ھەر خىل رەڭدىكى يىپلاردىن گۈل چىقىرىپ تۈرلۈك كىيىملەرنى توقۇپ چىققان.»[16]مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە، خوتەنلىكلەرنىڭ بوياقچىلىق قول ھۈنىرى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلارنىڭ رەڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا «يۇڭ يىپ ۋە رەختلەرنى بوياش تېخنىكىسىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، قىزىل، كۆك، يېشىل، جىگەررەڭ، قارا، سېرىق رەڭلەردە بويالغان»، «ئىشتاننىڭ سول پۇشقىقىغا چىرايلىق بىر ئادەمنىڭ سۈرىتى توقۇلغان. رەختنىڭ تېگى ئەترەڭ، سۈرەتتىكى ئادەمنىڭ قاشلىرى قارا، ئاغزى قىزىل، كۆزلىرى ھال، قارچۇقى كۆك رەڭلەردە كۆپتۈرمە شەكلىدە توقۇلغان»[17]بۇ بايانلار خەلقىمىز ئارىسىدا ئەينى ۋاقىتتا كەم دېگەندە، سەككىز خىل رەڭدە بوياش تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ بوياق توغرىسىدىكى بىلىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان. تۈرلۈك بوياق

ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، تەبىئىي تالالاردىن ھەر خىل گۈللۈك، رەڭدار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا پور رەڭ، ئاق، ھالرەڭ، ئاچ قىزىل، قوڭۇر، تۇم قارا، يېشىل، توق قىزىل، بېغىررەڭ، بوز، كۆك، سېرىق، ساغۇچ، زەپىرەڭ، تۇم سېرىق قاتارلىق رەڭلەر تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا، زەمچە، زاك، ئاۋىلقۇ (بوياق دەرىخى)، يۇنغۇق (شولتا چىقىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك)، داۋا (بوياق) قاتارلىق سۆزلەملەر بېرىلگەن. بۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشنى بىلىپلا قالماي، مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسىنىمۇ ئىگىلىگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بوياق ۋە بوياقچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا قوللىنىلىشى روشەن ئىلمىيلىككە ئىگە. بوياق (رەڭ) كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتلارنى تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. بوياق ئارقىلىق توقۇلما بۇيۇملارنىڭ تەبىئىي رەڭ تەكشىسىزلىكى ۋە توقۇلۇش سۈپىتى جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى يېپىپ كەتكىلى، ئۆزىگە مۇناسىپ رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ رەڭگى-رۇخسارىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگىلى، ئايۋان - سارايلارنى تۈرلۈك گۈللۈك ۋە رەڭدار توقۇلما، پىشۇرما بۇيۇملار ۋە رەڭدار نەقىشلەر بىلەن بېزەش ئارقىلىق، كىشىنى زېرىكىشلىك ھېسسىياتتىن خالىي قىلىپ، خۇددى گۈل - چىمەنلەر ئارىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك ئەركىن - ئازادىلىك سېزىمىغا ئىگە قىلغىلى، ئوخشىمىغان رەڭدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىش ئارقىلىق، قايغۇ - ھەسرەت ياكى خۇشال - خۇراملىق قاتارلىق ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. قىسقىسى، تەبىئىي تالالار ياكى توقۇلمىلارنى ھەر خىل رەڭلەردە بوياش ئارقىلىق توقۇلما مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆركەم، جۇلالىق، نەپىس ھالەتكە كەلتۈرگىلى، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئارزۇسىغا مۇناسىپ كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىپ ئۇلارنىڭ زوقلىنىنىش، ھۇزۇرلىنىش، قايغۇ - ھەسرىتىنى بىلدۈرۈش قاتارلىق نازۇك ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە رەڭ ئىشلىتىش بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى تەبىئىي تالالار ۋە توقۇلما بۇيۇملارنى بوياش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ھەر خىل بوياقلار ياكى بوياق ماددىلىرى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىچى - سىرتىنى بېزەش،

ياغاچ بۇيۇملارغا نەقىش چېكىش، كۆن - خۇرۇملارنى بوياش، ئاش-تاماقلارغا رەڭ بېرىش، ھەتتا ھۆسن تۇزەش (مەسىلەن، بارماقلارغا خېنە يېقىش، ئوسما قويۇش) كە قەدەر بولغان نۇرغۇن ساھەلەردە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە، رەڭنىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىدە ئىشلىتىلىشىلا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلات تۈرى ۋە مىقدارى بىر قەدەر كۆپ، ھۈنەر - سەنئەت مەشغۇلاتى بىرقەدەر قىيىن بولغاچقا، بوياقچىلىق كەسپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر قەدەر ئىنچىكە ئىش تەقسىماتى كېلىپ چىققان. چوڭراق تۈرلەر بويىچە ئېيتقاندا، ئەتلەس بوياقچىلىق، شايى بوياقچىلىق، بۆز چەكمەن بوياقچىلىق، ماتا - تالىما بوياقچىلىق، چىغرىق باسما بوياقچىلىق، قېلىپ باسما (ھەمزەك) بوياقچىلىق، تامغا باسما بوياق داستىخانچىلىق، تامغا باسما بوياق زەدىۋالچىلىق، بەلياغلىق باسما بوياقچىلىق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

تەبىئىي تالالار ئىچىدىكى يىپەك تەركىبىدە، مەلۇم مىقداردا يىلىم ماددىسى بولىدۇ. بۆز يىپ تەركىبىدە، مەلۇم مىقداردا ياغ ۋە قەنت ماددىسى بولىدۇ. بولۇپمۇ يۇڭ يىپ تەركىبىدە ياغ مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. تالالار تەركىبىدىكى بۇنداق يىلىم، ياغ، قەنت ماددىلىرى تەبىئىي رەڭلىك توقۇلمىلارنىڭ رەڭگىگە ئۆتۈپ سارغىيىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەگەر بۇنداق توقۇلمىلار بىۋاستە ھالدا بوياققا سېلىنسا، ئۇلار تەركىبىدىكى يىلىم، ياغ، قەنت ماددىلىرى رەڭ ئېلىشنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. بوياق سۈپىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. شۇنداقلا بويالما مەھسۇلات ئاسان ئۆڭۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، تەبىئىي رەڭلىك توقۇلمىلارنى مەيلى ئۆز رەڭگىدە ئىشلىتىشتە ياكى بوياق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا بولسۇن، ئالدى بىلەن تەبىئىي تالالارنى مەلۇم ئۇسۇللار ئارقىلىق دەسلەپكى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئۆتكۈزۈپ، تەركىبىدىكى يىلىم، ياغ، قەنت ماددىلىرىنى تازىلاشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇنداق ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر بوياقچىلىقىدا ئۆتكۈنچى كەسىپ — ئۇشتىگەرلىك كەسپى كېلىپ چىققان. ئۇشتىگەرلىكتە شاخار ئاساسىي ۋاستە قىلىنىدۇ. ئۇشتىگەرلىكنىڭ شاخار سەرپىياتى بىر قەدەر چوڭ بولغانلىقى سەۋەبلىك يەنە بىر خام ئەشيا كەسپى شاخارچىلىق بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا، بوياقچىلىقنى يىپ ياكى

توقۇلمىلارنى بوياش ئۇسۇلى ھەم ۋاسىتىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، چەكمە بوياق، باسما بوياق، چىلىما بوياق، قايناتما بوياق ۋە ئارىلاش بوياقتىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. بەزى مەھسۇلاتلار بىر خىل ئۇسۇلدا بوياپ ئىشلەپچىقىرىلسا، بەزى مەھسۇلاتلار بىر نەچچە خىل ئۇسۇلنى بىرگە قوللىنىش، يەنى ئارىلاشما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى ۋە مەھسۇلات مىقدارى ئازىيىپ بېرىۋاتىدۇ. بوياق چەكمەن، بوياق تالىما، بوياق شايى، سەرگەز، بوياق بەلياغلىق قاتارلىق خېلى كۆپ ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى ئۆچكەن تۈر بولۇپ كەتتى.

## 2. بوياق ماتېرىياللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلىپ كەلگەن، يېقىنقى بىر-ئىككى ئەسىردىن بۇيان سانائەت بوياق ماتېرىياللىرى ئۇيغۇر قول-ھۈنەر بوياقچىلىقىغا پەيدىنپەي كىرىپ كەلدى ۋە تەدرىجىي ھالدا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇزاق داۋام قىلغان ئورتاق مەۋجۇت بولۇش، ئارىلاش ئىشلىتىلىش، پەيدىنپەي ئورۇن ئېلىش، ئورۇن بېرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بۈگۈنكى كۈندە، يەرلىك تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ زور كۆپ قىسمى ئەمەلىي ئىستېمالدىن قالدى. سانائەت بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى تەھقىق بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. ماتېرىيال سەرپىياتى يۇقىرى، توشۇش - يۆتكەش خىراجىتى يۇقىرى، بوياش ئىش تەرتىپلىرى كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولۇش تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى بولسا، نەملىككە، ئاپتاپقا چىدامىلىق بولۇش، ئۇزاققىچە ئۆڭمەسلىك ۋە تارىماسلىق خۇسۇسىيەتلىرى تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونا بوياق گىلەملەرنىڭ ھېلىھەم ئەتىۋارلىق بۇيۇم ھېسابلىنىشى بۇ نۇقتىنى ئېنىق دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىياللىرىنى بىئوخىمىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە رەڭ بېرىش، بوياشتا ئوينايدىغان رولىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرى، ۋاستىچى بوياق ماتېرىياللىرى، ياسالما بوياق ماتېرىياللىرى ۋە سانائەت بوياق ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1) تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرى

تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرى تەبىئەتتىكى ئوبيېكتلاردىن بىۋاستە ئېلىنغان بوياق ماتېرىياللىرى بولۇپ، ئۇنى «ئاددىي بوياق ماتېرىياللىرى» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنى چىقىش مەنبەسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرى ۋە مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

#### (1) ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرى

ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرى ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەردىن بىۋاستە ئېلىنىدىغان بوياق ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر بوياقچىلىقىدا، رەڭ ماددىسى يۇقىرى بولغان ھەر خىل ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتلىرى يەنى ئۆسۈملۈك چېچىكى، مېۋىسى، ئۇرۇقى، مېۋە پوستى، يوپۇرمىقى، قوۋزىقى، پورى، يىلتىزى قاتارلىقلار بوياق ماتېرىيالى قىلىنىپ كەلگەن. بۇنداق ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز جايىدىن ماتېرىيال ئېلىپ ئىشلىتىلگەن، ئاز بىر قىسمى چەتتىن كىرگۈزۈلگەن. ئۇلاردىن ھازىر ئېنىقلاش مۇمكىن بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

**ئوردان يىلتىزى:** ئوردان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. بوياقچىلىقتا يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى قىزغۇچ، قوڭۇر رەڭلەردە بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ. خام ئەشيانى ئال (قىزىل)، پوررەڭ، جىگەررەڭ، گۆش رەڭ، ئەترەڭ بوياشقا ئىشلىتىدۇ.

**كونا قىزىل رەڭ:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى، شەكلى كاۋاۋىچىنىغا ئوخشايدۇ. قىزىلگۈل رەڭگىدە بولىدۇ. چەتتىن كەلتۈرۈلىدۇ. خام ئەشيانى توق قىزىل ۋە قىزىلگۈل رەڭگىدە بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ (خاس نامى ئۇنتۇلغان، ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ).

**بۈزغۈن:** پىستە دەرىخىنىڭ پىستە بولمايدىغان يىلىدىكى ساختا مېۋىسى، ئۈششاق، ئانارنىڭ يالغان چېچىكىگە ئوخشاش شاكىلىلا

بار، ئۇرۇقى يوق مېۋە، كۆكۈش قىزىل رەڭلىك. ئۆزبېكىستان، ئافغانىستان ۋە شىنجاڭدىن چىقىدۇ. كونا قىزىل رەڭ بىلەن بىللە قىزىل رەڭ ماتېرىيال بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**توخۇمەك ئۇرۇقى:** توخۇمەك دەرىخى چېچەك تاشلىغاندىن كېيىن، بەلدەم - بەلدەم چوكىلاپ ئۇرۇق تۇتىدۇ. پىشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ. شىنجاڭدىن چىقىدۇ. خام ئەشيانى سېرىق رەڭدە نىل بوياق قوشۇپ يېشىل، مايسا رەڭدە بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**توخۇمەك چېچىكى:** توخۇمەك دەرىخىنىڭ چېچىكى ئوبدان ئېچىلغاندا ياكى تۆكۈلگەندە يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. خام ئەشيانى سېرىق رەڭدە بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇجمە پورى:** قېرىغان ئۇجمە دەرىخىنىڭ غول سىرتىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان پور بولۇپ، ھىلال ئاي شەكلىدە، ئۈستى تۈز، ئاستى كۆپۈنكى ھالەتتە ئۆسىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا سېرىق، قۇرۇغاندا قېنىق قوڭۇر (پور) رەڭلىك بولىدۇ. خام ئەشيانى كاۋا چېچىكى ۋە پوررەڭدە بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**زىرىق يىلتىزى:** زىرىق شاخلىرى تىكەنلىك ياۋايى چاتقال دەرەخ. پىشقان مېۋىسى قىزىل رەڭلىك، چۈچۈمەل تەملىك بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورا ھېسابلىنىدۇ. بوياقچىلىقتا ئۇنىڭ يىلتىزى (كۆپىنچە يىلتىزىنىڭ پوستى) خام ئەشيانى سېرىق ياكى ئەترەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**جىگدە قوۋزىقى:** جىگدە دەرىخىنىڭ غول قوۋزىقى، خام ئەشيانى توق ئەترەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كېۋەز شاكىلى:** پاختا غوزىسىنىڭ شاكىلى، خام ئەشيانى ئەترەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ياڭاق پورى:** قېرى ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ غولىدىن قوۋزاق سىرتىغا ئۆسۈپ چىقىدۇ. شەكلى ئۇجمە پورىغا ئوخشاش، ئەمما ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا جىگەر رەڭلىك، قۇرۇغاندا قارىغا مايىل بولىدۇ. خام ئەشيانى قېنىق قوڭۇر رەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ياڭاق پوستى:** ياڭاق مېۋىسىنىڭ كۆك پوستى، سايە جايدا يېيىپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ. سوقۇپ ئۇۋۇتۇپ، خام ئەشيانى بوز، قوڭۇررەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**داۋا:** بىر خىل يۇلغۇننىڭ ئۇرۇقى. كەندىر ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. كۆكۈش قىزىل رەڭلىك بولىدۇ. ئايرىم ھالەتتە تەگلىك رەڭ بېرىشكە

(سۇس قوڭۇر) ئىشلىتىلىدۇ. زاك، ئانار پوستى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ قارا بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ. يۇلغۇننىڭ ئۇچىدا ئۆسكەن غۇژمەك، غەيرىي شەكىللىك يوپۇرماقلار ۋە قۇرۇپ تۆكۈلگەن چىمنى داۋىننىڭ ئورۇنباسارى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا يۇلغۇن شىرنىسىدىن بىر خىل رەڭ ئېلىنىدىغانلىقى، زەمچە ئارىلاشتۇرۇپ قىزىل رەڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىلگەن، تەپسىلاتى ئېنىق ئەمەس.

**كەمىك:** بىر خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزى. ئادەتتە چوڭ بارماق توملۇقىدا، قاتتىق، سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. چىقىش ئورنى ئېنىق ئەمەس، خۇسۇسىيىتى داۋا بىلەن ئوخشاش، قارا بويىلىدىغان رەختلەرنى قوڭۇر تەگلىك رەڭدە بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭ بېرىش ئىقتىدارى داۋىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق.

**ئانار پوستى:** ئانار مېۋىسىنىڭ تاشقى پوستى. خۇسۇسىيىتى داۋا بىلەن ئوخشاش. قارا راڭلىك ماتېرىيال بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئازراق قىزىل رەڭ قوشۇپ جىگەررەڭ ماتېرىيال بوياشقىمۇ بولىدۇ.

**ئانار غازىڭى:** ئانار دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى. ئانار پوستى ۋە داۋىننىڭ ئورۇنباسارى قىلىنىدۇ.

**قارىقات:** ئاق تىكەننىڭ مېۋىسى. توك ۋاقتىدا يېشىل، پىشقاندا كۆكۈش قارا رەڭگە كىرىدۇ. چوڭلۇقى ئىت ئۈزۈمچىلىك كېلىدۇ. شەكلى ياپىلاققا مايىل بولىدۇ. كۆك رەڭلىك بۆز ئارقاق بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قاراگۈل:** قارا لەيلىگۈل ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلى. 1.50 — 2.00 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ناھايىتى كۆپ گۈللەيدۇ. شىنجاڭدىن چىقىدۇ. گۈللىرى دەسلەپ ئېچىلغاندا جىگەررەڭ قىزىل، پىشقاندا قارا رەڭلىك بولىدۇ. گۈل شېخى ئۈستىدە تۇرۇپ قۇرىغاندا يىغىۋېلىنىدۇ. خام ئەشيانى قارا رەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۆرۈك قوۋزىقى:** بۇ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستى بولۇپ، ھۆل ۋاقتىدا سويۇپ ئاجرىتىپ، سالقىن جايدا قۇرۇتۇلىدۇ. خام ئەشيانى مېغىزرەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ھىلھىلە:** بۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى (چەتتىن كەلتۈرۈلىدۇ)، قىزىلغا مايىل سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. سۇس قوڭۇر تەگلىك رەڭ بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**موزا:** بۇ بەللۇت دەرىخىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل مەھسۇلات

بولۇپ، سىرتتىن كەلتۈرۈلىدۇ. سەرگەز قاتارلىق گۈللۈك رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتا تەگلىك رەڭ بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

## (2) مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرى

مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرى، تاغلار، كانلار، دەريالاردىن قېزىۋېلىنىدىغان، توقۇلمىلارنى ھەر خىل بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان تەبىئىي ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**زاك:** بىر خىل كان مەھسۇلاتى، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن چىقىدۇ. قاتتىق، چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە شەكلى ھەر خىل، رەڭگى ئاچ سېرىق بولىدۇ. خام ئەشيانى قارا رەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**نىل:** قاتتىق، چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى ھەر خىل، توق ھاۋا رەڭلىك جىسىم بولۇپ، سىرتتىن كەلتۈرۈلىدۇ. توقۇلمىلارنى بىۋاسىتە ھالدا زۇتتىنە، كۆك بوياشقا، باشقا خۇرۇچلار ياردىمىدە ھاۋا رەڭ يېشىل رەڭلەردە بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا نىلنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ھەمزەك تېگىنى نىل بوياشقا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، كۆك، يېشىل، زۇتتىنە بويىلىدىغان باشقا توقۇلمىلارنى بوياشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ (ئۇيغۇر بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان نىل ئىككى خىل بولۇپ، بىرى قاتتىق تاش ھالەتتە، يەنە بىرى پاراشوك ھالەتتە بولىدۇ. پاراشوك نىل تەبىئىي نىلدىن پىششىقلاپ تازىلانغان تەييار بوياق ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشاش). نىيە قەدىمكى خارابىسىدىن نىل رەڭ تەگلىك ھەمزەك پارچىلىرىنىڭ تېپىلغىنىغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نىلنى بىلىشى ۋە ئىشلىتىشى ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. نىل، بوياقچىلىقتا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، كۆز كېسەللىرىنى، كۆكيۆتەلنى داۋالاشقا، چاچ ئۈندۈرۈش ۋە چاچ قارايتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**سۇرمە:** كۈمۈش رەڭ، قاتتىق، چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى ھەر خىل بولغان بىر خىل كان مەھسۇلاتى. چىقىش ئورنى نامەلۇم. سۇرمىدىن تەييارلانغان ئېرىتمە ئارقىلىق دۇغراق، كۈمۈش رەڭ رەخت بويىلىدۇ.

## 2) ۋاسىتىچى بوياق ماتېرىياللىرى

ۋاسىتىچى بوياق ماتېرىياللىرى دېگىنىمىز، شۇ ماتېرىيالنىڭ ئۆزىدىن پايدىلىنىپ خام ئەشياغا بىۋاسىتە رەڭ بەرگىلى بولمايدىغان ئەمما باشقا بوياق ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تالالار ياكى توقۇلمىلارنى

بوياشتا كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىياللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق ۋاشىتىچى بوياق ماتېرىياللىرى ياكى باشقا بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ رەڭ بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، ياكى بويالغۇچى ماتېرىياللارنىڭ رەڭ ئېلىشىنى چەكلەيدۇ ۋە ياكى ئۇلارنىڭ رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

**زەمچە:** بۇ، ئاق، سۇزۇك ياكى ساغۇچ ئاق رەڭلىك كان مەھسۇلاتى. شىنجاڭنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ. شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل بولىدۇ. تەبىئىي تالالىق مەھسۇلاتلارنىڭ رەڭ سۈمۈرۈش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. پارقىراقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

**ئاقتاش:** بۇ، ئاق ياكى دۇغ ئاق رەڭلىك، قاتتىق مىنېرال ماددا، چىقىش ئورنى ئېنىق ئەمەس. شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى ھەرخىل، ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا توقۇلمىلارنىڭ رەڭ ئېلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاھاك:** بۇ، كۈلرەڭ ياكى تۆمۈر رەڭلىك، قاتتىق تاغ جىنسى بولۇپ، شىنجاڭدىن چىقىدۇ. بوياقچىلىقتا، خۇمداندا كۆيدۈرۈپ پىشۇرۇلغان ئاھاك، توقۇلمىلارنىڭ رەڭ ئېلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**شاخار:** بەزى توقۇلمىلارنى ئاقارتىش بىلەن بوياش بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلماقچى بولسا، رەڭ ئېرىتمىسىگە مۇۋاپىق نىسبەتتە شاخار قوشۇلىدۇ. شاخار تەبىئىي تالالارنىڭ ياغ، كىرلىرىنى ئېلىپ، رەڭ سۈمۈرۈشنى كۈچەيتىدۇ.

**توغرىغا:** بۇ، توغراق دەرىخىنىڭ غولىدىن ئېقىپ چىققان سۇيۇقلۇقنىڭ ھاۋا تەسىرىدە قېتىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ماددا. رەڭ پەرقىگە قاراپ ئاق توغرىغا ۋە سېرىق توغرىغا دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئاق توغرىغا ياش ۋە سۇلۇق توغراق غوللىرىدا ھاسىل بولىدۇ. دانىچىلىرى يۇمشاق ياكى توزاڭسىمان ھالەتتە بولىدۇ. سېرىق توغرىغا تۇپراق نەملىكى ئاز چۆللۈكلەردە ئۆسىدىغان توغراق غوللىرىدا ھاسىل بولىدۇ. سۇس سېرىق ياكى توپا رەڭلىك بولىدۇ. بۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولۇپ بوياقچىلىقتا توقۇلمىلارنىڭ ياغ، كىرلىرىنى تازىلاپ ئاقارتىش، رەڭ ئېلىشنى تېزلىتىش ۋە كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. توغرىغا بوياقچىلىقتىن سىرت ئاشپەزلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

**جىگدە يىلىمى:** جىگدە دەرىخىنىڭ غولىدىن ئېقىپ چىقىپ

قېتىشقان يىلىم. تامغا باسما بوياقچىلىقتا قوشۇمچە خۇرۇچ قىلىنىدۇ. رەڭ تاراپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

### 3) ياسالما بوياق ماتېرىياللىرى

ياسالما بوياق ماتېرىياللىرى — يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەر خىل ئاددىي بوياق ماتېرىياللىرى ياكى باشقا ئاددىي ماتېرىياللارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە قوشۇپ تەييارلىنىدىغان مۇرەككەپ بوياق ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**نىل ئېرىتمىسى:** تەبىئىي قاتتىق نىلنى بوياقچىلىقتا ئىشلىتىشتە، ئالدى بىلەن نىل ئېرىتمىسى تەييارلىنىدۇ. تەييارلاش ئۇسۇلى مۇنداق: بىر ياكى بىر قانچە چوڭ ئىدىش (ياكى كۈپ) تام مەش ياكى ئوچاقلىق سۇپا بار ئۆيگە ئورناشتۇرۇلۇپ سۈزۈك سۇ قاچىلىنىدۇ. 1 : 250 نىسبەتتە قۇرۇق كۆك ئۈزۈم سوقۇپ يانچىلىپ داكا خالتىغا قاچىلاپ ئىدىشقا سېلىنىدۇ. ئىدىش ئاغزى يېپىپ قويۇلىدۇ. ئۆي تېمپېراتۇرىسى 30 سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا ساقلىنىدۇ (ھاۋا سوغۇق پەسىللەردە تام مەش ياكى سۇپا ئاستىدىكى ئوچاقتا ئىس سېلىنىپ تېمپېراتۇرا تەڭشىلىدۇ). تەخمىنەن 10 — 15 كۈندە ئىدىشتىكى سۇ ئېچىپ بۇژۇلداپ كۆپۈكلىشىدۇ. بۇ چاغدا 1 : 500 نىسبەتتە قاتتىق نىل سوقۇپ پاراشوك قىلىنىپ ئىدىشقا سېلىنىدۇ ۋە تەكشى قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەنە 1 : 100 نىسبەتتە شاخار ئېرىتمىسى قۇيۇلىدۇ.

بۇنداق تەييارلانغان نىل ئېرىتمىسىنى ئۆي تېمپېراتۇرىسى ياخشى ساقلانسا، ئېھتىياجغا قاراپ نىل سېلىپ، نىل مىقدارىنى تەڭشەش ئارقىلىق بىر يىلغىچە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

نىل ئېرىتمىسىنى ئىشلىتىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، يىپەك، بۆز، يۇڭ بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى بوياشقا بولىدۇ. نىل ئېرىتمىسىدە خام ئەشيا بوياشتا سوغۇق بوياق (يەنى خام ئەشيانى سوغۇق ئېرىتمىگە بىۋاسىتە چىلاپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇش) ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. نىلغا سېلىنغان خام ئەشيانىڭ ئېرىتمىدە تۇرغۇزۇلىدىغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ نىل كۆك (زۇتىنە رەڭ)، ھاۋا رەڭ، ئاچ ھاۋا رەڭلەردە بوياشقا بولىدۇ. تۇخۇمەك ئۇرۇقى ياكى تۇخۇمەك چېچىكى ئارقىلىق سېرىق بويالغان خام ئەشيانى نىلغا سېلىپ، ئېرىتمىدە تۇرغۇزۇلغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقىغا ئاساسەن يېشىل، مايسىرەڭ، ئاچ مايسىرەڭ قاتارلىق رەڭلەردە بوياشقا بولىدۇ.

**كاتاپ:** كاتاپ باسما بوياقچىلىقتا ناهايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ بوياق بولۇپ، شاتبىۋار، تېرىكە، مەنپەزە، سەرگەز، داستىخان، زەدىۋال قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا كەم بولسا بولمايدۇ.

كاتاپ تەييارلاشقا سۇ، بۇغداي ئۇنى، تۆمۈر، تۇز، جىگدە يىلمى قاتارلىقلار خۇرۇچ قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن بۆغداي ئۇنى قازانغا توشقۇزۇلغان سۇزۇك سۇغا چېلىنىپ سېلىنىدۇ (سۇ بىلەن ئۇن نىسبىتى 1 : 25 بولىدۇ)، ئاز مىقداردا تۇز قويۇلىدۇ ۋە بىر ئاز قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاندىن بۇ سۇيۇقلۇق ساپال ئىدىشقا قويۇلىدۇ (ياكى مەنتەك سۇيى ئىشلىتىلىسىمۇ بولىدۇ). سۇيۇقلۇققا كونا تۆمۈر، تۆمۈر داشقىلى سېلىنىپ، 15 كۈن ئەتراپىدا تۇرغۇزۇلىدۇ. ئىدىشتىكى تۆمۈر ـ تەسەكلەر ھەر كۈنى 4 — 5 نۆۋەت ئۆرۈپ تۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە تۆمۈر داتلىشىپ ۋە دات تېتىقى سۇيۇقلۇققا تەكشى تاراپ سارغۇچ رەڭگە كىرىدۇ. تۆمۈر بىلەن سۇنىڭ مۇقىم نىسبەت مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، داۋىلانغان رەخت پارچىسى سۇيۇقلۇققا چۆكۈرۈپ ئېلىنغاندا دەرھال قارا رەڭگە كىرسە، سۇيۇقلۇق پىشقان ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق سۇيۇقلۇق «كاتاپ» دەپ ئاتىلىدۇ. كاتاپنى ئىشلىتىش ۋاقتىدا مەلۇم نىسبەتتە جىگدە يىلمى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

كاتاپنىڭ رەڭ مۇقىملاشتۇرۇش ئۈنۈمى ئىنتايىن يۇقىرى ۋە تۇراقلىق بولىدۇ. ئادەتتە، تەبىئىي بوياقلاردىن توخۇمەك رەڭ ئارقىلىق بويالغان ياكى زاۋۇت بوياقلىرىدا بويالغان بۇيۇملارنىڭ بويىلىشى خاتا بولۇپ قالغاندا، شاخار، زەمچە ياكى بوياق چىقىرىش پاراشوكى، ئاقارتىش پاراشوكى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، خاتا بولۇپ قالغان بوياقنى يۇيۇپ چىقىرىپ تاشلاپ قايتا بوياشقا بولىدۇ. لېكىن، كاتاپ بىلەن بويالغان بوياقنى ھەرقانداق ۋاستە بىلەن چىقىرىپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا كاتاپنى چوقۇم توغرا ئىشلىتىش، خاتا ئىشلىتىپ قويماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 4) سانائەت بوياق ماتېرىياللىرى

ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا XIX ئەسىردىن باشلاپ پەيدىنپەي بىر قىسىم سانائەت بوياق ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە نىل رەڭ (بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى «نىل» دىن پەرقلىق بولۇپ، ساپ ۋە تازا بولغان پاراشوك ھالەتتىكى «نىل رەڭ» نى كۆرسىتىدۇ.) ھىندىستاندىن، قىزىل رەڭ، ئوردان

رەڭ ۋە «پەرەڭ رېڭى» قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرى، ياردەمچى بوياق ماتېرىياللىرى، ياسالما بوياق ماتېرىياللىرى ۋە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن سانائەت بوياق ماتېرىياللىرىنى ئارىلاش ئىشلىتىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. شۇنداقلا سانائەت بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭىيىپ، يەرلىك بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ ئورنىنى ئالغان. يېقىنقى 40 ~ 50 يىلدىن بۇيان يەرلىك بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئاساسەن ئەمەلدىن قېلىپ، سانائەت بوياقلىرى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، بوياقچىلىقنىڭ كۆپلىگەن تۈرلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىزى ئۆچتى. ھازىر سانائەت بوياقلىرى ئەتلەس، بەقەسەم يىپلىرى، بۆز گىلەم، داستىخان يىپلىرىنى بوياشقا ۋە زىلچا گىلەم يىپلىرىنى بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

سانائەت بوياق ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى بوياق ماتېرىياللىرى تىجارىتى ئاستا - ئاستا غايىب بولدى. بۇ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار سانائەت بوياق ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتتى. خوتەن، يەركەن، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردىكى چوڭ - كىچىك بازارلاردا ھېلىھەم مەخسۇس بوياق ماتېرىياللىرى بازىرى قىزىيدۇ. بوياق ماتېرىياللىرى تىجارىتى قىلىدىغان كاسىپلار خەلق تىلىدا «رەڭچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە بۇنداق كەسىپ نامى لەقەم بولۇپ كەتكەن. ساقاللىرى قىزىل، قوللىرى يېشىل بويىلىپ كەتكەن بۇنداق رەڭچىلەرنىڭ يايمىسىدىن پارچە قاچىلانغان ۋە ئايرىم قاچىلانغان سانائەت بوياقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تېپىلىدۇ. رەڭچىلەر باس - باس بولۇپ كەتكەن خېرىدارلارغا ھەر خىل بوياقلارنى قانداق ئىشلىتىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سانائەت بوياق ماتېرىياللىرى ئەرزان، ھەجمى كىچىك، يۆتكەش قولايلىق، بوياق سۇيۇقلۇقى تەييارلاش ۋە بوياش ئىش تەرتىپى ئاز ۋە ئاسان بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ئەمما سانائەت بوياقلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، كىسلاتالىق بوياق، كىسلاتاسىز بوياق دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر تۈردىكى بوياقلار يەنە قىزىل، سېرىق، كۆك، قارا دېگەندەك نۇرغۇن رەڭ خىللىرىغا بۆلۈنىدۇ. بۇنداق بوياقلار گەرچە ئوخشاشلا «قىزىل» ياكى «سېرىق» دەپ ئاتالسىمۇ، ئوخشاشمىغان تۈردىكى ئوخشاش بوياقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى

ۋە قوشۇمچە خۇرۇچلىرى ئازدۇر- كۆپتۇر پەرقلىنىدۇ. بەزى بوياقلار يىپەك بوياشتا ياخشى ئۈنۈم بەرسە، سۇنئىي تالالارنى بوياشتا ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. بەزىلىرى كىسلاتانى خالىسا، بەزىلىرى خالىمايدۇ، شۇڭا سانائەت بوياقلىرىنى قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا ئىشلەتكەندە رەڭ تۈرىنى، رەڭ خىلىنى ۋە قوشۇمچە خۇرۇچلارنــى تاللاش توغرا بولمىسا، بوياق ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. ئەگەر بوياق ياخشى تاللانسا — سۇ، بوياق، قوشۇمچە خۇرۇچ نىسبىتى توغرا ئىگىلەنسە، بوياق سۈپىتىنى (ئاخىرقى ھېسابتا مەھسۇلات سۈپىتىنــى) زور دەرىجىدە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

شۇڭا، تۆۋەندە ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا يىپەك تالالىق بۇيۇملارنى بوياشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر قىســم سانائەت بوياقلىرى ۋە قوشۇمچە خۇرۇچلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**يىپەك بۇيۇملارنى بوياشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سانائەت بوياقلىرى:**

| ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى | بوياق بەلگىسى | خەنزۇچە نامى |
|---|---|---|
| كىسلاتالىق شوخ كۆك بوياق (زۆتىنە بوياق) | 6B | 酸性粑兰 |
| كىسلاتالىق شوخ قىزىل بوياق | B | 酸性粑红 |
| كىسلاتالىق شوخ يېشىل بوياق | G5 | 酸性粑绿 |
| بىۋاسىتە كۆك چېقىش قارا بوياق | R5 | 直接元青 |
| بىۋاسىتە تۇم قارا بوياق | TBRN | 直接元 |
| بىۋاسىتە قارا بوياق | G | 直接黑 |
| بىۋاسىتە قىزىل بوياق | 4BS, F3G | 直接红 |
| بىۋاسىتە سېرىق بوياق | | 直接黄 |
| بىۋاسىتە توق سېرىق G بوياق | | 直接东黄 |
| بىۋاسىتە جىگەر رەڭ بوياق (چىلان قىزىل) | | 直接枣红 |
| بىۋاسىتە كۆك بوياق | | 直接兰 |

بۇنداق سانائەت بوياقلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرى ئارقىلىق بىۋاسىتە بويىغىلى بولمايدىغان

قاراء شوخ يېشىل، شوخ قىزىل قاتارلىق رەڭ خىللىرىنى بىۋاستە بوياپ چىققىلى بولىدۇ. بەزى بوياقلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە تەڭشەش ئارقىلىق يەنە نۇرغۇن رەڭ خىللىرىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

يىپەك بۇيۇملارنى بوياشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە خۇرۇچلار

رەڭ تۇتۇش خۇرۇچى: ( 固色剂 ) يىپەك تالالىق مەھسۇلاتلارنىڭ رەڭ ئېلىش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

ئاقارتىش خۇرۇچى: ( 增白剂 ) يىپەك يىپ، توقۇلمىلارنى كىر - داغلاردىن تازىلاش، ئاقارتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

تەكشى بوياش خۇرۇچى: ( 均染剂,平平加 ) يىپەك يىپ، توقۇلمىلارنى ئاقارتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، بوياقنى ئاستا ۋە تەكشى سۈمۈرگۈزۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ خۇرۇچنى ئىشلەتكەندە، بويالغۇچى بۇيۇملارنىڭ ئالا- بۇلىماچ بويىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

سىركە كىسلاتاسى: ( 醋酸 ) سۈزۈك، سېسىق پۇراقلىق كىسلاتا، يىپەك بۇيۇملارنىڭ رەڭ ئېلىش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

بىخەتەرلىك پاراشوكى: ( 保险粉 ) رەڭ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. يىپ ياكى توقۇلمىلار مەلۇم سەۋەبلەردىن خاتا بويىلىپ قالسا، باشقا خۇرۇچلار بىلەن قوشۇپ، خاتا بويالغان بۇيۇمنى ئاقارتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

شاخار: ( 碱 ) يىپەك يىپ، توقۇلمىلارنى ياغسىزلاش، يېلىم تازىلاش، ئاقارتىش، يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنداقلا يىپەك بۇيۇملارنىڭ رەڭ ئېلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

## 3. ئەنئەنىۋى يىپەك بوياقچىلىقى

يىپەك بوياقچىلىقى دېگىنىمىز، ئاۋۋال بويىلىپ ئاندىن توقۇلىدىغان ئەتلەس، بەقەسەم، دەبىيارە قاتارلىق يىپەك رەختلەرنىڭ ئۆرۈش - ئارقاق يىپلىرىنى بوياش ۋە ئاۋۋال توقۇلۇپ ئاندىن بويىلىدىغان رەڭدار شايى، ياغلىق، گۇلۋەرە قاتارلىق يىپەك رەختلەرنى بوياش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى بولسا، يىپەك مەھسۇلاتلىرىغا گۈل چىقىرىش ياكى رەڭدارلىققا ئىگە قىلىشنىڭ پۈتۈنلەي تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، قول

ھۈنەر مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

### 1) يىپەك يىپ بوياقچىلىقى

بۇ، تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يىپەك يىپ بوياشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئەتلەس ئۇرۇشلىرى (يەنى ھەربىر تال ئۇرۇش يىپ) بىر نەچچە خىل رەڭدە بويىلىدۇ. دەييارە، بەقەسەم قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇشلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر خىل رەڭدە بويىلىدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن يىپەك يىپ بوياقچىلىقىنى گۈللۈك يىپەك يىپ بوياش ۋە سىدام رەڭدار يىپەك يىپ بوياشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

#### (1) گۈللۈك يىپەك يىپ بوياش

گۈللۈك يىپەك يىپ (يەنى ئەتلەس ئۇرۇش يىپى) بوياشتا، يىپ تېنىگە رەڭ بېرىش بىلەن رەڭ ئېلىشنى چەكلەش ئۇسۇلى تەڭ قوللىنىلىدۇ. ھەر خىل تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرى رەڭ بېرىش ۋاستىسى قىلىنسا، قوناق پوستىكى رەڭ چەكلەش ۋاستىسى قىلىنىدۇ. قايناتما بوياق ياكى چىلىما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق رەڭ بېرىلسە، چەگمە بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق رەڭ چەكلىنىدۇ. (مۇنداقچە ئېيتقاندا يىپ تېنىدىكى ئەسلىي رەڭ ساقلاپ قېلىنىدۇ) ئەتلەس ئۇرۇشلىرىنى بوياشتا يەنە قازان، كاسا، نوغۇچ، لەڭگەر چۆپ قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

قوناق پوستىكى: كۆممىقوناق باشقى پىشىپ يىغىۋېلىنغاندا، باشاق پوستىكىنىڭ ئىچكى قەۋەتلىرىدىكى نېپىز، يۇمشاق، ئەۋرىشىملىكى ياخشى بولغان پوستەكلەر ئاۋايلاپ سويۇپ ئايرىۋېلىنىدۇ ۋە ئايرىم ساقلىنىدۇ. يىپ بوياش ۋاقتىدا، يىپ گەۋدىسىدىكى ئەسلىي رەڭنى ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك ئورۇنلارغا يۆگەپ، ئەسلىي رەڭنى قوغداپ، بوياق سۈيۈقلۇقىدىكى رەڭنى چەكلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

تاناپ: بۆز يىپتىن پىششىق ئېشىلگەن ئىنچىكە تاناپ، ئۇرۇشقا يۆگەلگەن پوستەك ئۈستىدىن ئوراپ چەگمەك چىگىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

نىل ئېرىتمىسى، كاتاپ قاتارلىق ياسالما بوياق ماتېرىياللىرىدىن ئۆزگە، زەمچە ئېرىتمىسى، داۋا، تۇخۇمەك رەڭ بوياق، قىزىل رەڭ بوياق قاتارلىقلار تەييارلىنىدۇ.

زەمچە ئېرىتمىسى تەييارلاش: چوڭراق ئىدىش ياكى كاسىغا

بويالماقچى بولغان يىپەك يىپ چۆكۈشكۈدەك مىقداردا سۇزۇك سۇ قۇيۇلىدۇ. 3:100 نىسبەتتە زەمچە سېلىپ قوچۇپ ئېرىتىلىدۇ.

داۋا تەييارلاش: 10 جىڭ يىپەك يىپ بوياش ئۈچۈن ئۈچ جىڭ ئانار پوستىنى 20 جىڭ سۇغا سېلىپ بىر يېرىم سائەت قاينىتىلىدۇ. ئاندىن تىندۇرۇپ سۈزۈك قىسمى ئايرىۋېلىنىدۇ.

تۇخۇمەك رەڭ بوياق تەييارلاش: ئىككى جىڭ يىپەك يىپ بوياش ئۈچۈن 10 جىڭ سۇغا بىر جىڭ تۇخۇمەك چېچىكى، يېرىم جىڭ توغرىغا سېلىپ قاينىتىلىدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە توغرىغا مىقدارى رەڭ قېنىقلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ماتېرىيال توق سېرىق بويالماقچى بولسا، توغرىغا مىقدارى بىر ئاز كۆپەيتىلىدۇ. ئاچ سېرىق بويالماقچى بولسا، بىر ئاز ئازايتىلىدۇ.) سۇ قايناپ يېرىمى قالغاندا ئوت توختىتىلىپ، ئېرىتمە تىندۇرۇلىدۇ ۋە سۈزۈك قىسمى ئايرىۋېلىنىدۇ.

قىزىل بوياق تەييارلاش: قىزىل بويىلىدىغان يىپ چۆكۈشكۈدەك مىقداردىكى سۇغا 10:100:1000 نىسبەتتە كونا قىزىل بوياق (ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى) پاراشوكى ۋە بۇزغۇن پاراشوكى (يەنى بىر كىلوگرام يىپەك يىپ ئۈچۈن 100 گرام قىزىل بوياق، 10 گرام بۇزغۇن پاراشوكى) سېلىپ يېرىم سائەت قاينىتىلىدۇ. ئاندىن خورۇچ تىرىپلىرى سۈزۈپ تاشلىنىدۇ.

ھەر خىل نۇسخىلىق ئەتلەس ئۆرۈشلىرى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق بويىلىدۇ.

قارا ئەتلەس ئۇرۇش يىپىنى بوياش، تۆت باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق بويىلىدۇ.

1 - باسقۇچ: قارا ئەتلەس ئۇرۇش يىپى ئالدىنقى بابتا بايان قىلىنغان ئۇسۇل بويىچە تاناپ دۇكىنىغا تارتىپ بويىلىدىغان جايلىرىغا چەن سىلىنغاندىن كېيىن، گۈل ئورنى (ئاق رەڭ ساقلاپ قېلىنىدىغان جايلىرى) بوغۇلىدۇ، يەنى بىر ئادەم ئۆرۈش تانىپىنىڭ بوغۇشقا تېگىشلىك جايلىرىنى مەھكەم قىسىپ تۇتۇپ بېرىدۇ. يەنە بىر ئادەم بوغۇشقا تېگىشلىك تاناپ ئۈستىگە قوناق باشقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يۇمشاق پوستىكىنى بىرنەچچە قەۋەت چىڭ ئوراپ، ئۈستىدىن ئىنچىكە تاناپ بىلەن باشتىن - ئاياغ پۇرشىن شەكلىدە مەھكەم ئوراپ چىگىپ چىقىدۇ. بىرقېتىملىق تەييارلانغان ئەتلەس ئۆرۈش تانىپى مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بىرنەچچە يۈز يەردىن ئوراپ چەگمەك چىگىلىدۇ. ئاندىن 20 سىلسىيە گرادۇسلۇق سۈزۈك سۇغا ئىككى سائەت چىلاپ چەگمەك ئارىسىغا تولۇق سۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ

(چەكمەك چىگىشتە، يىپنىڭ بوياق بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشىنى چەكلەش مەقسەت قىلىنىدۇ. چەكمەك ئارىسىغا سۇ ئۆتكۈزۈشتە بولسا، يىپنى سۇغا تويۇندۇرۇپ، چەكمەك ئىككى بىشىدىكى يىپ ئارىلىقىدىن رەڭ سۇمۇرۇۋىلىشنى چەكلەش مەقسەت قىلىنىدۇ).

2 ـ باسقۇچ: زەمچە ئېرىتمىسىدىن ئېلىپ سىقىپ، نىل بوياققا سېلىپ يېرىم سائەت تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن بوياقتىن ئېلىپ سىقىلىدۇ ۋە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇرۇشنىڭ تەگلىك قىسمى زۆتىنە رەڭگە كىرىدۇ. چەكمەك ئىچى ئاق رەڭنى ساقلاپ قالىدۇ.

3 ـ باسقۇچ: زۆتىنە بويالغان ئۇرۇش سۇزۇك سۇدا چايقىلىدۇ. قايتىدىن تاناپ دۇكىنىغا تارتىلىپ زۆتىنە گۇل چىقىرىلىدىغان جايلارغا چەكمەك چىگىلىدۇ. ئاندىن قازانغا يىپەك چىلاشقۇدەك سۇ قۇيۇپ، ئۇستىگە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇل ئارقىلىق تەييارلانغان تۇخۇمەك رەڭ قۇيۇلىدۇ. يىپەك سېلىنىپ يېرىم سائەت قاينىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنىڭ چەكمەك سىرتىدىكى قىسىملىرى يېشىل ماش رەڭ بويىلىدۇ.

4 ـ باسقۇچ: يېشىل بويالغان ئۇرۇش قازاندىن ئېلىنىپ سۇزۇك سۇ بىلەن چايقىلىدۇ ۋە ھۆل پېتى تاناپ دۇكىنىغا تارتىلىپ، يېشىل رەڭلىك گۇل چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغان جايلىرىغا چەكمەك چىگىلىدۇ (ئەگەر يېشىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس توقۇلماقچى بولسا، بۇ ۋاقىتتا يەنە ئاق گۇل چەكمەكلىرىنىڭ ھەر ئىككى ئۇچىدىن 1 ~ 2 سانتىمېتىر قىسمىغا چەكمەك چىگىلىدۇ). ئاندىن دۇكاندىن چۇشۇرۇپ كاتاپ بوياققا سېلىپ تېز ـ تېز ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، 15 مىنۇت تۇرغۇزۇپ ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چەكمەك سىرتىدىكى جايلار قارا بويىلىدۇ. ئاندىن سۇزۇك سۇدا تەكرار چايقاپ چىڭ سىقىلىدۇ. بارلىق چەكمەكلەر يېشىپ تاشلىنىدۇ ۋە لەڭگەر چۆپكە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

دېمەك، قارا ئەتلەس (شۇنداقلا يېشىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس) ئۇرۇشى ئۇچ قېتىمغا بۆلۈپ چەكمەك چىگىش، ئۇچ قېتىم (بۇنىڭ ئىچىدە بىر قېتىملىقى ۋاستىچى بوياق) سوغۇق بوياققا ، بىر قېتىم قايناتما بوياققا سېلىش ئارقىلىق بويىلىدۇ. ئۇرۇش يىپلار گەۋدىسىدە ئاق، زۆتىنە، يېشىل ۋە قارا قاتارلىق تۆت خىل رەڭدىن تەركىب تاپقان گۇل نەقىش شەكلى ھاسىل قىلىنىدۇ.

سېرىق ئەتلەس ئۇرۇش يىپىنى بوياش، ئۇچ ياكى بەش باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

1 ـ باسقۇچ: ئاق تەگلىك ئورنىغا چەكمەك چىكىپ سۇغا تويۇندۇرۇلىدۇ، ئاندىن زەمچىلىنىدۇ.
2 ـ باسقۇچ: زەمچىلەنگەن ئورۇش تۇخۇمەك رەڭگە سېلىنىپ قايناتما بوياق قىلىنىدۇ (ئۇسۇلى قارا ئەتلەس ئورۇشنى تۇخۇمەك رەڭگە سالغانغا ئوخشايدۇ). نەتىجىدە، تەگلىكتىن ئۆزگە گۈل قىسىملىرى سېرىق رەڭدە بويىلىدۇ.
3 ـ باسقۇچ: تۇخۇمەك رەڭدىن ئېلىپ، سۈزۈك سۇدا چايقاپ تاناپ دۇكىنىغا تارتىلىدۇ. سېرىق گۈل چىقىرىشقا تېگىشلىك ئورۇنلارغا، قىزىل ـ سېرىق زەنجىر كانارىلىق توقۇلماقچى بولسا، سېرىق زەنجىر ئورنىغا چەكمەك چىگىلىدۇ. سېرىق گۈللەر ئىچىگە يېشىل ناسىۋاي چىقىرىلىدىغان ئورۇنلارغىمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا چەكمەك چىگىلىدۇ. ئاندىن دۇكاندىن چۇشۇرۇپ، ئالدىن تەييارلانغان قىزىل بوياق سۇيۇقلۇقىغا سېلىپ 40 مىنۇت قايناتما بوياق قىلىنىدۇ. نەتىجىدە ئورۇشنىڭ چەكمەك سىرتىدىكى جايلىرى قىزىل بويىلىدۇ (قىزىل رەڭ قېنىقلىقى قىزىل بوياق تەركىبىگە زەمچە سېلىش ـ سالماسلىقىقا باغلىق، زەمچە سېلىنسا، ئۇ تۇخۇمەك رەڭنى قايتۇرىدۇ. ئورۇش يىپ قىزىل رەڭنى توسالغۇسىز سۈمۈرەلەيدۇ. توق قىزىل گۈل رەڭگىدە بويىلىپ چىقىدۇ. زەمچە سېلىنمىسا، تۇخۇمەك رەڭ يىپنىڭ قىزىل رەڭنى سۈمۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. يىپ هال رەڭ بويىلىپ چىقىدۇ). ئاندىن سۈزۈپ، سۈزۈك سۇدا چايقىلىدۇ.
4 ـ باسقۇچ: ئەتلەس، قارا ـ سېرىق كانارىلىق توقۇلماقچى بولسا، كانارىلىق يىپلارنىڭ سېرىق زەنجىر ئورنىغا چەكمەك چىگىلىدۇ. ئاندىن داۋىغا بېسىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا زەنجىر گۈل ئورنى قارا بويىلىپ چىقىدۇ.
5 ـ باسقۇچ: ئورۇش داۋىدىن ئېلىپ سىقىپ بارلىق چەكمەكلەر يېشىلىدۇ. ئاندىن يېشىل ناسىۋاي چەكمەكلىرىنىڭ ئورنىدىكى تۇخۇمەك رەڭلىك جايلار ئايرىم ـ ئايرىم هالدا داۋىغا چۆكۈرۈپ بويىلىدۇ. نەتىجىدە ناسىۋاي ئورنى يېشىل رەڭگە كىرىدۇ.
دېمەك، رەڭ تۈرى ئەڭ تولۇق بولغان ئاق تەگ، سېرىق ـ قىزىل گۈللۈك، قارا ـ سېرىق زەنجىر كانارىلىق، يېشىل ناسىۋايلىق سېرىق ئەتلەس ئورۇشى يۇقىرىقى بەش باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق بەش خىل رەڭگە كىرگۈزۈلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا توقۇلماقچى بولغان ئەتلەس تۈرى سېرىق ـ قىزىل زەنجىر كانارىلىق سېرىق ئەتلەس بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئورۇش يىپىنى بوياش يۇقىرىدا بايان

قىلىنغان ئالدىنقى ئۈچ باسقۇچلۇق بوياش مەشغۇلاتى ئارقىلىق تاماملىنىدۇ. بىرىنچى قېتىم چەگمەك چىگىلگەن جايلار ئاق رەڭنى ساقلاپ قالىدۇ. چەگمەك سىرتى سېرىق رەڭدە بويىلىدۇ؛ ئىككىنچى قېتىمدا چەگمەك چىگىلگەن جايلار سېرىق رەڭنى ساقلاپ قالىدۇ. چەگمەك سىرتى قىزىل رەڭدە بويىلىدۇ. ئەتلەس گۈللىرى يۇقىرىقى ئۈچ خىل رەڭدىن تەركىب تاپىدۇ. ئەگەر، توقۇلماقچى بولغان ئەتلەس تۈرى سېرىق - قارا زەنجىر كانارىلىق سېرىق ئەتلەس بولىدىغان بولسا، تۆتىنچى باسقۇچلۇق بوياش مەشغۇلاتى كۆپەيتىلىدۇ، يەنى كانارا ئۇرۇش يىپلىرىنىڭ سېرىق زەنجىر گۈلى ئورنىغا چەگمەك چىگىلىپ، ئاندىن كانارىلىق يىپلار داۋا ئېرىتمىسىگە سېلىنىپ، سوغۇق بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق قارا زەنجىر گۈل ئورنى قارا بويىلىدۇ. ئەتلەس گۈللىرى ئاق، سېرىق، قىزىل، قارا قاتارلىق تۆت خىل رەڭدىن هاسىل قىلىنىدۇ. ئەگەر توقۇلىدىغان ئەتلەس تۈرى سېرىق - قارا زەنجىر كانارىلىق، يېشىل ناسۋايلىق سېرىق ئەتلەس بولىدىغان بولسا، بەشىنچى باسقۇچلۇق بوياش مەشغۇلاتى كۆپەيتىلىدۇ. يەنى ئۈچىنچى باسقۇچلۇق مەشغۇلات داۋامىدا چىگىپ قويۇلغان ناسۋاي گۈل چەگمەكلىرى يېشىپ تاشلىنىپ، ناسۋاي گۈل ئورنى ئايرىم - ئايرىم هالدا داۋىغا چۆكۈرۈپ بويىلىدۇ. نەتىجىدە، سېرىق رەڭلىك ناسۋاي گۈللەر ئورنى يېشىل رەڭگە كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەتلەس ئۇرۇش يىپ گەۋدىسىدە ئاق، سېرىق، قىزىل، قارا ۋە يېشىلدىن ئىبارەت بەش خىل رەڭدىن تۈزۈلگەن ئەتلەس گۈللىرى هاسىل قىلىنىدۇ.

قىزىل ئەتلەس ئۇرۇش يىپىنى بوياش. بۇ خىل بوياش بەش باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

1 - باسقۇچ: ئاق تەگلىك ئورنىغا چەگمەك چىگىلىپ، سۇغا تويۇندۇرۇلىدۇ، ئاندىن زەمچىلىنىدۇ.

2 - باسقۇچ: يېشىل بويىلىدىغان جايلار ئايرىم - ئايرىم هالدا ئاۋۋال نىل ئېرىتمىسىگە، ئاندىن تۇخۇمەك رەڭگە چۆكۈرۈپ يېشىل بويىلىدۇ.

3 - باسقۇچ: قارا بوياشقا تېگىشلىك جايلار ئايرىم - ئايرىم هالدا ئاۋۋال داۋىغا، ئاندىن كاتاپقا چۆكۈرۈش ئارقىلىق قارا بويىلىدۇ.

4 - باسقۇچ سېرىق گۈل چىقىرىشقا تېگىشلىك جايلار ئايرىم-ئايرىم هالدا تۇخۇمەك رەڭگە چۆكۈرۈپ سېرىق بويىلىدۇ.

5 - باسقۇچ: ئۇرۇش يىپ قايتىدىن تاناپ دۈكىنىغا تارتىلىپ

2 ـ، 3 ـ، 4 ـ باسقۇچتا يېشىل، قارا، سېرىق بويالغان جايلارغا ئايرىم ـ ئايرىم هالدا چەگمەك چېگىلىدۇ. ئاندىن قىزىل بوياققا سېلىپ قايناتما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق قىزىل رەڭلىك گۈل ئورنى بويىلىدۇ.

دېمەك، قىزىل ئەتلەس ئۇرۇشى بەش باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق بوياپ، ئۇرۇش گەۋدىسىدە بەش خىل رەڭدىن تەركىب تاپقان گۈل ـ نەقىش هاسىل قىلىنىدۇ.

زۆتىنە ئەتلەس ئۇرۇشىنى بوياش. ئاق گۈل ئورنى بوغۇلۇپ، زەمچىلىنىدۇ. ئاندىن نىل ئېرىتمىسىگە يېرىم سائەت چىلاپ زۆتىنە بويىلىدۇ. بوياقتىن ئېلىپ سىقىپ چەگمەكلىرى يېشىلگەندىن كېيىن، يېشىل بويىلىدىغان قىسىملىرى نىل رەڭلىك جايىنى قايناپ تۇرغان تۇخۇمەك رەڭگە چۆكۈرۈش ئارقىلىق، قىزىل ياكى سېرىق ناسىۋاي گۈللىرى ئاق گۈللەرنىڭ مۇناسىپ قىسىملىرىنى قايناپ تۇرغان قىزىل ياكى تۇخۇمەك رەڭگە چۆكۈرۈش ئارقىلىق بويىلىدۇ.

يەكەن ئەتلىسىنىڭ گۈل نۇسخىسى قارا، سېرىق، قىزىل ۋە زۆتىنە ئەتلەس نۇسخىلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن، شۇنداقلا ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ياندىشىپ ئۈچ يول ئىككى دەۋر ياكى تۆت يول ئىككى دەۋر قىلىپ جايلاشتۇرۇلۇشىدىن هاسىل بولغانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدى. نۇسخا گۈللىرىنى بۇنداق دەۋرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇرۇش يىپلارنى تاناپ دۆكىنىغا تارتىپ چەگمەك چىگىش داۋامىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئاندىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت خىل ئەتلەس ئۇرۇشلىرىنى بوياشتىكى ئومۇمىي قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ ئوخشاشمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق بويىلىدۇ. بۇنىڭدىكى كونكرېت ئۇسۇللار تۆۋەندىكىچە:

ئاق رەڭنى ساقلاپ، سېرىق، قىزىل بوياشتا، ئاۋۋال ئاق گۈل ياكى ئاق تەگلىك ئورنى چىگىلىدۇ. ئاندىن تۇخۇمەك رەڭگە سېلىپ سېرىق بويىلىدۇ. ئاخىرىدا سېرىق گۈل ئورنى چىگىلىپ قالغان قىسمى تۇخۇمەك رەڭدە قايناتما بوياق قىلىنىدۇ. ئاندىن سېرىق گۈل ئورنىغا چەگمەك چىگىلىپ، نىل بوياققا سېلىپ سوغۇق بوياش ئۇسۇلىدا بوياپ يېشىل رەڭ هاسىل قىلىنىدۇ.

ئاق رەڭنى ساقلاپ، زۆتىنە بوياشتا، ئاق گۈل ئورنى چىگىلىپ، نىل بوياقتا سوغۇق بوياش ئارقىلىق قالغان قىسمى زۆتىنە بويىلىدۇ.

قىزىل رەڭلىك گۈللەر ئىچىدىن قارا رەڭلىك گۈل چىقىرىشتا، قارا بوياشقا تېگىشلىك جاي قايناپ تۇرغان قىزىل بوياققا چۆكۈرۈش ئارقىلىق قارا رەڭگە كىرگۈزۈلىدۇ.

ئاق تەگلىك ياكى ئاق گۈل ئىچىدىن قىزىل رەڭلىك گۈل چىقىرىشتا، قىزىل بوياشقا تېگىشلىك جايلار قايناپ تۇرغان قىزىل بوياققا چۆكۈرۈش ئارقىلىق بويىلىدۇ. دېمەك، يەركەن نۇسخا ئەتلەستە كەم دېگەندە ئالتە خىل رەڭدىن گۈل - نەقىشلەر ھاسىل قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئەتلەس ئۇرۇشلىرىنى بوياشتا، ئاجىز رەڭدىن كۈچلۈك رەڭگە ئۆتۈش تەرتىپى، يەنى ئاق ← سېرىق ← قىزىل ← يېشىل ← قارا تەرتىپى بويىچە چەگمەك چىگىلىپ، ئاجىز رەڭلەر قوغداپ قېلىنىدۇ. قانچە قېتىم بوياققا سېلىنمىسۇن، بارلىق چەگمەكلەر ئاخىرغىچە ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئاق، سېرىق، قىزىل رەڭلەر ئىچىدىن باشقا رەڭلىك گۈللەرنى چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە چۆكۈرۈپ بوياش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مۇشۇ قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ، ئەتلەسنىڭ بارلىق نۇسخىلىرىنى بوياپ چىققىلى بولىدۇ. شۇڭا بىر - بىرلەپ بايان قىلىنمايدۇ.

## (2) سىدام رەڭدار يىپەك يىپ بوياش

سىدام رەڭدار بوياش، توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاق يىپەك يىپنى، يەككە رەڭدە بوياپ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سىدام رەڭدار يىپ بوياش مەشغۇلاتى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، قىزىلگۈل رەڭگى، ھال (ئاچ قىزىل)، توق سېرىق، يېشىل، قارا، زۆتنە بوياش ئۇسۇللىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەتلەس ئۇرۇشلىرىنى بوياش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەر خىل رەڭلەردە بويىلىدۇ.

ناۋات رەڭ بوياش: يىپەك يىپ سۈزۈك سۇغا چىلاپ 25 ـــ 30 مىنۇت تۇرغۇزۇپ ئارىسىغا تولۇق سۇ ئۆتكەندىن كېيىن سۇدىن ئېلىپ سىقىپ، تەلەپ بويىچە تەييارلانغان زەمچە ئېرىتمىسىگە يېرىم سائەت چىلاپ زەمچىلىنىدۇ. قازانغا بويىلىدىغان يىپەك يىپ چۆكۈشكۈدەك سۇ قۇيۇپ، 1:0.1 (بىر جىڭ يىپەككە بىر سەر) نىسبەتتە تۇخۇمەك چېچىكى سېلىپ، بىرەر سائەت قاينىتىلىدۇ. ئاندىن تىرىپلىرى ئېلىۋېتىلىپ زەمچىلەنگەن يىپنى سېلىپ يېرىم سائەت قاينىتىلىدۇ. ۋاقىت توشقاندا قازاندىن ئېلىپ سىقىپ، سۈزۈك سۇدا چايقىلىدۇ ۋە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

ئاچ سېرىق بوياش: تۇخۇمەك رەڭ تەييارلاشتا 1:3 نىسبەتتە تۇخۇمەك چېچىكى (ئۈچ جىڭ يىپەك ئۈچۈن بىر جىڭ تۇخۇمەك چېچىكى) سېلىنىدۇ. قالغان بارلىق ئىش تەرتىپلىرى ناۋات رەڭ

بوياشقا ئوخشاش بولىدۇ.

سۇر رەڭ (كۇلرەڭ سېرىق) بوياش: ئاچ سېرىق تۇخۇمەك رەڭگە ئازراق كاتاپ سۈيى قوشۇلىدۇ. قالغان ئىش تەرتىپلىرى ناۋات رەڭ بوياشقا ئوخشايدۇ.

سىدە چېچەكى رەڭدە بوياش: ئاچ سېرىق تۇخۇمەك رەڭگە ئاز مىقداردا داۋا سۈيى قوشۇلىدۇ. قالغان ئىش تەرتىپلىرى ناۋات رەڭ بوياشقا ئوخشايدۇ.

سۇس قىزىل بوياش: ئاچ سېرىق تۇخۇمەك رەڭگە بىرئاز ئوردان سۈيى قوشۇلىدۇ. باشقا ئىش تەرتىپلىرى ناۋات رەڭ بوياشقا ئوخشاش بولىدۇ.

قىزىل بوياش: ئاچ سېرىق تۇخۇمەك رەڭگە تەڭ مىقداردا ئوردان سۈيى قوشۇلىدۇ. قالغان ئىش تەرتىپى يۇقىرىقىغا ئوخشايدۇ.

چاچرەڭ (سۇس ھاۋا رەڭ) بوياش: بىر ئۆلۈش نىل ئېرىتمىسى ئىككى ئۆلۈش سۇزۇك سۇغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن زەمچىلەنگەن يىپەك يىپ نىل ئېرىتمىسىگە سېلىنىپ يېرىم سائەت تۇرغۇزۇلۇپ، سوغۇق بوياش ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. ئاندىن بوياقتىن ئېلىپ، سۇزۇك سۇدا چايقاپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

ھاۋارەڭ بوياش: بىر ئۆلۈش نىل ئېرىتمىسى بىر ئۆلۈش سۇزۇك سۇغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن زەمچىلەنگەن يىپەك يىپ نىل ئېرىتمىسىگە سېلىنىدۇ. قالغان ئىش تەرتىپلىرى چاچرەڭ بوياشقا ئوخشايدۇ.

ماش رەڭ (توق مايسا رەڭ) بوياش: ئۆلچەم بويىچە تەييارلانغان بىر ئۆلۈش ئانار پوستى داۋىسى (بۇنىڭ تەييارلاش ئۇسۇلى يۇقىرىدا بايان قىلىنىدى)، تۆت ئۆلۈش يىلمان سۇغا قويۇلىدۇ. يىپەك يىپ بۇ ئېرىتمىگە سېلىنىپ 40 مىنۇت تۇرغۇزۇلىدۇ. بىرقانچە نۆۋەت ئۆرۈپ قوچۇلىدۇ. ئاندىن سىقىپ ئېلىپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئۆلۈش كاتاپ، ئىككى ئۆلۈش سۇزۇك سۇغا قويۇلۇپ ئۈستىگە يىپەك يىپ سېلىپ تېز - تېز ئۆرۈلىدۇ. سوغۇق بوياقتا 15 مىنۇت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن (ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرغۇزۇلسا، يىپەك چىرىپ كېتىدۇ) بوياقتىن ئېلىپ چايقاپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توق مايسارەڭ بويىلىدۇ.

ئاچ مايسارەڭ بوياش: يىپەك يىپ، توق مايسارەڭ يىپ بوياپ ئېشىپ قالغان ئىككى خىل ئېرىتمىگە يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە چىلاپ بويىلىدۇ ياكى توق مايسارەڭ بوياشقا ئىشلىتىلگەن ئېرىتمە

قويۇقلۇقىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق بويىلىدۇ.

يۇقىرىدا يىپەك يىپلارنى گۆللۈك بوياش ۋە سىدام بوياشنىڭ 16 خىل ئۇسۇلى بايان قىلىندى. ئەمەلىيەتتە بوياق رەڭ تۈرى بۇلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ھەر خىل بوياق ئېرىتمىلىرىنىڭ قويۇقلۇقىنى ئاشۇرۇش ياكى كېمەيتىش، يىپەك يىپنىڭ ئېرىتمىدە تۇرغۇزۇلۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ رەڭلەردە بوياشقا بولىدۇ. ئەتلەس ئارقاقلىرىنى، ئارىلاش ئەتلەس ۋە بەقەسەم تۈردىكى رەختلەرنىڭ بۆز ئارقاقلىرىنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ بوياشقا بولىدۇ. شۇڭا بىر - بىرلەپ بايان قىلىنمايدۇ.

## 2) يىپەك رەخت بوياقچىلىقى

يىپەك رەخت بوياقچىلىقى گۈللۈك يىپەك رەخت بوياقچىلىقى ۋە سىدام يىپەك رەخت بوياقچىلىقىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### (1) گۈللۈك يىپەك رەخت بوياقچىلىقى

گۈللۈك يىپەك رەخت بوياقچىلىقى، مەلۇم ۋاسىتىلەر ئارقىلىق سىدام يىپەك رەختكە گۈل چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە سىدام يىپەك رەختكە گۈل چىقىرىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان گۈللۈك مەھسۇلاتلاردىن ھازىر ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولغىنى گۈلۋەرە ۋە گۈللۈك بەلياغلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، گۈلۋەرە چەكمە بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق، گۈللۈك بەلياغلىق بولسا تامغا باسما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

گۈلۋەرە بوياقچىلىقى

گۈلۋەرىنىڭ ئالاھىدىلىكى: بۇ بىر خىل ھالقا گۈللۈك يىپەك رەخت بولۇپ، رەخت يۈزىدە تەگلىك رەڭ (يەنى ئاق رەڭ) ۋە بوياق رەڭدىن ئىبارەت ئىككى خىللا رەڭ پەرقى شەكىللىنىدۇ. گۈل نۇسخىلىرى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، مۇرەككەپ تۈزۈلۈشلۈك گۈل ئېلېمېنتلىرى ۋە مۇرەككەپ گۈل نۇسخىلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. چەكمە بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق رەخت يۈزىگە ھالقا شەكىللىك ئاق گۈل چىقىرىلىدۇ. گۈل ئىچى ۋە سىرتى خالىغان بىر خىل رەڭدە بويىلىدۇ. رەخت يۈزىدە كانارا، ئىچ گۈل ئايرىمىسى بولمايدۇ. گۈللەرنىڭ جايلىشىشى تۈز بەتلىك داۋام قىلىدۇ. ئەمما چەكمەك چېگىش مەشغۇلاتى قول ئىشى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان بولغاچقا، گۈللەرنىڭ تىزىلىشى تازا رەتلىك، رېتىملىق بولۇپ كېتەلمەيدۇ.

گۈلۋەرە رەخت يۈزىدە گۈل ھاسىل قىلغۇچى ئاق رەڭلىك ھالقىلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىك پەرقىگە ئاساسەن، چوڭ ھالقىلىق گۈلۋەرە، كىچىك ھالقىلىق گۈلۋەرە، ئارىلاش ھالقىلىق گۈلۋەرەدىن ئىبارەت ئۈچ خىل گۈل نۇسخىسىغا بۆلۈنىدۇ.

ھالقا گۈللۈك تەييار مەھسۇلات خام ئەشيا پەرقىگە ئاساسەن «گۈلۋەرە شايى» ۋە «گۈلۋەرە رومال» (ياكى «گۈلۋەرە ياغلىق») دەپ ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

گۈلۋەرە ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيال سايمانلىرى: گۈلۋەرە ئىشلەپچىقىرىشقا ئاق شايى بىلەن ئاق شايى رومال خام ئەشيا قىلىنىدۇ. قوناق پوستىكى، تاناپ، نىل ئېرىتمىسى، زەمچە ئېرىتمىسى، تۇخۇمەك رەڭ بوياق، قىزىل رەڭ بوياق قاتارلىق ماتېرىياللار، قازان، ئىدىش، كاسا، لەگەن چۆپ قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ (بۇلارنىڭ تەييارلىنىشى گۈللۈك يىپەك يىپ بوياقچىلىقىدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ).

گۈلۋەرە بوياقچىلىق مەشغۇلاتى: گۈلۋەرە ئىشلەپچىقىرىش تەييارلىق باسقۇچى ۋە بوياش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

تەييارلىق باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا، ھەر خىل بوياق ماتېرىياللىرى ۋە سايمانلار تەلەپ بويىچە تەييارلىنىدۇ. خام ئەشيانىڭ ھالقا گۈل چىقىرىلىدىغان جايلىرىغا بەلگە قويۇلىدۇ. ئاندىن چىمدىپ قۇرۇلۇپ بىر نەچچە قەۋەت قوناق پوستىكى يۆگىلىپ، ئۈستىدىن تاناپ يۆگەپ مەھكەم چىگىپ بوغۇلىدۇ. چەگمەك چېگىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سۈزۈك يىلمان سۇغا ئىككى سائەت چىلاپ چەگمەك ئارىسىغا سۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ۋاقتى توشقاندا، سۈزۈۋېلىپ سىقىپ زەمچە ئېرىتمىسىگە يېرىم سائەت چىلاپ زەمچىلىنىدۇ.

بوياش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا، زەمچىلەنگەن خام ئەشيا تەييارلانغان بوياققا سېلىپ بويىلىدۇ. بوياق رېڭى جەھەتتە، يىپەك يىپ بوياقچىلىقىدا بايان قىلىنغان ئون نەچچە خىل بوياش ئۇسۇلىنىڭ خالىغان بىرسى ئارقىلىق بوياش مۇمكىن بولسىمۇ، گۈلۋەرە رەختلەر ئادەتتە قىزىل، ھال، سېرىق، زۆتنە، يېشىل، ھاۋارەڭ قاتارلىق رەڭ قېنىقلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان شوخ رەڭلەردە بويىلىدۇ. شۇنداقلا گۈلۋەرەنىڭ ھالقا چەگمەك ئورنى بەك كىچىك (ئادەتتە ھالقا دىئامېتىرى 2 — 6 سانتىمېتىر، ھالقا تېنىنىڭ كەڭلىكى بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا) بولغاچقا، چەگمەك ئىچىگە رەڭ ئۆتۈپ

كېتىپ، بوياق سۈپىتىگە تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەييارلىنىدىغان بوياقلارنىڭ رەڭ قېنىقلىقى يۇقىرى، بوياقتا تۇرغۇزۇش ۋاقتى قىسقىراق بولىدۇ. بوياش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خام ئەشيا سۇزۇك سۇدا تەكرار چايقىلىپ سىقىپ سۈيى ساقىتىلغاندىن كېيىن، چەگمەكلەر يېشىلىپ لەڭگەر چۆپكە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

چوڭ چەگمەك چېگىلگەنلىرى چوڭ ھالقىلىق گۈلۋەرە، كىچىك چەگمەك چېگىلگەنلىرى كىچىك ھالقىلىق گۈلۋەرە، چوڭ - كىچىك چەگمەكلەر ئارىلاش چېگىلگەنلىرى ئارىلاش ھالقىلىق گۈلۋەرە بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، گۈلۋەرە ئىككى خىل خام ئەشيادىن ئۈچ خىل گۈل نۇسخىسىدا كەم دېگەندە ئالتە خىل رەڭ تۈردە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

گۈللۈك بەلياغلىق بوياقچىلىقى: گۈللۈك بەلياغلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئۇ بەلۋاغنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ماتېرىيال سۈپىتى ۋە سەنئەت قىممىتى جەھەتتە ئۇيغۇر ئەرلىرى بەلۋاغلىرىنىڭ سەر خىلى ھېسابلىنىدۇ.

گۈللۈك بەلياغلىق ئاق شايى ياغلىقنى تەگلىك خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. گۈللۈك بەلياغلىقنىڭ تەكشىلىك كۆرۈنۈشى زەيلىك، كانارا، ئىچ تەگلىكتىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. گۈللىرى تىكمە كەشتە ۋە باسما بوياق ئۇسۇلىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

زەيلىك: بۇ، بەلياغلىقنىڭ كانارا سىرتىدىكى قىسمى بولۇپ، ياغلىقنىڭ تۆت تەرەپ گىرۋىكىدە كانارىنى ئوراپ تۇرىدۇ. زەيلىك كەڭلىكى 3 ـــ 8 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قالدۇرۇلىدۇ (ئەمما بىر بەلياغلىقتا قارىتا ئېيتقاندا، تۆت تەرەپتىكى زەيلىك ئوخشاش كەڭلىكتە بولىدۇ). زەيلىك قىسمىغا گۈل - نەقىشلەر چىقىرىلمايدۇ.

كانارا: بۇ، بەلياغلىقنىڭ ئىچ تەگلىك قىسمى بىلەن زەيلىك قىسمىنى ئايرىپ تۇرغۇچى گۈل سىستېمىسى بولۇپ، كانارا سىزىقى، كانارا گۈلى، بۇرجەك گۈل قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بەزىلىرىدە كانارا سىزىقى چىقىرىلماي، بۇرجەك كانارىلا چىقىرىلىدۇ.

ئىچ تەگلىك: بۇ، بەلياغلىقنىڭ كانارا قورشاۋىدىكى قىسمى بولۇپ، گۈل چىقىرىلمايدۇ. بەلياغلىق گۈللىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئادەتتە گۈل - گىياھ شەكىللىرى ۋە گېئومېترىك ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپىدۇ. گۈل - گىياھ ئۆرنەكلىك ئېلېمېنتلار ھەر خىل گۈللەرنىڭ گۈل - غۇنچىسى، شاخ يوپۇرماقلىرى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. كۆپىنچە بىر ياكى بىر نەچچە تال

ئېچىلغان گۈلنى مەركەز قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا شاخ پىلەك، يوپۇرماق، غۇنچە - چېچەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق گۈل گۈرۈپپىسى بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. كانارا گۈللىرى ئىككى تەرەپكە تەكشى داۋام قىلغان يەككە تىزما شەكىلدە ياكى گۈل - غۇنچىلار بىر شاخ پىلەك ياكى بىر سىزىققا تىزىلىپ، ئىككى تەرەپكە داۋام قىلغان شەكىلدە بولىدۇ. بۇرجەك گۈللەر كۆپىنچە يەككە گۈلدىن تەركىب تاپىدۇ. بەلياغلىق نەقىشلىرىدە گېئومېتىرىيلىك شەكىل ئېلېمېنتلىرى ئىنچىكە ئاز بولۇپ، تۈز سىزىق ۋە كىرپىك سىزىق (ھەرە چىشى شەكىللىك سىزىق) بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇڭا بەلياغلىق گۈللىرىنى ھاسىل قىلغۇچى گۈل ئېلېمېنتلىرى ئىچىدە، گۈل - گىياھ ئۆرنەكلىك ئېلېمېنتلار ئاساسىي ئورۇندا، گېئومېتىرىيلىك ئېلېمېنتلار قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ.

گۈللۈك بەلياغلىقنىڭ كانارا سىزىقى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ كەشتە كانارلىق بەلياغلىق ۋە تامغا كانارلىق بەلياغلىق دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. كەشتە كانارلىق بەلياغلىق كانارا سىزىقى بىر تاللا تۈز سىزىق ياكى كىرپىك سىزىقتىن تەركىب تېپىپ، زەيلىك بىلەن كانارا ئارىسىدا چېگرا ھاسىل قىلىشىمۇ، ئىككى تال تۈز سىزىق ياكى كىرپىك سىزىقتىن تەركىب تېپىپ بىرسى زەيلىك بىلەن كانارىنى، يەنە بىرسى كانارا بىلەن ئىچ تەگلىك قىسمىنى ئايرىپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن. قايسىلا شەكىلدە بولمىسۇن، كانارا سىزىقلىرى قىزىل، يېشىل، سېرىق، زۆتىنە قاتارلىق رەڭدار يىپلاردىن كەشتىلەپ چىقىرىلىدۇ. ھەر ئىككىلا ئەھۋالدا تاشقى كانارا سىزىقى ئىچىگە ياكى ئىككى قۇر كانارا سىزىقى ئىچىگە ئويما تامغا ئارقىلىق يەككە گۈل تامغىلىرى مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ قاتار بېسىلىدۇ. تامغا كانارلىق بەلياغلىق كانارىسىدا كەشتە بولۇشىمۇ، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ياغلىق تۆت تەرىپىدىن مەلۇم زەيلىك قالدۇرۇلۇپ، تۆت بۇرجەككە بۇرجەك تامغىلار بېسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى چېتىگە ياغلىقنىڭ قارشى تەرىپىگە قارىتىپ تۇتاش گۈللۈك كانارا تامغىسى بېسىلىدۇ. بۇنداق بەلياغلىقلاردا كانارا سىزىقى بولمىسىمۇ، كانارا گۈلىنىڭ ئۆزى كانارا سىزىقىنى ھاسىل قىلىدۇ.

### گۈللۈك بەلياغلىق بېسىش ماتېرىيال - سايمانلىرى

گۈللۈك بەلياغلىق بېسىشقا داۋا، كاتاپ، زەمچە، تۇخۇمەك چېچەكى، ئوردان يىلتىزى قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرى، قازان،

كاسا، جاۋۇر، تەگلىك تاختا، چوتكا قاتارلىق سايمانلار ۋە ئويما تامغا ئىشلىتىلىدۇ.

تەگلىك تاختا ۋە چۇشەك: ئۆلچىمى 1.00 × 1.00 مېتىردىن چوڭ بولغان تۈز تاختاي، ياغلىقتا گۈل بېسىشتا تەگلىك قىلىنىدۇ. ئۈستىگە 2 — 3 قات كىگىز چۇشەك سېلىنىدۇ.

چوتكا: تامغا جەگە سىزىقلىرى ئىچىدىكى رەڭدار بوياشقا تېگىشلىك جايلارغا زەمچىلىك تۇخۇمەك رەڭ بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئويما تامغا: ئاموت ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. شەكلى ۋە چوڭلۇقى گۈل نۇسخىسىغا قاراپ هەر خىل بولىدۇ. توغرا كەسمە يۈزىگە گۈل نۇسخىسى ئويۇپ چىقىرىلىدۇ. گۈل نۇسخىسىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتىلىدۇ. ئاپتۇر تېپىشقا مۇۋەپپەق بولغان تامغا تۆت دانە بولۇپ، بىرسى «يۆگىمەچ تامغا» دەپ ئاتىلىدۇ. سىزىقسىز كانارا گۈلى بېسىشقا ئىشلىتىلىدۇ. قالغان تامغىلارنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس. شۇنىڭدەك ياغلىق تامغىلىرىنىڭ ئەركەك - چىشى ئايرىمىسى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس. داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

گۈللۈك بەلياغلىق بېسىش مەشغۇلاتى: گۈللۈك بەلياغلىق بېسىش تەييارلىق باسقۇچى، گۈل بېسىش باسقۇچى، بوياش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

تەييارلىق باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا داۋا، كاتاپ، تۇخۇمەك رەڭ تەييارلىنىدۇ. كېتەرلىك سايمانلار تەقلىنىدۇ. گۈل نۇسخىسىغا ئاساسەن باسما تامغىلىرى تەييارلىنىدۇ. كاتاپنىڭ تەييارلىنىشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش بولىدۇ. داۋا بىلەن تۇخۇمەك رەڭ مەخسۇس تەييارلىنىدۇ.

داۋا تەييارلاش: بەلياغلىق بېسىشقا هېلىلە داۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. يەنى هېلىلە ياغۇنچاقتا تارتىپ ياكى هاۋانچىدا سوقۇپ تالقانلىنىدۇ. ئاندىن كاسىغا 3.0:10 نىسبەتتە (10 جىڭ سۇ ئۈچۈن ئۈچ سەر هېلىلە) تالقىنى سېلىنىدۇ. ئۈستىدىن قايناقسۇ قۇيۇپ قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

تۇخۇمەك رەڭ تەييارلاش: تۇخۇمەك رەڭ (سېرىق رەڭ) بوياق سۈيۈقلۇقى تەييارلاشتا تۇخۇمەك چېچىكى ئاساسىي خورۇچ، زەمچە قوشۇمچە قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن تۇخۇمەك چېچىكى بىر ئاز

سوقۇلىدۇ. ئاندىن قازانغا سۇزۇك سۇ قۇيۇلۇپ، 1 : 30 نىسبەتتە (30 جىڭ سۇغا بىر جىڭ) تۇخۇمەك چېچىكى سېلىنىپ، بىر سائەت قاينىتىلىدۇ. ئاندىن 0.5 ــ 1 سەر زەمچە سېلىنىپ، بىر ئاز ئۆرلىتىلىدۇ. ئېرىتمە تىندۇرۇلۇپ، سۇزۇك قىسمى ئايرىۋېلىنىدۇ. (سېرىق بوياقنىڭ قېنىقلىق دەرىجە تەلىپىگە ئاساسەن، تۇخۇمەك چېچىكى نىسبىتىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ ياكى ئازايتىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.)

گۈل بېسىش باسقۇچى: گۈل بېسىلماقچى بولغان ياغلىق قىزىق ھېلىلە داۋىسىغا سېلىپ ئوبدان قوچۇپ 10 مىنۇت تۇرغۇزۇلىدۇ. سۇزۇۋېلىپ يېيىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن تەگلىك تاختىسىدىكى چۈشەك ئۈستىگە يېيىپ سېلىنىدۇ. باسما تامغىسى جاۋۇردىكى كاتاپقا سەل ـ پەل بېسىپ ئېلىنىپ، ئاۋۋال بۇرجەك گۈل، ئاندىن كانارا گۈل تەرتىپى بويىچە بېسىلىدۇ. تامغا بېسىلغان جايلار داۋا بىلەن كاتاپىنىڭ ئۇچرىشىشى ئارقىلىق قارا رەڭگە كىرىپ گۈل جەگىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. گۈللەر تولۇق بېسىلىپ بولغاندا گۈل جەگىسى ئىچىدىكى باشقا رەڭدە بوياشقا تېگىشلىك بولغان جايلارغا چوتكا ياكى پەلكۈچ ئارقىلىق زەمچىلىق تۇخۇمەك رەڭ بېرىلىدۇ.

بوياش باسقۇچى: قازانغا سۇزۇك سۇ توشقۇزۇپ 1 : 10 نىسبەتتە (10 جىڭ سۇغا بىر جىڭ ئوردان) ئوردان يىلتىزى سېلىپ بىر سائەت ئەتراپىدا قاينىتىلىدۇ. ۋاقىت توشقاندا بەلياغلىق سۇزۇۋېلىنىپ، سۇزۇك سۇدا چايقاپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. نەتىجىدە، قارا جەگىلىك، قىزىل گۈللۈك، ئاق تەگلىك بەلياغلىق بولۇپ چىقىدۇ.

بەلياغلىقنىڭ ناۋات رەڭ، سېرىق، سۇس قىزىل تەگلىك بويىلىدىغانلىقى، گۈللىرىنىڭ يېشىل، كاۋا چېچىكى رەڭلىكلىرىمۇ بولىدىغانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇنىڭ تەپسىلاتى ئېنىق ئەمەس.

## (2) سىدام يىپەك رەخت بوياقچىلىقى

سىدام يىپەك رەخت بوياقچىلىقى، مەلۇم ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئاق رەڭلىك يىپەك رەختنى باشقا رەڭلەردە سىدام بوياشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا ئاق يىپەك رەختنى سىدام بوياپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رەڭدار مەھسۇلاتلاردىن ھازىر ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولغىنى سىدام بوياق شايى، سىدام بوياق ياغلىق ۋە سۇرمە رەڭ چەكمەن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شايى ۋە شايى ياغلىق بوياقچىلىقى. شايى ۋە شايى ياغلىقنى سىدام

رەڭدار بوياش بىرقەدەر ئاسان بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يىپەك يىپنى سىدام بوياش ئۇسۇلىغا تامامەن ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى خىل ماتېرىيالنى 10 نەچچە خىل رەڭدە بوياپ، 30 خىلدىن ئارتۇق بوياق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

سۇرمە رەڭ چەكمەن بوياقچىلىقى

سۇرمە رەڭ چەكمەننىڭ ئالاھىدىلىكى: سۇرمە رەڭ چەكمەن بوياشقا يىپەك چەكمەن بىلەن مەشۇت چەكمىنى خام ئەشيا قىلىنىدۇ. سۇرمە رەڭ ئېرىتمىسىدىن پايدىلىنىپ، سوغۇق بوياق (چىلما بوياق) ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. سۇرمە رەڭ چەكمەن دۇغراق كۇمۇش رەڭلىك مەھسۇلات بولۇپ، سىدام بوياق رەختلەرگە سېلىشتۇرغاندا پارقىراقلىقى يۇقىرى ۋە كۆركەم كېلىدۇ. بولۇپمۇ كۈن نۇرى ۋە چىراغ نۇرىدا رەخت يۈزى يالت ـ يۇلت پارقىراپ زىيادە جۇلا بېرىدۇ. شۇڭا، مۇراسىم كىيىملىرى ۋە مېھمانلىق كىيىملەرنى تىكىشكە باب كېلىدۇ.

سۇرمە رەڭ چەكمەن بوياشقا سۇرمە رەڭ ۋە سوقا، ئۇلاق، لەڭگەر چۆپ قاتارلىق ماتېرىيال ـ سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

سۇرمە رەڭ: بۇ بىر خىل پارقىراق تاش بولۇپ، ئېھتىمال تەركىبىدە سۇرمە مېتالى بولغان مىنېرال بولۇشى مۇمكىن. سۇرمە ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن دورا ياساپ كۆز كېسەللىكلىرى ۋە باشقا بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ. چەكمەن بوياشتا سۇرمىدىن ئېرىتمە تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ (بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي يىلتىزى «سۇرمە» بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بوياقچىلىقتا «سۇما رەڭ»، «سۇما رەڭ چەكمەن» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن، بىز ئەسلىي نامى بويىچە «سۇرمە» دەپ قوللاندۇق).

سوقا: شال ئاقارتىدىغان قول سوقىسى ياكى تاش سوقا. سۇرمە تاشلىرىنى سوقۇپ ئېزىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇلاق: تەگنە شەكىللىك چوڭ قاچا، ياغاچتىن ئويۇپ ياسىلىدۇ. سۇرمە ئېرىتىش، چەكمەننى چىلاپ بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

لەڭگەر چۆپ: بويالغان رەختنى يېيىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

سۇرمە رەڭ چەكمەن بوياش مەشغۇلاتى ئىككى باسقۇچ بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. بىرى، تەييارلىق باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا سۇرمە ئېرىتمىسى تەييارلىنىدۇ. ئۇسۇلى مۇنداق: سۇرمە سوقىدا سوقۇپ يۇمشىتىلىدۇ. ئۇلاققا سۈزۈك سۇ توشقۇزۇپ، ئاندىن 3 : 20

نىسبەتتە سۇرمە سىلىپ قوچۇلىدۇ. مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، سۇرمە ئېرىتمىسى تەييار بولىدۇ. يەنە بىرى، بوياش باسقۇچى. بويالماقچى بولغان چەكمەنىڭ قېتى ئېچىلىپ، سۇرمە ئېرىتمىسىگە چۆۋۈتۈپ سېلىنىدۇ. پات - پات ئۆرۈپ - چۆرۈپ، رەخت يۈزى بوياق بىلەن تولۇق ئۇچراشتۇرۇلىدۇ. ئۈچ سائەت ئەتراپىدا تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، چەكمەن بوياقتىن چىقىرىلىپ سىقىپ لەڭگەر چۆپكە يېيىپ شامالدىتىلىدۇ. بىر ئاز قۇرىغاندا، قايتىدىن بوياققا (سۇرمە ئېرىتمىسىگە) سېلىپ يۇقىرىقى ئىش تەرتىپى تەكرارلىنىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۈچ قېتىم بوياققا سېلىنغاندىن كېيىن يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ ۋە قاتلاپ قاچىلىنىدۇ. نەتىجىدە رەخت يۈزىگە بىر قەۋەت كۆمۈش رەڭ بوياق ئورناپ، جۇلا پەيدا بولىدۇ.

سۇرمە رەڭ چەكمەن بوياشتا سوغۇق بوياق ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغانلىقتىن، بوياقنىڭ توقۇلما تالالىرى ئىچىگە سىڭىپ كىرىشى ۋە تۇراقلىقلىشىشى ئاستا ۋە قىيىن بولىدۇ. رەخت قاتلاقلىرى ئېچىلىپ بوياق بىلەن تولۇق ئۇچراشتۇرۇلمىسا، بوياق مەھسۇلات تەكشى رەڭ ئالالمايدۇ. شۇڭا رەخت قاتلاقلىرىنى چۆۋۈتۈپ سېلىش، پات - پات ئۆرۈپ - چۆرۈپ رەخت يۈزىنى ئېرىتمە بىلەن تولۇق ئۇچراشتۇرۇش ھەمدە رەختنى ئېرىتمە ئىچىدە ئۇزاقراق تۇرغۇزۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 4. ئەنئەنىۋى يىپەك بوياقچىلىقىدا سانائەت بوياقلىرىدىن پايدىلىنىش

بەزى يازما مەلۇماتلار ۋە خەلق ئىچىدىكى تەكشۈرۈش - ئىزدىنىشكە ئاساسلانغاندا، يېقىنقى بىر - ئىككى ئەسىردىن بۇيان، ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا بىر قىسىم سانائەت بوياقلىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان ۋە تەدرىجىي ھالدا تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ ئورنىنى ئالغان. نەتىجىدە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يىپەك بوياش ئاساسەن ئەمەلدىن قالدى. سانائەت بوياقلىرىنىڭ يىپەك بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىشىمۇ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئەڭ دەسلەپتە سانائەت بوياقلىرىنىڭ كىرىش

مەنبەسى ھەر خىل، خۇسۇسىيىتى پەرقلىق ئىدى. يۇرۇشلەشكەن بوياق ماتېرىياللىرىغا ئېرىشىش قىيىن ئىدى. شۇڭا، بەزى رەڭلەر بىر خىل بوياق ماتېرىيالى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنسا، بەزى رەڭلەر بىرقانچە خىل بوياق ماتېرىيالىنى تەڭشەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىناتتى. بوياقچى ئۇستىلارنىڭ رەڭ تەڭشەش ئۇسۇلىدا بىرلىككە كەلگەن رېتسىپ بولمىغاچقا، بوياق مەھسۇلاتلىرىنىڭ رەڭ قېنىقلىقى ۋە رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىمۇ خېلى دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. يېقىنقى 30 ـ 40 يىلدىن بېرى، يۇرۇشلەشكەن سانائەت بوياق ماتېرىياللىرى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر يىپەك بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. پاراسەتلىك بوياقچى ئۇستىلار ئىجتىھات ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق، يۇرۇشلەشكەن سانائەت بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يىپەك يىپ ۋە يىپەك توقۇلمىلارنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق بوياشنىڭ بىرقەدەر ئۆلچەملەشكەن ئىلمىي ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئۆلچەم ۋە ئۇسۇللارنىڭ يىپەك بوياقچىلىقىدا، بولۇپمۇ ھېلىھەم ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەتلەسچىلىكتە بوياقچىلىق ئۇسۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتى ۋە رولى بار. شۇڭا بۇ يەردە سانائەت بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق يىپەك بۇيۇملارنى بوياش قائىدىلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

### 1) سانائەت بوياقلىرى ئارقىلىق سىدام يىپەك يىپ بوياش

سانائەت بوياقلىرىنىڭ رەڭ تۈرلىرى تولۇق بولغاچقا، يىپەك يىپلارنىڭ خېلى كۆپ رەڭ تۈرلىرىنى مەلۇم بوياقلار ئارقىلىق بىۋاستە بويىغىلى بولىدۇ. ئايرىم رەڭ تۈرلىرى بوياق تەڭشەش ئارقىلىق بويىلىدۇ.

**قارا رەڭ بوياش.** ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىيالى: بىۋاستە كۆك چېقىش قارا بوياق، بىۋاستە تۇم قارا بوياق ياكى بىۋاستە قارا بوياق. بوياق تەڭشەش نىسبىتى: بىۋاستە كۆك چېقىش قارا بوياق ئىشلىتىلسە 1:25:0.050 (يەنى بىر كىلوگرام يىپەككە 25 كىلوگرام سۇ، 50 گرام بىۋاستە كۆك چېقىش قارا بوياق ئارقىلىق بوياق سۇيۇقلۇقى تەييارلاپ، قايناتما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق بويىلىدۇ، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش). بىۋاستە توق قارا ياكى بىۋاستە

قارا بوياق ئىشلىتىلسە 1:25:0.065 نىسبەتتە تەڭشىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر كىلوگرام سۇ ئۈچۈن، بىر يېرىم گرامدىن ئاش تۇزى پاراشوكى سېلىنىدۇ. بوياش ئۇسۇلى: يىپەك يىپ سۇزۇك سۇغا 10 ـ 20 مىنۇت چىلاپ تولۇق ھۆل قىلىنىدۇ. قازانغا سۇ قۇيۇپ، نىسبەت بويىچە بوياق ماتېرىيالى سېلىنىپ قاينىتىلىدۇ. سۇغا چىلانغان يىپەك چىڭ سىقىپ سۈيى سارقىتىلغاندىن كېيىن بوياققا سېلىپ، پات - پات قوچۇپ يېرىم سائەت قاينىتىلىدۇ. ئاندىن ئوت توختىتىلىپ، بوياق تىندۇرۇلىدۇ. بوياق سۇيۇقلۇقى سوۋۇپ 60 سىلسىيە گرادۇسقا چۈشكەندە يىپەك سۇزۇلۇپ بوشراق سىقىپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئاخىرىدا، سۇزۇك سۇ ئارقىلىق چايقاپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ (سانائەت قارا بوياقلىرىنىڭ سۇ ئىچىدە تۇراقلىقىشى ياخشى ئەمەس. قارا بوياققا سېلىنغان بۇيۇم قۇرۇتۇلماي تۇرۇپلا چايقالسا، رەڭ تۇراقلىشالماي ئېقىپ كېتىدۇ. رەڭ قېنىقلىقى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئاۋۋال قۇرۇتۇپ، ئاندىن قايتا چايقاش كېرەك).

**(زۆتىنە) شوخ كۆك رەڭ بوياش.** ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىيالى: كىسلاتالىق شوخ كۆك 6B بوياق. بوياق تەڭشەش نىسبىتى: 1:30:0.030. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر بىر كىلوگرام سۇغا يېرىم گرام زەمچە (ياكى ئوخشاش مىقداردا سىركە كىسلاتاسى)، يېرىم گرام تەكشى بوياش خۇرۇچى (ياكى 2.0 گرام كىر سوپۇن) ئېرىتىپ قوشۇلىدۇ. بوياش ئۇسۇلى: بويالماقچى بولغان يىپەك يىپ 3:100 نىسبەتتە تەييارلانغان زەمچە ئېرىتمىسىگە يېرىم سائەت چىلاپ زەمچىلىنىدۇ ۋە سۇزۇپ چىڭ سىقىپ سۈيى سارقىتىلىدۇ. نىسبەت بويىچە تەييارلانغان شوخ كۆك (زۆتىنە) بوياق ماتېرىيالى ھاۋانچىغا سېلىنىپ، ئاز مىقداردا ئىسپىرت قۇيۇپ سۇرۇپ ئېزىپ خېمىر قىلىنىدۇ. ئاندىن ئازراق سۇ بىلەن 10 مىنۇت قاينىتىلىپ، چوڭ قازانغا توشقۇزۇلغان سۇغا قويۇلىدۇ. ئوچاققا ئوت قالاپ سۇ تېمپېراتۇرىسى 40 سىلسىيە گرادۇسقا يەتكەندە زەمچىلەپ سىقىلغان يىپەك سېلىنىپ، ھەر 10 مىنۇتتا بىر قېتىم ئۆرۈلىدۇ. قازاندىكى بوياق ئېرىتمىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەدرىجىي ھالدا 90 ـ 95 گرادۇسقا يەتكۈزۈلۈپ شۇ تېمپېراتۇرىدا يېرىم سائەت قاينىتىلىدۇ. ۋاقىت توشقاندا، بوياقتىن ئېلىپ سۇزۇك سۇدا چايقىلىدۇ. يەنە بىر قازاندا سۇ ئىسسىتىپ، تېمپېراتۇرىسى 40 سىلسىيە گرادۇسقا يەتكەندە بىر كىلوگرام سۇغا

بىر يېرىم گىرامدىن رەڭ تۇتۇش خۇرۇچى (بۇنداق خۇرۇچ بولمىسا بىر كىلوگىرام سۇغا ئۈچ گىرامدىن ئاش تۇز پاراشوكى) سېلىپ ئېرىتىلىدۇ. ئاندىن بۇ سۇيۇقلۇققا ھېلىلا زۆتىنە بويالغان يىپەك يىپ سېلىنىپ 15 مىنۇتتا بىر قېتىم ئۆرۈلىدۇ. سۇ تېمپېراتۇرىسى 60 سېلسىيە گرادۇسقا يەتكەندە، ئوت توختىتىلىپ، يېرىم سائەت تىندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن رەڭ تۇراقلاشتۇرۇلىدۇ. ۋاقىت توشقاندا، يىپ سۈزۈۋېلىنىپ سۈزۈك سۇدا چايقىلىدۇ ۋە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

قىزىل گۈل رەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىيالى: كىسلاتالىق شوخ قىزىل بوياق. بوياق تەڭشەش نىسبىتى: 1 : 30 : 0.045. قوشۇمچە خۇرۇچلار ۋە تەڭشەش نىسبىتى شوخ كۆك بوياش بىلەن ئوخشايدۇ. بوياش ئۇسۇلى: بارلىق ئىش تەرتىپلىرى شوخ كۆك بوياش بىلەن ئوخشايدۇ.

يېشىل رەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىيالى: كىسلاتالىق شوخ يېشىل بوياق. بوياق تەڭشەش نىسبىتى: 1 : 30 : 0.050. باشقا قوشۇمچە خۇرۇچلار ۋە تەڭشەش نىسبىتى شوخ كۆك بوياش بىلەن ئوخشايدۇ. بوياش ئۇسۇلى: بارلىق ئىش تەرتىپلىرى شوخ كۆك بوياش بىلەن ئوخشايدۇ.

سېرىق رەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىيالى: بىۋاستە سېرىق بوياق ياكى بىۋاستە توق سېرىق G بوياق. بوياق تەڭشەش نىسبىتى: بىۋاستە سېرىق بوياق: 1 : 30 : 0.030.

بىۋاستە توق سېرىق G بوياق: 1 : 30 : 0.025 بولۇپ، باشقا قوشۇمچە خۇرۇچلار ئىشلىتىلمەيدۇ. بوياش ئۇسۇلى: بويىلىدىغان يىپەك يىپ سۇغا چىلاپ ھۆل قىلىنىدۇ (ئەمما زەمچىلەنمەيدۇ). باشقا ئىش تەرتىپلىرى شوخ كۆك رەڭ بوياش بىلەن ئوخشايدۇ. ئاخىرىدا رەڭ تۇراقلاشتۇرۇش بىھاجەت بولۇپ، بوياقتىن ئېلىنغان يىپ سۈزۈك سۇدا چايقاپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

ماش رەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىيالى: بىۋاستە قارا بوياق. قوشۇمچە بىۋاستە سېرىق ياكى بىۋاستە توق سېرىق G بوياق. بوياق تەڭشەش نىسبىتى: بىۋاستە قارا بوياق 1 : 40 : 0.050 نىسبەتتە ئېرىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر كىلوگىرام يىپەك ئۈچۈن 0.6 گىرام بىۋاستە سېرىق ياكى بىۋاستە توق سېرىق G بوياق قوشۇلىدۇ. بوياش ئۇسۇلى: بارلىق ئىش تەرتىپلىرى قارا رەڭ يىپ بوياشقا ئوخشايدۇ.

چاچرەڭ بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىيالى: كىسلاتالىق شوخ كۆك 6B بوياق. بوياق تەڭشەش نىسبىتى: 0.002:0.25:1 بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر بىر كىلوگرام سۇ ئۈچۈن 3.0 گرام زەمچە ۋە 0.1 گرام كىر سوپۇن ئېرىتىپ قوشۇلىدۇ. بوياش ئۇسۇلى: يارلىق ئىش تەرتىپلىرى شوخ كۆك (زۆتىنە) رەڭ بوياشقا ئوخشايدۇ.

ھەر خىل ئەتلەس ئارقاقلىرى، بەقەسەم ۋە ماش رەڭ رەخت ئۆرۈشلىرى رەڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ بويىلىدۇ. ئەمما، بەقەسەم ۋە ماش رەڭ رەختكە ئىشلىتىلىدىغان قارا كۆك بۆز ئارقاق ئايرىم ئۇسۇلدا بويىلىدۇ.

قارا كۆك بۆز ئارقاق بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىيالى: بىۋاستە قارا بوياق ۋە بىۋاستە كۆك بوياق بولۇپ، بوياق تەڭشەش نىسبىتى: 0.020:0.050:0:25:1 (يەنى، بىر كىلوگرام بۆز يىپ بوياش ئۈچۈن 25 كىلوگرام سۇغا 50 گرام بىۋاستە قارا بوياق ۋە 20 گرام بىۋاستە كۆك بوياق سېلىپ ئېرىتىلىدۇ) ئۇنىڭدىن باشقا بىر كىلوگرام سۇغا بىر گرامدىن ئاق توغرىغا پاراشوكى قوشۇلىدۇ. بوياش ئۇسۇلى: بۆز يىپ ئاۋۋال سۈزۈك سۇغا چىلاپ ھۆل قىلىنىدۇ. قازانغا ئۆلچەم بويىچە سۇ قۇيۇپ، بوياق ماتېرىياللىرى سېلىنىپ ئوت يېقىلىدۇ. سۇ تېمپېراتۇرىسى 50 سىلسىيە گرادۇسقا يەتكەندە، سۇغا چىلانغان بۆز يىپ چىڭ سىقىپ سۈيى سارقىتىلىپ بوياققا سېلىنىدۇ. بوياق تېمپېراتۇرىسى تەدرىجىي ھالدا 90 ـ 95 گرادۇسقا يەتكۈزۈلۈپ 40 مىنۇت قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ئوت توختىتىلىدۇ. بوياق سۇيۇقلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ 50 سىلسىيە گرادۇسقا چۈشكەندە، ئارقاق يىپ بوياقتىن ئېلىپ سىقىلىدۇ. سۈزۈك سۇدا چايقاپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

## 2) سانائەت بوياقلىرى ئارقىلىق، گۈللۈك يىپەك يىپ بوياش

سانائەت بوياقلىرىدىن پايدىلىنىپ گۈللۈك يىپەك يىپ، يەنى ھەر خىل ئەتلەس ئۆرۈش يىپلىرىنى بوياش يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەر خىل سىندام رەڭدە بوياش ئۇسۇللىرىنى ئەنئەنىۋى بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ئەتلەس ئۆرۈشلىرىنى بوياشتىكى مەشغۇلات تەرتىپى بويىچە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ ئېلىپ بېرىش

ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مىسال كەلتۈرىمىز.

سانائەت بىۋاسىتە بوياقلىرى ئارقىلىق قارا ئەتلەس ئۆرۈش يىپى بوياش تۆت باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

1 ـ باسقۇچ: ئاق گۈل ئورنىغا چەگمەك چىگىپ، تەييارلانغان ئۆرۈش ئىككى سائەت سۈزۈك سۇغا چىلاپ سۇغا تويۇندۇرۇلىدۇ.

2 ـ باسقۇچ: سۇغا تويۇندۇرۇلغان ئۆرۈش يىپ سىقىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زۆتىنە بوياش ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆرۈشنىڭ چەگمەك سىرتىدىكى قىسمى زۆتىنە بويىلىدۇ.

3 ـ باسقۇچ: زۆتىنە بويالغان ئۆرۈش هۆل پېتى تاناپ دۇكىنىغا تارتىلىپ، زۆتىنە گۈل ئورنىغا بەلگە قويۇپ چەگمەك چىگىلىدۇ. ئاندىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سېرىق بوياش ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆرۈشنىڭ چەگمەك سىرتىدىكى قىسمى يېشىل رەڭدە بويىلىدۇ ۋە سۈزۈك سۇدا چايقىلىدۇ.

4 ـ باسقۇچ: سۈزۈك سۇدا چايقالغان ئۆرۈش هۆل پېتى دۇكانغا تارتىلىپ، يېشىل رەڭلىك گۈل چىقىرىشقا تېگىشلىك قىسىملىرىغا چەگمەك چىگىلىدۇ (ئەگەر يېشىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس توقۇلماقچى بولسا، بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئاق گۈل چەگمەكلىرىنىڭ هەر ئىككى ئۇچىدىن 1 ـ 2 سانتىمېتىر قىسمىغا چەگمەك چىگىلىدۇ). ئاندىن دۇكاندىن چۈشۈرۈپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قارا رەڭ بوياش ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. ئەمما قارا بوياقتا سالغاندا يىپنى تېزلىك بىلەن ئىككى ئۆرۈپلا ئوتنى توختىتىپ چوغنى تارتىۋېتىش كېرەك (بولمىسا چەگمەكلەر ئارىسىغا قارا بوياق ئۆتۈپ كېتىدۇ). بوياق سۇيۇقلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ 60 سېلسىيە گرادۇسقا چۈشكەندە بوياقتا سېلىنغان يىپ سۈزۈپ بوشراق سىقىلىپ (چىڭ سىقىلسا، چەگمەكلەر ئارىسىغا قارا بوياق ئۆتۈپ كېتىپ بوياق مەھسۇلات كېرەكسىز بولىدۇ. بۇ، هەر قانداق ئەتلەسنىڭ قارا قىسمىنى سانائەت قارا بوياقلىرى بىلەن بوياشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئورتاق قائىدىدۇر)، قۇرغاق يەرگە سېلىنغان پاكىز ئەديال ئۈستىگە يېيىلىدۇ. سۈيى تولۇق سارقىپ بولغاندا سوغۇق سۇدا چايقاپ سىقىلىدۇ. ئاندىن بارلىق چەگمەكلەر يېشىپ تاشلىنىپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

دېمەك، سانائەت بوياقلىرى ئارقىلىق قارا ئەتلەس ئۆرۈشنى بوياش ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ چەگمەك چىگىش، ئۈچ قېتىم قايناتما

بوياقتا سېلىش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. ئۆرۈش يىپلار گەۋدىسىد
ئاق، زۆتنە، يىشىل ۋە قارىدىن ئىبارەت تۆت خىل رەڭدىن تەركىب
تاپقان گۈل نەقىش شەكلى ھاسىل قىلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغ
سېلىشتۇرغاندا، ئۈچ قېتىملىق سوغۇق بوياق ئازىيىپ، ئىككى
قېتىملىق قايناتما بوياق مەشغۇلاتى كۆپىيىدۇ. ئەمما تەبىئىي بوياق
ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ، بوياق سۈيۇقلۇقى تەييارلاشتىكى نۇرغۇن
ئىش ھالقىلىرى ئازىيىدۇ. بوياق سۈپىتىمۇ يۇقىرىراق بولىدۇ.
سېرىق ئەتلەس ئۆرۈشىنى سانائەت بوياقلىرىدا بوياش، بەش
باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.
1 - باسقۇچ: ئۆرۈش يىپىنىڭ ئاق تەگلىك ئورنىغا چەگمەك
چېگىپ سۇغا تويۇندۇرۇلىدۇ.
2 - باسقۇچ: سۇغا چىلانغان ئۆرۈش سىقىپ سۈيى
سارقىتىلىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سېرىق رەڭدە بوياش ئۇسۇلىدا
بويىلىدۇ. ئاندىن بوياقتىن ئېلىپ سىقىپ سۈزۈك سۇدا چايقىلىدۇ.
بۇ چاغدا ئۆرۈشىنىڭ چەگمەك سىرتىدىكى قىسىملىرى سېرىق رەڭدە
بويىلىپ چىقىدۇ.
3 - باسقۇچ: چايقالغان ئۆرۈش قايتىدىن دۇكانغا تارتىلىپ،
سېرىق گۈل چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغان ئورۇنلارغا (قىزىل -
سېرىق زەنجىر كانارىلىق توقۇلماقچى بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىللە
سېرىق زەنجىر گۈللەر ئورنىغا) بەلگە قويۇپ چەگمەك چېگىلىدۇ.
سېرىق گۈللەر ئىچىگە يېشىل ناسۋاي گۈل چىقىرىلىدىغان
ئورۇنلارغىمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا چەگمەك چېگىلىدۇ. دۇكاندىن
چۇشۇرۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىزىل رەڭدە بوياش ئۇسۇلىدا
بويىلىدۇ. نەتىجىدە ئۆرۈشىنىڭ چەگمەك سىرتىدىكى قىسىملىرى
قىزىل بويىلىدۇ. ئاندىن بوياقتىن چىقىرىپ سۈزۈك سۇدا چايقىلىدۇ.
4 - باسقۇچ: قارا - سېرىق زەنجىر كانارىلىق توقۇلىدىغان
سېرىق ئەتلەسنىڭ كانارا ئۆرۈشلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قارا
رەڭدە بوياش ئۇسۇلىدا قارا بوياقتا سېلىنىدۇ. نەتىجىدە، كانارىنىڭ
قارا زەنجىر قىسمى قارا بويىلىپ چىقىدۇ.
5 - باسقۇچ: ئۆرۈش يېيىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن يېشىل
ناسۋاي گۈللەر ئورنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يېشىل رەڭدە بوياش
ئۇسۇلىدا تەييارلانغان يېشىل بوياقتا چۆكۈرۈش ئارقىلىق يېشىل
رەڭدە بويىلىدۇ. ئاخىرىدا بارلىق چەگمەكلەر يېشىپ تاشلىنىدۇ.
يۇقىرىقى بەش باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق سېرىق ئەتلەس

ئۇرۇشلىرىنىڭ يۇزىدە ئاق، سېرىق، قىزىل، قارا ۋە يېشىلدىن ئىبارەت بەش خىل رەڭدىن تەركىب تاپقان گۈل نەقىش ھاسىل قىلىنىدۇ.

سانائەت بوياقلىرىدا قىزىل ئەتلەس ئۇرۇشىنى بوياش بەش باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

1 - باسقۇچ: ئاق تەگلىك ئورنىغا چەگمەك چېگىلىپ، ئىككى سائەت سۇغا چىلاپ، چەگمەك ئارىسىغا سۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن سۇدىن ئېلىپ سىقىپ 3 : 100 نىسبەتتە تەييارلانغان زەمچە ئېرىتمىسىگە يېرىم سائەت چىلاپ زەمچىلىنىدۇ.

2 - باسقۇچ: زەمچىدىن ئېلىپ سىقىلىدۇ. يېشىل رەڭلىك گۈل چىقىرىلىدىغان جايلار، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەلەپ بويىچە تەييارلانغان كىسلاتالىق شوخ يېشىل بوياقتا چۆكۈرۈپ يېشىل بويىلىدۇ.

3 - باسقۇچ: قارا رەڭلىك گۈل چىقىرىشقا تېگىشلىك جايلار، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قايناپ تۇرغان بىۋاستە قارا بوياق ئېرىتمىسىگە چۆكۈرۈپ قارا بويىلىدۇ.

4 - باسقۇچ: سېرىق رەڭلىك گۈل چىقىرىشقا تېگىشلىك جايلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىۋاستە سېرىق بوياق قايناتمىسىغا چۆكۈرۈپ سېرىق بويىلىدۇ.

5 - باسقۇچ: ئۇرۇش يىپ قايتىدىن تاناپ دۇكىنىغا تارتىلىپ، 2-، 3-، 4-باسقۇچتا يېشىل، قارا، سېرىق بويالغان جايلارغا ئايرىم-ئايرىم چەگمەك چېگىلىدۇ. ئاندىن بارلىق ئۇرۇش قىزىل بوياقتا سېلىپ، قايناتما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق قىزىل رەڭلىك گۈل ئورنى بويىلىدۇ.

سانائەت بوياقلىرى ئارقىلىق زۆتىنە ئەتلەس ئۇرۇشىنى بوياش، ئۈچ باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

1 - باسقۇچ: تاناپ دۇكىنىغا تارتىلغان ئۇرۇشنىڭ ئاق رەڭلىك گۈل ئورنى بوغۇلىدۇ. دۇكاندىن چۇشۇرۇپ ئىككى سائەت چىلاپ سۇغا تويۇندۇرۇلىدۇ، ئاندىن زەمچىلىنىدۇ.

2 - باسقۇچ: زەمچىدىن ئېلىپ سىقىپ، كىسلاتالىق شوخ كۆك بوياقتا سېلىپ قاينىتىپ، ئەتلەس تېگى زۆتىنە رەڭدە بويىلىدۇ.

6B

3 - باسقۇچ: شوخ كۆك بوياقتىن ئېلىپ سىقىپ چەگمەكلەر يېشىپ تاشلىنىدۇ. ئاندىن يېشىل، قىزىل ۋە سېرىق رەڭدە بويىلىدىغان گۈللەرنىڭ ئورنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان سانائەت بوياقلىرى قايناتمىسىغا چۆكۈرۈلۈپ، يېشىل،

قىزىل، سېرىق بويىلىدۇ.

قىسقىسى، سانائەت بوياقلىرىدىن پايدىلىنىپ سىدام رەڭدار بوياش ئۇسۇللىرىنى ئوبدان ئىگىلىۋالغاندا، ھەر خىل ئەتلەس ئۆرۈشلىرىنىمۇ بۇ ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ كۆڭۈلدىكىدەك بوياپ چىققىلى بولىدۇ.

## 3) خاتا بوياقنى تۈزىتىش

ئەنئەنىۋى يىپەك بوياقچىلىقىدا، تاسادىپىي ھالدا مەھسۇلات خاتا بويىلىپ قالسا، قىسمەن خاتا بوياقلارنى تۈزىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، تۇخۇمەك رەڭنى شاخار ۋە زەمچە ئېشلىتىش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاپ، كۆزلەنگەن رەڭدە قايتا بويىغىلى بولىدۇ. ئەمما كاتاپ ئارقىلىق بويالغان رەڭلەرنى ۋە نىل ئېرىتمىسىدە بويالغان رەڭلەرنى ھەرقانداق ئۇسۇل ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. كونا بوياق رەڭلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

سانائەت بوياقلىرىدىن پايدىلىنىپ يىپەك بويىغاندا، تاسادىپىي ھالدا بوياق خاتالىقى يۈز بەرسە، بىخەتەرلىك پاراشوكى قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلاردىن پايدىلىنىپ ھەرقانداق خاتا بوياقنى چىقىرىپ تاشلاش مۇمكىن.

خاتا بوياقنى چىقىرىپ تاشلاش ئۇسۇلى: خاتا بويىلىپ قالغان بىر كىلوگرام يىپەك مەھسۇلات ئۈچۈن قازانغا 25 ~ 30 كىلوگرام سۇ توشقۇزۇپ، 50 ~ 80 گرام بىخەتەرلىك پاراشوكى (بىخەتەرلىك پاراشوكىنىڭ مىقدارى ئەسلىدىكى بوياقنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ مۇشۇ ئۆلچەم ئىچىدە ئىگىلىنىدۇ)، 20 ~ 30 گرام ئاق توغرىغا سېلىنىدۇ. سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 95 سېلسىيە گرادۇسقا يەتكۈزۈلۈپ، 20 مىنۇت قاينىتىلسا، بوياق قايتىپ، مەھسۇلات ئاقىرىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بىخەتەرلىك پاراشوكىنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتسە ياكى قاينىتىش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، ئاقارتىلىدىغان بۇيۇم (مەيلى يىپەك، بۆز ياكى يۇڭ بولسۇن) چىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، بىخەتەرلىك پاراشوكى بىلەن توغرىغا مىقدارىنى ئازايتىپ، بىر قانچە قېتىم سۇ يەڭگۈشلەپ تەكرار بوياق قايتۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا تالا سۈپىتىگە تەسىر يەتمەيدۇ. ئەمما تولۇق ئاقارمايدۇ ياكى سارغۇچ بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، بىر كىلوگرام سۇ ئۈچۈن 15 گرام ھېسابىدا ئاقارتىش خۇرۇچى سېلىپ سۇ تېمپېراتۇرىسى 50 سېلسىيە گرادۇسقا يەتكەندە ئاقارتىلىدىغان بۇيۇمنى سېلىپ، تېمپېراتۇرا 70

سىلسىيە گرادۇسقا يەتكۈزۈلۈپ يېرىم سائەت تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن سۈزۈپ چايقىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا خاتا بويىلىپ قالغان بۆيۈمنى تولۇق ئاقارتقىلى بولىدۇ.

خاتا بوياقنى تۈزىتىپ، خاتا بويىلىپ قالغان تەبىئىي تالالىق مەھسۇلاتنى قايتا ئاقارتىپ ئىشلىتىش مۇمكىنچىلىكى بولۇش سانائەت بوياقلىرىنى ئىشلىتىشتىكى بىر ئەۋزەللىك ھېسابلىنىدۇ.

## 5. ئەتلەس ئۇرۇش بوياقچىلىقى ۋە ئەتلەس توقۇمىچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى

تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك بوياق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قامداش پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بىلىش پائالىيىتىدۇر. ئەمما بۇنداق بىلىش پائالىيىتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك، تېز - ئاستىلىق پەرقى ۋە مىللىي ئېستېتىكا پەرقى بولىدۇ. بۇنداق پەرقلەر بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىنىڭ، بوياش ۋاستىسىنىڭ ۋە بوياق ئۈنۈمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا بۇنداق ئوخشىماسلىقلار نەتىجىسىدە قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى شەكىللىنىدۇ.

ئۇنداق بولسا ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە يىپەك بوياقچىلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بارمۇ، يوق؟ ئەگەر بولسا ئۇ قايسى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ؟ بۇ، كىشىلەرنىڭ ئانچە دىققىتىنى قوزغىمىغان، تا ھازىرغىچە تۈزۈككىنە تەتقىق قىلىنمىغان بىر مەسىلە، شۇنداقلا خېلىلا باش قاتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر مەسىلە. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، «بەقەسەم يوللۇق يىپەك رەختنى كۆرسىتىدۇ... شايى ئاق يىپەك رەختنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر قانچە خىل يىپەك رەختلەرنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلى ئوخشايدۇ. خوتەندە ئۇلار ‹ئەتلەس› دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىدۇ. شۇڭا بۇلارنى ئەتلەسنىڭ يانداش سورتلىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ» دەيدىغان نادانلارچە قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقمىغان، بەزى كىتابلاردىن ئورۇن ئالمىغان بولاتتى. ئەتلەس، شايى، بەقەسەملەرنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولامدۇ، يوق؟ بۇلار ئەتلەس دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن

ئاتىلامدۇ ياكى باشقىچە ناملاردا ئاتىلامدۇ؟ بەقەسەم بىلەن شايى ئەتلەسنىڭ ياندىش سورتىمۇ ياكى مۇستەقىل سورتلارمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە كىتابىمىزنى كۆرگەن ئەقىللىق كىتابخان توغرا قاراشقا كېلەلەيدۇ. ئۇيغۇر يىپەك توقۇمىچىلىقى ۋە يىپەك بوياقچىلىقى ھەققىدىكى قاراشلار شۇ قەدەر ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرىۋاتقانىكەن، ئۇيغۇر يىپەك بوياقچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە بىر ئاز سەھىپە ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئالاھىدىلىكىنى شەرھلىمەي بولمايدۇ.

ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا بوياقچىلىق ئۇسۇلى قايناتما بوياق، چىلىما بوياق، چەگمە بوياق، باسما بوياق ۋە ئارىلاش بوياقتىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قايناتما بوياق بويالغۇچى مەھسۇلاتلارغا يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا رەڭ بېرىشنى؛ چىلىما بوياق تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا رەڭ بېرىشنى، چەگمە بوياق — بوياق چەكلەش ئارقىلىق رەڭدارلىقا ئىگە قىلىشنى، باسما بوياق تامغا قاتارلىقلار ئارقىلىق رەڭ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئارىلاش بوياق بولسا يۇقىرىقى بىرقانچە خىل بوياق ئۇسۇلىنىڭ بىر نەچچىسىنى ئارىلاش قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بەش خىل ئۇسۇل ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىغىلا خاس ئەمەس. باشقا مىللەتلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىمۇ، ھازىرقى زامان سانائەت بوياقچىلىقىدىمۇ بۇ ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دىققەت نەزەرىمىزنى ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مۇشۇ بوياقچىلىق ئۇسۇللىرى ئىچىدىن ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە خاس بولغان ئۆزگىچىلىكلەرنى تېپىپ چىقىشقا قارىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بولۇپمۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە، يىپ ياكى توقۇلمىلارنى سىدام بوياش بىرقەدەر ئاسان. پەقەت بىر - ئىككى خىل بوياقچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئارىلاش رەڭدار بوياش بىر قەدەر قىيىن. بىرنەچچە خىل ئۇسۇلنى ئارىلاش قوللىنىپ، تەكرار ئىش تەرتىپىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. رەڭ تۈرى قانچە كۆپ بولغانسېرى، بوياقچىلىق مەشغۇلاتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رەختلەر ئىچىدە ئەتلەسنىڭ رەخت يۈزىدىكى رەڭ خىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، بىرتاقا ئەتلەس يۈزىدىكى رەڭ خىلى

ئاز بولغاندىمۇ 4 ~ 6 خىلدىن كەم بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، ئەتلەس بوياقچىلىقىنىڭ (ئەمەلىيەتتە ئەتلەس ئۈرۈش يىپى بوياقچىلىقىنىڭ) ئالاھىدىلىكى مۇنداق بىرقانچە جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

### 1) ئاۋۋال گۈل چىقىرىلىپ ئاندىن توقۇلۇش

ئادەتتىكى ئەھۋالدا ھەر خىل رەختلەرگە گۈل چىقىرىش توقۇش داۋامىدا گۈل چىقىرىش ۋە توقۇپ بولۇپ گۈل چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. توقۇش داۋامىدا گۈل چىقىرىشتا يەنە سىدام يىپلاردىن گۈل چىقىرىش ۋە رەڭدار يىپلاردىن گۈل چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەتلەس توقۇمىچىلىقى ۋە ئەتلەس ئۈرۈش بوياقچىلىقى ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇ، توقۇش داۋامىدا گۈل چىقىرىشقىمۇ، توقۇپ بولۇپ گۈل چىقىرىشقىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، ئاۋۋال گۈل چىقىرىپ بولۇپ ئاندىن توقۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خۇددى ئىمارەتكە نەقىش چىقىرىشتا، ئىمارەتنى سېلىش داۋامىدا ياكى پۈتكۈزۈپ بولۇپ نەقىش چىقارماستىن، بەلكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا ئاۋۋال نەقىش چىقىرىپ بولۇپ ئاندىن قۇراشتۇرغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

### 2) ئارقاقنى چەتكە قېقىش

ئادەتتىكى ئەھۋالدا، توقۇش داۋامىدا گۈل چىقىرىلىدىغان رەختلەر بولسۇن ياكى توقۇپ بولۇپ گۈل چىقىرىلىدىغان رەختلەر بولسۇن، ئۈرۈش - ئارقاقنىڭ ھەممىسى گۈل چىقىرىشقا قاتنىشىدۇ. بەزىدە ئوخشاشمىغان رەڭدىكى ئۈرۈش - ئارقاق رەڭلىرىنىڭ گىرەلىشىشى ئارقىلىق (توقۇپ بولۇپ گۈل چىقىرىلىدىغان رەختلەردە ئۈرۈش - ئارقاقنىڭ ھەر ئىككىسىگە رەڭ بېسىلىش ئارقىلىق) گۈل ھاسىل قىلىنسا، بەزىدە، ئوخشاش بولمىغان رەڭدىكى ئۈرۈش - ئارقاقنىڭ بىرسى گۈل رېڭىنى ھاسىل قىلسا، يەنە بىرسى تەگلىك رەڭنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما، ئەتلەستە بولسا، ئۈرۈش «ئۆز بەگ، ئۆز خان» بولۇپ، ھەر خىل گۈل رەڭلىرىمۇ، تەگلىك رەڭمۇ بىردەك ئۈرۈشتىن چىقىدۇ. ئارقاق ئاساسەن ئۈرۈشلەرنى گىرە ئارىسىدا بىر-بىرىگە چېتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئارقاق رەڭگى ئەتلەسنىڭ ئوڭ يۈزىدە گۈل ۋە تەگلىك رەڭگە ناھايىتى ئاجىز تەسىر قىلىدۇ. ئەگەر ئەتلەسنىڭ ھەر بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى يۈزىگە 60 تالدىن

ئارتۇق ياندىش تىزىلىدىغان ئۇرۇشلەرنى ئارقاق ئىشلەتمەي يەملەش ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق تولۇقلىغىلى بولسا، بويالغان ئۆرۈشلەرنىڭ ئۆزىلا ئەتلەس بولالىدۇ. شۇڭا، ئەتلەس ئارقاقلىرىنىڭ ئەتلەس گۈل نۇسخىلىرىنى ھاسىل قىلىشتىكى رولى ئىنتايىن ئاجىز، بەلكى ئاساسەن چەتكە قېقىلغان بولىدۇ.

### 3) مۇرەككەپ ئارىلاش بوياق ئالاھىدىلىكى

ئەتلەس ئۆرۈشلىرىنى بوياپ گۈل چىقىرىشتا ئارقا - ئارقىدىن تەكرار بوياشقا توغرا كېلىدۇ. ئەتلەسنىڭ ھەرقانداق بىر نۇسخىسىنىڭ ئۆرۈشىنى بوياپ گۈل چىقىرىش ئۈچۈن كەم دېگەندە تۆت قېتىم بوياققا سېلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قايناتما بوياق بىلەن سوغۇق بوياق ئالماشتۇرۇپ قوللىنىلىدۇ. ھەر بىر خىل بوياققا سېلىنغاندىن كېيىن يەنە بىر خىل بوياققا سېلىش ئالدىدا، ئۆرۈش گەۋدىسىنىڭ ھازىر بار بولغان رەڭگىنى ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك بولغان جايلىرىغا چەگمەك چېگىپ رەڭ چەكلىنىدۇ. گۈل نۇسخىلىرى ۋە رەڭ تۈرى ئەڭ كۆپ بولغان يەكەن نۇسخا ئەتلەس ئۆرۈشىنى بوياشتا، بوياق قېتىمى تېخىمۇ كۆپ، بوياق مەشغۇلاتى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەتلەس ئۆرۈشلىرىنى بوياش قايناتما بوياق، سوغۇق بوياق ۋە چەگمەك بوياق ئۇسۇلىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئەمما، بۇنداق ئارىلاش بوياق ئۇسۇلىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ خىل بوياق ئۇسۇلى تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ. قايناتما بوياق بىلەن سوغۇق بوياقتىن ئىبارەت ئۆز ئارا قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل بوياقچىلىق ئۇسۇلى چەگمە بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇلىدۇ. ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاجىز رەڭلەر ئۇستىگە چەگمەك چېگىش ئارقىلىق، كۈچلۈك رەڭلەرنىڭ بېسىپ كېتىشىدىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. دېمەك، ئەتلەس ئۆرۈش يىپىنى بوياپ گۈل ھاسىل قىلىشتا چەگمە بوياقنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چەگمەك بوياق ئۇسۇلىنى قوللانماي تۇرۇپ، ھەر قانداق ئەتلەسنىڭ ئۆرۈشىنى بوياپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتقاندا ئەتلەس ئۆرۈش بوياقچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى چەگمە بوياقتىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى يېتەكچى قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

### 4) رەڭ چېگرا ئېنىقسىزلىق ئالاھىدىلىكى

ئادەتتە، توقۇش داۋامىدا گۈل چىقىرىلىدىغان توقۇلمىلاردا بولسۇن ياكى توقۇپ بولۇپ گۈل بېسىلىدىغان مەھسۇلاتلاردا بولسۇن، گۈل نۇسخىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر خىل رەڭلەر ئۇچراشقان جايدا بىر قەدەر ئېنىق رەڭ چېگرا سىزىقى ھاسىل بولىدۇ. ھەر خىل رەڭلەر بىر - بىرىگە «سەكرەپ ئۆتۈش» ئارقىلىق ماسلىشىدۇ. ئەمما، ئەتلەس يۇزىدە ھەر خىل رەڭلەر ئۇچراشقان جايلاردا ئېنىق رەڭ چېگرا سىزىقى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەتلەس ئۇرۇشلىرىنى بوياش داۋامىدا بوياق سۈيۇقلۇقى تەركىبىدىكى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان رەڭ چەگمەكلەرنىڭ ئىككى ئۇچىدىن چەگمەك ئىچىدىكى ئۇرۇشنىڭ مەلۇم بۆلىكىگە سىڭىپ كىرىدۇ. نەتىجىدە، يىپ گەۋدىسىدە ئوخشاش بولمىغان رەڭلەر ئۇچراشقان جايلاردا قېنىق رەڭدىن سۇس رەڭگە ئۆتكەن، چېگرىسى ئېنىق بولمىغان سىڭىشمە رەڭ بۆلىكى ھاسىل بولىدۇ. پۈتكەن ئەتلەس يۇزىدە رەڭ پەرقى چوڭ بولغان ھەر خىل رەڭلەر ئۆزئارا ئۇچراشقان جايلاردا بىر خىل قېنىق رەڭ پەيدىنپەي سۇسلىشىپ تۈگىگەن، يەنە بىرخىل سۇس رەڭ پەيدىنپەي كۈچىيىپ قېنىقلىقا ئۆتكەن ئۆتكۈنچى رەڭ بەلۋېغى شەكىللىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەتلەس يۇزىدىكى ھەر خىل رەڭلەر بىر - بىرىگە «ئاستا-ئاستا سىڭىپ كىرىش» ئارقىلىق ماسلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر خىل ئالاھىدە سەنئەت ئۈنۈمى ھاسىل قىلىنىدۇ. يەنى، ئەتلەس گۈللىرى پەرقى زور بولغان قېنىق، شوخ رەڭلەردىن تەشكىل تاپسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇچراشقان جايلاردا ئېنىق چېگرا سىزىقى بولماي، ئەكسىچە قېنىقلىقتىن سۇسلۇققا، سۇسلۇقتىن قېنىقلىققا ئۆتكەن سىڭىشىش بەلۋېغى ھاسىل قىلىنغاچقا، سۇبيېكتىپتىكى رەڭ پەرقى جەھەتتىكى تاسادىپىيلىق تۇيغۇسى يوقىتىلىدۇ. كىشىگە يېقىملىق، سىڭىشلىق بولغان كۆركەملىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىلىدۇ. بۇ خۇددى ماي بوياق رەسىمنى يېقىندىن كۆرگەندە رەڭ چېگرىسى نائېنىق، ئىپادىلەنگەن شەيئىي غۇۋا، كۆرۈمسىز بولسىمۇ، سەل يىراقتىن قارىغاندا ئىنتايىن تەبىئىي ۋە چىن بولغان پورترېت تەسۋىر روشەنلىشىپ، كىشىگە چوڭقۇر ئېستېتىك زوق بەرگىنىگە ئوخشايدۇ.

ئەتلەس ئۇرۇش بوياقچىلىقىنىڭ رەڭ تۇراقلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق يەنە بەزى ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار.

خوتەندە ئەتلەس ئۇرۇش بوياقچىلىقى ۋە ئەتلەس

توقۇمىچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەرگىز تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئەمەس. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇڭ ۋە بۆز بوياقچىلىق ئۇسۇللىرى تېخنىكىلىق ئاساس يارىتىپ بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر خىل رەڭلەرنى ياخشى كۆرۈش پسىخىكىسى ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەرگەن. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار بۇرۇن قايناتما بوياق تېخنىكىسىنى، ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇن چىلىما بوياق (سوغۇق بوياق) تېخنىكىسىنى ۋە تەبىئىي ماددىلاردىن پايدىلىنىپ بوياق چەكلەش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، يەنى ھەر خىل رەڭدار يىپ ياكى رەختلەر قايناتماي بويالغان بولسا، ھەمزەك تېگى چىلىما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق، ھەمزەك گۈلى بوياق چەكلەش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىكى چەكلىگۈچى بوياق ئارقىلىق بوياق چەكلەش ئۇسۇلى، كېيىنكى ۋاقىتتا ئەتلەس ئۇرۇشىگە چەگمەك چېگىش ئارقىلىق بوياق چەكلەش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان چەگمە بوياق ئۇسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تېخنىكىلىق ئاساس يارىتىپ بەرگەن. خەلقىمىزنىڭ ھەر خىل رەڭلەرنى بولۇپمۇ شوخ رەڭلەرنى ياخشى كۆرۈش پسىخىكىسى، بۇ بىرقانچە خىل بوياقچىلىق ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ چەگمە بوياق ئاساس قىلىنغان مۇرەككەپ ئارىلاش بوياقچىلىق تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان.

مۇرەككەپ ئارىلاش بوياقچىلىق تېخنىكىسى (يەنى، ئەتلەس ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى) گەرچە ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ دەۋرنىڭ بىرقەدەر قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە روشەن سېلىشتۇرما بولغان ھالدا دەۋر ھالقىغان ئىلغار تېخنىكا ۋە يۇقىرى سەنئەت قىممىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. پەن - تېخنىكا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دەۋردە، سانائەت بوياقچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەتلەس بوياقچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆزلەشتۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ كېلىۋاتقانلىقى، تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن باسما ئەتلەسلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئەتلەسلەر ئالدىدا چېكىنىپ قېلىشى ۋە بازار تاپالماسلىقىنىڭ سەۋەبى دەل ئەنە شۇ يەردە. زور كۆپ قىسىم قول ھۈنەر توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىزى ئۆچكەن ئەھۋال

ئاستىدا، ئەتلەسنىڭ يەنىلا ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سىرىمۇ دەل ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىلغار تېخنىكا ۋە يۇقىرى سەنئەت قىممىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانلىقىدا دېسەك ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولمايدۇ.

## پايدىلانمىلار ۋە ئىزاھلار


① ④ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى. ئۇيغۇرچە، 2002 - يىلى 2 - سان، 78 - ، 79 - بەت.

② ⑭ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە». ئۇيغۇرچە، «مىللەتلەر نەشرىياتى» 1990 - يىلى 1 - نەشرى 1 - باسمىسى، 448 - ، 451 - بەتلەر.

③ ⑦ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى». ئۇيغۇرچە، 1982 - يىلى 2 - سان، 63 - ، 54 - بەت.

⑤ ⑧ ⑨ ⑩ ⑬ ⑮ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى». خەنزۇچە، جۇڭجۇ قەدىمىي كىتابلار نەشرىياتى»، 2002 - يىلى 1 - نەشرى 1 - باسمىسى. 114 - ، 112 - ، 110 - بەت.

⑥ ㉘ «خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى». خەنزۇچە، 124 - بەت.

⑪ ㊱ ㊲ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى. ئۇيغۇرچە، (1993 - يىلى 3 - ، 4 - قوشما سان)، 24 - ، 22 - بەت. (1985 - يىل 1 - سان). 136 - ، 143 - بەتلەر.

⑫ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىسىدىكى يېڭى بايقاشلار». خەنزۇچە، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى». 1995 - يىلى 1 - نەشرى 1 - باسمىسى. 636 - بەت.

⑯ ㉔ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى». ئۇيغۇرچە، 1991 - يىلى 1 - نەشرى 1 - باسمىسى، 236 - ، 1020 - ، 1021 - بەت.

⑰ ⑱ ⑲ ⑳ ㉑ ㉓ ㉙ ㉚ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى». خەنزۇچە، «جۇڭخۇ قەدىمىي كىتابلار نەشرىياتى»، 2000 - يىل 1 - نەشرى 1 - باسمىسى، 63 - ، 64 - ، 65 - ، 67 - ، 70 - ، 71 - ، 79 - ، 82 - ، 86 - بەت.

㉒ «خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى». ئۇيغۇرچە، 224 - بەت.

㉕ ھاجى نۇرھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى». ئۇيغۇرچە، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1993 - يىل 1 - نەشرى 1 - باسمىسى، 218 - بەت.

㉖ ㉗ ㉟ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە. ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى». ئۇيغۇرچە، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1989 - يىلى 1 - نەشرى، 1990 - يىل 1 - باسمىسى، 331 - ، 457 - ، 458 - ، 476 - ، 132 - ، 133 - بەت.

㉛ رابغوزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا». ئۇيغۇرچە، «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى»، 1988 - يىلى 1 - نەشرى 1 - باسمىسى، 194 - بەت.

㉜ «ئۇيغۇر تىبابىتى ئالىي تېخنىكومى دەرسلىكى — ئۇيغۇر تىبابىتىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورا ئەشيالىرى ئىلمى». 2 ـ قىسىم، 359 ـ، 360 ـ بەتلەر.
㉝ ㉞ «خوتەن تەزكىرىسى». خەنزۇچە، 1986 ـ يىل 1 ـ سان.



*مۇھەممەتئىمىن سابىر 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1971 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغا قەدەر چىرا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، چىرا ناھىيىلىك ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسى، چىرا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا تەرجىمان، بۆلۈم ئەزاسى، كاتىپ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1992 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ياردەمچى تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن.*

*ئاپتورنىڭ «بەگچىلەر ھەققىدە قىسسە» ناملىق پوۋېستى، «تەقدىرنى ئۆزگەرتكەن كىشىلەر» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى، «پۇل تاپقاندا» قاتارلىق ھېكايىلىرى، بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلىرى، شۇنداقلا 70 نەچچە قىسىم كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىمى ۋە ئىلمىي تەربىيىۋى فىلىمى قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. خەنزۇچە يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە تائام ـ لىرى»، «ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى»، «قاراقاش پىچىقى» قاتارلىق ماقالىلىرى «ياڭرىدى ھەريادا ساز» ناملىق خەنزۇچە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.*

*ئاپتور 1989 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتى تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، يىرىك ئىلمىي ئەسىرى «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»نىڭ 1 ـ تومىنى 1995 ـ يىلى نەشرگە تاپشۇرغان. 400 نەچچە مىڭ خەتلىك بۇ ئەسەر 2002 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. نەشرىياتنىڭ «كىرىش سۆزى» دە: «بۇ كىتاب ئۇيغۇر قول ھۈنەر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىنى جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن تارىخىي، ئىلمىي، پايدىلىنىشچانلىق قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى مەلۇم دەرىجىدە تولدۇرىدۇ» دەپ باھا بېرىلگەن. ئاپتور ھازىر بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى توملىرى ئۈستىدە جىددىي ئىشلەۋاتىدۇ.*

*بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا مۇھەممەتئىمىن سابىرنىڭ «خوتەن يىپەكچىلىكى»، «خوتەن گىلىمى» (باشقىلار بىلەن بىللە يازغان) ۋە «خوتەن مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن تەرمىلەر» ناملىق ئۈچ پارچە ئىلمىي ئەسىرى كىرگۈزۈلدى.*

ئابدۇرىشات مۇساجان

# خوتەن قاشتېشى

## مۇقەددىمە

«ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا يەر يۈزىگە بىرى مەغرىبكە، بىرى مەشرىقكە تاشلانغاندىن كېيىن، مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، قاراقۇرۇم تاغلىرىدا ئۇچرىشىپ، ۋىسال تەشنالىقلىرىنى قاندۇرۇپتۇ. بۇ جەرياندا ئېقىپ كەتكەن مەنىيدىن قاشتېشى ھاسىل بولۇپتۇ» مانا بۇ، خوتەن قاشتېشى ھەققىدىكى رىۋايەت. بۇ رىۋايەتتە يەر شارىدىكى تۇنجى ئىنسان — ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ بىرى غەربتىن، بىرى شەرقتىن كېلىپ، يەرنىڭ كىندىكى بولغان قاراقۇرۇم تېغىدا ئۇچرىشىشى ۋە بۇ يەردە قاشتېشىنىڭ پەيدا بولۇشى — قاشتېشىنىڭ غەربلىكلەر ۋە شەرقلىقلەرنى ئۇچراشتۇرۇشتىكى، بىر - بىرىگە باغلاشتىكى ماددىي ئامىل ئىكەنلىكىنىڭ ئوبرازلىق تەسۋىرى.

«ئوماي غەربىي قاراقۇرۇم تېغىنى ئىدارە قىلىشتا تۆھپە يارانقانلىقى ئۈچۈن، ئەرش تەڭرىسى ئۇنىڭغا گۈزەل قاشتېشى ئىنئام قىلىپتۇ. ئوماي پانىي ئالەمدىكىلەرنى بۇ شان - شەرەپتىن تەڭ بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، ئەجدىھا تاشپاقىغا بۇ گۈزەل قاشتېشىنى يورۇڭقاش دەرياسىغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. دەريا بۇ ئاق قاشتېشىنى بوستانلىقتىكى كىشىلەر ئارىسىغا ئېقىتىپ بېرىپتۇ. شۇندىن باشلاپ كىشىلەر دەريادىن قاشتېشى سۈزۈۋالىدىغان بولۇپتۇ. قاشتېشى دەرياسى دېگەن ئىسىممۇ شۇندىن باشلاپ پەيدا بوپتۇ» مانا بۇ، خەنزۇ رىۋايەتلىرىدىكى «ئەجدىھا تاشپاقىنىڭ قاشتېشى تەقدىم قىلىشى» دېگەن رىۋايەت. بۇ رىۋايەتتىكى قاشتېشىنىڭ باشقا جايغا ئەمەس، دەل يورۇڭقاش دەرياسىغا تاشلىنىشى بۇ ۋادىنىڭ تولىمۇ گۈللەنگەن، بۇ ۋادىدا ياشىغانلارنىڭ ئومايىنىڭ غەربىي قاراقۇرۇمنى ئىدارە قىلىشىغا يار - يۆلەك بولالىغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ بايانى. بۇ

ئىككى رىۋايەتتىن خوتەن قاشتېشىنىڭ سۈزۈلۈش، قېزىلىش ۋە ئىشلىتىلىش تارىخىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى، قاشتېشىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان قىممەتلىك مۆجىزات ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ «يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشىغا ۋە بۇ يول ئارقىلىق تارىم مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان قاشتېشىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خاسىيىتى.

«ئوماي» ھەققىدە قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر ۋە يازما خاتىرىلەر خېلى كۆپ. ئوماي خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە « 西王母 » دەپ خاتىرىلەنگەن. « 西王母 » سۆزى دەسلەپتە خەت مەنىسى بويىچە «غەربىي خان ئانا» دەپ چۈشىنىلدى ۋە شۇنداق تەرجىمە قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، «ئوماي» دەپ تەرجىمە قىلىندى ۋە شۇنداق بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

مىلادىيە Ⅳ ئەسىردە ئۆتكەن سۇن رۇ «قاشتېشنامە» (玉海) دېگەن كىتابتىن نەقىل ئېلىپ، «خۇاڭدى ۋاقتىدا ئوماي ئاق بۇغىغا مىنىپ كېلىپ، خۇاڭدىغا ئاق قاشتېشى ھالقا تەقدىم قىلغان. شۇن (舜) ۋاقتىدا يەنە قاشتېشى تەقدىم قىلغان» دەپ يازغان. «قومۇش پۈتۈك تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا، دىشۇن (帝舜) دەۋرى يۈ (虏) خانىدانلىقىنىڭ 9 ـ يىلى ئوماي كەلگەن... ئاق قاشتېشى ھالقا، قاشتېشى خۇنچا تەقدىم قىلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. «مىرزا بەگلەر نەسەبى» دېگەن كىتابتا (尚书大传)، «شۇن ۋاقتىدا ئوماي كېلىپ ئاق قاشتېشى نەي تەقدىم قىلغان»، «ياۋ (尧) ئۆلۈپ شۇن (舜) جاھان سورىغاندا، چوڭ قاشتېشى تەقدىم قىلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كاتتىلار يوسۇنلىرى» (大戴礼记) دېگەن كىتابتا: «شۇن ئېسىل ئەخلاق بىلەن ياۋغا ۋارىسلىق قىلغاندا... ئوماي كېلىپ ئاق قاشتېشى نەي تەقدىم قىلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. «جىننامە قانۇن تەزكىرىسى» ( 晋书律历志 ) دېگەن كىتابتا: «خۇاڭدى قاشتېشىدا نەي ياسىتىشنى بۇيرىغان. ئۇزۇنلۇقى نەچچە چى، ئالتە تۆشۈكلۈك، 12 كۈيلۈك ئىدى. شۇن دەۋرىگە كەلگەندە، ئوماي كۆركەم نەي تەقدىم قىلغان بولۇپ، قاشتېشىدىن ياسالغان كۈي» «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» ( 穆天子传 ) دېگەن كىتابتا، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ 5 ـ خاقانى جۇمۇۋاڭنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنى ئېلىپ، غەربكە كەلگەنلىك توغرىسىدىكى ھېكايە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، جۇمۇۋاڭ بىلەن ئوماي بىيىت توقۇشقان ھەم جۇمۇۋاڭ قاشتېشى تاغلىرىنى كۆرۈپ «جاھاندىكى بىردىنبىر ئېسىل تاغ بولۇپ،

قاشتېشى بۇندىن چىقار» دېگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

خەنزۇ تارىخچىلىرى يۇقىرىقى رىۋايەتلەر ۋە ئومايغا مۇناسىۋەتلىك باشقا رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، «خۇاڭدى، ياۋ - شۇنلەر جۇڭگو قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردىكى، رىۋايەتلەردىكى شەخسلەر» «ئوماي ئەپسانىدىكى شەخس، بۇ غەربىي دىياردىكى قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمەتى تۈزۈمىدە ياشىغانلىقىنىڭ سىمۋولى» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشقا يەنىلا « 西王母 » دېگەن تېمىدىكى 母 سۆزىنى ئاساس قىلغان. لېكىن تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، تارىم ۋادىسى ۋە قاراقۇرۇم تاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان قەدىمىي قەبىلىلەر ئۆزلىرى قۇرغان خاندانلىقنىڭ نامىنى «مۇ» دەپ ئاتىغانلىقى ھەم بىرنەچچە قەبىلىگە بۆلۈنگەنلىكى مەلۇم. سۇمېرلار سۇ بويلىرى (كۆل، دەريا بويلىرى) دا ياشىغان، سۇ بىلەن كۆپ ھەپىلەشكەن، بېلىق قاتارلىق سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ئوۋلاشقا ماھىر قەبىلە بولغاچقا «سۇمۇ» دەپ ئاتالغان. بەزى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا « 水豸百 » دەپ ئاتالغان. ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان مۇلار ( 水豸百 «mo» ) دەپ ئاتالغان. دېمەك، « 西王母 » «غەربىي خان ئانا» بولماستىن، مۇ خاندۇر. مۇ خاندانلىقى ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت دەۋر سۈرگەچكە، مۇ خانى خۇاڭدى، يەن، شۇن دەۋرلىرىدىن باشلاپ، جۇمۇۋاڭ دەۋرىگىچە بولغان 3 مىڭ يىلدىن ئارتۇق دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئەگەر « 西王母 » بىرلا كىشىنى كۆرسىتىدۇ دېيىلسە، بىر ئادەمنىڭ 3 مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇڭا، بۇ سۆزنى «ئوماي» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ تازا مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك.

دېمەك، 西王母 ئەپسانىلەردىكى پېرسوناژ بولماستىن، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئىپتىدائىي قەبىلىلەر قۇرغان خاندانلىق خاقانلىرىنىڭ ئورتاق نامى.

يۇقىرىقى مەلۇماتلار ۋە رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، خوتەن قاشتېشى بۇنىڭدىن 6 مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. شۇنداق ئىكەن، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «خوتەن قاشتېشى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى قېزىلىشقا باشلاپ، 7 مىڭ يىللار ئىلگىرى سىرتقى رايونلارغا توشۇلۇشقا باشلىغان» دېگەن يەكۈنىنىڭ قىلچە خاتاسى يوق.

# خوتەن قاشتېشىنىڭ قىممىتى

خوتەن قاشتېشى سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، قاتتىقلىقى، سىلىق ۋە پارقىراقلىقى، مولىكۇلالىرىنىڭ زىچلىقى ... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. مەشھۇر قاشتېشى مۇتەخەسسىسى شيا لىنباۋ ئەپەندى خوتەن قاشتېشىنى تەرىپلەپ مۇنداق يازغان: «خوتەن قاشتېشى جۇڭخۇا قاشتاشچىلىقىدا ئۆزگىچە مەنبەگە ئىگە بولۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىكى قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىدا خوتەن قاشتېشىنىڭ ئالاھىدە سۈپىتى ۋەكىللىك ئورۇندا تۇرىدۇ. «قاشتېشىنىڭ بەش خىسلىتى» خوتەن قاشتېشىغا قارىتىلغان. «سىلىق ۋە پارقىراق»، «زىچ ھەم قاتتىق»، «ساداسى ئۆزۈن ۋە تەبىئىي»، «دېغى ئېسىللىكىنى يوشۇرالماس، ئېسىللىكى دېغىنى يوشۇرالماس» دېگەن ماختاشلار يەنىلا خوتەن قاشتېشىغا قارىتىلغان. خوتەن قاشتېشى جۇڭگو قاشتېشىنىڭ سىمۋولى. تارىختىن بېرى كىشىلەرنىڭ خوتەن قاشتېشىغا بولغان تەلپۈنۈشى، ھەۋەس قىلىشى، قوغلىشىشلىرى خوتەن قاشتېشىنى سېھىرلىك، خاسىيەتلىك بۇيۇمغا ئايلاندۇرغان. ھازىرقى ئاق قاشتېشى ھەقىقەتەنمۇ «بىر سەر پارچە تاش، بىر سەر ئالتۇن» بولۇپ قالدى. بۇنداق قىممەتلىك ئەل گۆھىرى، قېزىش، يىغىشنىڭ قىيىن ھەم ئاز بولۇشى بىلەن يىغىپ ساقلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر پارچە خوتەن قاشتېشىغا ئېرىشسە، ئەتىۋارلاپ تاختا بېشىغا ئېلىپ قويىدىغان، يا ئەۋلادلارغا قالدۇرىدىغان، يا ساقلاپ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ ھوزۇرلىنىدىغان بايلىقىنىڭ بولۇپ قالدى...»

شيا لىنباۋ ئەپەندىنىڭ بۇ بايانلىرى قىلچىمۇ مۇبالىغە ئەمەس. خوتەن قاشتېشى يۇقىرىقى ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن تارىختىن بېرى ھەرقايسى ئەللەردە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان. مەملىكىتىمىز قاشتاشچىلىقى ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىقىدا خوتەن قاشتېشى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

تېخىمۇ مۇھىمى، ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە قاشتېشىنى دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ئەينى چاغدا قاشتېشى تالقىنى بىلەن ياسالغان «بەش تاش تالقىنى» ئەڭ مەشھۇر ئىدى. مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە

دورىگەرگې خۇڭ: «قاشتېشى خاسىيەتلىك دورا. لېكىن ئېرىشىش قىيىن... ئۇيۇلمىغان قاشتېشىغا ئېرىشسە، ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. ئۇدۇن قاشتېشى ئەڭ ئەلاسىدۇر» دېگەن. دېمەك، خوتەن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىمۇ ئەڭ ئەتىۋارلىق دورا قىلىپ ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر تېبابىتىدىمۇ قاشتېشى دورا قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. تارىختا تېرە كېسەللىكلىرىگە ۋە تېرىسى ياخشى ئەمەس كىشىلەرگە ئاق قاشتېشى تالقىنى بىلەن شاپتۇلنىڭ قۇرۇتۇلغان چېچىكىدە ئۇپا ياساپ، سۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقى ۋە ئۇنۇمىنىڭ ئىنتايىن ياخشى بولغانلىقى مەلۇم. ئاتاقلىق تېۋىپ مەرھۇم ئەمەت ھاجى، ئايالالار كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارغا ئەلا سۈپەتلىك قاشتېشىنى سۈرۈپ تالقان قىلىپ ئىچىشنى بۇيرىغان. يۈرەك كېسىلى بارلارغا قاشتېشى مارجان، بۇلاپكا ئېسىشنى، قاشتېشى بىلەيزۈك سېلىشنى بۇيرىغان. ھازىرقى ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىدىمۇ مۇرەككەپ رېتسېپلىق دورىلارغا قاشتېشى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى چاغلاردا خوتەن رايونىدا سۇ ئىدىشى، كوزىسى ياكى تۇڭىغا قاشتېشى سېلىپ قويۇپ، سۇنى سۈزۈلدۈرۈپ ئىچىش بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس بولۇپ كەلگەن ئادەت ئىدى. بۇنىڭغا كىشىلەر ھەر خىل تەبىر بېرىشەتتى. بەزىلەر، «قاشتېشى سۇدىكى تاش ئېرىتمىلىرىنى سۈزىدۇ، بۆرەك ۋە سۈيدۈك يوللىرىغا تاش چۆشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر، «يۈرەك كېسىلىگە داۋا بولىدۇ» دەيتتى. يەنە بەزىلەر، «بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، مىزاجنى تەڭشەيدۇ» دەپ قارايتتى.

خوتەن قاشتېشى سۈپەت جەھەتتىن قاشتېشى، كاۋاش ۋە چاقماق دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. كاۋاشنىڭ ئەسلىي تەركىبى قاشتېشى تەركىبى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. لېكىن، قاتتىقلىق دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ، تۆمۈر بىلەنمۇ جىجىغىلى بولىدۇ. زىچلىقى تۆۋەن بولۇپ، قاشتېشىغا قارىغاندا يەڭگىل. بۇ تاش خوتەن رايونىدا قاشتېشى ھېسابلانمايدۇ. لېكىن زاپاس، مىقدارى ئىنتايىن يۇقىرى. چاقماق تاشنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى قاشتېشىدىن قېلىشمايدۇ. لېكىن، ئۇ قاشتېشى ئەمەس، تەركىبىمۇ ئوخشاش ئەمەس. لېكىن چاقماق تاشتىن ئويۇلغان بۇيۇملار سۈپەت جەھەتتىن قاشتېشىدىن قېلىشمايدۇ. ماھىر تېخنىك بولمىسا قاشتېشىدىن ئايرىيالمايدۇ.

خوتەن قاشتېشى رەڭ جەھەتتە يەنە بىرقانچە سورتقا ئايرىلىدۇ. ئەڭ ئەتىۋارلىقى قايماق رەڭگىدىكى ئاق قاشتېشى. ئۇ رەڭ جەھەتتىن

قوي مېيىغا ئوخشىغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «قوي يېغى تاش» دەپ ئاتىغان. ھازىرغا كەلگەندە خەنزۇچىغا مەنە تەرجىمىسى قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان « 羊脂玉 » نىڭ تەلەپپۇزى بويىچە «ياڭجىيۇ» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سۇزۇك ئاق، سۇس يېشىل، يېشىل، سۇس ھاۋا رەڭ، كۆك، سېرىق، قىزىل، ئاق بالداقلىق قىزىل، قارا رەڭلىكلىرىمۇ ۋە ئارىلاشما رەڭلىكلىرىمۇ بار.

خوتەن قاشتېشى چىقىش ئورنىغا قاراپ، سۇ تېشى، كان تېشى، چۆل تېشى (قۇم شېغىللىق چۆللەردىن تېپىلىدۇ) دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. سۈپىتى ياخشىسى سۇ تېشى ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي سۈپەت جەھەتتىن، چوڭ بولۇش، قاتتىق بولۇش، پارقىراق بولۇش ۋە داغ بولماسلىق، ئارىلاشمىسى بولماسلىق، دەز بولماسلىقتىن ئىبارەت «ئۈچ بولۇش، ئۈچ بولماسلىق» ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئالتە شەرتكە چۈشىدىغان ئاق سۇ تېشى بىباھادۇر.

خوتەننىڭ قاشتېشى زاپاس مىقدارى ئىنتايىن مول، قاشتېشى ئۆسمەيدۇ، كۆپەيمەيدۇ. 10 مىڭ يىل قېزىلغان قاشتېشىنىڭ ھازىرغىچە تۈگىمەسلىكى، دەريا ـ ئېقىنلارنى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر بىلەن قېزىپ قاشتېشى تاپسىمۇ، بىر كەلكۈندىن كېيىن يەنە پەيدا بولۇشى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدۇ. 1990 ـ يىللاردىن بۇيانقى ئىسلاھات، بازار ئىگىلىكى رىقابىتى داۋامىدا خوتەن رايونىدا، بولۇپمۇ كېرىيە ناھىيىسى تەۋەسىدە قاشتېشى قېزىش دولقۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. يەرلىكلەردىن باشقا يەنە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن، ئۇرۇمچىدىن كەلگەنلەر تەرەپ ـ تەرەپتە قاشتېشى كان قازدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، چىرا ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ پۇلۇ، ئاتچان، تۇميا رايونلىرى ۋە نىيە ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن ئاز بولمىغان كانلار بايقالغان. بۇلار پەقەت تاغلىق رايونلارنىڭ شىمالىي گىرۋەكلىرىلا بولۇپ، چارۋىچىلار ياشاۋاتقان رايونلار بىلەنلا چەكلەنگەن. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئىچكىرى قىسىملىرى، بولۇپمۇ دەريا ئېقىنلىرىنىڭ باش قىسمىغا ھېچكىم بارالمىغان. بۇ نۇقتىدىنمۇ خوتەن قاشتېشى زاپىسىنىڭ يەنىلا ئىنتايىن مولluqىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بۇ ماكاندىن ئەنە شۇنداق تارىخى ئۇزۇن، سۈپەتلىك، ساپ قاشتېشى چىقىدۇ؟ باشقا جايلاردىن نېمە ئۈچۈن چىقمايدۇ؟ بۇ ئاساسەن قاشتېشىنىڭ ھاسىل بولۇش ۋاقتىدىكى

گېئولوگىيىلىك ئامىللار ۋە باشقا تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ئورتاق تەسىر كۆرسىتىشى ھەمدە شۇ ئورۇننىڭ ماددىي ئاساسى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## 1. خوتەن قاشتېشىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى

خىمىيىلىك ئانالىز، ئېلېكترونلۇق يىڭنە ئانالىزى قىلىش ۋە سپېكترلىق ئانالىز ئارقىلىق خوتەن قاشتېشىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ھەققىدە بىرقەدەر تولۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلىندى.

قاشتېشى خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى، مىقدارىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن، يۇقىرى مىقدارلىق تەركىب، تۆۋەن مىقدارلىق تەركىب، مىكرو دوزا (مىكرو مىقدارى) كىسلاتا قالدۇقى ۋە ئىزومورىم قاتارلىق تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

خوتەن قاشتېشىنىڭ يۇقىرى مىقدارلىق تەركىبى: كېرىمنىي (Si)، ماگنىي (Mg)، كالتسىي (Ca) لارنىڭ ئوكسىدلىق بىرىكمىلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. كەنجى تەركىبلەردىكى مىقدارى ئوخشاش ئەمەس، ئۆزگىرىش دائىرىسىمۇ بىرقەدەر كىچىك. ئۇنىڭدىكى سىلىتسىي ئوكسىد ($SiO_2$) نىڭ پىرسەنتلىك مىقدارى 11.33% تىن 58% كىچە، ئوتتۇرىچە مىقدارى 72.12، ماگنىي ئوكسىدى (MgO) نىڭ پىرسەنتلىك مىقدارى 22.09% تىن 25.56% كىچە، ئوتتۇرىچە مىقدارى 24.31، كالتسىي ئوكسىدى (CaO) نىڭ پىرسەنتلىك مىقدارى 11.3% تىن 14.39% كىچە، ئوتتۇرىچە مىقدارى 12.7 بولىدۇ. بۇ تەركىبلەر تىرمونتىننىڭ نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى خىمىيىلىك تەركىبى بىلەن يېقىنلىشىدۇ. بىراق بۇنىڭدا سەل تۆۋەنرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاق قاشتېشىدا ئۈچ خىل تەركىبنىڭ مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى ھەمدە ھاۋارەڭ قاشتېشىدا ۋە كۆكۈش قاشتېشىدا سەل تۆۋەنرەك بولىدۇ. بۇ ئاق قاشتېشىنىڭ تەركىبى، تىرمونتىننىڭ نەزەرىيىۋى تەركىبىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خوتەن قاشتېشىنىڭ تۆۋەن مىقدارلىق تەركىبى: تۆمۈر (Fe) نىڭ ئوكسىدلىق بىرىكمىلىرىنى ۋە Fe، ئاليۇمىن (Al) نىڭ يېرىم ھەسسىلىك ئوكسىدلىق بىرىكمىلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا كالىي (K)، ناترىي (Na)، تىتان (Ti)، مانگان (Mn)

لارنىڭ ئوكسىدلىق بىرىكمىلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مىقدارى ئاساسىي تەركىب بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ، ئاق قاشتېشىدىكى مىقدارى ئەڭ تۆۋەن، ھاۋا رەڭ قاشتېشىدىكى مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى، كۆكۈش قاشتېشىدا بولسا بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى تۆمۈر ئوكسىد (FeO) نىڭ مىقدارىنىڭ پەرقى بىر قەدەر چوڭ (جەدۋەل I دىن پايدىلىنىڭ).

ئالماس كان قاشتېشىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى ( I )

| نومۇرى | قاشتېشى تۈرلىرى | CaO | $K_2O$ | $Na_2O$ | MgO | MnO | FeO | $Fe_2O_3$ | $TiO_2$ | $SiO_2$ | $Al_2O_3$ | $H_2O$ | F | ئومۇمىي مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئاق قاشتېشى | 14.14 | 0.00 | 0.24 | 25.42 | 0.00 | 0.12 | 0.16 | 0.00 | 56.95 | 0.52 | | 0.15 | |
| 2 | ئاق قاشتېشى | 12.77 | 0.27 | 0.16 | 24.42 | 0.06 | 0.54 | 0.13 | 0.00 | 47.40 | 1.10 | | | |
| 3 | كۆكۈش قاشتېشى | 12.92 | 0.00 | 0.32 | 24.91 | 0.06 | 0.77 | 0.21 | 0.00 | 56.13 | 0.75 | | 0.145 | |
| 4 | كۆكۈش قاشتېشى | 12.62 | 0.22 | 0.20 | 24.37 | 0.06 | 0.85 | 0.04 | 0.23 | 57.60 | 0.94 | 1.76 | | |
| 5 | كۆكۈش قاشتېشى | 11.87 | 0.80 | 0.28 | 24.52 | 0.15 | 1.33 | 0.34 | 0.00 | 55.79 | 2.41 | 1.73 | | |
| 6 | كۆك قاشتېشى | 13.25 | 0.00 | 0.28 | 23.60 | 0.15 | 1.88 | 0.52 | 0.00 | 56.76 | 0.97 | | 0.17 | |
| 7 | كۆك قاشتېشى | 11.33 | 0.15 | 0.20 | 24.37 | 0.10 | 1.85 | 0.12 | 0.03 | 55.63 | 2.43 | 2.36 | | |
| 8 | كۆك قاشتېشى | 13.12 | 0.32 | 0.34 | 22.49 | 0.15 | 2.47 | 0.66 | 0.00 | 56.38 | 1.24 | 1.78 | | |
| 9 | ئايرىلمىغان تۈرلەر | 13.30 | 0.12 | 0.42 | 22.69 | 0.01 | 0.73 | 0.11 | | 57.31 | 0.56 | 3.58 | | |

كىشىلەرگە مەلۇملۇق ئامپىبول گۇرۇپپىسىدىكى مىنېراللاردا FeO مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ياكى Mg بىلەن Fe نىڭ ئورۇن ئالمىشىشى ھەمدە تېكىستۇرا جەھەتتىكى ئۆزگىرىش تىرمونت بىلەن ئاكتىنولىتنى خىمىيىلىك جەھەتتە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ. تىرمونتنىڭ ($Ca_2Mg_5[Si_4O_{11}]_2[OH]_2$) تەركىبىدە FeO بولمايدۇ ياكى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئۇ ئەينەكتەك ۋە يىپەكتەك پارقىراقلىققا ئىگە، رەڭگى ئاق ياكى كۇلرەڭ بولىدۇ. ئاكتىنولىتنىڭ ($[Ca_2MgFe]_5[Si_4O_{11}]_2[OH]_2$) تەركىبىدە FeO بولىدۇ ھەم بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. رەڭگى يېشىل، سۇس كۆك يېشىل ياكى سىياھ يېشىل رەڭلەردە بولۇپ، بۇنىڭ رەڭگى ئومۇمەن Fe نىڭ مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر Fe لىك ئاكتىنولىتنىڭ گرام مولېكۇلىلىق مىقدارى يۈزدە يىگىرمە

پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمىسە (Fe نىڭ مىقدارى 8%كە توغرا كەلگەندە)، ئۇ تېرمونت بولىدۇ. ئۇنداقتا خوتەن قاشتېشى مۇ تېرمونتقا تەۋە بولىدۇ.

FeO نىڭ مىقدارى گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا مەۋجۇت بولغانلىقتىن، نېرتىن ھەر خىل قېنىق، سۇس، يېشىل قاتارلىق ئوخشىمىغان رەڭلەر بىلەن بويايدۇ. ھازىرقى خوتەن قاشتېشىنىڭ كەنجى تۈرلىرىنى بۆلۈش (ھەر خىل رەڭدىكى قاشتاشلارنى) ئادەتتە بويىچە ۋە ئانالىز قىلىشتىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا FeO نىڭ ئېغىرلىق پىرسەنتى 1%نىڭ ئىچىدە بولغىنى ئاق قاشتېشى، 2%نىڭ ئىچىدە بولغىنى كۆك قاشتېشى، 1% ئارىلىقى بىلەن 2% ئارىلىقىدا بولغانلىرى كۆكۈش قاشتېشى تەۋەسىگە كىرىدۇ. بولۇپمۇ قاشتېشىنىڭ يۇقىرى مىقدارلىق تەركىبى بىلەن تۆۋەن مىقدارلىق تەركىبىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى (ئۇلارنىڭ مىقدارىدىكى قارىمۇقارشىلىق)، يەنى تۆۋەن مىقدارلىق تەركىبىنىڭ يۇقىرى مىقدارلىق تەركىب ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرىقى ئىككى خىل تەركىب نېفىرتنىڭ خىمىيىلىك ساپلىقى (خىمىيىلىك تەركىبىگە باشقا ماددىلارنىڭ ئارىلاشقان ياكى ئارىلاشمىغانلىقى)، سورتلىرى قاتارلىقلار بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. خوتەن قاشتېشىنىڭ يۇقىرى مىقدارلىق تەركىبى يۇقىرى بولۇپ، نېفىرتنىڭ رەڭگى ئاق رەڭنى ئاساس قىلىدۇ. باشقا قېنىق رەڭلىك قاشتېشىنىڭ تۆۋەن مىقدارلىق تەركىبىنىڭ مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، نېفىرت ئوچۇق يېشىل رەڭنى ۋە قارا رەڭنى ئاساس قىلىدۇ. خىمىيىلىك تۈزۈلۈشىنىڭ پەرقلىقلىقى نېفىرتنىڭ رەڭگىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ قاتتىقلىقى، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى، نۇرنى قايتۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ھەمدە نېفىرتنىڭ ئوخشاش بولمىغان كەنجى تۈرلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوخشاش بولمىغان ھاسىل بولۇش تىپىدىكى نېفىرتلارنىڭ تەركىبى ۋە قۇرۇلمىسىدا روشەن پەرقلەر بولىدۇ. دۇنيادىكى نېفىرت رۇدا بۇيۇملىرىنىڭ ئانلىق جىنسلىرى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، ئۆتە ئاساسلىق جىنسلاردىن ئايىنغان يىلان پوستلاقلىق جىنس (سېرپېنتىن)؛ يەنە بىرى، چۆكمىلىشىشتىن ئايىنغان دولومىتلىق مەرمەر جىنس. ھەر

ئېككىلىسىنىڭ ئەسلىدىكى جىنسى ( ئانا جىنسى ) ئوخشاش ئەمەس ھەمدە ئۇنىڭ نېفرىتنىڭ خىمىيىلىك تۈزۈلۈشىدىمۇ روشەن پەرقلەر بولىدۇ. ئەسلىي جىنسلىرى سېرپېنتىنغا تەۋە بولغان نېفرىتتا MgO بىر قەدەر ئاز، ئاز ساندىكىلىرى 22% تىن ئارتۇق. FeO نىڭ مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى، ئادەتتە 3% تىن تۆۋەن بولمايدۇ، ئەسلىي جىنسى دولومىتلىق جىنىستىكى نېفرىتتا MgO نىڭ مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى، ئادەتتە 3% تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. يەنە قىسمەن مۇرەككەپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئەھۋاللارنىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ بەلكىم ئوخشىمىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ نېفرىتنىڭ ئەۋرىشىملىكىگە بولغان مۆلچەرلىرى ۋە تاللىشىنىڭ تەكشى بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدىكى ئاساسلىق نېفرىتلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى ( Ⅱ )

| نومۇرى | مەھسۇلات تۈرلىرى ۋە قاشتېشى تۈرلىرى | CaO | $K_2O$ | $Na_2O$ | MgO | MnO | FeO | $Fe_2O_3$ | $TiO_2$ | $SiO_2$ | $Al_2O_3$ | $H_2O$ | F | ئومۇمىي مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئالمىلىس خوتەن ئاق قاشتېشى | 13. 45 | 0. 14 | 0. 20 | 24. 92 | 0. 03 | 0. 33 | 0. 14 | 0. 00 | 57. 17 | 0. 81 | | 0. 15 | 97. 34 |
| 2 | ئالمىلىس خوتەن كۆكۈش قاشتېشى | 12. 47 | 0. 34 | 0. 27 | 24. 60 | 0. 09 | 0. 98 | 0. 20 | 0. 08 | 56. 84 | 1. 37 | 1. 75 | 0. 15 | 99. 14 |
| 3 | ئالمىلىس خوتەن كۆك قاشتېشى | 12. 57 | 0. 16 | 0. 27 | 23. 49 | 0. 13 | 2. 07 | 0. 43 | 0. 01 | 56. 26 | 1. 56 | 2. 07 | 0. 17 | 99. 18 |
| 4 | چەرچەن كۆك قاشتېشى | 13. 10 | 0. 30 | 0. 36 | 21. 34 | 0. 0 | 1. 50 | 0. 61 | 0. 11 | 56. 86 | 2. 27 | | | 96. 49 |
| 5 | كانادا ياشمىسى | 12. 31 | 0. 04 | 0. 07 | 21. 67 | 0. 15 | 3. 43 | 0. 86 | 0. 01 | 55. 52 | 2. 04 | 3. 55 | 0. 03 | 100. 16 |
| 6 | | 13. 19 | 0. 27 | 0. 75 | 21. 39 | — | 1. 89 | 1. 76 | — | 57. 00 | 1. 42 | 2. 72 | — | 100. 39 |
| 7 | يېڭى زېلاندىيە ياشمىسى | 11. 80 | 0. 20 | 0. 20 | 21. 80 | 0. 19 | 3. 80 | 1. 60 | 0. 04 | 55. 00 | 0. 90 | 3. 16 | | 99. 85 |
| 8 | ئامېرىكا ياشمىسى | 10. 30 | 0. 20 | — | 20. 30 | 0. 20 | 12. 30 | | 0. 10 | 54. 10 | 3. 30 | | | 100. 80 |
| 9 | ئاۋستىرالىيە ياشمىسى | 12. 40 | | | 20. 30 | | 7. 91 | | | 56. 00 | 0. 78 | | | 97. 39 |

*ئەسكەرتىش: بوش ئورۇنلار ئانالىز قىلىنمىغانلىرى. «—» بەلگىسى دەرىجىگە يەتمىگەنلىرى.*

خوتەن قاشتېشىنىڭ مىكرو مىقدارلىق ( مىكرو دوزا ) ئېلېمېنتلىرى سپېكترلىق يېرىم مىقدارلىق ئانالىز ئارقىلىق، ئۇنىڭدا ۋىسمۇت (Bi)، بېرىللىي (Be)، مىس (Cu)، ئۇنىڭدىن

قالسا قەلەي (Sn)، قوغۇشۇن (Pb)، سىنك (Zn)، بەزى كەنجى تۈرلىرىدە: خروم (Cr)، نىكېل (Ni) لارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بارلىقى ئېنىقلاندى. ئۇنى باشقا سەۋەبلەردىن ھاسىل بولغان نېفىرت رودا ئويۇملىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا زور ئوخشىماسلىقلار بار. (جەدۋەل Ⅲ). ئەسلىي جىنسى سېرپېنتلىق نېفىرتتا: Pb, Zn, Cu قاتارلىقلار بار. كوبالت (Co)، Ni, Cr لارنى كۆرگىلى بولمايدۇ ياكى ئىزلىرى ساقلانغان بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خوتەن قاشتېشىنىڭ ئەسلىي جىنسى دولومىتلىق مەرمەر تاشلىق نېفىرتتىن ئىبارەت.

مەلۇم بولغان ئاساسلىق نېفىرتلارنىڭ مىكرو مىقدارلىق تەركىبى جەدۋەل (Ⅲ)

| مەھسۇلات تۈرىنىڭ تۈرلىرى | رودا تىپىۋملىرىنىڭ تىپلىرى | Bi | Be | Cn | Cn | Sn | PL | Cr | Co | Ni | P | F |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خوتەن ئاق قاشتېشى | كونتاكتى ئالماشقان دولومىتلىق مەرمەر | >0.01 | 0.001 ~ 0.0005 | < 0.01 ~ 0.04 | < 0.01 | < 0.001 | — | — | — | — | 0.04 | 0.15 |
| خوتەن كۆكۈش قاشتېشى | كونتاكتى ئالماشقان دولومىتلىق مەرمەر | >0.05 | 0.0015 | < 0.01 ~ 0.1 | — | < 0.001 | — | < 0.01 | — | — | 0.03 ~ 0.06 | 0.14 ~ 0.15 |
| خوتەن كۆك قاشتېشى | ئالماشقان سېرپېنتىن | >0.01 | 0.001 | 0.01 ~ 00.4 | — | — | 0.005 | — | — | — | 0.04 ~ 0.06 | 0.17 |
| مانىس ياشمىسى | ئالماشقان سېرپېنتىس | < 0.001 | — | — | — | — | — | 0.5 | 0,02 | 0.3 | — | X |
| كانادا ياشمىسى | ئالماشقان سېرپېنتىن | — | 0.002 | 0.005 | — | — | — | 0.11 ~ 0.22 | 0.002 ~ 0.000 | 0.06 ~ 0.16 | X | 0.02 ~ 0.00 |

*ئەسكەرتىش: «X» بەلگىسى ئانالىز قىلىنمىغانلىرىنى بىلدۈرىدۇ. «—» بەلگىسى مىقدارى دەرىجىگە يەتمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.*

## 2. «خوتەن قاشتېشى» نىڭ مىنېراللىق تەركىبى

«خوتەن قاشتېشى» باشقا نېفىرتلارغا ئوخشاشلا تېرمونىتنىڭ مىكرو كرىستاللىق (ئېلېكترولىت)، يەنى يوشۇرۇن كرىستاللىق

بىرىكمىلەردىن تۈزۈلگەن. ئەمما ھەرقانداق بىر خىل تەبىئىي نېفىرتنىڭ ھەممىسى مۇتلەق ساپ بولغان يەككە مىنېراللىق تاغ جىنسى ئەمەس. تېخنىلوگىيە (ھۈنەر - سەنئەت) ساھەسىدە ساپ ھەم ياخشى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇلاردا ئاز مىقداردا ئارىلاشما مىنېراللار مەۋجۇت ھەمدە تېرمونىتنىڭ تۇۋرۇكسىمان سۇزۇك بولمىغان كرىستال جىسىملىرى ياكى سۇزۇك بولمىغان مىكرولىتلىق بىرىكمە جىسىملىرىمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ. چۈنكى، نېفىرىتتا ھەقىقىي نېفىرىتتىن باشقا ئاز مىقداردا قاشتېشى بولمىغان تېرمونىتلار ۋە باشقا مىنېراللارمۇ بولىدۇ.

خوتەن قاشتېشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، خوتەن قاشتېشىنىڭ نېپىز پلاستىنكىسىنى مىكروسكوپتا تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ مىنېراللىق تەركىبىنىڭ مىكرو تالالىق تېرمونىت، تۇۋرۇكسىمان كرىستاللىق تېرمونىت ۋە باشقا ئارىلاشما مىنېراللاردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقانلىقى مەلۇم بولغان.

مىكرو تالاسىمان تېرمونىت كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 85% تىن تۆۋەن بولمايدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ 99%كە يېتىدۇ. ئۇ قانچىكى كۆپ بولسا قۇرۇلمىسى ئوششاق، زىچ ھەم تەكشى بولىدۇ. مىكرو تالاسىمان تېرمونىت بىرىكمىلىرىنىڭ ھالىتى ۋە چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، يوشۇرۇن كرىستاللىق يۆنىلىشسىز، كىگىزسىمان مىكرو تالالىق، قاسىراقسىمانلىرى پاراللېلراق كەلگەن ئورالما دەستىلىكلىرى، خوراز تاجىسىمان (سۇپۇرگىسىمان) رادىئاكتىۋسىمان تالالىق قاتارلىق تۆت خىل بولىدۇ. بۇ تۆت قىسىم نېفىرتنى تۈزگۈچى ئاساسىي قىسىم بولۇپ، كۆز بىلەن كۆزەتكەندە بۇ بىر گەۋدە بولۇپ سۇزۇكتەك ھېس قىلىنمىز. ئەگەر يوشۇرۇن كرىستال قىسمىنىڭ مىقدارى يۇقىرى بولسا سۇزۇكلۇكىمۇ، سۈپىتىمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

تۇۋرۇكسىمان كرىستاللىق تېرمونىت قىسمى: بۇ نېفىرتنىڭ ئاساسىي قىسمى ئەمەس. بۇ ئومۇمەن نېفىرتنىڭ قىسمەن ئالمىشىشتىن قالدۇقلاشقان قىسمى ياكى پۈتۈن قىسمىنىڭ ئالمىشىشىدىن قالدۇقلاشقان قىسمى بولۇپ، بۇ خىل ئالمىشىش ھادىسىسىنى، يېرىم نېفىرتلاشقان جىنسلاردا ياكى نېفىرتلاشقان جىنسلاردا ناھايىتى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. تۇۋرۇكسىمان كرىستاللىق تېرمونىتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىلەن نېفىرتنىڭ تەكشىچانلىقى ۋە سۇزۇكلۇكى ئاجىزلىشىدۇ ياكى بۇزغۇنچىلىققا

ئۆچرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن نېفىرتنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەيدۇ، شۇڭا بۇ
قىسىملىرى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.
ئارىلاشما مىنېراللارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ ئانچە چوڭ
ئەمەس. ئادەتتە ئاز قىسىملىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئومۇمىي مىقدارى
%3 تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ يەنىلا بەلگىلىك
قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ. ساپ بولغان ئاق قاشتېشىنىڭ پەقەت
قىسمەنلىرىدىلا ئاپاتىت ($Ca_5[PO_4]_3[F,Cl]$) ۋە ماگنىتىتلارنى
($[Fe_3O_4]$) كۆرگىلى بولىدۇ. ئاپاتىتنىڭ دانىچە دىئامېتىرى
0.025mm، ماگنىتىتنىڭ دانىچە دىئامېتىرى 1.0 ~ 0.2mm
ئەتراپىدا بولىدۇ. يەنە بەزى ۋاقىتلاردا شىنا (سىپىر) $[CaTi(Si_40)O]$
نى كۆرگىلى بولىدۇ. مىنېرال جىسىملىرىنىڭ چەت ياقىلىرىدىكى،
رۇدا تاشلاردىكى قالدۇقلاشقان، سۈپەت ئۆزگەرتكەن تاغ جىنسلىرىدا
دىئوپسىد (سۇزۇك جۇلا تاش $[CaM_9(Si_2O_6)]$)، ئالتۇن چىرىمتال
$(KAl_2[Al_2Si_3O_{10}][OH_1]$ ئاق چىرىمتار، $KAg_3(AlSi\ O_{10})[OH_2]$،
كالتسىت تاش $[GacQ]$ قاتارلىقلار بولىدۇ. ئاق قاشتېشى كېيىنكى
ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان ۋاقىتتا سىرتقى پوستى قىسمىدا تاللىكنى
كۆرگىلى بولىدۇ. قاشتېشىدا ئارىلاشما مىنېراللار قىسمەن
ئاپاتىتىن، ماگنىتىتلاردىن باشقا يەنە ئەپىدۇت (پىستە
تاش) $Ca_2Al_3(SiO_4)(Si_2O_7)O(OH)$، قىيسىق قارامتۇل ئەبدۇت
$Ca_2FeAl_2(Si_2O_7)(SiO_4)O(OH)$، خلورىد (يېشىل سېغىز تاش) ۋە
مىكرو مىقداردىكى گرافىت (C) قاتارلىقلارمۇ بار. قوشنا ھەم
يېقىن بولغان، سۈپەت ئۆزگەرتكەن ئەتراپ جىنسلىرىدىكى
كۆك قاشتېشىمۇ كاربون كىسلاتا تۇزلۇق مىنېراللارنى
قالدۇقلاشقان تىرمونت $Ca_2Mg_5(Si_4O)_2[OH]_2$ رىئوسىپىد،
ئاكتىنولىت $Ca_2[MgFe][Si_4O_{11}][OH]_2$ ۋە سىرتنىڭ (سېرىق تۆمۈر
رودىسى) $FeS_2$، تارقاق كۆپىسىمان جىسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.
كۆك قاشتېشىنىڭ كېيىنكى سۈپەت ئۆزگەرتكەن مىنېراللاردىن
ئاساسلىقى تاللىك $Mg_3(Si_4O_{10})(OH)_4$ بەزى ۋاقىتلاردا خلورىد
$Mg_6[Si_4O_{11}](OH)$ ، سېرپىنتىن، $(MgFe)_5Al[AlSi_3O_{10}[OH]_8$
قاتارلىقلارنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. كۆكۈش قاشتېشىدىكى ئارىلاشما
مىنېراللارمۇ ئاق قاشتېشىنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بەزىدە
كۆك قاشتېشىنىڭ مىنېراللىرىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

خوتەن قاشتېشى، كېيىنكى مەزگىلدىكى ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان

ۋاقىتتا دەزلىكنى بويلاپ ئىككى خىل ئۇششاق ھالەتتىكى تۆمۈر ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى سېرپىنتىن تاللىكلىك ئۇششاق تۆمۈر، يەنە بەزى كالتسىت ($CaCO_3$)، دولمىتلىق ئۇششاق تۆمۈر [$CaMg(CO_3)_2$] بولۇپ، بۇ خىل تۆمۈر بىلەن نېفرىتنىڭ رەڭگى، سۈزۈكلۈكى، ئەۋرىشىملىكى قاتارلىق جەھەتلەردە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھۈنەر - سەنئەتتە بۇ نەرسىلەر چىقىرىپ تاشلىنىش مەھسۇلاتنىڭ ئۆزىدە قالدۇرۇلمايدۇ. بەلكى ئۇلار بەلگىلىك يۆنىلىشكە ئىگە بولغاچقا، چوڭ پارچىلار پارچىلانغاندىن كېيىن كىچىك پارچىلارغا بۆلۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاشتېشىنىڭ پايدىلىنىش دەرىجىسىنى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئارىلاشما مىنېرال خوتەن قاشتېشىنىڭ ئوخشىمىغان كەنجى تۈرلىرىنى ئايرىشنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاشتېشىنىڭ ھەر خىل ھاسىل بولۇش شارائىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ بىر قىسىم ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 3. خوتەن قاشتېشىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن نۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق خوتەن قاشتېشىنىڭ تېرمونتىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق. ئۇنداق بولسا خوتەن قاشتېشىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ تېرمونتقا تەۋە بولىدۇ.

رەڭگى: بىزگە مەلۇملۇق خوتەن قاشتېشىنىڭ كەنجى تۈرلىرى، رەڭگى ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. قاشتېشى ئاساسەن ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇيۇملارنى كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈش - كۆرمەسلىكىدە رەڭگى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ھازىرقى قاشتېشى ماتېرىياللىرىنىڭ سېتىلىش باھاسىدا، رەڭگى قوي يېغىدەك ئاق بولغانلىرى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سېتىلىش باھاسى ياشمىنىڭ ئون ھەسسىسىدىن ئارتۇق. كۆك قاشتېشىنىڭ 10 ~ 20 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. قاشتېشى بۇيۇملىرى بازىرىدا ئىشلەنگەن بۇيۇملارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ ھەمدە باھاسىدىمۇ بىرقانچە ئون

ھەسسىدىن، بىرقانچە يۈز ھەسسىسىگىچە پەرقلىنىدۇ.

قاشتېشى رەڭگىنىڭ ئوچۇق بولۇشى ياكى خىرە بولۇشى ئاساسەن تەركىبىدە تۆمۈر (Fe)، تىتان (Ti)، ماگنىي (Mg)، مىس (Cu)، خروم (Cr)، نىكېل (Ni)، كوبالت (Co)، ۋانادى (V)، ئىتترى (Y)، ئۇران (U) قاتارلىق ئوخشىمىغان ۋالېنتلىكى رەڭلىك ئىئونلارنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ۋە ئاز - كۆپلۈكى، بولۇپمۇ تۆمۈر (Fe)، مانگان (Mn)، نىكېل (Ni)، خروم قاتارلىق ئېلېمېنتلار ۋە گرافىت، ماگنىت قاتارلىق قېنىق رەڭلىك مىنېراللارنىڭ تەركىبىدە بولۇشى ۋە ئاز - كۆپلۈكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل ئېلېمېنت ۋە مىنېرالنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ياكى ئاز - كۆپلۈكى قاشتېشىنىڭ ھاسىل بولۇش شارائىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. Fe بولسا يەر يۈزىدىكى مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك ئېلېمېنت، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدىغان قاشتاشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەر ئاستىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىكى بىرقەدەر كۈچلۈك ئوكسىدسىزلىنىش شارائىتىدا ھاسىل بولغاچقا $Fe^2$ مىقدارى كۆپ. شۇ سەۋەب بىلەن رەڭگىمۇ يېشىل كۆك، قارامتۇل رەڭلەردە بولىدۇ. خوتەن قاشتېشىنىڭ گۈزەل بولۇشى ھەم سۈزۈك - سورتلۇق بولۇشى ۋە ئالدىنقى ئۈچ تۈرنىڭ كۆپرەك (ئاق، كۆكۈش، كۆك) بولۇشىدىكى سەۋەب تۆمۈر (Fe)، ماگنىي (Mg)، نىكېل (Ni)، خروم (Cr) قاتارلىق رەڭلىك ئېلېمېنتلار بىلەن بويىلىشى ئاز بولۇشى ۋە ماگنىتقا ئوخشاش قېنىق مىنېراللارنىڭ مىقدارىنىڭ ئاز بولۇشى ياكى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەمدە يەر ئاستىنىڭ چوڭقۇر بولغان جايلىرىدىكى بىرقەدەر ئاجىز بولغان ئوكسىدسىزلىنىش شارائىتىدا ھاسىل بولغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

قاتتىقلىق دەرىجىسى: دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر قاتتىقلىق دەرىجىسىنى ياقۇت، قاشتېشى قاتارلىقلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ مۇھىم شەرتى قىلىدۇ. ئەگەر قاشتېشىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭدىن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار ئادەتتە قاتتىق نەرسىنىڭ جىسمىغا سۈركىلىشكە، قىرىشقا چىدامىلىق بولۇپ، ئۇزۇن ساقلىغاندىمۇ بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى كېلىپ چىقمايدۇ ياكى چاقناپ تۇرىدىغان نۇرلۇق ھالىتىنى يوقاتمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سۈپەت كۆرسەتكۈچى ئوخشاش بولغان ئەھۋال ئاستىدا، قاتتىقلىق

دەرىجىسى قانچىكى چوڭ بولغانسېرى، شۇنچە ياخشى بولىدۇ. خوتەن قاشتېشىنىڭ موخىس قاتتىقلىق دەرىجىسى (ئەنگلىيىلىك موخىس «ئادەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل مىنېرالنى ئۆزئارا بىر - بىرىگە جىجىغاندا، قاتتىقلىقى بىر قەدەر چوڭراق بولغان مىنېرال قاتتىقلىقى بىر قەدەر كىچىكرەك بولغان مىنېرالنى جىجىيدۇ» دېگەن داۋلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم قاتتىقلىقى بىردىن ئونغىچە بولغان ئون خىل مىنېرالنى موخىس قاتتىقلىق دەرىجىسى دەپ ئاتىغان) ئادەتتە 6.5 ~ 6.9 ئارىلىقىدا بولىدۇ. كۆكۈش قاشتېشىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى 6.6 ~ 6.8 گىچە، كۆك قاشتېشىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى 6.5 ~ 6.9 گىچە بولىدۇ. ئادەتتە قاتتىقلىق دەرىجىسى ئەۋرىشكىلەرنى ئۆلچەش، تاللاشتا ناھايىتى مۇھىم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش قاشتېشى تۈرلىرىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ. ئەمما ھەرقايسى تاللانغان ئەۋرىشكىلەرنىڭ سايلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۆلچەش نەتىجىسىدىكى پەرقلەرمۇ چوڭ بولىدۇ. بەزى ئاق قاشتېشىنىڭ قاتتىقلىقى چوڭ، بەزى كۆك قاشتېشىنىڭ قاتتىقلىقى چوڭ بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى پولات پىچاقنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. ئادەتتە موخىس قاتتىقلىق دەرىجىسى 6،5، 7 ئارىلىقىدا بولغانلىرى مۇۋاپىق دەپ قارىلىدۇ.

ئەۋرىشىمچانلىقى: ئەۋرىشىمچانلىق گۈزەل سەنئەتتە تەلەپ قىلىنىدۇ. قاشتېشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەۋرىشىمچانلىق ئىنتايىن مۇھىم. بىر تەرەپتىن مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆزۈن چىداشلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ تەلەپكە يېتىش - يەتمەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئەۋرىشىمچانلىقى چوڭ بولغان قاشتېشى ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا تاراشلاش، پەردازلاش ئۈنۈمى گەرچە تۆۋەنرەك بولسىمۇ، بىراق ساقلىنىشقا تېگىشلىك بولغان قىسىملىرىمۇ، يەنى ناھايىتى ئۇششاق بولغانلىرىمۇ ئۆز ئۈنچە ساقلىنىدۇ. ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىمۇ ئاسان ياسىغىلى بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئارتۇق قىسىملىرىنى زەنجىر، ھالقىلارنىڭ كەم جايلىرىغا ئىشلەتكەندە مەھسۇلات تېخىمۇ ئۆلچەملىك چىقىدۇ. خوتەن قاشتېشىدا يۇقىرىقى شارائىتلار تولۇق ھازىرلانغان. كاسىپلارنىڭ (ھۈنەرۋەنلەرنىڭ) تەجرىبە قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا نېفرىت، ھۈنەر - سەنئەت ماتېرىياللىرى ئىچىدە ئەۋرىشىمچانلىقى ئەڭ چوڭ بولۇپ، پولاتتىن ئېشىپ كېتىدۇ. يەنى قاتتىقلىقى ئۇنىڭدىن چوڭ

بولغان خرۇستال ( $SiO_2$ ) ، ئاگات (ھېقىق) ، ياشما قاتارلىق چۇرۇك مىنېراللاردىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. نېفرىتنىڭ ئەۋرىشىمچانلىقى، ئەۋرىشىمچانلىقى ئەڭ چوڭ بولغان يېشىل تاشتىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

سۈزۈكلۈك دەرىجىسى: نېفرىت (نېفرىت خوتەن قاشتېشىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى) سۈزۈك جىسىم بولۇپ، چوڭراق بولغان قاشتېشىنىڭ چەت - ياقىلىرىغا ۋە قېلىنلىقى ئانچە چوڭ بولمىغان ئوتتۇراھال ۋە كىچىكرەك قاشتېشى پارچىسىغا قۇياش نۇرى ياكى ئېلېكتر نۇرى چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن بىر قىسىم نۇر ئۆتەلەيدۇ. قاشتېشىنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ يالتىرايدۇ. نۇر ئارقىلىق يورۇتۇش ھەمدە يالتىراش دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ھەر قايسى رايونلارنىڭ قاشتېشى سۈپىتىنى ئايرىشنىڭ نىسپىي ئۆلچىمى قىلىنىدۇ. ئادەتتە ئوخشاش رەڭدىكى قاشتېشىنىڭ ئىچىدە سۈزۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى بولغان قاشتېشىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا سۈپىتى ناچار ھېسابلىنىدۇ. قاشتېشى ماتېرىياللىرى ساھەسىدە قاشتېشىنىڭ سۈزۈكلۈكى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى، قاشتېشى قىممىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا سۈزۈكلۈك دەرىجىسى قاشتېشىنى دەرىجىگە بۆلۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىنىدۇ. خوتەن قاشتېشىنىڭ سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ياخشى بولۇپ، قۇياش نۇرى ۋە ئېلېكتر چىرىغى بىلەن يورۇتقاندا، قېلىنلىقى 10 cm بولغان قاشتېشىنىڭ ھەممىسى يالتىرايدۇ، نۇر ئۆتكۈزىدۇ. ئاق قاشتېشى بىر قەدەر سۈزۈك ھەم يالتىراق، كۆك قاشتېشى بىر ئاز تۇتۇق. ئوخشاش يورۇقلۇقنىڭ يورۇتۇشى ئاستىدا يالتىراش دائىرىسى ۋە قېلىنلىقى جەھەتتە، ئاق قاشتېشىنىڭ كۆك قاشتېشىغا قارىغاندا بىر قانچە سانتىمېتىر كۆپ بولىدۇ. ئوخشاش رەڭدىكى سۈپىتى تەكشى ھەم ئوخشاش بولغان قاشتېشىنىڭ نۇرنى ئۆتكۈزۈشچانلىقى يەنىلا تەكشى ۋە ئوخشاش بولىدۇ. ئەكسىچە يالتىراقلىقتا تۇتۇق داغ ۋە قارا داغ كۆرۈلسە بۇ تۇق قارا داغلار ياكى نۇر ئۆتكۈزمەيدىغان قىسىملار دەل قاشتېشىدىكى ئارىلاشما مىنېراللار ۋە تۆۋرۈكسىمان، كرىستاللىق تېرمونتىننىڭ تەسىرىدىن بولغان بولىدۇ.

سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى: نېفرىتنىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى تېرمونتىننىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى بىلەن ئوخششىپ كېتىدۇ. خوتەن قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رودا ئويۇملىرى ۋە

نېفىرتلىرىنىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى جەدۋىلىگە قارايدىغان بولساق، خوتەن قاشتېشىنىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى ياشمىنىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقىدىن كىچىك. بۇ ئۇلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى ياشمىنىڭ تەركىبىدە قارا رەڭلىك مېتاللاردىن تۆمۈر (Fe)، مانگان (Mn)، تىتان (Ti)، خروم (Cr) قاتارلىقلار بىر قەدەر يۇقىرى. خوتەن قاشتېشىدا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. خوتەن قاشتېشىدىكى كۆك قاشتېشىنىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئاق قاشتېشىغا قارىغاندا چوڭ بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەركىبىدە تۆمۈر (Fe) نىڭ مىقدارى سەل كۆپرەك بولىدۇ. قارا قاشتېشىنىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى كىچىك. چۈنكى، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئارىلاشما مىنېراللارنىڭ تەركىبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى قارا قاشتېشىنىڭ تەركىبىدە سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى بىر قەدەر كىچىك بولغان گرافىت كۆپرەك، قارا قاشتېشىغا گرافىتنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئۇنىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

ئالماس خوتەن قاشتېشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نېفىرتلارنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى (جەدۋەل IV)

| شىنجاڭ مانلىس قاشتېشى | كانادا ياشمىسى | قاراڭغۇ تاغ قارا قاشتېشى | ئالملس خوتەن كۆك قاشتېشى | ئالملس خوتەن كۈمۈش قاشتېشى | ئالملس خوتەن ئاق قاشتېشى |
|---|---|---|---|---|---|
| 3.006 | 2.99 | 2.60 | 2.948 | 9.976 | 2.922 |

نۇرلۇقلۇقى: نېفىرتنىڭ نۇرلۇقلۇقى جەھەتتە سانلىق مەلۇماتلار ئانچە ئېنىق ئەمەس. لېكىن بەزى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، خوتەن قاشتېشىنىڭ ئەڭ كىچىك نۇر سۇندۇرۇش ئۇنۇمى ۋە ئوتتۇراھال نۇر سۇندۇرۇش ئۇنۇمى تېرمونتقا يېقىنلىشىدۇ. ئەڭ يۇقىرى نۇر سۇندۇرۇش ئۇنۇمى تېرمونتنىڭ يۇقىرى چېكىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئاكتىنولىتنىڭ ئەڭ تۆۋەن نۇر سۇندۇرۇش ئۇنۇمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق ناھايىتى چوڭ. ئومۇمەن نۇرلۇقلۇقى جەھەتتىن قارىغاندا، خوتەن قاشتېشىنىڭ مىنېراللىق تەركىبى تېرمونت بولۇپ، بەزى تېگى - تەكتىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر نېفىرتنى تېرمونت بىلەن ئاكتىنولىتنىڭ ئۆتكۈنچى تىپىغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان كىشىلەر خوتەن قاشتېشىنىڭ مىنېرال تەركىبى تېرمونت دەپ قارايدۇ. بۇ بىر ئورتاق قاراش.

# خوتەن قاشتېشىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

خەنزۇ تىلىدا قاشتېشى «خوتەن قاشتېشى» (和田玉,于阗玉) ياكى «قاراقۇرۇم قاشتېشى» (昆仑玉,昆玉) دەپ ئاتىلىدۇ، كاۋاش («يۇمشاق قاشتېشى» 软玉) دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىرغا قەدەر دۇنيا بويىچە مەلۇم بولغان ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان قاشتېشى كان رايونى 68، قاشتېشى كان 136 بولۇپ، پەقەت شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدىكى 11 كان رايونى 19 قاشتېشى كانىدىنلا ھەقىقىي قاشتېشى چىقىدۇ. قالغان كانلارنىڭ ھەممىسىدىن كاۋاش ۋە باشقا ماددىلارغا ئارىلاش كاۋاش تاشلار چىقىدۇ. بۇ كان رايونلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: ئاسىيادا بەش دۆلەتكە تارقالغان بولۇپ، ئاساسلىقى جۇڭگودا 22 كان رايونى قاشتېشى كان بولۇپ، بۇنىڭدىن 12 كان رايونى ۋە 23 قاشتېشى كان شىنجاڭدا. بۇنىڭ ئىچىدىن ماناس كان رايونىدا تۆت قاشتېشى كان بولۇپ، ھەممىسىدىن كاۋاش چىقىدۇ. قالغان 11 كان رايونى ۋە 19 قاشتېشى كان غەربتە تاشقورغاندىن باشلاپ شەرقتە ئالتۇن تاغقىچە بولغان ئارىلىقتىكى دېڭىز يۈزىدىن 4000 ~ 5000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تەخمىنەن 1000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئەگرى - بۈگرى تاغ جىلغىلىرى ۋە ۋادىلارغا تارقالغان. قالغانلىرى چىڭخەيدە ئىككى كان رايونى، ئىككى قاشتېشى كان، سىچۈەندە ئىككى كان رايونى، ئىككى قاشتېشى كان، لياۋنىڭ، جياڭشى، تەيۋەنلەردە بىردىن كان رايونى ۋە بىردىن كان، شىزاڭدا 3 كان رايونى ۋە ئۈچ كان بولۇپ، ھەممىسىدىن كاۋاش چىقىدۇ.

جۇڭگودىن قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەش كان رايونى، 16 كان، پاكىستان، بىرما، ياپونىيە، كورېيەلەردە بىردىن كان رايونى ۋە بىردىن كان بولۇپ، ھەممىسىدىن كاۋاش چىقىدۇ.

ياۋروپادا سەككىز كان رايونى، 24 كان بولۇپ، گېرمانىيىدە ئۈچ كان رايونى، ئۈچ كان، شۋېتسىيىدە بىر كان رايونى، ئالتە كان، ئىتالىيىدە بىر كان رايون، 12 كان، پولشا، فرانسىيە، فىنلاندىيىلەردە بىردىن كان رايونى، بىــــردىن كان بار بولۇپ، ھەممىسىدىن كاۋاش چىقىدۇ. ئافرىقىدا ئىككى كان رايون، ئىككى

كان بار بولۇپ، مالاۋى بىلەن موزامبىكتە ھەممىسىدىن كاۋاش چىقىدۇ.

ئوكىئانىيىدە سەككىز كان رايونى، سەككىز كان بار بولۇپ، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيىدە ئۈچتىن كان رايونى، ئۈچتىن كان، پاپۇ ئارىلى گۋىنىيە ۋە يېڭى كالېدونىيىدە بىردىن كان رايونى، بىردىن كان بار. ھەممىسىدىن كاۋاش چىقىدۇ.

خوتەن رايونىدىن چىقىدىغان ھەقىقىي قاشتېشى، چىقىش ئورنىغا قاراپ، سۇ تېشى، كان تېشى ۋە چۆل تېشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. سۇ تېشى دەريا ـ ئېقىنلاردىن چىقىدۇ. كان تېشى كان رايونلىرىدىن قېزىلىدۇ. چۆل تېشى كونا نېفىت ئىزلىرى ۋە قۇرۇپ كەتكەن دەريا ئىزلىرىدىن چىقىدۇ.

## 1. خوتەن قاشتېشىنىڭ بۆشۈكى — «قاش ئۆگۈز»

«قاش ئۆگۈز» — يورۇڭقاش دەرياسى، يېشىلقاش دەرياسى ۋە قاراقاش دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا 玉河 دەپ ئاتالغان.

يورۇڭقاش دەرياسى بۇ ئۈچ دەريا ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرى بولۇپ، قاراقۇرۇم تېغىدىكى مۇز تاغلاردىن ئېرىگەن تاغ سۈيى ئارقىلىق ھاسىل بولغان. جەنۇبى قاراقۇرۇم تېغىدىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ، خوتەن ۋە لوپ بوستانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدا قاراقاش دەرياسى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 229 مىڭ كۇب مېتىر. 3 ~ 5 ـ ئايلاردىكى ئېقىن مىقدارى 15.7 مىڭ مېتىر كۇب، 6 ~ 8 ـ ئايلاردىكى ئېقىن مىقدارى 80.9 مىڭ كۇب مېتىر. 9 ~ 11 ـ ئايلاردىكى ئېقىن مىقدارى 10.9 كۇب مېتىر. 12 ~ 2 ـ ئايلاردىكى ئېقىن مىقدارى 25 مىڭ كۇب مېتىر. ئاساسلىقى قوي مېيى رەڭگىدىكى ئاق قاشتېشى، سۈزۈك ئاق قاشتېشى ۋە سۇس كۆك، سۇس يېشىل قاشتېشى چىقىدۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن ئېقىنىدىن غايەت زور قاشتاشلىرى ئاساسەن چىقمايدۇ. ئاساسەن 0.5 ~ 0.2 كىلوگرام ئەتراپىدا قاشتېشى

چىقىدۇ. 0.5 كىلوگراملىق قاشتېشى %30 نى ئىگىلەيدۇ. 3 ~ 5 كىلوگراملىق قاشتاشلىرى كەمدىن - كەم تېپىلىدۇ. دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن چوڭ قاشتاشلىرى چىقىدۇ. نەچچە 10 كىلوگراملىق، ھەتتا 100 كىلوگرامدىن ئارتۇق چوڭ تاشلارمۇ چىقىدۇ.

قاراقاش دەرياسى قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ، خوتەن، قاراقاش بوستانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئايىغى يورۇڭقاش دەرياسىغا قوشۇلۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. يىللىق ئېقىن مىقدارى 5.218 مىڭ كۇب مېتىر، 3 ـ 5 - ئايلاردىكى ئېقىن مىقدارى 98 مىڭ كۇب مېتىر. 6 ـ 8 - ئايلاردىكى ئېقىن مىقدارى 738 مىڭ كۇب مېتىر. 9 ـ 11 - ئايلاردىكى ئېقىن مىقدارى 134 مىڭ كۇب مېتىر. 12 ـ 2 - ئايلاردىكى ئېقىن مىقدارى 35 مىڭ كۇب مېتىر. ئاساسلىقى يېشىل قاشتېشى چىقىدۇ.

قەدىمىي يازما يادىكارلىقلاردا، يېشىلقاش دەرياسى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. لېكىن ھازىر قۇرۇپ ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن. يەرلىك كىشىلەر ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كوئېنلۇن باغچىسى جايلاشقان كونا ئېقىن ئىزىنى «يېشىلقاش دەرياسى» شۇ بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ قاراش يادىكارلىقلاردىكى يېشىلقاش دەرياسىنىڭ ئورنىغا زادى ئۇدۇل كەلمەيدۇ. بۇ دەريا خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىدە بولۇش كېرەك. قاراقاش دەرياسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 30 چاقىرىم (15 كىلومېتىر) ئىكەنلىكى مەلۇم. ھازىرقى قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىن 15 كىلومېتىر نېرىسىدا لاسكۇي بازىرى جايلاشقان. لاسكۇي بازىرىنىڭ شەرقى كەڭ كەتكەن ساسلىق بولۇپ، ھازىر شالىلىق قىلىپ پايدىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ساسلىقنى يېشىلقاش دەرياسىنىڭ ئېقىن ئىزى، دەپ قارىغاندا، قاراقاش دەرياسىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورنى مۇۋاپىقلاشسىمۇ، لېكىن قاشتېشى چىقىدىغانلىقى يەنە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەسلىي يېشىلقاش دەرياسىدىن يېشىل قاشتېشى چىقىدىغانلىقى مەلۇم. لېكىن بۇ ساسلىقتا قاشتېشى تۇگۇل ئادەتتىكى تاش - شېغىللارمۇ يوق. بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر «ھازىرقى قاراقاش دەرياسى ــ ئەسلىدىكى يېشىلقاش دەرياسىدۇر. ئەسلىي قاراقاش دەرياسى قاراتاغ (黑山) يەنى ھازىرقى قاراڭغۇ تاغدىكى ئېقىن بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىماقتا.

دېمىسىمۇ، ھازىرقى قاراقاش دەرياسىدىن قارا قاشتېشى چىقمايدۇ. بەلكى توق يېشىل ۋە يېشىل قاشتېشى چىقىدۇ. قاراقۇرۇم تاغدىكى ئېقىندىن قارا قاشتېشى ۋە توق كۆك قاشتېشى چىقىدۇ. بەلكى قاراقۇرۇم تاغدىن شور ئېقىپ ئۆتىدىغان قەدىمىي يېشىلقاش دەرياسى سۈيى تارتىلىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئاياغ ئېقىنى قۇرۇپ كەتكەن، ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن ياكى ئاياغ ئېقىنىنى ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى قاراقاش دەرياسى قەدىمىي يازما يادىكارلىقلاردا ئېيتىلغان «يېشىلقاش دەرياسى» بولۇپ، ئۇنىڭ 30 چاقىرىم غەربىدە قاراقاش دەرياسى بولغان، كېيىن ئىزى ئۆچۈپ كېتىپ قاراقاش دەرياسى دېگەن نام يېشىلقاش دەرياسىغا كۆچكەن ۋە ياكى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ نامى بىلەن يېشىلقاش دەرياسىمۇ قاراقاش دەرياسى دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە تېگىشلىك مەسىلە.

تارىختىن بېرى دەريادىن چىقىدىغان سۇ تېشىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى، يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي سۇ تېشىنىڭ 90% ~ 95 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا زەرەپشان دەرياسى، كېرىيە دەرياسى ۋە چەرچەن دەرياسىدىنمۇ قاشتېشى چىقىدۇ. لېكىن مىقدارى ۋە سانى كۆپ ئەمەس.

دەريادىن چىقىدىغان قاشتاشلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى يەنىلا تاغلىق رايونلاردىكى قاشتېشى كانلىرى، يامغۇر ياكى سەل سۈيىنىڭ كۈچى بىلەن تاغ جىنىسلىرى گۈمۈرۈلۈپ دەريا ئېقىنىغا چۈشكەندە، بۇلارغا ئارىلىشىپ چۈشكەن قاشتاشلىرى سۇنىڭ كۈچى بىلەن ئېقىپ، ئۇزۇن ئېقىنلارغىچە يېتىپ بارىدۇ. زەرەپشان دەرياسى، كېرىيە دەرياسى ۋە چەرچەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدا كان رايونلىرى بارلىقى ئېنىق. لېكىن ئېقىنغا ئانچە يېقىن ئەمەس. شۇڭا بۇ دەريالاردىن چىقىدىغان قاشتېشى مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس. يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ كان مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. قاشتېشى چىقىدىغان تاغلار دېڭىز يۈزىدىن 5 ـ 6 مىڭ مېتىر ئېگىز، ھاۋاسى ئىنتايىن شالاڭ، خەتەرلىك تىك يار بولغاچقا، بۇ رايونلاردىن كان ئېچىپ قاشتېشى قېزىش مۇمكىنچىلىكى يوق.

كېرىيە قاشتېشى كان ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى، 40 يىللىق ھاياتىنى قاشتېشى قېزىش ۋە سورۇتقا ئايرىش كەسپى بىلەن ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم قاشتاشچى توختى زىياۋۇدۇننىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1972ـ

يىلى قاشتاش كان رەھبەرلىكى يورۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان ئاق قاشتېشىنىڭ كان مەنبىيىنى تېپىش ئۈچۈن، مەتتوختى زىياۋۇدۇن باشچىلىقىدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەنگەن. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى پۈلۈ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق چارۋىچى توختىكام قاپاقنىڭ يول باشلىشى بىلەن گاھ پىيادە، گاھ ئېشەكلىك يول يۈرۈپ، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا بارغان. لېكىن قاشتېشى زاپىسى بار يەرنى تاپالمىغان. بۇ جاينىڭ ھاۋاسى شالاڭ، تاغ يوللىرى ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا، كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالمىغان. ئۇلار يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا بارغان. ئۇلار بۇ يەردە، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقى ۋە دەريانىڭ تېگى ئۇيۇل يېشىل قاشتېشى (تاۋۇز شاپىقىنىڭ رەڭگىدە) ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. بۇ ئۇيۇل قاشتېشى تاغ، ئېقىن بويلاپ بىر نەچچە كىلومېتىرغا سوزۇلىدىكەن. بۇ جاينىڭمۇ ھاۋاسى ئىنتايىن شالاڭ بولۇپ، ئەترەتتىكىلەرنى ئىس تۇتۇپ (ھاۋا يېتىشمەي) بېشى ئاغرىپ، بېشىنى كۆتۈرەلىگۈدەكمۇ ماجالى قالمىغاچقا، ئۇلار بۇ يەردىمۇ كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالماي، ئات كاللىسىدەك چوڭلۇقتا بىر پارچە قاشتېشى چېقىۋېلىپ، قايتىپ كەلگەن. ناھىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلمىي دەلىللەش ئارقىلىق، چېقىپ كەلگەن قاشتېشىنىڭ قاراقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان يېشىل قاشتېشى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

بىر قەدەر ئېنىق بولغان سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئازاتلىقتىن كېيىن يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىدىن تېرىۋېلىنغان ئۈششاق قاشتېشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مىقدارى 10 توننىدىن تۆۋەنلەپ كەتمىگەن. بۇنىڭدىن ئاق قاشتېشى 0.5 ـ 1 توننىغىچە بولۇپ، 5% ـ 10 نى ئىگىلىگەن. يېشىل قاشتېشى 80% ـ 90 نى ئىگىلىگەن. يەنە ئاز مىقداردا قارا قاشتېشىمۇ بولغان. بۇنىڭدىن يېشىل قاشتېشى ۋە دېغى بار ئارىلاشما قاشتاشلىرى 60% ـ 70 نى ئىگىلىگەن.

## 2. كان تېشىنىڭ بۆشۈكى — ئالماس كان

كېرىيە قاشتېشى دۇنياغا داڭلىق خوتەن قاشتېشىنىڭ مۇھىم بىر

تەركىبىنى قىسمى بولۇپ، خوتەننىڭ دەريا - ئېقىنلىرىدىن چىقىدىغان سۇ تېشى داڭلىق بولسا، كېرىيىنىڭ كاندىن قېزىلىدىغان كان تېشى سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، مەھسۇلاتىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن داڭلىق. كېرىيىنىڭ قاشتېشى قېزىش تارىخى خوتەننىڭ قاشتېشى قېزىش تارىخى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىللار ئىلگىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يۇمىلاق قوم شەھىرىدە (ئەسلىي ئىسمى ئېنىق ئەمەس، ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ بۇ شەھەر توغرىسىدا مەلۇمات يوق) قول ھۈنەرۋەنچىلىك، جۇملىدىن، ساپالچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىسگەرلىك، زەرگەرلىك، تاشچىلىق قاتارلىقلار تازا گۈللەنگەن. بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسىدا تۈرلۈك تاش قوراللار كۆپ بولۇپلا قالماي، ئىنتايىن كىچىك ۋە سىپتا ئىشلەنگەن قاشتېشى مارجانلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ مارجانلارنىڭ بەزىلىرى كەندىرچىلىككىلا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خىل كىچىك، سىلىق، دۈگىلەك مارجاننى قىرىش ۋە تۆشۈك ئېچىش ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىلغار ئۈسكۈنە تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىن ئۇچرايدىغان قاشتېشى مارجان ۋە قاشتېشى تارىشلىرىدىن سۇ تېشى، كان تېشى ۋە چۆل تېشىنىڭ ھەممىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئاق، سەيۋە رەڭ (سۈس يېشىل)، سۈس ھاۋا رەڭ، قىزىل، كۆك، يېشىل، سېرىق ۋە بالداقلىق قىزىل قاشتېشى مارجان ۋە قاشتېشى تارىشلىرى بار. دېمەك، بۇلاردىن بۇ يەردە قاشتېشى ئويمىچىلىقى، قاشتېشى سودىسى ۋە مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ھەمدە قەدىمىي «قاشتېشى يولى» دىكى شىمالىي لىنىيىنىڭ تۈگۈنى بولۇشتەك مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن دېيىشكە بولىدۇ.

چىڭ دەۋرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە كېرىيىدە ئالتە ئورۇندا قاشتېشى كانى بارلىقى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. كېرىيە قاشتاشچىلىقى ۋە ئويمىچىلىقى قەدىمىي ئۇدۇن قاشتاشچىلىقى ۋە ئويمىچىلىقى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، تەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە تەڭ خارابلاشقان. شۇنداقلا «قاشتېشى يولى» دىكى قاشتېشى سودىسىدا مۇھىم تۈگۈنلۈك رول ئوينىغان. كېرىيىنىڭ «يۇمىلاق قوم»، «قارا دۆڭ»، «مارجانلىق»، «مىرسالى»، «دەندان ئۆيلۈك»، «قازىناق» «توغراق»، «لۇش كۇزۇلۇق»... قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ۋە ئىزلىرىدىن تاش قوراللار بىلەن قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋە تارىشلىرىنىڭ نىسبەتەن كۆپ ئۇچرىشى بۇ نۇقتىنى تولۇق ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە كېلىپ، قەدىمىي خوتەننىڭ خەنزۇچە

نامى بولغان 于阗 سۆزىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە كېرىيىنىڭ نامى بولۇپ قېلىشىغىمۇ كېرىيە قاشتېشى سەۋەب بولغان.

كېرىيىنىڭ قاشتېشى مەنبەسى بىر قەدەر مول بولۇپ، قاشتېشى دەريا ـ ئېقىنلاردىن، ئاساسلىقى لۇش دەرياسى، كۇراپ دەرياسى (پۇلۇ دەرياسى)، چىغان قۇل دەرياسى، پىشكە دەرياسى، ئاتچان دەرياسى، تۇميا دەرياسىدىن چىقىدۇ. لېكىن مەھسۇلات مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇ دەريا ـ ئېقىنلاردىن لۇش دەرياسى، كۇراپ دەرياسى، چىغان قۇل دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ سۈيى كېرىيە دەرياسىغا قۇيۇلغاچقا، كېرىيە دەرياسىدىن قاشتېشى چىقىش نىسبىتى نىسبەتەن كۆپ. دەريادىن چىقىدىغان تاشلارنىڭ ھەممىسى كانلارنى مەنبە قىلىدۇ. ئالايلۇق، لۇش دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە ئالماس كان، سېرىق قۇرام كان، كۆك بويان قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك بىر نەچچە كان بار. پىشكە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا يىغلاڭغۇ كان بار. كۇراپ دەرياسىنىڭ بېشىدا خان يايلاق كان ۋە باشقا كىچىك كانلار بار. كېرىيە قاشتېشى ئاساسلىقى قاشتېشى كانلىرىدىن قېزىلىدۇ. قاشتېشى كانلىرى ئاساسلىقى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3200 ~ 5321 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ ئارىسىغا تارقالغان. كان رايونى ناھىيە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتا. ھازىرغىچە بايقالغان نىسبەتەن چوڭ ۋە تاش سۈپىتى ياخشى قاشتېشى كانى توققۇز ئورۇندا بولۇپ، ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقىنى تۆت ئورۇندا. كان رايونلىرىنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن شالاڭ، سوغۇق قاتتىق بولۇپ، قاشتېشى قېزىش ئاساسلىقى 5 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. كان رايونلىرىنىڭ قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز بولۇپ، تاغ يوللىرىدا ئاساسلىقى ئېشەك بىلەن ياكى پىيادە يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئېچىملىك سۇ چوڭقۇر ئويۇلۇپ كەتكەن تاغ ئېقىنلىرىدىن ئېلىپ چىقىلسا، يېقىلغۇ كەنتلەرگە يېقىن يايلاقلاردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. كېرىيىنىڭ قاشتېشى كانلىرى ئاتچان يېزىسىنىڭ پىشكە تاغ رايونىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ يەردە «ئالماس كان»، «خان يايلاق كان» (يىلى كان) «يىغلاڭغۇ كان»، «سېرىق قۇرام كان»، «چىغان قۇل كان»، «كۆك بويان كان» قاتارلىق كانلار بار.

«ئالماس كان» ئاتچان يېزىسىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئالاچۈي تاغلىق رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، لۇش كەنتىگىچە قاتناش يولى بىر قەدەر

ياخشى، ماشىنا قاتنىيالايدۇ. ئاندىن پىيادە 20 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ كانغا بارغىلى بولىدۇ. بەزى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر لۇش كەنتىنىڭ يەرلىك نامى «لۇش» سۆزىنىڭ ئاھاڭىغا قاراپلا: «بۇ خەنزۇ تىلىدىكى 玉石 سۆزىدىن كەلگەن، يەرلىك ئاھالىلەر بۇ سۆزنى ‹يۇشى› دەپ تەلەپپۇز قىلىشىپ، كېيىنچە ‹لۇشى› بولغان، بۇ سۆز خەنزۇچىغا ئۇيغۇرچىدىن قايتا قوبۇل قىلىنىپ 水流 ياكى 水柳 دەپ ئاتالغان، بۇ ئەڭ دەسلەپ ئالماس كانىنى ئاچقانلارنىڭ خەنزۇلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ» دەپ قارىدى ۋە شۇنداق ئېلان قىلدى. لېكىن ئۇلار بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىسىدە، بولۇپمۇ كېرىيە شىۋىسىدە «ي» تاۋۇشىنىڭ «ل» غا ئالماشمايدىغانلىقىنى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ سۆزنىڭ يەرلىك تىلدا «لۇشى» ئەمەس، «لۇش» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى؛ ئۈچىنچىدىن، قەدىمىي تۈرك تىلىدا «ئۇلۇش» سۆزىنىڭ «كەنت»، «قىشلاق» مەنىسىنى بىرىدىغانلىقى، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى چاغلاردا يەرلىك كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇ كەنتنىڭ «ئۇلۇش» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، كېيىنچە بۇ سۆزنىڭ بېشىدىكى «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە كېيىنكى «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ «ئۇ» گە ئاجىزلىغانلىقىنى ئېتىبارغىمۇ ئالمىدى. يەنە كېلىپ، گېئولوگىيە، كان بايلىقلىرى مۇتەخەسسىسلىرى لۇش كان رايونىدا قاشتېشى قېزىش باشلانغان تارىخنى «7مىڭ يىلدىن ئاشقان» دەپ بېكىتتى.

ئەڭ قەدىمىي يازما يادىكارلىقلاردا كېرىيىنىڭ قاشتاشچىلىقى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرىلەر يوق. تاڭ دەۋرىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن باشلاپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا نىسبەتەن تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. لېكىن قاشتېشىنىڭ قېزىلىشى، سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. يەنە كېلىپ 于 闐 ئاتالغۇسىنىڭ قايسى دەۋرلەردىن باشلاپ كېرىيىگە قارىتىلغانلىقى، خوتەن بىلەن قانداق پەرقلەندۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق چەك - چېگرىنى ئايرىيدىغان مەلۇماتلار يوق. يورۇڭقاش دەرياسى ۋە قاراقاش دەرياسىدىن قاشتېشى كۆپ چىققان بىلەن غايەت زور قاشتېشى ئاساسەن چىقمايدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ھەرقايسى سۇلالىلەردە ئوردىغا تەقدىم قىلىنغان زور قاشتېشى بۇيۇملار ۋە زور قاشتاشلارنى (قوي يېغى رەڭگىدىكىلەرنى) كېرىيىدىن چىققان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئانچە خاتا بولمىسا كېرەك. يەنە كېلىپ، تارىختا

كېرىيىنىڭ خوتەنگە قاراشلىق بولۇپ ئۆتكەن دەۋرى ئىنتايىن ئۇزۇن، يەركەننىڭ خوتەنگە قاراشلىق بولۇپ ئۆتكەن دەۋرى ئىنتايىن قىسقا. شۇڭا ئۇدۇن دۆلىتىدىن چىققانلىقى ئېنىق بولغان زور قاشتاشلىرىنى كېرىيىنىڭ دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق (بۇ خىلدىكى قاشتاشلىرىنىڭ 3 ـ 4 يۈز جىڭدىن ئاشىدىغانلىرى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «قاشتېشى تېغى 玉山 ياكى «قاشتېشى تاغچىسى» 玉山子 دەپ ئاتالغان ۋە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ).

خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، چيەنلۇڭ خان زامانىدا كېرىيىمۇ قاشتېشى يېغىلىقىدىن خالىي قالمىغان. كېرىيىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قاشتېشى كانلىرى ئېچىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (مىلادىيە 1759 ـ يىلى) كېرىيىدە 4 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگ مەھكىمىسى (بىۋاسىتە ئوردىغا قارايدىغان مەھكىمە) قۇرۇلۇپ، قاشتېشى قېزىش يولغا قويۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كېرىيىدىن ئوردىغا توشۇلغان قاشتېشى كۆپىيىپ بارغان. بۇ ئالماس كانىنىڭ زور كۆلەمدە ئېچىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇنىڭدىن 200 يىللار ئىلگىرى ئاتچان يېزىسى پۆلۈ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق چارۋىچى ئالماس ئاخۇن ئوۋغا چىقىپ، يارىلانغان بىر كۆكمەت (ياۋا ئۆچكە) نى قوغلاپ يۈرۈپ، كۆكمەت يىقىلغان جايدىن بىر پارچە قوي يېغى رەڭگىدىكى قاشتېشى تېپىۋالغان. ئۇ بۇ تاشنى بايلارغا نۇرغۇن قويغا تېگىشكەن. بۇ سۆز ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، بۇ جايدىن قاشتېشى قازىدىغانلار كۆپىيىپ، كان ئېچىلغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ كان ئالماس ئاخۇننىڭ نامىدا «ئالماس كان» دەپ ئاتالغان. جياجىڭ يىللىرىدىن كېيىن، بۇ كان يەنە تاشلىنىپ قالغان. 1904ـ يىلى ئوۋچى تۇداخۇن بۇ كاننى قايتا بايقىغان. ئۇمۇ يارىلانغان بىر كۆكمەتنى قوغلاپ ئالماس كان رايونىغا كەلگەن ۋە بۇ يەردە ئۆلۈپ ياتقان كۆكمەتنىڭ يېنىدىن ئىككى پارچە قوي يېغى رەڭگىدىكى تاشنى بايقاپ، ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن. بىر تىجارەتچى بۇ تاشنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئىزلەپ كېلىپ بۇ تاشنى بىر ئات ۋە سەككىز توپ تاۋارغا تېگىشكەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ كان يېڭىدىن ئېچىلغان. كېيىن، تيەنجىندىن كەلگەن چى فامىلىلىك ئاكا ـ ئۇكىلار بۇ يەرنى ئىگىلەپ، كان ئاچقان ۋە نۇرغۇن ئاق قاشتېشى ۋە سەيۋەرەڭ قاشتېشىنى قېزىۋېلىپ، ئىچكىرىگە يۆتكەپ سېتىپ، بېيجىڭ، تيەنجىن، سۇجۇ، ياڭجۇ قاتارلىق قاشتېشى ئويما كارخانىلىرى بار رايونلاردا داڭ

چىقارغان. 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ كاننى كېرىيەندىكى داڭدار خەنزۇ گۆرۈكەش كۈيىيەن ئىگىلىۋېلىپ، ئادەم سېلىپ قاشتېشى قازدۇرغان. قاشتېشىغا تايىنىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئەمەلدارلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، كېرىيەدە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان بۇ كىشى 1935 ـ يىلى خوتەن ـ بالىلىرىنى تاشلاپ، بىر كېچىدىلا قېچىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ كان يەنە خەلقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئىختىيارى قىلغانلار ئاچىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. 1957 ـ يىلى كېرىيە قاشتېشى كان ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ كان دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ، نۇقتىلىق قېزىلغان.

بۇ كاندىن ئاساسلىقى قوي يېغى رەڭگىدىكى ئاق قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ سۈپەت جەھەتتىن ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان داڭلىق تاش بولۇپ، قاتتىقلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، ئەينەكنى چىجىيالايدۇ. ئالماس كاننىڭ تېخى قېزىپ بولۇنمىغان زاپاس مىقدارى 2 مىڭ 400 توننا ئەتراپىدا بولۇشى پەرەز قىلىنىدۇ. بۇ كاندىن يەنە سەيۋە رەڭ، ھەسەن ـ ھۈسەن رەڭگىدە ئالىماچ يېشىل تاشلارمۇ چىقىدۇ. يېشىل قاشتېشىنىڭ نىسبىتى پەقەت 5% نى ئىگىلەيدۇ. باشقا كانلاردىنمۇ ئاق ۋە باشقا رەڭدىكى تاشلار چىقىدۇ. ئاق قاشتېشىنىڭ چىقىش نىسبىتى ئالماس كانىنىڭكىدىن نىسبەتەن تۆۋەن. كېرىيىنىڭ ئالماس كېنى ئاق قاشتېشى مەھسۇلاتىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە تاش سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، قېزىلغان قاشتاشلارنىڭ چوڭلۇقى بىلەن داڭلىق.

ئالماس كان لوش كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا كېرىيە دەرياسىنىڭ باش تارماق ئېقىنىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى (لوش دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى) غا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ 500 مېتىر ئېگىز، كان رايونىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىردىن ئارتۇق. كەڭلىكى 100 ~ 200 مېتىر. بۇ كان رايونىدا ئالماس كان، مۇزتاغ كان، سېرىق قورام كان قاتارلىق كان نۇقتىلىرى بار.

ئالماس كاندىن چىقىدىغان قوي مېيى رەڭگىدىكى ئاق قاشتېشى يورۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان شۇ خىلدىكى قاشتېشىدىن قالسىلا سۈپەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

لوش كەنتى ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا. لوش كەنتى بىلەن كان رايونىنىڭ ئارىلىقى 40 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چىغىر يوللار بىلەن پىيادە ياكى

ئېشەكلىك بارغىلى بولىدۇ. قېزىلغان تاشلار لوش كەنتىگىچە ئېشەككە ئارتىپ ياكى ئادەملەر يۈدۈپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئارىلىقتا ئىككى چوڭ تاغدىن ھالقىشقا توغرا كېلىدۇ. قېزىلغان زور تاشلارنى شۇ پېتى ئېلىپ كېلىش ئىنتايىن قىيىن بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا چېقىپ پارچىلاپ ئېلىپ كېلىنىدۇ.

ئالماس كان كەڭ بىر پارچە يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر چوڭ تاغدا بولۇپ، تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىسىدىن تەشمە تېشىپ قاشتېشى قازغىلى بولىدۇ. ھازىرغىچە تېشىلگەن تەشمىلەر 2 ~ 3 قەۋەت ھالەتتىكى شەكىللەندۇرگەن. تەشمىلەرنىڭ ئەڭ ئۇزۇنلىرى 40 ~ 50 مېتىرغا بارىدۇ. كاننىڭ بىسىۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش ۋە ھاۋا يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن، بۇنىڭدىنمۇ ئىچكىرىلەپ قېزىش ئىمكانىيىتى يوق. ھازىرغىچە قېزىلغان تەشمىلەر مەركەزلەشكەن ئورۇن 6 ~ 7 گە بارىدۇ.

لوش كان رايونىدىن قالسا، يىغلاڭغۇ كان رايون 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. يىغلاڭغۇ كان ئاتچان يېزىسى تەۋەسىدىكى پىشكە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ 100 مېتىر ئېگىز. تاشيولغا ئەڭ يېقىن مۇساپىسى 40 كىلومېتىر. قاتنىشى قۇلايسىز. تاش سۈپىتى نىسبەتەن ناچار بولغاچقا، كەڭ كۆلەمدە قېزىلمايدۇ. لېكىن، كاۋاش زاپاس مىقدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، كاۋاش تاش بەلۋېغى كەڭلىكى نەچچە ئون مېتىردىن 100 نەچچە مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىردىن ئارتۇق. قاشتېشى كان نۇقتىسىدىن ئىككىسى بار.

1957 - يىلىدىن باشلاپ، كېرىيە قاشتېشى مۇنتىزىم ۋە نىسبەتەن ئىلمىي ئۇسۇلدا قېزىلىشقا باشلىغان. 70 - يىللاردىن كېيىن قاشتېشى قېزىش تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، كېرىيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قاشتېشى مەھسۇلاتى 10 توننا ئەتراپىدا بولغان. 1993 - يىلى بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئەسلىدىكى قاشتاش كان «گۆھەر قاشتېشى ئېچىش شىركىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. تۆت ئورۇندىكى كاندىن قاشتېشى قېزىشنى ئاساس قىلىپ، ئىككى قاشتېشى ئويمىچىلىق سېخى قۇرۇپ، ئويمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، نوقۇل قاشتېشى قېزىپ سېتىشقا خاتىمە بېرىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش يولغا قويۇلدى ۋە ياخشى بازار تاپتى.

ئومۇمەن، كېرىيىنىڭ كاندىن قېزىلىدىغان قاشتاشلىرى خوتەن قاشتاشچىلىقىدا مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، خېلى

مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. كېرىيىدىنمۇ داڭدار قاشتېشى ئويمىچىلىق ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىققان ۋە خوتەن قاشتېشىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ھەم ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

## 3. خوتەن قاشتېشىنىڭ بىر تەركىبى — مىرداي كان

مىرداي (مېھرى دالا) كان رايونى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، چوپان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، تاشيولغا ئەڭ يېقىن مۇساپىسى 60 كىلومېتىر. كان رايونىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىردىن ئارتۇق. كەڭلىكى بىر كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

مىرداي كان خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلارغا نامى ئەڭ بۇرۇن كىرگۈزۈلگەن قاشتېشى كانى بولۇپ، «米尔台塔班，密山启辛勒山» دېگەن ناملار بىلەن ئۇچرايدۇ. «تاغ ئىزمىلار قۇرئى» دېگەن كىتابتا: «خۇاڭدى مىرداي تېغى قاشتېشى قاتارلىقلارغا ئېرىشىپ، جۇڭشەنگە ئاتلانغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خۇڭ لياڭجى بۇنى ئىسپاتلاپ، «قاراقۇرۇم تېغى ئىزاھاتى» (昆仑山释) دېگەن كىتابىدا «تاغ ئىزمىلار قۇرئى» دا كۆرسىتىلگەن مىر تېغى (密山) «مىرداھور، ئۇدۇننىڭ جەنۇبىدىكى ھەممە تاغنى كۆرسىتىدۇ» دەپ يازغان. ئۇ يەنە: «قاراقۇرۇم قاشتېشى چىقىدىغان تاغ، جەنۇبتىكى قاغىلىقتىن باشلاپ كېرىيىگىچە بولغان تاغلارنىڭ ھەممىسىدىن قاشتېشى چىقىدۇ. مىرداي ئەڭ چوڭى بولۇپ، تاغ تىزمىلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ساپ قاشتېشى، باشقا تاش يوق. قەدىمكى دەۋرلەردە قاشتېشى تېغى ‹玉山› دەپ ئاتالغان. ‹ئېيزىملار ئىزاھاتى› دا، يەركەندە تۆمۈر تاغ بار. يېشىل (كۆك) قاشتېشى چىقىدۇ»، دېيىلگەن. سى گۇاڭتىڭنىڭ: «خەن دەۋرىدىكى غەربىي دىيار جۇغراپىيىسى ئۈستىدە ئىنىقلىما» (汉西域图考) دا تىلغا ئېلىنغان يەكەن دۆلىتى زەرەپشاندۇر. «ئۇ يەردە تۆمۈر تاغ بار. يېشىل قاشتېشى چىقىدۇ. زەرەپشاننىڭ غەربىي جەنۇبىنىڭ ھەممىسى مىرداي دېيىلىدۇ. مىرداي يەنە پىل تېغى (启辛尔山) دېيىلىدۇ.

يەنە پىئىر تېغى ( 启辛勒山 ) مۇ دېيىلىدۇ. پىشەن ( 皮山 ) نىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىن» دەپ يازغان. «ئەمەلىيەتتە ( 启辛尔山 ) بىلەن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. هازىرقى گۇما ناھىيىسىنىڭ نامى 皮山 بولغان ( 皮山 ) قەدىمىي دەۋردىكى پىشامشان دۆلىتى نامىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى. هازىر پىشامشان دېگەن نام پىشالما شەكلىدە بىر يېزىنىڭ، پىشامشانا شەكلىدە بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ يەرلەر گۇما ناھىيىسىنىڭ شەرقى، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبى گىرۋىكىدە. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ( 启辛尔山 ) تاغلىق رايوننى كۆرسىتىدۇ. يەنە كېلىپ، قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تاغلىقنى كۆرسىتىدۇ. «غەربىي دىيارنىڭ جۇغراپىيە تەزكىرىسى» ( 西域图志 ) دا: «مىرداي تاغ ( 密尔岱塔克 ) يەنە بىر تەلەپپۇزى پىئىر ( 启辛尔 ) زەرەپشاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. شەرقىي ئۇدۇننىڭ جەنۇبىدىكى تاغ تىزمىلىرىغا ئۇلىنىدۇ. قاشتېشى چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «مۇتيەنزى» دېگەن كىتابتا، جۇمۇۋاڭنىڭ قاراقۇرۇم تېغىغا چىقىپ قاشتېشى تېغىنى كۆرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، جۇمۇۋاڭ چىقىپ كۆرگەن ۋە قاشتېشى قازغان تاغ هازىرقى مىرداي كېنى بولسا كېرەك. يەنە بۇ كىتابتا، «تۆمۈرتاغ» ھەققىدىمۇ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. شۇنداق بولغاندا، جۇمۇۋاڭ مىرداي كانغا چىققان بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردە مىرداي كان ئاللىقاچان ئېچىلىپ، ئۇنىڭدىن چىققان قاشتاشلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلغانغا نەچچە ئەسىر بولغان.

مىرداي كان توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما ماتېرىياللاردا كۆپرەك ۋە تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتابتا، «زەرەپشاندىن 230 چاقىرىم يىراقلىقتا بىر تاغ بولۇپ، مىرداي داۋان دەپ ئاتىلىدۇ. تاغلىرىنىڭ ھەممىسى قاشتېشى، قاشتېشىنىڭ رەڭگى ئوخشاشمايدۇ. ساپ قاشتېشى چىقىدۇ. ساختىسى يوق. چوڭلىرى 10 مىڭ جىڭدىن ئاشىدۇ. مۇئەللەق ئېگىز چوققىلار تۇتىشىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇ سۇڭ يازغان «غەربىي يۇرت ئېقىن خاتىرىلىرى» دە: «مىرداي، تاغلىرى 30 چاقىرىمدەك كېلىدۇ. تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قار قاپلاپ تۇرىدۇ. ئورنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 60 چاقىرىم، تاغ ئۈچ قىسىمغا ئايرىلغان. ئاستى قىسمى تاغ ئېتىكى، ئۈستى قىسمى تاغ چوققىسى، ھەممىسى تاش، ئوتتۇرا قىسمىدا قاشتېشى قاتلىمى بار بولۇپ، كۆز

يەتكۈسىزدۇر. قەدىمدە قاشتېشى تېغى دەپ ئاتالغان. قاشتېشى قازغۇچىلار ئۆكۈزگە مىنىپ بۇ تاغقا كېلىدۇ. (قاشتېشىنى) ئېسكىنە بىلەن بوشىتىپ، ئاندىن ئالىدۇ. ھەممىشە ئون مىڭ جىڭدىن يۇقىرىلىرى قېزىلىدۇ. بۇ تاغ مارخۇلۇق (玛尔胡鲁克) چوققىسى بىلەن تۇتاش» دەپ خاتىرىلەنگەن.

مىرداي كانىنىڭ ئېچىلىش تارىخى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن يازما يادىكارلىقلاردىكى رىۋايەتلەر ۋە مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوماي ياشىغان «قاشتېشى كۆل» بار تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ ئورنى ھازىرقى مىرداي تاغ رايونىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىيدىن ئېيتقاندا، ئومايىنىڭ خۇاڭدىغا تەقدىم قىلغان قاشتېشى، قاشتېشى ھالقا ۋە قاشتېشى نەي... قاتارلىق سوۋغاتلىرى مىرداي كانىدىن قېزىلغان قاشتېشى ۋە شۇ تاشلاردا ئويۇلغان بويۇم، دېيىشكە بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن 6 مىڭ يىللار ئىلگىرى قاغىلىق رايونىدا ياشىغان قەدىمىي قەبىلىلەرمۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، «تاش قورال دەۋرى» گە كىرگەن دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ كانىنىڭ ئەڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلغان دەۋرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدۇر. «غەربىي يۇرت ئېقىن خاتىرىلىرى» دىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن ئوردىغا تاپشۇرغان قاشتېشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مىقدارى 4 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق بولغان. بۇنىڭدىن 2 مىڭ جىڭدىن كۆپرەكى مىرداي كانىدىن قېزىلغان. بولۇپمۇ ئوردىغا يۆتكەلگەن غايەت زور قاشتاشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مىرداي كانىدىن قېزىلغان. چىڭ ئەمەلدارى يۇڭ گۈي چيەنلۇڭنىڭ 43 - يىلى (1778 - يىلى) خانغا تۇتقان مەلۇماتىدا «ئىش باشقۇرغۇچى ئەمەلدار ئۇچكە يەتكۈزۇلدى. ئىشىقاق بەگ بىلەن ئابدۇشۇكۇرنىڭ تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. مىرداي تاغدىن قاشتېشى قېزىۋاتقان 3 مىڭ ئادەمدىن سىرت، يەنە 200 كىشى قوشۇلدى. ئاۋام پۇقرانىڭ ھەممىسى غەزەپكە تولدى» دېگەن. دېمەك، شۇ دەۋرلەردە كان رايونىدا يىل بويى ئىشلەيدىغان ھاشارچىلارنىڭ سانى 3 مىڭدىن ئارتۇق بولغان. شۇ يىللاردا خان ئامبال گاۋپۇ شەخسىي قاشتېشى قازدۇرۇش، قېزىلغان قاشتاشلىرىنى يوشۇرۇش دېلوسىنى سادىر قىلغاچقا، بۇ كان پېچەتلىنىپ، قاشتېشى قېزىش مەنئى قىلىنغان. كېيىن يەنە ئېچىلىپ، جياچىڭ يىللىرىغا كەلگەندە يەنە قاشتېشى قېزىش مەنئى قىلىنغان. كېيىنكى دەۋرلەردە، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى تەسىر دائىرىسىنىڭ

كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيە بۇ كاننى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئېچىپ پايدىلانغان ۋە سان ساناقسىز بايلىقلارغا ئېرىشكەن. شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا تولۇق ھوقۇقلۇق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئىنگلىزلار مىرداي كاننى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ كاندىن، ئېسىل قاشتاشلىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ئىنگلىزلار كاندىكى ئۆيۈل تاشلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھەسرەتلىك نالىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. كونا كان تەشمىلىرىنى خىمىيلىك دورىلار بىلەن ئىسلاپ كاندىكى تېخى قېزىپ بولۇنمىغان قاشتاش زاپاسلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە چاك كەتكۈزۈپ بۇزۇۋەتكەن. ئىس قاشتاشلىرىنىڭ قات - قاتلىرىغا ئۆتۈپ كەتكەن. مانا بۇ غەربلىكلەرنىڭ «ئۆزۈمدىلا بولۇش، ئۆزگىدە بولماسلىق»، «ئۆزىلا ئېرىشىش، باشقىلارنى ئېرىشتۈرمەسلىك» ئېڭىنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئاچچىق خاتىرىسى. مانا بۇ ئاتالمىش غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەبىئەتكە كەلتۈرگەن دەھشەتلىك بۇزغۇنچىلىقى.

مىرداي كان قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 110 كىلومېتىر. قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزىسى 13 - كەنتىنىڭ تەۋەسىدە. ھازىر 13- كەنتكىچە ماشىنا قاتنىيالايدۇ. ئات - ئۇلاغ بىلەن 6 ~ 7 سائەت يول يۈرۈپ، كان رايونىغا بارغىلى بولىدۇ.

بۇ كاندىن ئاساسلىقى كۆك، يېشىل ۋە ئاق قاشتاشلىرى چىقىدۇ.

## 4. قاشتېشى كان رايونلىرىنىڭ بۆلەكلەرگە ئايرىلىشى

قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدىكى خوتەن قاشتېشى چىقىدىغان كان رايونلىرى، كانلارنىڭ مەركەزلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە بۆلەككە ئايرىلىدۇ:

**تېكىلىك تاغ بۆلىكى.** بۇ بۆلەك ئاساسەن قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايوننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 ~ 4500 مېتىرغىچە، تەبىئىي شارائىتى نىسبەتەن ياخشى.

بۇ بۆلەكتە ئۈچ كان رايونى بولۇپ، بىرى، داتۇڭ كان رايونى، بۇ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شەرقى، داتۇڭ كەنتىنىڭ شىمالى، زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. تاش يولغا ئەڭ يېقىن مۇساپىسى 50 كىلومېتىر. دېڭىز يۈزىدىن 2500 ~ 3500 مېتىر ئېگىز. بۇ رايوندا ئۈچ ئورۇندا قاشتېشى كان بار بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8 ـ 10 كىلومېتىر، كەڭلىكى 100 مېتىر ئەتراپىدا. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا تۇنجى بولۇپ بۇ كان توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان؛ يەنە بىرى، مىرداي كان رايونى. بۇ رايوندا نىسبەتەن چوڭ كاندىن ئىككىسى ۋە بۇ ئىككى كان ئەتراپىدا بىر قانچە كىچىك كانلار بار. ئۈچىنچىسى قۇناغۇ (قۇلان ئالغۇ) كان رايونى. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى، زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تارماق ئېقىنى ـــ قۇناغۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان. قاغىلىق ناھىيىسىدىن 300 كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراقلىقتا، كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئۇزۇنلۇقى بىر نەچچە يۈز مېتىر، كەڭلىكى نەچچە ئون مېتىر كېلىدۇ.

**سانجۇ ـ لۇش تاغ بۆلىكى.** ئۇ سانجۇ تېغى، قاراڭغۇ تاغ، لۇش تېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى مۇز تاغ. بۇ رايوندا ھازىرغىچە بايقالغان كان ئورنى 11 بولۇپ، قاشتېشى سۈپىتى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ بۆلەك يەتتە كان رايونىغا ئايرىلىدۇ. بىرىنچىسى، شەيدۇللا كان رايونى. بۇ گۇما ناھىيىسى سانجۇ تېغىنىڭ جەنۇبىغا، شەيدۇللا بىلەن كەڭشۋە ئارىسىدىكى قاراقاش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان، شەيدۇللا كان، كەڭشۋە كان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قانچە كانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گۇما ناھىيىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 500 كىلومېتىر. قاتنىشى نىسبەتەن قۇلايلىق. دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ 200 مېتىر ئېگىز. ھاۋاسى شالاڭ ۋە سوغۇق؛ ئىككىنچىسى، تېرىق كان رايونى. سانجۇ تېغىنىڭ جەنۇبى ئېتىكى، قاراقاش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان. تېرىق كان قاراداۋان كان ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بىرقانچە كانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىز. تارىختىن بېرى قېزىلمىغان. كەڭلىكى 100 ~ 200 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئاساسلىقى، يېشىل قاشتېشى چىقىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، خوتەن ناھىيىسى قاراڭغۇ تاغنىڭ جەنۇبىي، خان يايلاق دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قارلىق تاغقا يېقىن جايغا جايلاشقان كان رايونى. دېڭىز

يۈزىدىن 5 مىڭ مېتىر ئېگىز، تاشيولغا ئەڭ يېقىن مۇساپىسى 80 كىلومېتىر، كان ئۇزۇنلىقى 10 نەچچە كىلومېتىر. كەڭلىكى ئېنىق ئەمەس. بۇ بەلۋاغدىكى دەريا ئېقىنى تارىختىن بېرى قاشتېشى تىرىلىپ كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى. قوي يېغى رەڭگىدىكى ئاق قاشتېشى ۋە قارا قاشتېشى چىقىدۇ؛ تۆتىنچىسى، ئومشا كان رايونى. خوتەن ناھىيە قاشتېشى يېزىسى ئومشا كەنتىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ 200 مېتىر ئېگىز، تاشيولغا ئەڭ يېقىن مۇساپىسى 25 كىلومېتىر. قاتناش نىسبەتەن قۇلايلىق. كان قاتلىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىر. كەڭلىكى 100 نەچچە مېتىر؛ بەشىنچىسى، خانيۇت كان رايونى. چىرا ناھىيە نۇرى يېزىسى سايباغ دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 3 مىڭ 200 مېتىر ئېگىز. تاشيولغا ئەڭ يېقىن مۇساپىسى 30 كىلومېتىر. قاتناش نىسبەتەن قۇلايلىق. بۇ كان قەدىمكى دەۋردىلا ئېچىلغان بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «تاغ» ( 塔克 ) دەپ خاتىرىلەنگەن؛ ئالتىنچىسى، ئالماس كان رايونى. ئالماس كان رايونىدا ئالماس كان، سېرىق قورام كان، جىغان قول ۋە بۇ كانلارغا يېقىن بىر قانچە كىچىك كانلار بار؛ يەتتىنچىسى، يىغلاڭغۇ كان رايونى. كېرىيە ناھىيە، ئاتچان يېزا پىشكە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ 100 مېتىر ئېگىز، تاشيولغا ئەڭ يېقىن مۇساپىسى 40 كىلومېتىر. پىشكە دەرياسى بىلەن ئاتچان دەرياسى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، يەتتە چوڭ كان بار. لېكىن تاش سۈپىتى ئانچە ياخشى ئەمەس. كان قاتلىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 ~ 100 مېتىرغىچە.

**ئالتۇنتاغ بۆلىكى.** بۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى زور تاغ بۆلىكى بولۇپ، چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىلىرىگىچە سوزۇلىدۇ. ئالتۇنتاغ بۆلىكىدىن ھازىرغىچە تېپىلغان قاشتېشى كانلىرى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، جاڭگال سايىدىن غەربكە 60 كىلومېتىر، كەڭلىكى 15 كىلومېتىرلىق دائىرىدە. چوڭ كان رايونىدىن ئىككىسى بار بولۇپ، بىرى تاتلىق سۇ كان رايونى. بۇ چەرچەن ناھىيىسىنىڭ خادىلىق دەرياسىدىن باشلاپ تاتلىق سۇغىچە بولغان 25 كىلومېتىرلىق دائىرىگە جايلاشقان. ئىككى چوڭ قاشتېشى كانى بار. دېڭىز يۈزىدىن 4500 ~ 3500 مېتىر ئېگىز. قەدىمكى دەۋرلەردە ئېچىلغان كان ئىزلىرى بار. يەنە بىرى تاش سىيىن. بۇ چەرچەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى

دەريادىن جاڭگالسايىنىڭ بېشىغىچە بولغان ۋادىغا جايلاشقان. تاش سېپىن كان ۋە جاڭگالساي كاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كان بار. كان قاتلىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 نەچچە كىلومېتىر. كەڭلىكى يۈز نەچچە مېتىر. دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ مېتىر ئېگىز بولۇپ، بۇ كاندىن يېشىل قاشتېشى چىقىدۇ.

كونىلاردا «ئاللانىڭ جامالىنى كۆرەي دېسەڭ تاغقا چىق» دېگەن گەپ بار. بۇ ئەقلىيە، تاغلىق رايونلاردا تەبىئەت ھاسىل قىلغان ئاجايىپ مۆجىزىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە تاغلارغا يوشۇرۇنغان قاشتېشى كەبى سۈزۈك، پارقىراق، قاتتىق، سىلىق ئېسىل تاشلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرى ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكى، چوڭلۇقى ۋە كەڭلىكى بىلەنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭدا كۆمۈلۈپ ياتقان كان بايلىقلىرىنىڭ موللۇقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇردۇر. بۇ تاغلاردىن چىقىدىغان ھەقىقىي ساپ قاشتېشى «خوتەن قاشتېشى» ياكى «قاراقۇرۇم قاشتېشى» دېگەن ئورتاق نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇردۇر.

# قاشتېشى سودىسى ۋە يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى

## 1. «قاشتېشى يولى» نىڭ بارلىققا كېلىشى

بۇنىڭدىن 6000 ~ 7000 يىللار ئىلگىرى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەن بۇ يول شىيا، شاڭ، جۇ، ئەمىنىيە يېغىلىق دەۋرى، چىڭ، خەن سۇلالىرىدىن تارتىپ تاكى تاڭ ھەتتا يۈەن، مىڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىغا قەدەر خوتەن قاشتېشىنى جوڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ياۋروپاغا قەدەر يەتكۈزۈپ، خوتەن قاشتېشىنى قەدىمىي مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر بۇيۇمغا ئايلاندۇرۇپ، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلدى. بۇ قەدىمىي كارۋان يولى كېيىنچە يىپەك بۇيۇملىرى ۋە غەربنىڭ ئەينەك بۇيۇملىرى توشۇلىدىغان ئۇنمۇبىرسال سودا يولى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولى بولۇپ تەرەققىي قىلدى. 1860 ـ يىلىدىن باشلاپ جوڭگوغا يەتتە قېتىم كېلىپ، بىر نەچچە يىل تۇرۇپ تەكشۈرۈش

ئېلىپ بارغان گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى خوپكىن دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، بەش توملۇق مەشھۇر ئەسەر «جۇڭگو» نى يازغان ۋە تۇنجى بولۇپ بۇ يولنى «يىپەك يولى» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ بۇ سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىنى «يىپەك يولى» دەپ ئاتاشتا پەقەت بۇ يول لىنىيىسى بويىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، قەدىمىي ئىزلار، شۇنداقلا بۇ لىنىيە بويلىرىدىكى رايونلارنىڭ يىپەكچىلىك كەسپى ۋە سودىسىغا ئاساسلانغان. كېيىن سۋېن ھېدىن مۇشۇ يول لىنىيىسىنى ئاساس قىلىپ، ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىپ، «يىپەك يولى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى يازغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ قەدىمىي يولنىڭ نامى «يىپەك يولى» دەپ ئومۇملاشقان. «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغىلى ئاران بىر ئەسىردىن ئاشقان بۇ قەدىمىي يولنى خوتەن بوستانلىقى ۋە قاراقۇرۇم تاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان توخرىلار بىلەن ساكلار قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق ئاچقاچقا، جۇڭگو ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى بۇ يولنى «قاشتېشى يولى» ياكى «قاشتېشى، يىپەك يولى» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق، دەپ قارىماقتا. دېمىسىمۇ بۇ يول ھەقىقەتەنمۇ «قاشتېشى يولى»، خوتەن قاشتېشىنى توشۇشتىن ھاسىل بولغان يول ئىدى.

سەددىچىن سېپىلىنىڭ غەربتىكى باشلىنىش نۇقتىسى يۈمېنگۈەن ئەينى چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قاشتېشى 玉门关 يۆتكەشتىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغاچقا، بۇ جاي خەن دەۋرىدە 玉门关 (玉 قاشتېشى، 门 قوۋۇق، 关 ئۆتكەل) «قاش قوۋۇق» دەپ ئاتالغان ۋە داڭ چىقارغان. بۇنىڭدىن خەن دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلىدىغان قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى ۋە قاشتېشىنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ مۇھىم ئۆتكەلنىڭ «丝门关»، (يىپەك قوۋۇق) بولماستىن 玉门关 دەپ ئاتىلىشى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ بۇ لىنىيىدە يەنىلا قاشتېشى توشۇش ئاساس قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتتا ياشاش جەريانىدا، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشتىكى ئەڭ دەسلەپكى پايدىلىق قورالنى ياساشنى بىلدى. بۇ تاشلارنى يونۇش، سۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان تاش قوراللار ئىدى. ئۇلار تۈرلۈك تاشلاردا قورال ياساش جەريانىدا، ئۆزى سىلىق ۋە قاتتىق، رەڭدار، پارقىراق قاشتېشىنى بايقىدى. قاشتېشىدا ياسالغان قوراللار ئىنتايىن قاتتىق، چىدامىلىق، كۆركەم، سىلىق، پارقىراق بولغاچقا كىشىلەر قەلبىدە

قاشتېشىنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان دەسلەپكى قىزىقىشى، ئىنتىلىشى، ھەۋىسى ۋە گۈزەللىك قارىشى پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن قاشتېشى باشقا تاشلاردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈلۈپ، تەدرىجىي ھالدا قاشتېشىدىن غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، جۈملىدىن تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىشقا باشلىدى.

تاش قورال دەۋرىدىلا قاشتېشىنىڭ خاسىيىتىنى بايقىغان ۋە بىلگەن خوتەنلىكلەر دەسلەپتە دەريادىن تېرىلگەن قاشتاشلىرىدىن قورال ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئويۇپ ئىشلەتتى، ئويغان بۇيۇملىرىنى خوشنا ئەللەرگە سوغا قىلىشتى، باشقا نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇشتى. بۇنىڭ بىلەن خوتەن قاشتېشىنىڭ نامى چىقىپ، خوشنا ئەللەردە خوتەن قاشتېشىغا قىزىقىش، تەلپۈنۈش، ئىنتىلىش، ھەۋەس قىلىش كۆچىيىپ، خوتەن قاشتېشىغا ئېرىشىش ئارزۇلىرىدا بولدى. خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان ئېسىل بۇيۇملار قولدىن قولغا ئۆتۈپ، يىراق ئەللەرگىمۇ تارقالدى ۋە شۆھرەت قازاندى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن خوتەنلىكلەر دەسلەپ قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىنى خوشنا ئەللەرگە كۆپلەپ يۆتكەپ سېتىش ياكى باشقا نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇشتەك سودا شەكلىنى بەرپا قىلدى. كېيىنچە قاشتېشىدىن تۈرلۈك سەنئەت بۇيۇملىرى، زىننەت بۇيۇملىرى ئويۇپ باشقا ئەللەرگە يۆتكەپ، تەدرىجىي ھالدا قاشتېشى يۆتكەش ئاساس قىلىنغان كارۋان يوللىرىنى ئاچتى، زورايتتى ۋە ئۆزارتتى. خوتەن قاشتېشىنىڭ تەرەپ-تەرەپكە يۆتكىلىشى، باشقا ئەللەردە شۆھرەت قازىنىپ، ياخشى بازار تېپىشى خوتەنلىكلەرنىڭ قاشتېشىغا بولغان ئېھتىياجىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. دەريادىن سۈزۈۋالىدىغان قاشتېشى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. يەنە كېلىپ خوتەندىكى باشقا پارچە بوستانلىقلاردىمۇ قاشتېشى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ھەر قايسى ئېقىنلاردىن قاشتېشى ئىزدەش ئومۇملاشتى. ئۇلار تاشلارنىڭ كېلىش مەنبەسى تاغ ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، قاشتېشىنىڭ مەنبەسىنى تاغلاردىن ئىزدەپ، ئاخىرى قاشتېشى كانلىرىنى بايقىدى ۋە قېزىشقا كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن قېزىلغان قاشتاشلىرىدىن تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئويۇشقا ئادەم كۆچى، بولۇپمۇ ھۈنەرۋەنلەر يېتىشمەي، پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن قاشتاشلىرىمۇ شۇ پېتى سىرتقا يۆتكىلىشكە باشلىدى. قاشتېشى يۆتكەيدىغان كارۋانلارنىڭ كۆپىيىشى، يول ئۈستىدە بۇلاڭچى، قاراقچىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن كارۋان يوللىرىدا بىخەتەرلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. خوتەنلىكلەر بۇنىڭ بىلەن قاشتېشى يۆتكەشنى

توختىتىپ قويمىدى، ئەكسىچە كارۋانلار باشقا يۆنىلىشلەردىن يول ئېچىپ، سودا دائىرىسىنى يەنىمۇ زورايتتى. خەن دەۋرىگە كەلگەندە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن سودىگەرلەر خوتەنگە كېلىپ، قاشتېشى سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كېتىش بارلىققا كەلدى ۋە تېز راۋاج تاپتى. بۇنىڭ بىلەن خەن ئېلىدىن كەلگەنلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلايدىغان قاراقچىلار، ئوغرىلار، ھەتتا قەبىلىلەر پەيدا بولۇپ، قاشتېشى توشۇلىدىغان يولنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى ۋە قاشتېشى يۆتكەشكە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى. «غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى» قاشتېشى كارۋانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى، كارۋانلار بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىسا، يەرلىك قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ماللىرىنى قايتۇرغۇزۇپ بەردى. خەن ئېلىدىن كەلگەن كارۋانلارنى پاناھلىققا ئېلىپ، مەھكىمىنىڭ دەڭلىرىگە چۈشۈردى، ماللىرىنى ساقلاپ بەردى. بۇ ھال خەن ئېلىگە قاشتېشى يۆتكەشنى ياخشى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن راۋان، بىخەتەر بولغان قەدىمىي «قاشتېشى يولى» بارلىققا كېلىپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان قەدىمىي كارۋان يولى لىنىيىسىنى ئاچتى.

قەدىمىي قاشتېشى كارۋان يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن، خوتەن قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى ۋە خوتەن قاشتېشى يىراق رايونلارغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپالارغىچە ئاپىرىپ سېتىش تىجارىتى ۋەجىدىن خوتەننى مەركەز قىلىپ، شەرق، غەرب، شىمال ۋە شەرقىي جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت لىنىيە بويىچە خوتەن قاشتېشىنى شەرق ۋە غەربتىكى ھەر قايسى ئەللەرگە توشۇيدىغان بەكمۇ يىراق مۇساپىلىق كارۋان يولى شەكىللەندى. بۇ يولنىڭ شەرق لىنىيىسى خوتەن بوستانلىقىنىڭ شەرقىي يۆنىلىشى بويىچە پىشامشان، كىرورەن ئارقىلىق چىڭخەي، دۇنخۇاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تۇتاشتى. چىڭخەي، گەنسۇ رايونلىرىدىن تېپىلغان ئاز بولمىغان خوتەن ئاق قاشتېشى بۇيۇملىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. غەربىي لىنىيىسى يەكەن ئارقىلىق ياكى قەشقەر ئارقىلىق شەرققە ۋە غەربكە سوزۇلۇپ، شەرقى تەرىپى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تۇتاشسا، غەربى تەرىپى غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپالارغا تۇتاشتى. 3 - لىنىيىسى تاغ يوللىرى ئارقىلىق شىنزاڭدىن ئۆتۈپ، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا شەرققە تۇتىشىپ ھازىرقى لاداخ يولىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. پاكىستاننىڭ تاكسىلا قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان مىلادىيىدىن بىر ئەسىر

بۇرۇنقى قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋە باغداد قاتارلىق رايونلاردىن تېپىلغان خوتەن قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى بۇنىڭغا ماددىي پاكىت بولالايدۇ. زاڭزۇ تىلىدا قاشتېشى «كخوتان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خوتەننىڭ قەدىمىي بىر نامى بولغان «كهوتان» سۆزىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، لاداخ يولىنىڭ دەسلەپتە خوتەن قاشتېشى توشۇلىدىغان يول ئىكەنلىكىنى، زاڭزۇلارنىڭمۇ خوتەن قاشتېشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شىمالىي لىنىيە توغرىسىدا «تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، كۇسەن ۋە ھازىرقى لوپنۇر ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تۇتاشقان» دېگەن يەكۈن بولسىمۇ، كونكرېت ئورنى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئېنىق يەكۈن چىقىرىلمىدى. شۇنداقتىمۇ، كېرىيە دەرياسىنىڭ قەدىمىي ئېقىنىنىڭ تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىغان تەبىئىي بوستانلىق ئىكەنلىكى ۋە بۇ بوستانلىقتا قەدىمىي شەھەر راباتلار، قەدىمىي مەھەللىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدەك ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، بۇ يولنى قەدىمىي كېرىيە دەرياسى بويىدىكى بوستانلىق ئارقىلىق، تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، كۇسەنگە ياكى لوپنۇرغا بېرىپ، ئاندىن شەرق، غەرب ۋە شىمالغا سوزۇلىدىغان يول لىنىيىسى دېيىشكە بولىدۇ. قەدىمىي كېرىيە دەرياسى بويىدىكى تەبىئىي بوستانلىق ئارقىلىق كۇسەنگە ۋە ھازىرقى لوپنۇر ئەتراپىغا تۇتىشىدىغان بۇ يول توغرىسىدا ئېنىق يازما پاكىت يوق. لېكىن قەدىمىي كېرىيە دەرياسى قىنى بويىدىكى ئىپتىدائىي بوستانلىقتا جايلاشقان قازناق، دەندان ئۆيلۈك، قارا دۆڭ، يۇملاق قۇم قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى ۋە مىرسالى، مارجانلىق قاتارلىق قەدىمى رابات، مەھەللە ئىزلىرىدىن تاراچلىنىۋېتىلگەن قاشتېشى پارچىلىرى ۋە پارچە قاشتېشىنىڭ كۆپ ئۇچرىشى؛ كۇسەن، لوپنۇر ۋە شۇ ئەتراپىتىكى قەدىمىي خارابىلەردىن خوتەن قاشتېشىنىڭ كۆپ ئۇچرىشى بۇ دائىرىدە قەدىمىي قاشتېشى يولىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كېرىيە ناھىيىلىك قاشتاش كانىنىڭ سابىق باشلىقى، 40 يىللىق ھاياتىنى قاشتېشى قېزىش، سورتقا ئايرىش ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم تېخنىك مەتتوختى زىياۋۇدۇن مۇنداق پاكىت بېرىدۇ: 1973 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قارىقىر يېزىسىدىن ئىككى ئوتۇنچى جاڭگالغا ئوتۇنغا بېرىپ، توشقان تۇتۇش ئۈچۈن بىر توشقان ئۇۋىسىنى كولاپ، بۇ يەردىن قارا كىگىزگە ئوراپ تىكىۋېتىلگەن، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن

70 ~ 80 سانتىمېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان، ئۈستىگە قارامتۇل رەڭ بىلەن نومۇر سىپلىنغان بىر پارچە ئاق قاشتېشى تېپىۋالغان. ئۇلار تاشنى ئېلىپ چىقىپ، ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە قىلىپ چېقىپ ئايرىشقان ۋە شۇ يىلى كېرىيە قاشتاش كانىغا ئېلىپ كېلىپ ساتقان. ئەينى چاغدا بۇ تاشنىڭ كېرىيە ئالماس كېنىنىڭ تېشى ئىكەنلىكى، قېزىلغىنىغا ئىنتايىن ئۇزۇن بولغانلىقى ئىسپاتلانغان. ئۇلار بۇ تاش قەدىمكى زاماندا توشۇلۇش جەريانىدا بىر كىم تەرىپىدىن يوشۇرۇپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. مېنىڭچە بۇ قاراش توغرا بولغان. چۈنكى بۇ تاش تېپىلغان يەر كېرىيە دەرياسىنىڭ قەدىمىي ئېقىنى بويىغا، دەندان ئۆيلۈك قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. يەنە كېلىپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا (مەيلى قەدىمكى ئېقىنى ياكى هازىرقى ئېقىنى بولسۇن) قۇم، سېغىزدىن باشقا نەرسە يوق. تاش- شېغىل دېگەن نەرسىلەر هازىرقى كېرىيە بوستانلىقىنىڭ تۆۋەن قىسمىغىمۇ بارالمايدۇ. قۇملۇق تەۋەسىدىكى قەدىمىي دەريا ئىزلىرىدىنمۇ تاش - شېغىل ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. دېمەك، قەدىمكى دەندان ئۆيلۈك، قارادۆڭ، يۇمىلاق قۇم شەھەرلىرىگىمۇ تاغدىن قېزىۋېلىنغان ياكى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن سۈزۈۋېلىنغان قاشتېشى يۆتكەپ كېلىنگەن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ۋە بۇ جايلار ئارقىلىق كۇسەنگە، لوپنۇرغا، ئاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرگىچە يۆتكەلگەن. ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن، يۇمىلاق قۇم شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى، قۇم - بوران ئاپىتى تۈپەيلىدىن قارادۆڭ شەھىرى ۋە مارجانلىق قاتارلىق بوستانلىقلارنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە دەندان ئۆيلۈك شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكاندىن كېسىپ ئۆتۈپ، كۇسەنگە بارىدىغان يول لىنىيىسى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالغان.

«ئۆزبەكلەر تارىخى» دا مىلادىيىدىن 2 مىڭ نەچچە يىل بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ياۋلىخوۋا 1933 - يىلى يازغان «غەربىي شىمال قاشتېشى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا، بابىلون، سۇرىيە قەدىمىي ئىزلىرىدىن خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرى تېپىلغانلىقىنى، هەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىن تېپىلغان تاش قوراللارغا قاشتېشى ئىشلىتىلگەنلىكى، بۇ تاشلارنىڭ خوتەن قاشتېشى

ئىكەنلىكىنى يازغان. دېمەك، خوتەن قاشتېشى قەدىمىي «قاشتېشى يولى» ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە غەرب ئەللىرىگىمۇ تارقالغان ۋە قىممەتلىك بۇيۇم قاتارىدا ئەتىۋارلانغان.

## 2. تارىخىي مەنبەلەردە خوتەن قاشتېشى

قەدىمىي ئۇدۇن ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە گۈللەنگەن ۋە قاشتېشىدىن ئىبارەت قىممەتلىك كان بايلىقىغا ئىگە بولغان، غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك خانلىق بولغاچقا، قەدىمىي سۇلالىلەرنىڭ زور دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇدۇن ھەققىدە ھەممىدىن بۇرۇن خاتىرە قالدۇرغان خەنزۇچە كلاسسىك ئەسەر «تارىخىي خاتىرىلەر» بولۇپ، ئۇنىڭدا، «ئۇدۇننىڭ غەربىدىكى دەريا غەربكە قاراپ ئاقىدۇ، شەرقىدىكى دەريا شەرققە قاراپ ئېقىپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ... قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتابتا يەنە خوتەن قاشتېشىنىڭ چىقىشى ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ، «خەن ئەلچىسى دەريالارنىڭ مەنبەسى (باشلىنىش نۇقتىسى) گە باردى. دەريالار ئۇدۇندىن باشلىنىدۇ. بۇ تاغدىن قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ، قېزىپ كېلىنىدۇ...» دەپ خاتىرىلىنىپ، خوتەن قاشتېشىنىڭ قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن كېلىدىغانلىقىنى، شۇ دەۋردە كان ئېچىشمۇ بارلىقىغا كەلگەنلىكىنى، قېزىلغان قاشتېشىدىن خانلىق مۆھۈرى ئويۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇن ئەلچىلىرىنىڭ ليۇ خاندانلىقىغا قاشتېشى تارتۇق قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان. «خەننامە» (汉书) دە: «پىشامشان ئىلىدىن قاشتېشى چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىدە چەرچەن تاغلىرى ۋە كېرىيە تاغلىرىدىن چىقىدىغان قاشتېشى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك.

«تارىخىي خاتىرىلەر. جاۋ نەسەبنامىسى» (史记 • 赵世家) دا، «شاڭ سۇلالىسىدىن غۇز ئېتى، غۇز ئىتى ۋە قاراقۇرۇم قاشتېشىدىن ئىبارەت ئۈچ گۆھەر زادىلا چىقمايدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ خاتىرىدىن مەلۇمكى، شاڭ سۇلالىسىدىن خەن سۇلالىسىغىچە بولغان تارىخىي جەرياندا غۇزلارنىڭ جەڭ ئېتى ۋە ئوۋ ئىتى، خوتەننىڭ قاشتېشى

«ئۈچ گۆھەر» دەپ ئاتىلىپ، ئەتىۋارلانغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يېزىق پەيدا بولغاندىن تارتىپ يېزىلغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك خوتەن قاشتېشى تىلغا ئېلىنغان. بۇ تارىختا ئۆتكەن ھەر قايسى سۇلالىلەرنىڭ خوتەن قاشتېشىنى گۆھەر بىلىپ ئەتىۋارلىغانلىقى ۋە قەدىرلىگەنلىكىنىڭ دەلىلى.

خوتەن قاشتېشى قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەمەلدارلار، قۇلدارلار ۋە زەردارلار قاتتىق ئىنتىلىدىغان گۆھەر بولۇپ قالغاچقا، خوتەن قاشتېشىغا بولغان ئېھتىياج ۋە ئىنتىلىش ئېشىپ بارغانكى، پەسەيمىگەن. يېغىلىق دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق سىياسىئون گۇەن جوڭ ئۆزىنىڭ «گۇەنزى» دېگەن كىتابىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا خوتەن قاشتېشىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 256 - يىلى چىن ۋاڭ، جۇ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221 - يىلى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈردى. چىن تەيدى يەنىلا خوتەن قاشتېشىنى گۆھەر بىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ باش ۋەزىرى لى سى ئۆزىنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر، لى سىنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابىدا، «ھازىر خان ئالىيلىرى قارا قۇرۇم قاشتېشىغا ئېرىشىپ، گۆھىرى بار بولدى» دەپ يازغان.

شەرقىي سۇلالە دەۋرىدە بەنگۇ يازغان «خەننامە» دە خوتەن قاشتېشى چىقىدىغان جايلار تېخىمۇ كۆپ خاتىرىلەنگەن: «ساكارا ئول بەگلىكىدە (ھازىرقى يەكەن)... تۆمۈر تاغ بار. يېشىل قاشتېشى چىقىدۇ» «ئۇدۇننىڭ غەربىدىكى دەريا غەربكە قاراپ ئېقىپ، بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. شەرقتىكى دەريا شەرققە ئېقىپ، لوپنۇرغا قۇيۇلىدۇ، ئېقىن بېشى (تاغ) دا قاشتېشى كۆپ» «پىشامشان دۆلىتى (يەرلىك نامى كىرورەن) دىن قاشتېشى چىقىدۇ» . بۇ خاتىرىلەر مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدىغان قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە ئالتۇن تاغدىن قاشتېشى چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يىل بۇرۇن خاتىرىلەنگەن قاشتېشى چىقىدىغان جايلار ھازىرقى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

كېيىنكى جىن دەۋرىدىكى جاڭ كۇاڭيى ۋە گاۋ جۇخۇينىڭ «سەپەر خاتىرىسى» دە، ئۇدۇن قاشتېشىنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن ھەمدە «ئۇدۇندا ئۈچ دەريا بار، شەھەر شەرقىدە ئاق قاشتېشى دەرياسى، شەھەر غەربىدە كۆك قاشتېشى دەرياسى، ئۇنىڭمۇ غەربىدە قاراقاشتېشى دەرياسى بولۇپ، ھەممىسى

قاشتېشى بىلەن داڭلىقتۇر... (بۇ ئۈچ دەريانىڭ ھەممىسى) قاراقۇرۇمدىن باشلىنىدۇ، كىشىلەر كۆز پەسلىدە دەريادىن قاشتېشى سۈزىدۇ» دېيىلگەن. «سۈينامە» دە، ئۇدۇننىڭ «تاغلىرى كۆپ، قاشتېشى گۈزەل» دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، «كىتابلار جەۋھىرى، تاشقى ۋەزىرلەر تەزكىرىسى» دە سۈي خانى ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 587 - يىلى) تۈركلەردىن دۆلان خاقان زىيارەتكە كېلىپ قاشتېشى ھاسا تەقدىم قىلغانلىقى، بۇ ھاسىنىڭ خوتەننىڭ مەھسۇلاتى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

تارىختا ئۆتكەن ھەر قايسى سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۇدۇن دۆلىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ خانلىرىغا تارتۇق قىلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە قاشتېشى ۋە قاشتېشى بۇيۇملار كۆپ بولۇپ، بەزىدە بىرلا قېتىمدا مىڭ جىڭدىن ئارتۇق تارتۇق قىلىنغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇدۇنغا كەلگەن ئەلچىلەرمۇ نۇرغۇن قاشتېشى بۇيۇملىرى سېتىۋالغان. تاڭ دەۋرىدە خوتەندە قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىقىنىڭ روناق تاپقانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئايان ئىدى. «يېڭى تاڭنامە — غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «دەريالاردىن قاشتېشى دەرياسى بار. كىشىلەر ئايدىڭدىمۇ پارقىرىغان جايلاردىن قاشتېشى تاپالايدۇ» دەپ يېزىلغان.

ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «قاش» سۆزى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازغان: «قاش — قاشتېشى. بۇ بىر خىل سۆزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئېقىنى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇلۇقتىن ۋە چاقماق چېقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىدۇ. قاش ئۆگۈز خوتەن يورۇڭقاش دەرياسى دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق تاش چىققاچقا، دەريامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان؛ قاراقاش ئۆگۈز قاراقاش دەرياسى دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك قاراتاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت شۇ يەردىنلا چىقىدۇ.» «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت ھەيدەر كىتابىدا، «ئۇدۇندا ئىككى دەريا بولۇپ، قاراقاش دەرياسى ۋە يورۇڭقاش دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى دەريادىن دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان قاشتېشى چىقىدۇ» دەپ يازغان.

ئىتالىيىلىك مەشھۇر سەيياھ ماركوپولو يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 1271 - يىلى) «يىپەك يولى» نى بويلاپ شەرققە قىلغان

سەپىردە شىنجاڭدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرى «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، قاشتېشى چىقىدىغان جايلار تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. «ئۇدۇن (Kotan, Khotan) نىڭ شەرقىدە يورۇڭقاش دەرياسى بار. غەربىدە يېشىل قاش دەرياسى، ئۇنىڭمۇ غەربىدە قاراقاش دەرياسى بار. بۇ دەريالار قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ» «قاشتېشى ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى نىسبەتەن قىممەت، ئۇ دەريادىن چىقىدۇ. قاشتېشى قېزىش ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ دەريا ئېقىنىنى بويلاپ مەرۋايىت ئىزدىشىگە ئوخشاش؛ يەنە بىر خىلى ناچارراق بولۇپ، تاغدىن چىقىدۇ»، «پېئىن ئۆلكىسى ( pein ) ... مەركىزى پېئىن دەپ ئاتىلىدۇ (ھازىرقى چىرا، كېرىيە ئەتراپلىرى). بىر دەريا بۇ ئۆلكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. دەريا قېنىدىكى قاشتېشىنىڭ زاپاس مىقدارى مول بولۇپ، ئۇنىڭدىن قارشىدون ۋە ياسپ دەپ ئاتىلىدىغان قاشتېشى چىقىدۇ. چەرچەن ئۆلكىسى (CHAR CHAN) ... ئۇنىڭدىكى بىر قانچە دەريادىنمۇ قاشتېشى ۋە سۈزۈك قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ قاشتاشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قاراقىتان يېرىگە ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. مىقدارى ئىنتايىن زور بولۇپ، بۇ ئۆلكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئېكسپورت بۇيۇمى». ماركوپولو يازغان قاشتېشى چىقىدىغان جايلار ھازىرقى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ھازىر چەرچەننىڭ بۇ دەريا ئېقىنلىرىدىن چىقىدىغان قاشتېشى ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەن.

جۇڭگودا تۇنجى قېتىم مەخسۇس قاشتېشى بۇيۇملىرى يېزىلغان رەسىملىك كىتاب «قەدىمىي قاشتېشى سۈرەتلىرى» ( 古玉图 ) بولۇپ، جودېرۇن تەرىپىدىن يۈەن سۇلالىسى فۇيىزۇڭ جىجىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1341 - يىلى) يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، مارۋېيل يازغان «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل»، جۇزۇڭيى يازغان «جوگېيىڭ خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ خوتەن قاشتېشى ۋە قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى توغرىسىدىكى بايانلار يېزىلغان.

مىڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە، خوتەننىڭ قاشتېشى ئېچىش ئىشلىرى زور تەرەققىي قىلغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا غەرب ئەللىرى ئوردىغا ئېسىل قاشتېشى بۇيۇملىرى سوۋغا قىلغان. يەنە غەرب سودىگەرلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئىزچىل تۈردە قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋە قاشتېشى ئاپىرىپ ساتقان. ئىچكىرى

ئۆلكىلەردىن خوتەنگە كېلىپ قاشتېشى ئېلىپ كەتكەن سودىگەرلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي يۇرتتىكى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى كۆپ قېتىم ئوردىغا قاشتېشى سوۋغا قىلغان. «يۇڭلېنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 1404 - يىلى) ئەلچىلەر قاشتېشى سوۋغا قىلغان»، «جىڭ چېنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1452 - يىلى) 3 مىڭ 800 جىڭ قاشتېشى سوۋغا قىلىنغان... (جاۋابەن) ھەر ئىككى جىڭغا بىر توپ يىپەك بېرىلگەن». «يۇڭلېنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 1406 - يىلى)... قاشتېشى تەقدىم قىلغان» «20 - يىلى (مىلادىيە 1422 - يىلى) ئېسىل قاشتېشى تەقدىم قىلغان». ئۇدۇندا قېزىلغان قاشتاشلىرى ئوردىغا ئۇلپان سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنغاندىن سىرت ئۆز ئېلىدىمۇ ساقلىناتتى ھەم غەرب ئەللىرىگە يۆتكىلەتتى ياكى يەتكۈزۈلەتتى. XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئۇدۇن خانىنىڭ ئانىسى ھاجى خېنىم ھەجدىن قايتىش سەپىرىدە (ھىندىستاندا) خىراجىتى تۈگەپ قېلىپ، ھىندىستاندىن جۇڭگوغا كېلىپ كەتكەن ئىيزوت جەمئىيىتىنىڭ مۇرىتى بېنوئىت دېگۈن بىلەن كۆرۈشۈپ قەرز سورىغاندا، ئۇ ھاجى خېنىمغا 600 زىخچە ئالتۇن ئارىيەت بەرگەن. ھاجى خېنىم ئۇدۇنغا قايتقاندىن كېيىن دەرھال خەزىنىدىن ئالتۇننىڭ نەچچە ھەسسىسىگە باراۋەر قىممەتتە قاشتېشى ئاجرىتىپ، بېنوئىت دېگونغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇنىڭدىن شۇ دەۋردە دۆلەت خەزىنىسىدە ساقلانغان قاشتېشىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

XVI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر ئۆزىنىڭ «تارىخي رەشىدىيە» دېگەن ئەسىرىدە، «ئۇدۇن دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرى، لېكىن ھازىر پەقەت قاشتېشىنىڭلا نامى بار» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا XVI ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئۇدۇن شەھىرى دىنىي چەكلىمە ۋە ئىقتىسادنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا شەھەرلەرگە قارىغاندا خېلىلا كەينىدە قالغان بولىسىمۇ، لېكىن خوتەن قاشتېشى يەنىلا ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغان ۋە نامى يەنىلا ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن.

مىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئۆلىمالاردىن لى شىجېنىنىڭ «ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» (本草纲目)، گۈيىڭچېنىڭ «مەۋجۇداتلاردىن مۇھىم كۆرسەتمىلەر» (博物要览)، ساۋجاۋنىڭ «قەدىمكى ئىشلار تەتقىقاتىدىن ئاساسلىق بايانلار» (格古要论)، شې

كۇننىڭ «ئالتۇن، قاشتېشى ھەققىدە تەرمىلەر» ( 金玉琐碎 ) ، گاۋلىيەننىڭ «يەندىن چىڭغىچە ئىنئام پۇتۇكلىرى» ( 燕闲清赏笺 ) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە قەدىمىي دەۋر قاشتاشلىرى ۋە ئۇنىڭ شەكلى ئۈستىدە بەلگىلىك بايانلار كىرگۈزۈلگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە خوتەن قاشتېشىنىڭ سورتلىرى، چىقىدىغان جايلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە بىر قەدەر تەپسىلىي بايانلار بار. چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن چۈن يۈەننىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە، «بۇ جاينىڭ دەريالىرىدىن قاشتېشى چىقىدۇ. چوڭلىرى تۈگمەن تېشىدەك، كۇرە كەمچىكىدەك، كىچىكلىرى مۇشتتەك، كاشتاندەك بولىدۇ. بەزىلىرى 3 — 4 يۈز كۈرە كېلىدۇ. خىللىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس، بۇلاردىن ئاق، كۆك، سېرىق، قىزىل ۋە قارىلىرى ئالىي سورتلارغا كىرىدۇ. قىزىل، سېرىق، قوي يېغى رەڭگىدىكى، سۈزۈك يېشىل قاشتاشلىرىنى تاپماق تېخىمۇ قىيىن» دەپ يازغان.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سەيياھ تاڭ شۈەنزاڭنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە، «ھىسار دۆلىتى (ھازىرقى يېڭىسار) مىڭ چاقىرىمدىن ئۇزۇن... جەنۇبىدا دەريالار كۆپ، ھەر خىل قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ. ئاق، قارا (توق يېشىل) يېشىل قاشتاشلىرى بار»، «قۇستانا دۆلىتى (ھازىرقى خوتەن) دىن ئاق قاشتېشى، قارا قاشتېشى چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر دۇفۇ: «غەرب ئەلچىلىرى دۈۋە - دۈۋە گۆھەر (قاشتېشى) سوغا قىلىشسا، خاقانلار جاۋابەن يىپەك سوۋغا قىلىشار» دەپ يازغان.

بەش سۇلالە (كېيىنكى ياڭ، كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، كېيىنكى جۇ) دەۋرلىرىدىكى خاقانلارمۇ غەربىي يۇرت بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. «يىپەك يولى» ئارقىلىق توشۇلغان قاشتېشى ۋە ئۇيما بۇيۇملىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغىچە يېتىپ بارغان. سۇڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە بۇ خىل مۇناسىۋەت يەنىمۇ كۈچەيگەن. سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدا، «ئۇدۇن دۆلىتى شەھىرىنىڭ شەرقىدە يورۇڭقاش دەرياسى (ئاق قاشتېشى دەرياسى)، غەربىدە يېشىلقاش دەرياسى (يېشىل قاشتېشى دەرياسى)، يەنىمۇ غەربىدە قاراقاش دەرياسى (قارا قاشتېشى دەرياسى) بار بولۇپ، دەريالار قاراقورۇم تېغىدىن باشلىنىدۇ... ھەر يىلى كۈزدە كىشىلەر دەريادىن قاشتېشى سۈزىدۇ، بۇ قاشتېشى

سۇزۇش دېيىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ سۇڭ دەۋرىدىكى خانلارغا تۇرلۇك قاشتېشى ئويىما بۇيۇملىرى تەقدىم قىلغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىغا كەلگەندىمۇ «يىپەك يولى» ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان قاشتېشى سودىسى توختاپ قالمىغان. چىڭگىزخان، قۇبلەيخانلارمۇ خوتەن قاشتېشىنى گۆھەر ھېسابلاپ ئەتىۋارلىغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەزىر بويەن خوتەنگە كېلىپ بىر قۇدۇقتىن چىققان ئېگىزلىكى 3 ~ 4 چى، رەڭگى ئاق، يورۇققا تۇتسا ئىچكى قىسمىنى تولۇق كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئاق قاشتېشى بۇتنى قولغا چۈشۈرۈپ، خانغا سۇنغان. يەنە ئېگىزلىكى 6 چى، كەڭلىكى 5 چى، ئۇزۇنلۇقى 17 تاپان كېلىدىغان بىر ئاق قاشتېشىنى قولغا چۈشۈرگەن.

يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىر مازۇچاڭ قاشتېشى سۇزۇش ۋە قاشتېشى سودىسى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ، «دەريا ياقىلىرىدىكى سۇزۇك تاشلار تېگىشلەر شەرق ئېلى يىپەكلىرىگە» دەپ يازغان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «كۇللى مۆجىزات» (天工开物) دېگەن كىتابتا، خوتەن قاشتېشى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، خوتەندىكى قاشتېشى چىقىدىغان جايلار، دەريادىن تاش سۇزۇش ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەندىن باشقا، خەلق ئارىسىدىكى قاشتېشى سودىسى ئەھۋالىمۇ خاتىرىلەنگەن. بۇ ھەقتىكى بايانلاردا قاراقۇرۇم ئېتىكىدە ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قاشتېشىنى ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاۋيى ۋە جيۇجۈەن دېگەن جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىغانلىقى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، قاشتېشى سېتىۋېلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە بىر قىسىم تارىخىي كىتابلاردا خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان تارىختىكى مەشھۇر بۇيۇملار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ، يەنە بىر قىسىملىرىنىڭ ئىز - دېرىكى يوق. ئىز - دېرىكى نامەلۇم بولغان مەشھۇر قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەر:

1. شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاشتېشى تۆگە. مىڭ سۇلالىسىدا يېزىلغان «گۆھەرلەر خاتىرىسى» ( 宝椟记 ) دېگەن كىتابتا بۇ قاشتېشى تۆگىنىڭ شەرقىي جۇ سۇلالىسى لىڭ ۋاڭنىڭ 23 - يىلى ( مىلادىيىدىن 549 - يىل بۇرۇن) غەربىي دىياردىن تەقدىم قىلىنغانلىقى، تۆگىنىڭ ئېگىزلىكى 5 چى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

2. ئاق قاشتېشى يولۋاس. جىن سۇلالىسى ۋاڭزى يىللىرىدا يېزىلغان «تەرمىلەردىن تەرمەچىلەر» ( 拾遗记 ) دا خاتىرىلىنىشىچە، چىن شىخۇاڭ «بۇلۇت سۇپىسى» نى قوپۇرغاندا غەربلىك ئويمىچى ئۇستا لى يى تەرىپىدىن ئويۇلغان.

3. قاشتېشى ئەجدەر قۇش.

4. شەرقىي جىن دەۋرىدىكى قاشتېشى بۇت. «قانۇنلار قامۇسى» ( 通典 ) دە خاتىرىلىنىشىچە، شەرقىي جىن تيەندىنىڭ يى جاۋ 1 - يىلى (مىلادىيە 405 - يىلى) غەربىي دىياردىن تەقدىم قىلىنغان «قاشتېشى بۇتنىڭ ئېگىزلىكى 4 چى 2 سۇڭ، رەڭگى پارقىراق» ، ئەينى چاغدا بۇ بۇت «ئۈچ مۆجىزات» نىڭ بىرى ھېسابلانغان.

5. لياڭ دەۋرىدىكى قاشتېشى بۇت: «كىتابلار جەۋھىرى، تاشقى ۋەزىرلەر بۆلۈمى» ( 册府元龟 • 外臣部 ) دە خاتىرىلىنىشىچە، لياڭ سۇلالىسى ۋۇدى خانىنىڭ داتۇڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 541 - يىلى) ئۇدۇن دۆلىتى تەرىپىدىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتا داڭ چىقارغان جەنۇبىي سۇلالە شاھىغا تەقدىم قىلىنغان.

6. قاشتېشى ھاسا. «كىتابلار جەۋھىرى، تاشقى ۋەزىرلەر بۆلۈمى» دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ ھاسا سۈي سۇلالىسى ۋېندى خانىنىڭ كەيخۇاڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 587 - يىلى) تۈركلەر ئېلىدىكى دولان خاقان تەرىپىدىن گاۋزۇغا تەقدىم قىلىنغان بولۇپ، خوتەندە ئىشلەنگەن.

7. بۇتخانىدىكى قاشتېشى. «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ( 大唐西域记 ) دە خاتىرىلىنىشىچە، كۇسەن خانلىقىدىكى بىر بۇتخانىدا «قاشتېشى بۇت بار بولۇپ، يۈزىنىڭ كەڭلىكى ئىككى چىدىن ئارتۇق. رەڭگى سارغۇچ ئاق، شەكلى دېڭىز كەسلەنچۈكىدەك، ئۈستىدە بۇدساتىۋانىڭ دەسسىگەن ئىزى بار. (ئىزنىڭ) ئۇزۇنلۇقى 8 سۇڭ، كەڭلىكى 6 سۇڭغا يېقىن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

8. قاشتېشى ئات. «كونا بەش دەۋر تارىخى» ( 旧五代史 )

دا خاتىرىلىنىشىچە، كېيىنكى تاڭ جۇاڭزۇڭنىڭ تۇڭگۇاڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 924 - يىلى) ئۇيغۇرلار ئىلىدىن بىر قاشتېشى ئات ھەدىيە قىلىنغان.

9. سۇڭ دەۋرىدىكى قاشتېشى ياستۇق. «سۇڭنامە» (宋书) دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 961 - يىلى) 12 - ئايدا ئۇدۇن دۆلىتى ئەلچى ئەۋەتىپ، بىر قاشتېشى ياستۇق سوۋغا قىلغان.

10. قاشتېشى ئىگەر - جابدۇق. «قاشنامە» (玉海) دە خاتىرىلىنىشىچە، سۇڭ سۇلالىسى چيەندىنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 965- يىلى) سۇڭ تەيزۇڭغا ئىدىقۇت خاقانى قاشتېشى ئىگەر - جابدۇق ھەدىيە قىلغان.

11. سۇڭ دەۋرىدىكى غايەت زور قاشتېشى. «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» (文献通考) دا خاتىرىلىنىشىچە، سۇڭ خۇيزۇڭ جىڭخېنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 1117 - يىلى) ئۇدۇن دۆلىتىدىن بىر پارچە چوڭ قاشتېشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئىككى چىدىن ئاشىدۇ. رەڭگى قوي يېغىنىڭكىدەك، خۇيزۇڭ ئۇنىڭدا بىر مۆھۈر ئويدۇرغان بولۇپ، مۆڭگۈزسىز ئەجدىھا ئويۇلۇپ تۇتقۇچ چىقىرىلغان. ئوقۇرنىڭ چوڭلۇقى 9 سۇڭ بولۇپ، گۆھەر دېگەن نام بېرىلگەن ۋە ئىلگىرىكى سۇلالىلەردىن قالغان يىغىۋېلىنغان سەككىز قاشتېشى مۆھۈر بىلەن قوشۇلۇپ، توققۇز گۆھەر دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ مۆھۈر ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى.

12. يۈەن دەۋرىدىكى قاشتېشى بۇت. چىڭ دەۋرىدە يېزىلغان «گۈي شىن خاتىرىلىرى» (癸辛杂识) دا خاتىرىلىنىشىچە، يۈەن دەۋرىدە (مىلادىيە 1264 - يىلى)، ۋەزىر بويەن ئۇدۇنغا كېلىپ، بىر قاشتېشى بۇتقا ئېرىشكەن. بۇتنىڭ ئېگىزلىكى تۆت چى، قوي مېيى رەڭگىدە.

13. يۈەن دەۋرىدىكى غايەت زور قاشتېشى. «جوگېڭ خاتىرىلىرى» (辍耕录) دا خاتىرىلىنىشىچە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى بويەن ئۇدۇنغا كەلگەندە، «يەنە بىر پارچە ئاق قاشتېشىغا ئېرىشكەن. ئېگىزلىكى ئالتە چى، كەڭلىكى ئۈچ چى، ئۇزۇنلۇقى 17 قەدەم، ئېغىرلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى» . بۇ زور قاشتېشى بەلكى تارىختىكى ئەڭ چوڭ قاشتېشى بولسا كېرەك. قەدەم بىرلىكىنىڭ تارىختىكى ئۆلچىمى ئوخشاش ئەمەس. جۇ سۇلالىسىدا سەككىز چى بىر قەدەم ھېسابلانغان. چىن دەۋرىدە ئالتە چى بىر قەدەم

ھېسابلانغان. كېيىنچە بەش چى بىر قەدەم ھېسابلانغان. يۈەن سۇلالىسىدا قانداق ھېسابلانغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ھازىرقى قەدەم ئۆلچىمى بىر قەدەم 65cm ھېسابلىنىدۇ. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، قاشتېشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 11 مېتىر كېلىدۇ. مۇشۇ ھەجىم بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقى 80 ـ 90 توننا كېلىدۇ. شۇڭا ئەينى چاغدا بۇ قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەرلىيەلمىگەن. ئەپسۇس، بۇ زور قاشتېشىنىڭ دېرىكى ئېنىق ئەمەس.

14. قاشتېشى ئات. «چىڭ سۇلالىسىدىكى غەيرىي رەسمىي تۈردىكى ئىشلاردىن كۆچۈرۈلمە» ( 清稗类钞 ) نىڭ 12 ـ جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يىلى (مىلادىيە 1781 ـ يىلى) باش مۇشاۋىر ئاگوي گاۋزۇڭنىڭ ئەمرىگە بىنائەن خوتەننىڭ گۈزەل قاشتېشىدىن قېزىپ، بىر قاشتېشى ئات ئويدۇرۇپ، ئوردىغا تاپشۇرغان (ئوردىغا يوشۇرۇپ قويغۇزغان) رەڭگى ئاق ھەم پارقىراق، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ چىدىن ئارتۇق، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2 چى ئىدى. خې شېن (بۇ ئاتنى) باشقىلارغا ئوغرىلىتىپ ئەپكېلىپ، توقىلى يۈيۈنغاندا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىشقا ئىشلەتكەن. جياچىڭنىڭ 4-يىلى (مىلادىيە 1799 ـ يىلى) خې شېنغا ئۆلۈۋېلىش جازاسى بېرىلىپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغاندا، يەنە ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، يۈەنمىڭيۈەنگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مىلادىيە 1860 ـ يىلى ئەنگلىيە، فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى پايتەختكە بېسىپ كىرىپ يۈەنمىڭيۈەننى كۆيدۈرۈۋەتكەندە، بۇ قاشتېشى ئات ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. كېيىن لوندون مۇزېيىغا قويۇلغان.

15. ئەۋلىيا سۇپىسى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىشى تەيخۇنىڭ 60 ياشقا كىرگەنلىكىنى قۇتلۇقلاپ، فۇكۇن قاتارلىق ئالتە ۋەزىر تەقدىم قىلغان. ئەسلىي چوڭ ـ كىچىك ئالتە پارچە بولۇپ، ھازىر خان سارىيىدا ساقلىنىۋاتقىنى مۇكەممەل ساقلانغان بىر پارچىدىنلا ئىبارەت. ئەۋلىيا سۇپىسى پەلەمپەي شەكىللىك بولۇپ، ئالدىنىڭ كەڭلىكى 117cm، يېنىنىڭ كەڭلىكى 96cm، ئارقىسىنىڭ كەڭلىكى 83cm، ئالدىنىڭ ئېگىزلىكى 35cm، كەينىنىڭ ئېگىزلىكى 130 cm. سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېرىق ئويۇلغان. ئىككى يېنى تەدرىجىي كۆتۈرۈلۈپ، مەنزىرە ئويۇلغان. ئالدى ھويلىغا «پەرىشتىلەر ماكانى»، «پەرىشتىلەرنىڭ باياشات زېمىنى»، سەككىز ئەۋلىيا، توخزى قاتارلىق رىۋايەتلەر ۋە رىۋايەتلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى

ئويۇلغان. ئەڭ ئۈستىگە ئومىاي تۇرىدىغان «قاشتېشى كۆلى» ئويۇلۇپ، ئومىاي قولىدا كۆتۈل دەستىكىنى تۇتۇپ، غارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان. ئىككى يېنىدا ئىككى دېدەك تىك تۇرغان، غارنىڭ ئالدىدا ئۆمۈر پېشۋاسى، چىپار مارال، شاپتۇل سۇنۇپ تۇرغان ئاق مايمۇن، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار ئويۇلغان. ئومىاي، ئۆمۈر پېشۋاسى، ئاق مايمۇن، سەككىز ئەۋلىيا قاتارلىقلار خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. باشقا مەنزىرىلەر تاغ، دەل - دەرەخلەر ئارچا تېشى، ھېقىق قاتارلىق كۆپ خىل ماتېرىياللاردىن ياسالغان.

يۇقىرىقىلار خوتەن قاشتېشىنىڭ ئويمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىدە قانچىلىك مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، ھەر قايسى سۇلالىلەردە خوتەن قاشتېشىنىڭ قانچىلىك ئەتىۋارلانغانلىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە قانچىلىك زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن قىلغاندا، خوتەن قاشتېشى كەڭ قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ، ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا قانچىلىغان سۇلالىلەر ئالماشقان بولسىمۇ، ئۆز قىممىتىنى ۋە شۆھرىتىنى ساقلاپ، تارىخ بەتلىرىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ «دۆلەت گۆھىرى» بولۇپ چەكسىز ئەتىۋارلانغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن تارىم ۋادىسىنى بىر - بىرىگە زىچ باغلاپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

## 3. قەدىمكى ئىزلاردا خوتەن قاشتېشى

تارىم ۋادىسى، جۈملىدىن خوتەن رايونىدىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمىي ئىزلار ۋە خارابىلەردىن قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋە قاشتېشى تارىشلىرىنىڭ كۆپ ئۇچرىشى بىزنى ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قاشتېشى تېپىلمىلار لوپنۇر رايونىدىن تېپىلغان بولۇپ، 1979 - يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى 42 قەدىمىي قەبرىدىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ قول بېغىشى، بىلى، بوينى قاتارلىق ئەزالىرىغا

سىلىنغان قاشتېشى ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان مارجانلار بايقالغان. مارجانلار ھېقىق، خوتەن قاشتېشى قاتارلىقلاردىن قىرىپ ياسالغان بولۇپ، نەنجىڭ يېنىياڭ مەدەنىيەت ئىزىدىن تېپىلغان قاشتېشى مارجانلارنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشاش. بۇنىڭدىن باشقا، قاشتېشى تارىشا تېپىلغان بولۇپ، شەكلى بالىغا ئوخشايدۇ. خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغان، ئۈستى تەرىپىدە تۆشۈكى بار قەدىمىي قەبرە مەدەنىيىتى شۇنى ئاشكارىلايدۇكى، بۇ رايوندا خوتەن قاشتېشىنىڭ ئىشلىتىلگىنىگە ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 4 مىڭ يىلدىن ئاشقان. لوپنۇر رايونىدىكى كىرورەن قەدىمىي ئىزىدىن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ خېلى كۆپ قاشتېشى پالتا تاپقان. بۇ قاشتېشى پالتىلارنىڭ بەزىسى خوتەن ئاق قاشتېشىدا ياسالغان بولۇپ، ھازىرقى پالتىلار بىلەن تەڭ. تاشنىڭ سۈپىتى سىلىق ۋە پارقىراق بولۇپ، بىسى خېلىلا ئۆتكۈر. بەزىلىرى خوتەن يېشىل قاشتېشىدا ياسالغان بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس. بىرسى 4.5×3.5～2.8×1.2 سانتىمېتىر، بىرسى 7×3.2～3.7×1 سانتىمېتىر. شەكلى مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەدىمىي ئىزلاردىن تېپىلغان قاشتېشى پالتىلار بىلەن ئوخشاش. يۇقىرىقى تېپىلمىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈلۈك، يونۇش، قىرىش، سۈرۈش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلۈپ، نىسبەتەن سىپتا ئىشلەنگەچكە، ئۇلار يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قارالدى. بۇ دەۋر، خۋاڭدى، يەندى، ئوماي رىۋايەتلىرىدىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. تاش قورال دەۋرىدىلا «قاشتېشى يولى»نىڭ بارلىققا كېلىشى خوتەن قاشتېشىنىڭ ئىشلىتىلىشى؛ قورال ياسىلىش دەۋرىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەردىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قاشتېشى قوراللىرى تېپىلغان بولۇپ، نىسبەتەن ئىپتىدائىيلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سىبىرىيىدىكى ياقۇت (Yakut) رايونىدىن تېپىلغان قاشتېشى پالتا، قاشتېشى ھالقا قاتارلىقلار بولۇپ، خىمىيىلىك ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، مىلادىيىدىن 4 مىڭ 880 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى بېكىتىلدى.

ئەنگلىيە قاتارلىق بەزى ياۋروپا ئەللىرىدىكى قەدىمىي ئىزلاردىن قاشتېشى پالتا، قاشتېشى چوت (بېگەن)، قاشتېشى ئىسكىنە ۋە

قاشتېشى بېزەك بۇيۇملىرى تېپىلغان بولۇپ، يىل دەۋرى مىلادىيەدىن 3 مىڭ 200 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن. كانادادىن قاشتېشى پالتا، قاشتېشى شوتا تېپىلغان بولۇپ، يىل دەۋرى مىلادىيەدىن 2000 ~ 1500 يىللار بۇرۇن ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن. ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ ئولمېك (Olmek) مەدەنىيەت ئىزىدىن قاشتېشى پالتا، قاشتېشى بېزەك بۇيۇملىرى تېپىلغان بولۇپ، يىل دەۋرى مىلادىيەدىن 1000 ~ 300 يىللار بۇرۇنقى دەۋر ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن. لېكىن چەت ئەللەردە قاشتېشى (كاۋاش) قوراللىرىنىڭ ئىشلىتىلىش يىل ۋاقتى ئۇزۇن ئەمەس، يىل دەۋرى بىردەك ئەمەس. تارقىلىشى نىسبەتەن ئاز.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايوندا بولسا، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئىزچىل تۈردە خوتەن قاشتېشىنىڭ ئىشلىتىلىشى، تارقىلىشى كەڭ، ھەرقايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپلىرى تولۇق. جۇڭگو قاشتېشىنىڭ تارقىلىشىنىڭ كەڭ، ئىشلىتىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن، ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەڭ ئىپتىدائىي قاشتېشى بۇيۇمى جېجياڭ ئۆلكىسى يۈياۋ ناھىيىسى خېمۇدۇ مەدەنىيەت ئىزىدىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5000 ~ 3300 يىللار) تېپىلغان. بۇ قەدىمىي ئىزدا تۆت مەدەنىيەت قاتلىمى بار بولۇپ، ئەڭ بۇرۇنقىسى 3 - 4 قاتلام (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5000 ~ 4000 يىل)، كېيىنكىسى 2 - 1 قاتلام (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4000 ~ 3000 يىل). ئەڭ بۇرۇنقى 4 - قاتلامدىن قاشتېشىدا ياسالغان تاقاچاق (يېرىم دۈگىلەك قاشتېشى)، جۈپتەك (جۈپلەشتۈرۈلگەن ئىككى پارچە قاشتېشى)، قاشتېشى نەيچە، قاشتېشى مارجان قاتارلىق 19 دانە بۇيۇم تېپىلغان. بۇلارنىڭ تاش سۈپىتى نىسبەتەن ناچار، ياسىلىشى قوپاللىراق.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، «قاشتېشى يولى» نىڭ ئېچىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى بىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئېلىپ بېرىلغان قاشتېشى بۇيۇملىرى كۆپىيىپ باردى. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، خۇاڭخې ۋادىسى، چاڭجياڭ ۋادىسى، لياۋخې ۋادىسى، خېيلۇڭجياڭ ۋادىسى، جۇجياڭ ۋادىسى ھەمدە شىنجاڭ، چىڭخەي قاتارلىق رايونلاردىكى قەدىمىي ئىزلاردىن قاشتېشى بۇيۇملىرى تېپىلدى.

شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى

ئىپتىدائىي شەكىلدىكى تاش قوراللارنى ئىشلىتىشتىن، خوتەن قاشتېشىنى ئاساس قىلغان سىپتا تاش قورال دەۋرىگە كىردى. خېنەن ئۆلكىسىدىكى شيا سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان يەنشى ئېرلىتۇ مەدەنىيەت ئىزىدىن تېپىلغان قاشتېشى بۇيۇملىرىدىن قىرلىق نەيچە، جۇپتەك، يەتتە تۆشۈكلۈك پىچاق قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن. ئېرلىتۇ مەدەنىيىتىنىڭ 1 ـ مەزگىلىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان لوياڭ شەھىرى سۇلى قەدىمىي ئىزىنىڭ 4 ـ مەدەنىيەت قاتلىمىدىن بىرئاق قاشتېشى ئوتىغۇچ تېپىلغان. تراپېتسىيە شەكلىدىكى بۇ ئوتىغۇچنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار. ئۇزۇنلۇقى 9.7cm، كەڭلىكى 5.6cm، قېلىنلىقى 1cm.

1977 ـ يىلى ياڭجۇنىڭ تاۋگاڭ رايونىدىكى 16 قەدىمىي ئىز ۋە قەدىمىي قەبرىستانلىقلاردىن شيا سۇلالىسىغا (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XXI ئەسىردىن تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىرگىچە) مەنسۇپ خوتەن قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى تېپىلدى. 1931 ـ يىلى خېنەن ئەنياڭنىڭ شاۋتۇن كەنتىدىكى يىن سۇلالىسىغا مەنسۇپ قەبرىدىن كۆك قاشتېشى خۇنچا تېپىلدى. ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەشتىن قارىغاندا، بۇنىڭ خوتەن قاشتېشىدىن ئويۇلغانلىقى ئىسپاتلاندى. خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئەنياڭ يىشۇ فۇخاۋ قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان شاڭ سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىللىرىغىچە) دەۋرىدىكى يادىكارلىقلار ئارىسىدىن 750 تىن ئارتۇق قاشتېشى بۇيۇملىرى تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمى خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان قاشتېشى بۇيۇملىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. 1966 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئورنى شاڭ سۇلالىسىنىڭ خاقانى ۋۇدىڭ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ قەبرىسىدىن 176 دانە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى قېزىۋالدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ بۇيۇملارنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقىنىغا 3 مىڭ يىلدىن ئاشقانلىقى، كۆپ قىسمىنىڭ خوتەن قاشتېشى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى.

شاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان 3 ـ 4 ـ قاتلىمىدىن تېپىلغان قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋەكىل خاراكتېرلىك بولۇپ، ئوغاق، پىچاق قاتارلىق ئەمگەك قوراللىرى، خانتاختا، دەستەك قاتارلىق مۇراسىم بۇيۇملىرى، چوڭ تۆشۈكلۈك قوچاق قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ۋە چوڭ ئايپالتا، يالمان، دەستە شەكىللىك قورال

قاتارلىق جەڭ قوراللىرى تېپىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى خوتەن قاشتېشىدا ياسالغان. شاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە مەنسۇپ يىنشۇ مەدەنىيەت ئىزى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XIV ، XI ئەسىرلەر) لىرىدىن، ئازادلىقتىن كېيىنكى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىلا 1 مىڭ 200 دىن ئارتۇق قاشتېشى بۇيۇمى تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەڭ مۇھىملىرى 1976 ـ يىلى قېزىلغان فۇخاۋ قەبرىسىدىن تېپىلغان 755 دانە قاشتېشى بۇيۇمدۇر. بۇلار ئاساسلىقى خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان. بۇ بۇيۇملاردىن پىچاق، جۇپتەك، يالمان، چوڭ تۆشۈكلۈك قوچاق، چەمبىرەكلىك غەلتە قۇش، قوي يېغى قاتارلىقلار ئۇستىدە خىمىيىلىك ئانالىز ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق غەلتە قۇش، قوي يېغى قاتارلىق ئۈچ بۇيۇمنىڭ سۇ تېشىدا، بىر قىسىملىرىنىڭ قاشتېشىدا ۋە كاۋاشتا ئويۇلغانلىقى بېكىتىلدى.

ئارخېئولوگلار شاڭ سۇلالىسىغا تەۋە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى؛ مۇراسىم بۇيۇملىرى جەڭ قوراللىرى ۋە قورال سايمان، بېزەكلىك بۇيۇملىرى دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە؛ يىنشۇ (يىن سۇلالىسى) دەۋرىگە مەنسۇپ قاشتېشى بۇيۇملىرىنى، مۇراسىم بۇيۇملىرى، مۇراسىم جابدۇقلىرى، قوراللار، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، زىننەت بۇيۇملىرى، سەنئەت بۇيۇملىرى، ئارىلاشما بۇيۇملار دەپ ئايرىغان. بۇلار ئىچىدىكى خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان سۇمۇرغ («C» شەكىللىك)، تۇگۈلۈپ ياتقان ئەجدىھا ... مەرمەر بېلىق، ئەقىشلىك پالتا ... قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرى شاڭ، يىن دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ قەبرىلىرى ئاساسلىقى شەنشى، خېنەن رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ قەبرىلەردىن قاشتېشىدا ئويۇلغان يالمان، پالتا، چوڭ ئايپالتا، پىچاق، خانتاختا، دەستەك، قوچاق، ھالقا، جۇپتەك، تومۇزغا، سۇمۇرغ، بېلىق، يولۋاس، كالا، قوشغۇز، ئادەم ئوبرازىدىكى ھەيكەللەر... قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇلارمۇ ئاساسەن خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان. يۇقىرىقى تېپىلمىلار بىزگە، شاڭ، جۇ سۇلالىسىغا كەلگەندە قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە قارىغاندا، ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ يەنىمۇ زورايغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەمىنىيە ـ يېغىلىق دەۋرلىرىگە كەلگەندە، قاشتېشىنى ئىشلىتىش ئەخلاقىلىشىش، دىنىيلىشىش، سىياسىيلىشىش باسقۇچىغا

كىرگەن. بۇ دەۋرلەردە ئىنئام بېرىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش قاتارلىقلاردا قاشتېشى ئەڭ ئېسىل بۇيۇم قىلىپ ئىشلىتىلگەن. قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىمۇ زور دەرىجىدە يۇكسىلىپ، ئۆزگىچىلىك تۇسىنى ئېلىپ، ئاددىيلىشىش، كىچىكلىشىش، سىستېمىلىشىش ۋە يېڭىلىنىش دەۋرىگە كىرگەن. يىغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ تېپىلمىلاردىن دۇمباق شەكىللىك بېزەك، ئادەم ئوبرازىدىكى بېزەكلەر، سىرىق قاشتېشى بېزەك قاتارلىقلارنىڭ سەنئەتلىك سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان.

چىن، خەن، ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بولسا، قاشتېشىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى تېخىمۇ كېڭەيگەن. شەنشى ئۆلكىسى شىيەنياڭ شەھىرى خەنجياۋىن يېزىسىدىكى لىيۇڭجياگودىن قاشتېشىدا ئويۇلغان «خانىش مۆھۈرى» تېپىلغان بولۇپ، بۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ ئېپتىدائىي قاشتېشى مۆھۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەنشى ئۆلكىسى، شىيەنياڭ شەھىرى ۋېيلىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمىي ئىزدىن قاشتېشىدا ئويۇلغان ئېيىق ۋە غەلىتە مەخلۇق تېپىلغان بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس ئويۇلغان.

خەن دەۋرىگە مەنسۇپ قاشتېشى بۇيۇملاردىن قارىغاندا، ئۇ دەۋردە قاشتېشىدا كۆز قويۇلغان ئالتۇن بۇيۇملارنى ئىشلىتىش مودا بولغان. تېپىلىك بولغىنى جاڭجۇدىكى نەنيۆ خانىنىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان قاشتېشى بۇيۇملار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى يۇرۇشلەشكەن شەمشەرنىڭ تۆت يېرىگە قاشتېشىدىن كۆز قويۇلغان، يەنى تىغىگە كۆز قويۇلغان. دەستىسى بىلەن تىغى تۇتىشىدىغان جايغا قاشتېشى ھالقا ئورنىتىلغان. غىلاپقا ۋە غىلاپ پۇپۇكىگە قاشتېشى ئىشلىتىلگەن.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي دىياردا يۈز بەرگەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى خوتەن قاشتېشىنىڭ سىرتقى رايونلارغا يۆتكىلىشىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. شۇڭا بۇ دەۋرلەرگە مەنسۇپ قاشتېشى تېپىلمىلار كۆپ ئەمەس. تېپىلغانلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش يوق. پەقەت لياۋنىڭ ئۆلكىسى بېي پياۋ ناھىيىسى بىكسوفۇ قەبرىسىدىن تېپىلغان بىر قاشتېشى جام ئەڭ ئالاھىدىسى ھېسابلىنىدۇ.

تاڭ دەۋرىدىكى قاشتېشى بۇيۇملىرىدا، يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. ئوردىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملاردا قىممەت باھالىق قاشتېشى زىننەت بۇيۇملىرى ئاساس، مۇراسىم بۇيۇملىرى قوشۇمچە

قىلىنغان. قاشتېشى بۇيۇملار سەنئەتلىككە قاراپ راۋاجلانغان. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ قاشتېشى تېپىلمىلاردىن، سەككىز بەرگىلىك جام، ئارسلان، چۆگۈن تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن بېزەك، ياپىلاق قەدەھ، توشقان تۇتقۇچلۇق ئەجدىھا، سۇمۇرغ، گۈل نەقىشلىك باسۇرۇق، بۇلۇتتا پەرۋاز قىلىۋاتقان پەرىزات، جۈپ سۇمۇرغ نەقىشلىك بېزەك، قاشتېشى ھەدىيە قىلىۋاتقان ئادەم ئوبرازى ئويۇلغان بېزەك تاختا قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇر.

سۇڭ سۇلالىسىغا مەنسۇپ قاشتېشى تېپىلمىلاردىن، شاخ گۈل (ئاستى نەپىس يوپۇرماقلىق، ئۈستىگە بىر گۈلنى مەركەز قىلىپ، سەككىز شاخ چىقىرىلغان. شاخ ئۇچىغا بىردىن سەككىز گۈل چىقىرىلغان بېزەك)، جۈپلىمە يۇمىلاق قۇتا، تۇتقۇچلۇق جام، يوپۇرماقلىق يۇمىلاق بېزەك، بۆغا ... قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇر.

يۈەن سۇلالىسىغا تەۋە قاشتېشى تېپىلمىلاردىن ئەجدىھا ۋە دېڭىز نەقىشلەنگەن سەنئەت بۇيۇمى، قۇش، سۇمۇرغ جەۋلانلىق ئەجدىھا، تۇتقۇچلۇق جام، ئادەمنىڭ شىر ئوينىتىش شەكلى ئويۇلغان بېزەك قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇر.

مىڭ سۇلالىسىغا تەۋە قاشتېشى تېپىلمىلاردىن، چانقىلىقى بولىدىغان ئەجدىھا نەقىشلىك كەمەر (جەمئىي 20 پارچە)، ئەۋلىيا سۈرىتى نەقىشلەنگەن ئاپتۇۋا، ياپقۇچلۇق ھەم تۇتقۇچلۇق قەدەھ، مۆھۈر، مۈڭگۈزسىز ئەجدىھا ئويۇلغان قەدەھ، قوش ئەجدىھا ئويۇلغان نەقىشلىك ئۆرە قەدەھ، بامبۇك نەيچە شەكىللىك قەدەھ... قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇر.

چىڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە، مەملىكىتىمىزنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى يەنە بىر ئالتۇن دەۋرگە قەدەم قويغان. بۇ دەۋردە ئويۇلغان بۇيۇملار سەنئەتلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى، نەپىسلىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى... قاتارلىق ھەر جەھەتلەردىن مەشھۇر. ئوردىدىكى بېزەك بۇيۇملار، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمى خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان.

ئومۇمەن قىلغاندا، قەدىمىي ئىزلاردىن تېپىلغان قاشتېشى بۇيۇملار ۋە خان ئوردىسىدا ساقلانغان قاشتېشى بۇيۇملار روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكى، سەنئەت ئالاھىدىلىكى، تۈتىم ئالاھىدىلىكى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۇلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان خوتەن قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرغانلىقى، بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، جۈملىدىن ئويما سەنئىتىنىڭ

راۋاجلىنىش ۋە گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 4. قاشتېشىنىڭ قېزىلىشى

ئەجداتلىرىمىز قاشتېشىنى ئەڭ بۇرۇن دەريا - ئېقىنلاردىن بايقىغان. بايقىغاندىمۇ ئەڭ بۇرۇن يورۇڭقاش دەرياسىدىن بايقىغان. شۇڭا بۇ دەريا تارىختا «قاشتېشى دەرياسى» دەپ ئاتىلىپ، نامى جاھانغا پۇر كەتكەن. يورۇڭقاش ۋادىسىدا قاشتېشىنىڭ بايقىلىشى بىلەن، قەشقەردىن باشلاپ چەرچەنگە قەدەر ئارىلىقتىكى ۋادىلارغا جايلاشقان دەريا - ئېقىنلاردىن كەينى - كەينىدىن قاشتېشى بايقالغان. باشقا ئېقىنلاردىن چىقىدىغان قاشتېشى نىسبەتەن ئاز بولغاچقا ئېھتىياجنى قاندۇرالماي، دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولغان تاغلاردىن قاشتېشى ئىزلەپ، قاشتېشى كانلىرىنى بايقىغان ۋە ئېچىپ پايدىلىنىشقا باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن قاشتېشى ئىشلەپچىقىرىشتىكى دەريادىن، سۇ تېگىدىن سۈزۈش، كەلكۈن پەسىيگەندە تېرىش ئۇسۇلىدىن باشقا، كاندىن قېزىش ئۇسۇلىمۇ بارلىققا كەلگەن. كېيىنچىرەك دەريا ئېقىنلىرىنى كولاپ قاشتېشى قېزىش ئۇسۇلىمۇ بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى دەۋردىكى بۇ خىل ئۇسۇل ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

قاشتېشى سۈزۈش دەريادا سۇ بار مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاساسلىق ئۇسۇلى: تاش سۈزگۈچىلەر يالاڭ ئاياغ بولۇپ، سۇغا كىرىپ، تاشلارغا دەسسەپ مېڭىپ، پۇت سېزىمىگە تايىنىپ قاشتېشى تېپىپ سۈزۈۋېلىشتىن ئىبارەت. قاشتېشى باشقا تاشلاردىن پەرقلىق ھالدا سىلىق بولغاچقا، سىلىسا ياكى دەسسىسە ماي سۈركەپ قويغاندەك بىر خىل سېزىم بېرىدۇ ھەم سىلىق بىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئەمالارمۇ قاشتېشى تاپالايدۇ.

قاشتېشى تېرىش. بۇ دەريا سۈيى تارتىلغان مەزگىلدە، يەنى كۈز پەسلىدىن باشلاپ، 2 - يىلى كەلكۈن پەسلىگىچە سۈيى قۇرىغان ئېقىن ۋە دەريا بويلىرىدىن ئىزلەپ يۈرۈپ تېپىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇلدا ئاساسلىقى كۆزگە تايىنىدۇ. قاشتېشى ئۆزىگە چۈشكەن نۇرنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. كۈندۈزى ئۇنىڭدىن قايتۇرغان نۇرنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، ئايدىڭ كېچىلىرى قاشتېشىغا ئاي نۇرى

چۇشسە، قاشتېشى پارقىرايدۇ. بۇ ئارقىلىق قاشتېشىنى ئاسانلا بايقىغىلى بولىدۇ.

قاشتېشى قېزىش. بۇ تاغدىكى كانلاردىن قېزىش ۋە دەريا ـ ئېقىنلاردىن قېزىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. دەريا ـ ئېقىنلاردىن قېزىشتا، ئېقىن ئورنى ياكى دەريا ئىچىنى كولاپ قاشتېشى ئىزدەش بولۇپ، بۇرۇنقى زامانلاردا جوتۇ، رەندىلەر بىلەن تاش ـ توپا بوشىتىلىپ، كەتمەن، گۈرجەك بىلەن سىرتقا سۈرۈپ ئېتىپ قېزىلاتتى. ھازىرغا كەلگەندە توپا قېزىش ماشىنىسى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، توپا ئۇسۇش ماشىنىسى بىلەن قېزىش ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

كان رايونىدىن قاشتېشى قېزىش. بۇ قاشتېشى كانلىرىنى ئادەم كۈچى بىلەن قېزىش ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن قاشتېشىنىڭ تومۇرى تېپىلىدۇ. قاشتېشى دەرەخ يىلتىزىغا ئوخشاش تاغ جىنىسلىرى ئارىسىغا سوزۇلغان بولىدۇ. بىر ئۇچى تېپىلسا، شۇ ئۇچىنى بويلاپ ئەتراپىنى بوشىتىپ داۋاملىق ئىچكىرىلەپ قېزىلىدۇ. بەزىلىرى تەبىئىي پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ چىقىدۇ. بەزىلىرى مەلۇم دائىرىدە قېزىپ بولغاندىن كېيىن چېقىپ ئېلىنىدۇ. تومۇرنىڭ بەزى جايلىرى ئىنچىكىلەپ كەتسە، بەزى جايلىرى توملىشىپ ئادەمنىڭ بېلىدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ھالەتكە يېتىدۇ. بەزى جايلاردا ياپىلاق شەكىلدە سوزۇلىدۇ. ئىلگىرى بۇ خىل كان ئېچىش ئۇسۇلى ئادەم كۈچى بىلەن جوتۇ، رەندە، گۈرجەك، كەتمەن ۋە لوم تۆمۈرلەر بىلەن قېزىلاتتى. يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە، قاشتېشى تومۇرى ئەتراپىنى پارتلىتىپ قېزىش ئۇسۇلى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ئۇسۇل ئىنتايىن يامان ئۇسۇل بولۇپ، بىرىنچىدىن، مۇھىتنى قاتتىق بۇلغايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كان رايونىنى ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك بۇزىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، قاشتېشى تومۇرلىرىغا دەز كېتىپ، تاش سۈپىتىگە ئېغىر زىيان سالىدۇ.

كاندىن قاشتېشى قېزىش كۈز، قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە مۇمكىن بولمايدۇ. تاغنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، ھاۋا شالاڭ، قار ـ مۇز كۆپ بولغاچقا، ھەر يىلى 4 ـ 5 ئايلار باشلاپ، 9 ـ 10 ـ ئايلارغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. يامغۇرلۇق كۈنلەردىمۇ قازغىلى بولمايدۇ.

سۇ تېشىنىڭ كېلىش مەنبەسى تاغلاردىكى قاشتېشى كانلىرى بولۇپ، يامغۇر سۈيى ياكى سەلنىڭ كۈچى بىلەن كۆتۈرۈلگەن تاغ

جىنىسلىرى بىلەن دەرياغا چۈشۈپ، سۇنىڭ ئىتتىرىش كۈچى بىلەن، دەريا سۈيى تىنچ ئاقىدىغان جايلارغىچە دومىلاپ كېلىدۇ.

خوتەن رايونىدا دەريا ـ ئېقىنلاردىن قاشتېشى سۈزۈش ۋە تېرىش ئەڭ ئىپتىدائىي شەكىل بولۇپ، 10 مىڭ يىلدىن ئاشقان ۋە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ ئۇسۇل هازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. كېيىنكى جىن سۇلالىسى تيەنخۇنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 938ـ يىلى) جاڭ گۇاڭيۇ، گاۋجۈخۈيلار خوتەنگە ئەلچىلىككە كەلگەن ۋە قاشتېشى سۈزۈش ئەھۋالىنى كۆرگەن. گاۋجۈخۈي «سەپەر خاتىرىلىرى» دىكى ئەسىرىدە، «هەر يىلى 5 ـ 6 ـ ئايلاردا كەلكۈن سۈيى كۆپىيىدۇ. قاشتېشى سۇ بىلەن ئېقىپ كېلىدۇ. قاشتېشىنىڭ ئاز ـ كۆپ كېلىشى، كەلكۈن سۈيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 7 ـ 8ـ ئايلاردا سۇ تارتىلىدۇ. بۇ چاغدا تاش ئېلىشقا بولىدۇ. بۇنى كىشىلەر تاش سۈزۈش دەپ ئاتايدۇ» دەپ يازغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «كۆللى مۆجىزات» دېگەن كىتابقا يورۇڭقاش ۋە يېشىلقاش دەريالىرىدىن قاشتېشى سۈزۈش تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر قىستۇرۇلغان.

خوتەن قاشتېشى يۇقىرى قىممەت يارىتىدىغان بايلىق ۋە ئەتىۋارلىق بۇيۇم بولغاچقا، قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇ «دۆلەت گۆھىرى» قىلىنىپ، دەريادىن قاشتېشى سۈزۈش ئىشلىرى ئۇدۇن هاكىمىيىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ كەلگەن. بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، دەريالاردىن قاشتېشى سۈزۈش دۆلەت قانۇنىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئالدى بىلەن خانلىق گۇناهكارلارنى سېلىپ قاشتېشى سۈزۈش، ئاندىن كېيىن شەخسلەرنىڭ سۈزۈشىگە يول قويۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. تاش سۈزۈش مەزگىلىدە دەريا بويلىرىغا قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىپ، قاراۋۇل قويۇپ، كىشىلەرنىڭ دەرياغا كىرىشىنى چەكلىگەن. «سەپەر خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا بۇ خىل ئەھۋال قەيت قىلىنىپ، «بۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىدا ئەمەلدارلار قاشتېشى سۈزمەي تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ قاشتېشى سۈزۈشى مەنئى قىلىنغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دىمۇ ئوخشاشلا، «هەر يىلى كۈز پەسلىدە سۇ تارتىلىدۇ. خاقان (پادشاھ) دەريادىن قاشتېشى سۈزىدۇ. ئاندىن پۇقرالار قاشتېشى سۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ دەۋرلەردە قاشتېشى سۈزۈش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئالدى بىلەن خان قاشتېشى سۈزۈپ، ئاندىن پۇقرالارنىڭ تاش

ئىزدىشىگە يول قويۇلغان. بۇ خۇددى ھازىرقى دەۋردىكى «ھۇل سېلىش مۇراسىمى» «لېنتا كېسىش مۇراسىمى» قاتارلىقلارغا ئوخشاش مۇراسىم بولۇپ، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن.

قاشتېشى سۈزۈش ۋە تېرىشتە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئادەم سېلىپ سۈزدۈرگەن ۋە تەرگۈزگەن. تاپقان قاشتاشلىرى ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلگەن. چىن دەۋرىدە جۇاڭ يۈەن يازغان «غەربىي دىياردا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتابتا ئەينى چاغدىكى قاشتېشى سۈزۈش ئەھۋالىنى بايان قىلىپ: «دەريا تېگىدىكى چوڭ - كىچىك تاشلار گىرەلىشىپ تۈزلىشىپ كېتىدۇ. قاشتېشى شۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ. قاشتېشى تېرىش قانۇنى بار بولۇپ، قاشتا بىر ئەمەلدار كۆزىتىدۇ. قاشقا يېقىن لاگىر (قاراۋۇلخانا) دا بىر ئەمەلدار كۆزىتىدۇ. پىشقان تاشچىلار تاش تېرىشكە بولىدۇ ياكى 30 كىشى بىر رەت بولۇپ، ياكى 20 كىشى بىر رەت بولۇپ دەريا ئىچىدە بىر - بىرىگە ياندىشىپ مېڭىپ، ھەر بىر تاشقا دەسسەپ قەدەم ئالىدۇ. قاشتېشى بولسىلا تاشنى تەرگۈچىلەر دەسسەپلا بىلىۋالىدۇ-دە، تېرىيدۇ. (بۇ چاغدا) قىرغاقتىكى چېرىكلەر جاڭنى بىرنى ئۇرسا، ئەمەلدار كېلىپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. تاشچى سۇدىن چىقىپ، ئۆتكۈزۈلگۈچى بىلەن (بىرگە) قاشتېشىنى تاپشۇرغىلى بارىدۇ». چىڭ سۇلالىسىدىكى فۇچىڭ بىر شېئىرىدا بۇ ئەھۋالنى ئوخشاشلا تەسۋىرلەپ، «غاز قانىتى بولۇپ مېڭىپ تۈزۈشۈپ سەپ، قاشتېشىنى بايقار سۇغا كىرىپ دەسسەپ. ياڭرىغاندا كالتەكلەنگەن جاڭ ئاۋازى، قاينار قىرغاق، مەھكىمىگە ئالار دىتلەپ». بۇلاردىن بىز چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قاشتېشى سۈزۈش تۈزۈمىنىڭ قاتتىقلىقىنى، چېرىكلەر قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئېلىپ، دەريادىكى قاشتېشىدىن ئىبارەت بايلىقنى مەھكىمىگە ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە، پۇقرالارنىڭ دەريادىن قاشتېشى سۈزۈشى قاتتىق مەنئى قىلىنغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا 20 جايغا قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇپ، قاشتېشى تەرگۈچىلەرنى تەكشۈرگەن. جىيا چىڭنىڭ 4- يىلى (مىلادىيە 1799 - يىلى) غا كەلگەندىلا، ئاندىن پۇقرالارنىڭ قاشتېشى سۈزۈشىگە ئاز - تولا يول قويۇلغان بولۇپ، ئەمەلدارلار سۈزۈپ، تېرىپ بولغاندىن كېيىن ياكى ئەمەلدارلار سۈزىدىغان، تېرىيدىغان دائىرىنىڭ سىرتىدا تېرىشكە يول قويۇلغان.

قەدىمكى يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قاشتېشى چىقىدىغان

دەريا - ئېقىنلار ئاساسلىقى يورۇڭقاش دەرياسى، يېشىلقاش دەرياسى (هازىر ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن)، قاراقاش دەرياسى، زەرەپشان دەرياسى، پوسكام دەرياسى، كېرىيە دەرياسى ۋە چەرچەن تەۋەسىدىكى دەريا - ئېقىنلار بولۇپ، هازىرغا كەلگەندە، يورۇڭقاش دەرياسى ۋە قاراقاش دەرياسىدىن باشقا دەريا ئېقىنلاردىن چىقىدىغان قاشتېشى ئاساسەن تۈگىگەن.

قاشتېشى قېزىش. مىلادى سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە دەريادىن چىقىدىغان قاشتېشىنىڭ ئازلاپ كېتىشى بىلەن دەريا تېگىنى ياكى دەريا قېنىدىكى تاشلىقلارنى كولاپ قاشتېشى قېزىش ئاساسەن شەكىللەنگەن. چىڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئۇسۇلدا قاشتېشى ئىزدەش يورۇڭقاش دەرياسىدا ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، باشقا دەريا - ئېقىنلاردا ئىنتايىن ئاز بولغان. كېرىيە دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى لۇش كەنتىدىن ئۆتىدىغان بۆلەكتىكى كونا ئېقىننى قېزىشمۇ خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن. هازىر يەنىلا يورۇڭقاش دەرياسى ۋادىسىدا ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، بەزىلەر دەريا بويىدىكى تاشلىقنى سىتتۇبلىپ، شىغىل - قۇم تاسقاش مەيدانى قۇرۇش ئاساسىدا قاشتېشى ئىزدەۋاتىدۇ. هەتتا تاغ ئارىسىدىمۇ دەريا قىتتىنى كولاپ قاشتېشى ئىزدىگۈچىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

كاندىن قاشتېشى قېزىشنىڭ بارلىققا كەلگەن تارىخى دەريادىن سۈزۈشكە قارىغاندا كېيىنرەك بولۇپ، كەم دېگەندىمۇ 7 مىڭ يىلدىن ئاشقان. «مۇتيەنزى» دېگەن كىتابتا جۇمۇۋاڭ غەربىي دىيارغا كەلگەندە «قاراقۇرۇم تېغىغا چىقىپ، قاشتېشى قازغان» لىقى خاتىرىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ خوتەن رايونى ۋە قاغىلىق چەرچەن رايونلىرىدىكى قاشتېشى كانلىرى (شۇ دەۋرلەرگىچە بايقالغانلىرى) تولۇق ئېچىلىپ، زور مىقداردا قاشتېشى قېزىلغان. هەتتا مىڭ جىڭدىن ئاشىدىغان زور قاشتاشلىرى قېزىلىپ خان ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىلگەن.

كاندىن قېزىلغان قاشتاشلىرىنى ئادەملەر يۈدۈپ ياكى ئېشەككە ئارتىپ ئېلىپ كېلىنەتتى. هازىرمۇ قاتناش بارالايدىغان جايغىچە شۇ ئۇسۇلدا توشۇلىدۇ. غايەت زور تاشلارنى كاندىن ئېلىپ كېلىشتە، ئۇزۇن ئىككى تال ياغاچتا زەمبىل ياساپ، زەمبىلگە بېسىلغان قاشتېشىنى ئىككى ئېشەككە ئارتىپ ئېلىپ كېلىنەتتى. ئىككى ئېشەك

كۆتۈرەلمەيدىغانلىرىنى بىر قانچە ئېشەككە سۆرىتىپ ئېلىپ كېلىنەتتى. ئۇنىڭدىنمۇ چوڭلىرىنى قىش كىرىپ مۇز تۇتقاندا، تاغ يولىغا ئادەم كۈچى بىلەن سۇ چېچىپ مۇز تۇتقۇزۇپ، مۇز ئۈستىدە سىلدىرلىتىپ ئېلىپ كېلەتتى. بۇنداق تاشلارنى كان رايونىدىن هارۋا قاتنىيالىغۇدەك جايغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، نەچچە يۈز ئادەم نەچچە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلاتتى. شۇڭا كان رايونىدىن قاشتېشى قېزىشتىكى ئەڭ جاپالىق ئىش قېزىلغان تاشلارنى كان رايونىدىن ئېلىپ كېلىش بولۇپ، يەنە كېلىپ كان رايونلىرىنىڭ هاۋاسى شالاڭ، مۇهىتى ۋە شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغاچقا، كاندىن قاشتېشى قېزىشقا قاۋۇل، تېنى ساغلام هەم چىدام - غەيرەتلىك كىشىلەر بولمىسا بولمايتتى. كان رايونىدا تۇرلۇك هادىسىلەر تۇپەيلىدىن ئۆلۈم - يېتىم، زەخىملىنىش ئىشلىرى هەمىشە يۈز بېرىپ تۇراتتى.

## 5. قاشتېشى ئويمىچىلىق سايمانلىرى

قاشتېشى ئويمىچىلىقى ئىپتىدائىي دەۋرلەردە تاشنى تاشقا ئۇرۇپ يونۇش، سۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولسا، تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە، تۆمۈر قوراللار ئارقىلىق يونۇش، كېسىش، قىرىش ۋە سۇرۇش ئۇسۇللىرى بىرلەشتۇرۇلۇپ، نەپىس بۇيۇملارنى ئويۇشقا تەرەققىي قىلغان. هازىرقى زامان قاشتېشى ئويمىچىلىقىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇللار ئاساسىدا كېسىش، يونۇش، قىرىش ۋە سۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى قاشتېشى ئويمىچىلىقىدا ئاساس قىلىنىدىغان سايمانلار:

1. تىغ. بۇ قاشتېشىنى كېسىشكە ئىشلىتىدىغان هەرە چىشلىق تىغ بولۇپ، هەرە شەكىللىك ۋە چىشلىق چاق شەكىللىك ئىككى خىل بولىدۇ. هەرە شەكىللىكى كىچىك دائىرىدىكى قۇلايسىز قىسمىنى كېسىشتە قول بىلەن ئىشلىتىدىغان تىغ هېسابلىنىدۇ. چىشلىق چاق شەكىلدىكى يۇملاق تىغ چاق ئارقىلىق ئايلاندۇرۇلۇپ، نىسبەتەن چوڭ دائىرىنى كېسىشكە ئىشلىتىلىدۇ. هەرە شەكىللىك تىغلارنىڭ چوڭلىرى 20 ~ 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كىچىكلىرى 4 ~ 5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، يۇملاق تىغنىڭ چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى 15 ~ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كىچىكلىرى تۈگمىچىلىك بولىدۇ.

2. ئىسكىنە. بۇ قاشتېشىنى يونۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان

سايمان بولۇپ، چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 ~ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، تىغ قىسمى (ئۇچى) نىڭ كەڭلىكى 1 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كىچىكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 ~ 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 0.8 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

3. ئۇشكە. بۇ قاشتېشىدىن تۆشۈك، كاتەك ئويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ، چاق ئارقىلىق ئايلاندۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ. چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 ~ 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، دىئامېتىرى 1 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كىچىكلىرى 3 ~ 4 سانتىمېتىرلىق مىخنىڭ چوڭلۇقىدا بولىدۇ.

4. ئېكەك. بۇ قاشتېشىنى سۈرۈپ سىلىقلاش ياكى سۈرۈپ ئويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ، تۈز شەكىللىك ۋە يۇمىلاق شەكىللىك بولىدۇ. تۈز شەكىللىكلىرى قول ئارقىلىق سىلىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. تۈزلىرىنىڭ چوڭلىرى 15 ~ 20 سانتىمېتىر، كىچىكلىرى 5 ~ 8 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. ياپىلاق شەكىللىك، ئۇچ قىرلىق ۋە يۇمىلاق شەكىللەردە بولىدۇ. يۇمىلاق (چاقسىمان) ئېكەكنىڭ چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى 8 ~ 10 سانتىمېتىر، كىچىكلىرى تۈگمىچىلىك بولۇپ، بىر يۈزى كۆپىنچە شەكىلدە بولىدۇ. گىرۋىكى ۋە كۆپىنچە يۈزى ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.

5. سىلىندىر شەكىللىك تىغ. بۇ قاچا بۇيۇملار (چەينەك، لوڭقا، چىنە... دېگەندەك) نىڭ ئىچىنى ئويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تىغ بولۇپ، چاق ئارقىلىق ئايلاندۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ. قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ ئىچى قىسمى بۇ تىغ ئارقىلىق چەمبەر شەكلىدە بەلگىلىك چوڭقۇرلۇقتا كېسىلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرىسىدىكى قىسمىنىڭ تېگى سۇندۇرۇلۇپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئاندىن باشقا سايمانلار بىلەن ئىچكى قىسمى ئۆلچەملىك ئويۇلىدۇ. بۇ خىل قاچىلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كىچىكلىرىنىڭ دىئامېتىرى 5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

نەقىش ئويۇشقا مەخسۇس ياسالغان كىچىك ئىسكىنە ۋە ئۇشكىلەر ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇشكە ۋە يۇمىلاق تىغ، يۇمىلاق ئېكەكلەرنى ئايلاندۇرۇشتا ئىلگىرىكى زامانلاردا چاق كەشىپ قىلىنغان بولۇپ، چاق مۇنتىزىم ئىككى تاقاقتا بېكىتىلگەن بىر ھەرىكەتچان ئوق تانا ياكى تاسما ئارقىلىق ئادەم كۈچى بىلەن ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئوقنىڭ بىر ئۇچىغا ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەر بېكىتىلىپ، قاشتېشى

ئويۇلىدۇ. بۇ ھازىرقى دەۋرلەردىمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان پىچاق چاقلىق يوغان چاقنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئوخشاش، كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ چاق پۇت بىلەن دەسسەپ ئايلاندۇرۇلىدىغان ھالەتكە تەرەققىي قىلغان. چاق ئىجاد قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇشكە يا شەكىللىك ئېگىلگەن ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىغا بىر يىپنى چىڭ باغلاپ، ئۇشكىنى يىپقا 1 ـ 2 يۆگەپ، ئۇشكىنىڭ تىغىنى تۆشۈك ئېچىلىدىغان ئورۇنغا توغرىلاپ، ئۈستىنى تۇتقۇچ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قاتتىق ۋە سىلىق، ئويۇقچىسى بار نەرسىلەر بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ، يا ياغىچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇشكىنى ئايلاندۇرۇپ تۆشۈك ئېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ كېيىنكى دەۋرلەردە سۇنۇپ كەتكەن چىنە ـ قاچىلارنى قاماشتا، ئالماس ئۇچلۇق ئۇشكە ئارقىلىق چىنىدىن تۆشۈك ئېچىش ئۇسۇلىغا تەرەققىي قىلغان.

كېسىش، تېشىش، قىرىش، سۈرۈش پائالىيەتلىرى جەريانىدا، تىغنىڭ قىزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، سۇ قۇيۇپ تۇرۇپ ئىشلەش ئېلىپ بېرىلاتتى.

ھازىرقى زاماندىكى ئېلېكترلەشكەن قاشتېشى ئويۇش ماشىنىسىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇللار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

# قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى راۋاجى

## 1. قاشتېشى ئويمىچىلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە بىر قىسىم بەدىئىي ئەسەرلەر

ئەڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەتنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇلاردا تەبىئەت ۋە جانلىقلار تەبىئەتتىن ھالقىغان ئىلاھىي كۈچ تەرىپىدىن يارىتىلغان، دېگەن ئاڭ پەيدا بولغان. ئۇلار بۇ ئىلاھىي كۈچنى تېپىش ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىپ، ئاخىر پۈتۈن يەر ـ جاھاننى يارىتىپ ۋە ئىلكىدە تۇرغان قۇياشنى ئىلاھ دەپ بىلگەن ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغان.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ ئەڭ بۇرۇن قۇياش ئېتىقادچىلىق دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تىلىدا

«يۇمىلاق، دۇگىلەك» دېگەن سۆز «قو» دېيىلەتتى. شۇڭا يۇمىلاق نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا «قو» سۆزىنى يىلتىز قىلىپ تۇرۇپ ئىسىم ياسىغان. بۇ خىل تىل ئامىللىرى هازىرمۇ تىلىمىزدا ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: قوغۇن، قوغاش (تۇگمەننىڭ سۇ چۈشىدىغان نۇرى) قوۋۇز (ئېغىز) ، قۇلاق، قوۋۇرغا، قۇدۇق ... دېگەندەك. قۇياشمۇ يۇمىلاق بولغاچقا، ئۇنى «قۇياش» دەپ ئاتىغان. قۇياشقا تېۋىنىپ مال - چارۋىلىرىنىڭ تېز ئاۋۇشىنى تىلەپ، قوتانلارنى يۇمىلاق شەكىلدە ئېتىش بارلىققا كەلگەن ۋە «قوتان» ، «قۇما» دېگەندەك ئاتالغۇلار بارلىققا كەلگەن. قۇياشنىڭ يەر يۈزىدىكى هاسىلاتى دەپ قارالغان ئوتقا چوقۇنۇش بىلەن بىرگە، دەسلەپ ئادەتتىكى تاشلاردا، كېيىنرەك قاشتېشىدا يۇمىلاق (دۇگىلەك) بۇيۇم ئويۇپ، چوقۇنۇش ۋە تىل تۇمار قىلىپ ئېسىش ئادىتى شەكىللەنگەن.

ئەجدادلىرىمىزدا يەرنىڭ تۆت تەرىپى (غەرب، شىمال، شەرق، جەنۇب) ئۇقۇمى پەيدا بولغاندىن كېيىن، يەرگە قارىتا كرېست (+) بەلگىسى ۋە چاسا شەكىل (□) پەيدا بولغان. يەر بىلەن قۇياشنى بىرلەشتۈرۈپ چاسا شەكىلنىڭ ئىچىگە يۇمىلاق سىزىلغان بەلگىلەر ۋە شۇ شەكىلدە ئويۇلغان بۇيۇملار پەيدا بولغان. جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋۇجىن ناهىيىسىدىكى قەدىمىي ئىزدىن تېپىلغان تۆت قىرلىق نەيچە، بۇنىڭ تېپىك مىسالى بولالايدۇ.

قۇياشنىڭ يەرنىڭ تۆت تەرىپىنى ئايلىنىش قانۇنىيىتى ئاساسىدا ئەگمە كرېست (卐) بەلگىسى ۋە ئىبادەت قىلىدىغان جايلار، ئۆزلىرى مۇقەددەس دەپ بىلگەن جايلارغا بۇ بەلگىلەرنى سىزىپ قويۇش ئادىتى بارلىققا كەلگەن. يەكەن، قاغىلىق، خوتەن رايونىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئارىسىدا بۇ خىل بەلگىنىڭ ئۇچرىشى بۇنىڭ تىپىك پاكىتى بولالايدۇ. كېيىن كىشىلەر ئېڭىدا، يەرنىڭ ئۈستى تۆت تەرىپى ۋە يەرنىڭ ئاستى تۆت تەرىپى بولىدۇ، قۇياش كۈندۈزى يەرنىڭ ئۈستى تۆت تەرىپىنى، كېچىسى ئاستى تۆت تەرىپىنى ئايلىنىدۇ، دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولغان ۋە بۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ، (*) بەلگىسى پەيدا بولغان. بۇ بەلگە ئاساسىدا قۇياشنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى ئېچىلىپ، بۇ قانۇنىيەت ۋە يۇقىرىقى بەلگە ئاساسىدا هارۋا چاقى كەشىپ قىلىنغان. چاقنىڭ مەركىزىگە ئوق بېكىتىلىدىغان بىر تۆشۈك قويۇش زۆرۈر بولغاچقا، قۇياشنىڭ سىمۋولى بولغان يۇمىلاق (چەمبەر) نىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك تۆشۈك بەلگىسى قويۇش شەكىللىنىپ، قۇياش سۆزى ○ شەكىلدە تەسۋىرى

يېزىقلاشتۇرۇلغان. بۇ يېزىق ئاساسىدا قوچاق (ئۆزى يۇمىلاق ھەم ياپىلاق، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار) ئويۇلۇپ، قۇياشقا سىمۋول قىلىنىپ، تىل تۇمار قىلىش بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى ئىزلاردىن كۆپلەپ تېپىلغان قۇياش ۋە چوڭ تۆشۈكلۈك قوچاقلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ھەم شۇ ئاساستا، ھالقا، بىلەيزۈك، ئۈزۈك شەكىللىك بۇيۇملار ئويۇلۇپ، قول بېغىش ۋە بارماقلارغا سېلىپ يۈرۈش ئارقىلىق قۇياشقا تېۋىنىش ئادىتى شەكىللەنگەن.

يەرنىڭ سەككىز تەرىپىنى (يەر ئاستى ۋە ئۈستىدىكى) ئىپادىلەيدىغان ( * ) بەلگىسى ئاساسىدا، بۇنىڭغا قۇياشنى گىرەلەشتۈرۈپ، قىرلىق نەيچە (سىرتى سەككىز تەرەپلىك، ئوتتۇرىسى يۇمىلاق ئويۇلغان) ئويۇش سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. قەدىمىي ئىزلاردىن تېپىلغان بۇ خىلدىكى نەيچىلەر بۇنىڭغا ماددىي پاكىت بولالايدۇ. ھارۋا چاقىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن، «قۇياش — ھارۋىدا ئولتۇرغان ئىلاھ. بىزگە كۆرۈنىدىغىنى ھارۋىنىڭ چاقى، ئىلاھ كۈندۈزى ئاسماندا مېڭىپ يەرنى يورۇتسا، كېچىسى يەرنىڭ تېگى بىلەن يەرنىڭ يەنە بىر چېتىگە ئۆتىدۇ. ئۇ يەر تېگىدىن ئۆتكۈچە جىن - ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىپ، جەڭ قىلىدۇ» دېگەن ئەپسانە بارلىققا كەلگەن ۋە كېچىسى گۈلخان يېقىپ، قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى تىلەپ گۈلخان ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئىبادەت قىلىش شەكلى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل ئادەت ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ئارىسىدا يېقىنقى دەۋرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. نېگىرلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرىدە ھازىرمۇ داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. بىزدە بولسا ئىبادەت ۋاقتى تەدرىجىي قىسقىراپ، 3 - ئاينىڭ 22-كۈنى ياكى 23 - كۈنى كېچە بىلەن كۈندۈز تەكشىلىشىدىغان كېچىسى بۇ خىل ئىبادەتنى ئېلىپ بېرىش شەكىللىنىپ، ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى شەكىللەنگەن. ئولتۇرۇش، مەشرەپلىرىمىزنىڭ كۈندۈزى ئەمەس، كېچىسى ئېلىپ بېرىلىشىمۇ شۇنىڭدىن قالغان ئادەتتۇر. دولان ئۇسسۇلى ۋە ساما ئۇسسۇلىدا چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ، ئايلىنىپ ئويناش ئادىتىمۇ ئىپتىدائىي ئىبادەت شەكلىدىن ئۆزگىرىپ ساقلىنىپ قالغان شەكىلدۇر.

تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئويمىچىلىق سەنئىتى يۇقىرىقىدەك دىنىي ئەقىدە شەكلىدە بارلىققا كېلىپ، شۇ ئاساستا باشقا قوراللارنىمۇ ياساشقا ۋە ئويۇشقا تەرەققىي قىلغان. باشقا نەرسىلەر (بولۇپمۇ ياغاچ) دە ياسالغان ياكى ئويۇلغان

بۇيۇملار ئاسان بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، تەبىئىي هالدا قاشتېشىدا ياساش ۋە ئويۇشقا مەركەزلەشكەن.

قاشتېشى ئېتىقاد بۇيۇملىرىنى ئويۇش كونا تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولسا، ئوتتۇرا تاش قورالار دەۋرىگە كەلگەندە تۈرلۈك قوراللارنى ياساش ۋە ئويۇشقا تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ ياغاچچىلىقتا زۆرۈر بولغان چوت، پالتا، ئىسكىنە قاتارلىق بۇيۇملار شۇ دەۋرلەردە ئەڭ قاتتىق بولغان قاشتېشى بىلەن ياسالغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، پىچاق، ئورغاق، ئوتىغۇچ قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە دېهقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قوراللارنى ئويۇشقا ۋە ئوق ئۇچى، يالمان قاتارلىق جەڭ قوراللىرىنى ئويۇشقا تەرەققىي قىلغان. يېڭى تاش قورالار دەۋرىگە كەلگەندە، ئىلگىرىكى يۇنان ئۇسۇلىدا ياساشتىن سۇرۇش، قىرىش ئۇسۇلىغا تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ سىپتا ۋە نەپىس بولغان بىزەك بۇيۇملىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە جەڭ قوراللىرىنى ياساش بارلىققا كەلگەن.

«قاشنامە» «نەپىس رەسىملەر» ( 瑞应图 ) ، «بابىــــبۇل يىلنامە» ، «قومۇش پۈتۈك يىلنامىلىرى» (个个书纪年) ، «دىۋان بەگلەر تەزكىرىسى» (大戴图) ، «كاتتىلار يوسۇنى» (尚书大传) ، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» قاتارلىق كىلاسسىك كىتابلاردا ئومايىنىڭ ئاق بۇلۇتقا مىنىپ كېلىپ، خۇاڭدىغا قاشتېشى هالقا، قاشتېشى جۇپتەك تەقدىم قىلغانلىقى، شۇن دەۋرىدە يەنە قاشتېشى نەي تەقدىم قىلغانلىقى هەققىدىكى رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ نەي توغرىسىدا «غەربىي پايتەخت خاتىرىسى» دا خەن گاۋزۇ (ليۇباڭ دەپمۇ ئاتىلىــــدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 256 ـ 195 ـ يىللىرى) شيەنياڭ ئوردىسىدىكى ۋاقىتلىق مەهكىمە خەزىنىگە كىرىپ، «ئۇزۇنلۇقى ئىككى چى ئۇچ سۇڭ، 16 تۆشۈكلۈك، چالغاندا هارۋا ـ ئاتلار تاغ ئورمانلىرىدا يۈرۈۋاتقانغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىدىغان، ئۇستىگە ‹گۈزەل نەي› دېگەن خەت ئويۇلغان بىر قاشتېشى نەي تاپقان» لىقى خاتىرىلەنگەن. «جىن نامە، قانۇن تەزكىرىسى» دە: «خۇاڭدى پەرمان قىلىپ، قاشتېشى نەي ئويۇشنى بۇيرىغان. (ئۆزى) ئۇزۇن ئالتە تۆشۈكلۈك 12 كۈيلۈك ئىدى. شۇن دەۋرىگە كەلگەندە، ئوماي گۈزەل بىر نەي تەقدىم قىلغان. (بۇ نەي) قاشتېشىدا ئويۇلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ خاتىرىلەردىن، خۇاڭدى، ياۋ، شۇن دەۋرىدىلا قاراقۇرۇم ئېتىكىدە قاشتېشى ئويمىچىلىقىدىن ئىبارەت يۇقىرى ماهارەتنىــڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قاشنامە» نىڭ 19 - جىلدىدا: «خۇاڭدىنىڭ ئوغلى شاۋگاۋ تەختكە چىققان 84 - يىلى ئوردىدا قاراقۇرۇم قاشتېشى بار بولسىمۇ، قاشتېشى ئۇستىلىرى (ئويمىچىلىرى) يوق ئىدى. جۇ سۇلالىسىغا كەلگەندە قاراقۇرۇم ئېتىكىدىن 35 نەپەر قاشتېشى ئۇستىسى كەلگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى X ئەسىرلەرگە قەدەر قاشتېشى ئويمىچىلىقى تېخى شەكىللەنمىگەن. شۇ پېتى كەلتۈرۈلگەن قاشتېشىنى ئويۇشقا ئۇستا بولمىغاچقا، ئاخىر قاراقۇرۇم ئېتىكىدىكى قاشتېشى ئويمىچىلىقى گۈللەنگەن رايونلاردىن قاشتېشى ئويما ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلغان. شۇ دەۋرلەردىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. «جۇ ئىكراملىرى» دا خاتىرىلىنىشىچە، «جۇ سۇلالىسى قاشتېشى ئويمىخانىسى قۇرۇپ، ئويمىچى ئۇستىلارنى تۇرغۇزغان ھەم ئالتە خىل رەڭدىكى قاشتېشىدىن مۇراسىم بۇيۇملىرى ئويدۇرغان. بۇ كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، چىن شىخۇاڭ بۇلۇت سۈپىسىنى قوپۇرغاندا، «تەرەپ - تەرەپتىن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يىغدۇرغان. جاھاندىكى ماھىر ئۇستىلارنىڭ ھەممىسىنى چاڭئەنگە توپلىغان» . غەربىي دىياردىكى كۇەن شاۋ دۆلىتى ( 宽霄国 ) قاشتېشى ئويۇشقا ئىنتايىن ماھىر بولغان لى يى ئىسىملىك بىر ئۇستىنى ئەۋەتكەن. ئۇ ئاق قاشتېشىدا خۇددى تىرىكتەك قىلىپ يولۋاس ئويغان. بۇ ھەقتە شۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان: لىي يى ئىككى يولۋاس ئويغان بولۇپ، قېچىپ كەتمىسۇن، دەپ كۆز چىقارمىغانىكەن. چىن شىخۇاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، باشقىلارغا بۇيرۇپ، ئىككى يولۋاشقا سىر بىلەن بىردىن كۆز تولۇقلىتىپتۇ... بۇ ئىككى يولۋاس قېچىپ كېتىپتۇ. بەزىلەر تاغدا ئىككى يولۋاس كۆرگەنلىكىنى، پەقەت بىردىن كۆزى بارلىقىنى مەلۇم قىلىشىپتۇ. چىن شىخۇاڭ ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرتسە، راستىنلا لىي يى ئويغان يولۋاس ئىكەن. بۇ گەرچە بىر ئەپسانە بولسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرتتىن كەلگەن قاشتېشى ئويمىچىلىرىنىڭ ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ بايانى. شۇنداقلا غەربلىك ئويمىچى ئۇستىلارغا ئېيتىلغان ئاپىرىن.

خەن دەۋرىدىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قاشتېشى ئويمىچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە ئۇستىلىرى يەنىلا غەربىي دىياردىن بارغانلار بولۇپ، بۇنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە غەربىي خەن سۇلالىسىغا مەنسۇپ بىر قەبرىدىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئالدىغا قالۇنغا ئوخشاش

بىر سازنى قويۇپ چېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان ھەيكىلى تېپىلغان. بۇ ھەيكەلنىڭ تېگىگە: «ئۇيغۇر قاشتاشچى ئۇستا ۋاڭ گۇڭيەننىڭ 19 - يىلى ( 维古玉人王公延十九年 ) دېگەن خەت ئويۇلغان. بۇنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 7 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «خۇەي نەنزى» ( 淮南子 ) دېگەن كىتابتا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرلەردە ئۇدۇنلۇق قاشتاشچىلار ۋە ئويمىچىلارنىڭ قاشتېشىدىن ياسالغان ئات، تۆگە، ھالقا، نەي، سۇمۇرغ، شىر ... قاتارلىق بۇيۇملارنى ئېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ قاشتېشىدىن بۇيۇم ئويۇش، نەقىشلەشكە ئىنتايىن ماھىر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىر شەرقىي جۇ سۇلالىسىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ بايانلاردىن قارىغاندا، قاراقۇرۇم تېغى ئېتىكىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مەخسۇس قاشتېشى ئويمىچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بارغان ئۇستىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. «تەرەپ - تەرەپلەر» دېگەن كىتابتا، چىن شىخۇاڭ ھۇنەرۋەن ئۇستىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك چاڭئەنگە توپلىغانلىقى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا غەربىي يۇرتتىن بارغانلارنىڭ كۆپلۈكى، بولۇپمۇ خوتەندىن بارغان ئويمىچى، قاشتاشچى، رەسسام ۋە بىناكارلارنىڭ سانىنىڭ ئاز ئەمەسلىكى قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمىي ئىزلاردىن تېپىلغان ھەر خىل قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۇتاۋخې دەرياسى ۋادىسىدىكى دۇدۇ قەدىمىي ئىزىدىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 6 - 7 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قوپال ئىشلەنگەن 19 پارچە ھەر خىل قاشتېشى بۇيۇمى؛ گۇاڭدۇڭنىڭ جۇيجياڭدىكى شىشا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 4 - 5 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ 100 دىن ئارتۇق قاشتېشى بۇيۇم؛ غەربىي لياۋنىڭدىكى بۇنىڭدىن 5 مىڭ يىل بۇرۇنقى قىزىل تاغ مەدەنىيىتىگە تەۋە خارابىلەردىن؛ سەندۇڭدىكى داۋېنكۇ مەدەنىيىتىگە تەۋە خارابىلەردىن؛ خېنەن لوياڭدىكى مول مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىزلىرىدىن؛ خۇنەن ئەنياڭدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن تېپىلغان قاشتېشى قورال، قاشتېشى بېزەك ۋە قاشتېشى بۇيۇملار، ئىشقىلىپ جۇ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت خارابىلىرى ئىزلىرىدىن تېپىلغان قاشتېشى بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى غەربىي دىياردا ياكى قاراقۇرۇم ئېتىكىدىكى ۋادىلاردا

ئويۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ قاشتېشى بۇيۇملارنى، بولۇپمۇ، جۇ، جىن، خەن، ئۈچ پادىشاھلىق، جىن سۇلالىسىگە تەۋە بۇيۇملارنىڭمۇ كۆپ قىسمىنى قاراقۇرۇم ۋادىسىدا ئويۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بارغان ئۇستىلار ۋە ئۇلار يېتىشتۈرگەن شاگىرتلارنى ھەرقانچە كۆپ دېگەندىمۇ، يەنىلا تەبىئىي ھالدا قاشتېشى ماتېرىيالى كەمچىل بولۇشتەك شارائىتقا دۇچ كېلىدۇ. يەنە كېلىپ، قاراقۇرۇم ۋادىسىدىكى زور گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن قاشتېشى ئويمىچىلىق كەسپى، قاشتېشى ماتېرىيالىنىڭ شۇ پېتى سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى چەكلەپ تۇرغان بولىدۇ. «مۇتىيەنزى تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا، بۈگۈنكى خوتەن رايونى، يېڭىسار ( 羽陵 )، يەكەن دەرياسى ( 黑水 ) ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مەخسۇس قاشتېشىچىلىقنى كەسىپ قىلغانلىقى، شۇنداقلا قاشتېشىچىلىق ئۇستىخانىلىرى (كارخانىلىرى) قۇرۇپ، ھەر خىل زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، ئادەم ۋە ھايۋان ئوبرازىدىكى ھەيكەل - قورچاقلار، كىيىم - كېچەك، چالغۇ ئەسۋاب، قىلىچ، شەمشەر دېگەندەك جەڭ قوراللىرى ياسايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. مىلادىيىدىن مىڭ يىللار بۇرۇن شۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى جىن، خەن دەۋرلىرىدىن باشلاپ سۇڭ دەۋرلىرىگە قەدەر (خوتەنگە ئىسلام دىنى كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا) تېخىمۇ گۈللىنىپ، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

«مۇتىيەنزى تەزكىرىسى» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قاشتېشىدىن كىيىم ياساش ئەڭ بۇرۇن قاراقۇرۇم ۋادىسىدا بارلىققا كەلگەن. «يىلىن» ( 意林 )، «شى ۋېي» ( 士纬 ) دېگەن كىتابلاردا، ئۇدۇن دۆلىتىدە قورال سايمانلار ۋە كىيىم - كېچەكلەر قاشتېشىدا ياسىلىدىغانلىقى، ئادەملىرى گۆھەردەك ئېسىل قاشتېشىدىن ھالقا، بىلەيزۈك، ساپاق سالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (مىلادىيىدىن 220 يىللار ئىلگىرى) پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەردە قاشتېشى كىيىم كىيىش بارلىققا كەلگەن. ۋېي سۇلالىسى ۋېندى دەۋرىدە (مىلادىيە 220 ـ 227 ـ يىللىرى) بىكار قىلىنغان.

ئەينى دەۋردە قاشتېشى كىيىم قاشتېشىدا چوڭ - كىچىكلىكى، شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان كىچىك ياپراقچىلارنى ياساپ، تۆشۈك ئېچىپ، ھەر خىل مېتال يىپلار بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ

توقۇپ ياسالغان. بۇ خىل كىيىم قاراقۇرۇم ۋادىسىدا جەڭدە كىيىدىغان دوبۇلغا - ساۋۇتلارنى قاشتېشىدا ياساشقىچە تەرەققىي قىلىپ، تۇرمۇشقا سىڭىپ كىرگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بولسا، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كېپىنى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل كىيىم ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، زەر يىپ (ئالتۇن يىپ) بىلەن توقۇلغىنى «زەر يىپلىق قاش كىيىم» دەپ ئاتىلىپ، خان - پادىشاھلارنى كېپەنلەشكە ئىشلىتىلگەن؛ كۈمۈش يىپتا توقۇلغانلىرى «كۈمۈش يىپلىك قاش كىيىم» دەپ ئاتىلىپ، كىچىك خانلىقلارنىڭ خانلىرى، بەگلىكلەرنىڭ پادىشاھلىرى، ئەڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەر، مەلىكىلەرنىڭ كېپەنلىكى؛ مىس يىپتا توقۇلغانلىرى «مىس يىپلىق قاش كىيىم» دەپ ئاتىلىپ، چوڭ ئاقسۆڭەكلەر، مەلىكىلەرنىڭ كېپىنى قىلىنغان.

1968 - يىلى خېبەن ئۆلكىسىنىڭ مەنچىڭ رايونىدىن غەربىي خەن سۇلالىسى جۇڭشەن چىڭ خانى ليۇتىڭ ئەر - خوتۇنلارنىڭ قەبرىسىدىن ئىككى قۇر قاش كىيىم تېپىلىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. بۇ مەملىكىتىمىزدە تۇنجى بايقالغان ۋە ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان قاش كىيىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قاش كىيىملەر باش قاپ (جەسەتنىڭ بېشى سولىنىدىغان قىسمى)، چاپان، يەڭ، قولقاپ، شىم، ئۆتۈكتىن ئىبارەت ئالتە بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، شەكلى ئادەم بەدىنىنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشاش. «زەرىيىپلىق قاش كىيىم»گە چوڭ - كىچىك بولۇپ جەمئىي 2160 پارچە قاشتېشى، تەخمىنەن 700 گرام ئالتۇن ئىشلىتىلگەن. قاشتېشى ياپراقچىلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.5 سانتىمېتىر، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ ئۇزۇنلىقى 1.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1 سانتىمېتىر بولۇپ، قېلىنلىقى 0.2 ~ 0.35 سانتىمېتىر.

ئالىملار بۇ كىيىمنى خىمىيىلىك تەجرىبە قىلىش ۋە فىزىكىلىق ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، بۇ كىيىمگە ئىشلىتىلگەن قاشتېشىنىڭ خوتەن قاشتېشى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. باشتا كۆرسىتىپ ئۆتكەن قاشتېشى كىيىم توغرىسىدىكى يازما پاكىتلار ۋە قاراقۇرۇم ۋادىسىدىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا، شۇنداقلا غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قاشتېشى ئويچىلىق سەنئىتىنىڭ تېخى ئەمدى تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ھالىتى... قاتارلىقلارغا ئاساسلىنىپ، بۇ قاش

كېيىنلەر ئۇدۇن ئېلىدە ياسىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلغان، دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ.

خېنەن ئۆلكىسى دېڭشەن ناھىيىسىدىكى جوڭشەن مۇۋاڭ خان ليۇچاڭ (شەرقىي خەن سۇلالىسى) نىڭ خەزىنىسىدىن بىر قاشتېشى توسۇق تېپىلغان بولۇپ، توسۇق ئەينى نەپىس نەقىشلەپ ئويۇلغان ئىككى پارچە قاشتېشى كىشەك (تۇۋرۇك) كە ئاستى - ئۈستى قىلىپ ئىككى پارچە نەقىشلىق قاشتېشى تاختاي ئورنىتىپ ياسالغان. ئۈستىدىكى تاختاينىڭ ئۈستى ئوتتۇرىسىغا چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان شاھزادە، ئاستى ئوڭ سولغا يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىككى ئايال، ئەتراپىغا سۇمۇرغ، قۇش، بابىرا كىيىك، ئۆردەك، ھايۋانلار ئويۇلغان. ئاستىدىكى تاختايغا ئوتتۇرىسىدا خانىش ئولتۇرغان، بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كۆن، ئاي، ئىككى يېنىغا يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىككى ئايال، ئەتراپىغا تاشپاقا، يىلان، ئېيىق قاتارلىقلار ئويۇلغان. ئارخېئولوگلار بۇ توسۇقتىكى ئادەم، ھايۋان، قۇشلارنىڭ بىر گەۋدە قىلىنىپ، كىرىشتۇرۇپ ئويۇلغان مەنزىرىسىگە ئاساسەن، ئاستىدىكى تاختايغا ئويۇلغىنى رىۋايەتلەردىكى ئوماي ( 西王母 ) دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان. دېمىسىمۇ بۇ مەنزىرە «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» قاتارلىق بىر قاتار كلاسسىك ئەسەرلەردە يېزىلغان ئوماي ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئوماي ياشىغان قاراقۇرۇم تېغى تەسۋىرلەنگەن ئويما ئىكەن، ئۇ ھالدا، بۇنى قاراقۇرۇم ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئۈستىلار قەدىمىي رىۋايەتلەر ئاساسىدا ئويۇپ چىققان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئادەم، مەنزىرە ۋە جانلىقلار گىرەلەشتۇرۇپ ئويۇلغان، رىۋايەت تەسۋىرلەنگەن قاشتېشى ئويما گۆھەردۇر.

«لىيزى، تاڭنىڭ سوئالى» ( 列子汤问 ) دېگەن كىتابتا: «جوۋاڭ غەربتىكى تۇرالار (رۇڭلار) ( 西戎 ) ئېلىگە بارغاندا، تۇرالار قارا قۇرۇم شەمشىرى ھەدىيە قىلغان بولۇپ، بۇ قاشتېشى شەمشەر خۇددى لاينى كەسكەندەك كېسەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاۋۋال قاشتېشى بۇيۇملىرى، ئاندىن پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن قاشتېشى، ئاندىن قاشتېشى ئويما سايمانلىرى كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تاڭ دەۋرىدە خوتەن ۋادىسىدىكى (يېڭىسار، يەكەنلەر مۇشۇنىڭ ئىچىدە) قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى ئالتۇن دەۋرگە كىرگەن. بۇ دەۋردە ئويۇلغان بۇيۇملار ئېتىقاد نۇقتىسىدىن بۇددا دىنىي

رىۋايەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇيۇملار، بۇت، مۇئەككەل، ئىلاھلارنىڭ ھەيكەللىرى ئويۇلغان بولسا، سەنئەت نۇقتىسىدىن تۈرلۈك بىزەكلەردە ئادەم ۋە ھايۋانلار، قۇشلار، ھاشارەتلار ئوبرازىدىكى ھەيكەللەر ئويۇلغان. تۇرمۇش نۇقتىسىدىن زىرە (قۇلاققا سالىدىغان ھالقا، مۇنچاق)، بىلەيزۈك، ئۈزۈك، گۆھەر بېزەك... قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى، تۇرمۇش نۇقتىسىدىن قاچا - قۇچا، چۆگۈن، قەدەھ، لوڭقا، ھاۋانچا، چىراغ قاتارلىقلار ئويۇلغان. «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 221 - جىلدىدا «دىزۈڭ ئىچكى تەمىراتلىقى جۇرۇيۇنى شىئەنگە بېرىپ (شۇ يەر ئارقىلىق) ئۇدۇندىن قاشتېشى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىغان» جۇرۇيۇ خوتەندىن «خانتاختىدىن بىرنى، چۇلۇۋۇر بېزىكىدىن بەشنى، قاشتېشى ياستۇقتىن بىرنى، كەمەر بېزەكتىن 300 نى، چاچ قىسقۇچتىن 40 نى، پەرداز قۇتىسىدىن 30 نى، بىلەيزۈكتىن 10 نى، دەستىدىن ئۈچنى، مارجاندىن 100 جىڭ ھەمدە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ كەلگەن» . بۇ خاتىرىلەردىن تاڭ دەۋرىدە خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە گۈللەنگەن. باشقا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقلاشقان. «قاشتېشى يولى» دىكى سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆپ خىللىشىش ۋە گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن. بۇنىڭغا ماس ھالدا تارىم ۋادىسىدىمۇ زور گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بولغان سودا - ئالاقە تېخىمۇ كۈچەيگەن. بۇ تەرەققىياتلارغا ماس ھالدا قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىمۇ گۈللىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ، يېڭى مەدەنىيەت ۋە باشقا ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئويما بۇيۇملار بارلىققا كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئويۇلغان چۆگۈن تۇتۇپ تۇرغان ئادەم ئوبرازى ئويۇلغان چاسا قاشتېشى بېزەك خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان، ئادەمنىڭ كۆز چانىقى چوڭقۇر، بۇرنى ئۈزۈن، قاڭشارلىق، چىچى ئۈزۈن ھەم بۇدرە، مۇرىسىگە يىلاش ئارتىۋالغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار «بۇ پارسلارنىڭ ئوبرازى» دەپ قارىماقتا. دېمەك، بۇ ئويما خوتەننىڭ غەربىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ دەۋردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. خان - پادىشاھلار ئوردىغا

ئۈستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، خوتەندىن كەلتۈرگەن قاشتاشلىرىدا ھەر خىل بۇيۇملارنى ئويدۇرغان. شەھەرلەردىمۇ قاشتېشى ئويمىچىلىق دۇكانلىرى بارلىققا كەلگەن.

شىنجاڭغا بولۇپمۇ خوتەن رايونىغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، بۇت ئويۇش، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازىغا ھەيكەل ئويۇش ھەتتا جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنى نەقىشلەشمۇ دىنىي چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن، قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى تۇرمۇش بۇيۇملىرى، بېزەك بۇيۇملىرى، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە لوڭقا، قاچا-قۇچىغا ئوخشاش سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئويۇشقا يۈزلەنگەن. ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەشقەردىن تېپىلغان ئۈچ تۇمشۇقلۇق (ئېغىزلىق) ئاق قاشتېشى چىراغ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئويۇلغان سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، خوتەننىڭ ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. بۇ چىراغ ئۇزۇنلۇقى 13.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 12.8 سانتىمېتىر، ئۈستى قوغۇن شەكىللىك ئويۇلغان بولۇپ، ئەتراپىدا 12 تىلىمچە چىقىرىلغان. ئاستىدا ئۈچ تۇمشۇق (پىلەك چىقىرىلىدىغان ئېغىز) چىقىرىلغان. چىراغنىڭ ئۈستىگە يىپ ئۆتكۈزىدىغان يۇمىلاق تۆشۈك ئېچىلغان. يېنىغا «ھىجرىيە 492 - يىلى» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. بۇ يىلنامە مىلادىيە 1099 - 1098 - يىللىرىغا، يەنى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان قاراخانىلار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ پاكىتتىن قاراخانىلار دەۋرىدىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ يۈزلىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادىيە 968 - يىلى قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمرانى مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلاپ، شۇ چاغدا يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئۇدۇنغا قارشى غازات نامى بىلەن ئۇرۇش قوزغىدى. قاراخانىلارنىڭ باشقا رايونلارغا قارىتا ئۇرۇش قوزغىماي، ئەڭ دەسلەپتە خوتەنگە قارشى ئۇرۇش قوزغىشىدىكى سەۋەب، ئارىلىقنىڭ نىسبەتەن يېقىن بولۇشىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى خوتەن قاشتېشىدىن ئىبارەت بىباھا بايلىق كانى ئىدى. ئۇرۇش نەچچە 10 يىل داۋام قىلىپ، ئاخىرى خوتەن رايونى قاراخانىلار تەرىپىدىن «بويسۇندۇرۇلۇپ»، ئىسلامىيەتكە قەدەم قويدى. 40 يىلدىن كېيىن، خوتەن بۇددىستلىرى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى. بۇ ئىسياننىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماسلىق ئىدى. چۈنكى بۇ دىن مىڭ يىل بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ شەكىللەنگەن بارلىق

مەدەنىيەتلەرنى چەتكە قاقاتتى ۋە چەكلەيتتى. ھەتتا جانلىقلار ئوبرازىدا ھەيكەل، نەقىش ئويۇشمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايتتى. بۇ ھال خوتەننىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتىنى بوغۇپ قويغاچقا، يەرلىك ئاھالە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، ئەسلىدىكى ئېتىقادىغا يېپىشۋالدى. قاراخانىلارنىڭ شۇ دەۋردىكى سۇلتانى يۇسۇپ قادىرخان ئۆزى بىۋاسىتە قوشۇن تارتىپ كېلىپ، مىڭ يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن ئۇدۇن ۋېيسارا خانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يىمىرىپ، خوتەن رايونىنى تۇركچىلەشتۇردى. بۇ ھال خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىنى مەلۇم جەھەتتىن (جانلىقلار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتىن) چەكلىمىگە ئۇچراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئويمىچىلىق سەنئىتى ئىسلام مەدەنىيىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى ۋە راۋاجلاندى. لېكىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان باشقا رايونلاردا بۇددا مەدەنىيىتى قاشتېشى ئويمىچىلىقى داۋاملىق تۇردە تەرەققىي قىلىنۋەردى. «قۇجۇ خانلىقىغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا، «بەشبالىق ھۈنەرۋەنلىرى چېۋەر... قاشتېشى ئويمىچىلىقىغا ماھىر» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۈەن سۇلالىسىغا كەلگەندە ھازىرقى شىنجاڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىنۋاتقان مۇڭغۇللار تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىپ، بۇددا دىنىي مەدەنىيىتى قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى قايتىدىن باش كۆتۈردى. بۇ دەۋردە بەشبالىق ۋە خوتەن رايونى يۈەن سۇلالىسىغا قاشتېشى ئولپان تۆلىگەندىن باشقا، قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىنى ھەدىيە قىلىپ تۇردى. يۈەن شىزۇ مىلادىيە 1274 ـ يىلى پەرمان چۈشۈرۈپ، قاشتېشىنى قازغۇچىلار ۋە تەرگۈچىلەرنىڭ ئالۋان- سېلىقىنى بىكار قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن قاشتېشى قازغۇچى ۋە تەرگۈچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، قاشتېشى قېزىش ۋە ئويمىچىلىق ئىشلىرى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

ئىسپانىيىلىك دىپلومات ۋە ساياھەتچى كلاۋىيىرنىڭ 1582 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تىمۇر ئوردىسىغا ئەلچى بولۇپ بېرىش خاتىرىسى» (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى «كلاۋىرنىڭ شەرققە ئەلچى بولۇپ بېرىش خاتىرىسى») دە: «خوتەندىن چىقىدىغان قىممەتلىك ماللارنى سەمەرقەنت شەھىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. خوتەننىڭ قاشتېشى ئويۇش ۋە كۆز قويۇش ھۈنەرۋەنلىرى ھۈنەرگە ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىن تېپىلمايدۇ» دەپ يازغان. بۇ ئەسەردە دېيىلگەن ئەھۋاللار XV ئەسىردىكى ئىشلار بولۇپ، بۇنىڭدىن XV

ئەسىردىكى خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، تاڭ دەۋرىدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تېز تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى خوتەن رايونىنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىگە مۇئەييەن ئەكس تەسىر كۆرسەتكەن. يەنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داڭلىق قاشتېشى ئويمىچى ئۇستىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مال توشۇشتا قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىنى ئاساسى قىلىشتىن تەدرىجىي ھالدا قاشتېشىنى يۆتكەش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈپ، خوتەن، قەشقەر رايونلىرىدا تازا يۇكسەلگەن قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى چېكىنىشكە قاراپ يۈزلەندى. سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى زور دەرىجىدە يۇكسىلىپ، سۇجۇ، ياڭجۇ، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق رايونلاردا مەخسۇس قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىلىرى بارلىققا كەلدى. چىڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە غەربىي دىيارنىڭ قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياج ئەڭ تۆۋەن پەللىگە چۈشۈپ، قاشتېشىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئېھتىياج ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى داڭلىق ئويمىچى ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئوردىغا يىغىلىپ، مەخسۇس قاشتېشى ئويمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭ بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى خارابلىششقا قاراپ يۈزلەندى.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن بارغان ئويمىچى ئۇستىلار بىلەن باشلانغان قاشتېشى ئويمىچىلىقى ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئازلىقتىن كۆپىيىپ، تار دائىرىدىن كەڭ دائىرىگە تەرەققىي قىلىپ، يۇكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھەرقايسى سۇلالىلەردە دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاز بولمىغان قاشتېشى سەنئەت بۇيۇملىرى بارلىققا كەلدى. ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ خانلىرى خوتەن قاشتېشىنى گۆھەر بىلىپ قاتتىق ئەتىۋارلىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

ھەرقايسى سۇلالىلەردە بارلىققا كەلگەن ئەڭ نادىر قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىدىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. قارچىغا نەقىشلىك باش بېزەك: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلىنىۋاتقان شاڭ سۇلالىسىغا مەنسۇپ باش بېزەك بولۇپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئويۇلغان. ئۇستىگە بىر قارچىغا ئىككى ئادەمنىڭ بېشىنى قاماللاپ تۇرغان نەقىش چۈشۈرۈلگەن. خوتەننىڭ سەيۋەرەڭ قاشتېشىدا ئويۇلغان.

2. ئەجدىھا نەقىشلىك كۆك قاشتېشى تاقىچاق: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان غەربىي جۇ سۇلالىسىغا مەنسۇپ تاقىچاق بولۇپ، خوتەننىڭ كۆك قاشتېشىدا ئويۇلغان. ئىككى ئۇچىغا كىچىك تۆشۈك ئېچىلغان. ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ ئوت پۈركۈۋاتقان ئىككى ئەجدىھا نەقىشلەنگەن.

3. ئاق قاشتېشى ئەجدىھا بېزەك: بۇمۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان ئەمىنىيە دەۋرىگە مەنسۇپ بېزەك بولۇپ، خوتەننىڭ ئاق قاشتېشىدا ئومۇمىي گەۋدىسى «3» شەكىللىك ئويۇلغان، ئوتتۇرىسىدىكى ئەگمىگە بىر تۆشۈك ئېچىلغان، ئەجدىھا ئېغىزى چوڭ ئېچىپ تۇرغان، قۇيرۇقى يۆگىمەچ، قىزىق يېرى، ئۇنىڭ قۇيرۇق قىسمىغا قونۇپ ئولتۇرغان بىر قۇش ئويۇلغان.

4. كۆپ بۆلەكلىك ئاق قاشتېشى بېزەك: بۇ خۇبېي ئۆلكىسى سۈيشەن ناھىيىسىدىكى زىڭ خۇينىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان. بۇ يېغىلىق يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى زىڭ بەگلىكىنىڭ خاقانى جۇينىڭ قەبرىسى بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 433 - يىللىرى ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك دەپنە قىلىنغان بۇ قەبرىدىن 300 دىن ئارتۇق قاشتېشى بۇيۇمى تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ بۆلەكلىك قاشتېشى بېزەك ئويۇلۇش سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، نەپىسلىكى بىلەن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بېزەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 48.5 سانتىمېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 8.5 سانتىمېتىر، خوتەننىڭ ئەڭ ئېسىل ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان بەش بۆلەك، 26 ئۇگە بولۇپ، بىر - بىرىگە چېتىلغان شەكىلدە ئويۇپ چىقىرىلغان. ھەر بىر بۆلۈكى يەنە بەش پارچە قىلىپ، ھەرىكەتچان قىلىپ ئويۇلغان. ھەر بىر بۆلۈكىنىڭ يۆنىلىشى، نۇسخىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

5. ئەجدىھالىق جۈپلىمە قوچاق: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان يېغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ قوچاق بولۇپ، خوتەننىڭ قاشتېشىدا ئىككى پارچە تاقا شەكىللىك قىلىپ ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈككە بىر ئەجدىھا ئويۇلغان بولۇپ، ئەجدىھاسى ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. جۈپلەشتۈرۈلسە قوچاق يۇمىلاق ھالەتكە كېلىدۇ. ئەجدىھامۇ پۈتۈنلىنىدۇ.

دىئامېتىرى 7.6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.4 سانتىمېتىر.

6. ئاق قاشتېشى چىراغ: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان يىغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ ئويما بۇيۇم بولۇپ، خوتەننىڭ سۇس يېشىل (سەيۋەرەڭ) قاشتېشىدا ئويۇلغان. ئېگىزلىكى 12.8 سانتىمېتىر، بىر پارچە تاشتىن ئويۇلۇپ بىرلەشتۇرۇلگەن. ئۈستى چىراغ تەخسىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوقچىيىپ تۇرغان بەش بەرگىلىك گۈل ئويۇلغان. تەخسە گىرۋىكىگە چىرايلىق تولاشما نەقىش چۈشۈرۈلگەن. ئوتتۇرا قىسمىدىكى چىراغ دەستىسى بىر بوغۇملۇق قىلىنىپ، ئىككى بۆلەك ئايرىلىپ، ئوخشىمىغان شەكىللەردىكى نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. ئاستى شەكلى دۈم كۆمتۈرۈلگەن تەخسىسىمان، ئۈستىگە بۆلۈت شەكىللىك نەقىشلەر ئويۇلغان.

7. غەربىي خەن سۇلالىسىغا مەنسۇپ زەر بېلىق قاشتېشى (باشتا سۆزلەپ ئۆتتۇلگەن).

8. تۇلپار مىنگەن ئەۋلىيا: بۇ غەربىي خەن سۇلالىسىغا مەنسۇپ قاشتېشى ئويما بۇيۇم بولۇپ، خوتەننىڭ قوي مېيى رەڭگىدىكى ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. تۇلپار بۇلۇتلار ئارا چېپىۋاتقان شەكىلدە، ئۈستىگە ئۆزەڭگۈگە دەسسىگەن هالدا تۇلپارنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان بىر ئەر ئويۇلغان.

9. غەلىتە مەخلۇق: بۇ شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەهىرى ۋېيلىڭ ئەتراپىدىن تېپىلغان بولۇپ، خوتەننىڭ ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ، بۇ رىۋايەتلەردىكى تۆت پۇتلۇق، سۇت ئەمگۈچى هايۋان ئوبرازىدا، مۈڭگۈز ۋە دۈمبىلىرى قىزىل، ئىنتايىن جانلىق ئويۇلغان.

10. ئەجدىها نەقىشلىك قوچاق: بۇ خېبېينىڭ دىڭشەن ناهىيىسىدىكى جۇڭشەنمۇ خاننىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان، خەن سۇلالىسىغا مەنسۇپ بۇيۇم. قورچاقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر مۈڭگۈزلۈك ئەجدىها بىلەن، بىر مۈڭگۈزسىز ئەجدىهانىڭ بىر چەمبىرەكنى چىنەپ تۇرغان هالىتى ئويۇلغان. قورچاقنىڭ ئىككى يېنىغىمۇ بىر مۈڭگۈزلۈك، بىر مۈڭگۈزسىز ئەجدىها ئويۇلغان. قورچاقنىڭ گىرۋىكى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈك ئەتراپىدىن پەۋاز قويۇلۇپ، ئىككى پەۋاز ئارىسىغا ئىنتايىن رەتلىك قىلىپ توپچا چىقىرىلغان. ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتىر، قورچاقنىڭ دىئامېتىرى 24.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.1 سانتىمېتىر.

11. سۇمۇرغ نەقىشلىك جام: بۇ ئەسلىي چىڭ ئوردىسىدا

ساقلانغان. هازىر خان سارىيىدا. بۇ خەن دەۋرىگە مەنسۇپ ئەڭ نەپىس بۇيۇم بولۇپ، خوتەننىڭ ساغۇچ قاشتېشىدا ئويۇلغان. سىلىندىر شەكىللىك، ئېگىزلىكى 3 . 12 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 6.9 سانتىمېتىر، ياپقۇچلۇق، ياپقۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تۇتقۇچ ئويۇلۇپ، ئەتراپىغا ئۈچ دانە قوي بېشى ئويۇلغان. جام گەۋدىسى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن، سۇمۇرغ ۋە بۇلۇت شەكىللىك نەقىشلەر ئىشلەنگەن. ئوتتۇرا قىسمىغا بۇلۇتسىمان هالقا شەكىللىك تۇتقۇچ چىقىرىلغان.

12. ئاق توشقان: بۇ شەنشى ئۆلكىسىدىكى لى جىڭشۈننىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان بولۇپ، خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. سۈي سۇلالىسىغا مەنسۇپ بۇ قەبرىدىن تېپىلغان قاشتېشى بۇيۇملار خېلى كۆپ، ھەممىسى خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. ئىنتايىن نەپىس، جانلىق ئىشلەنگەن.

13. ئۇچۇۋاتقان پەرى: چىڭ ئوردىسىدا ساقلانغان بۇ بېزەك، تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ. بۇ بۇددا دىنىدىكى ئۇچىدىغان پەرىزات ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يەنى بىر پەرىزات ئۇچۇۋاتقان، كىيىملىرى شامالدا يەلپۈنۈۋاتقان شەكىلدە ئويۇلغان. پەرىزاتنىڭ ئاستىغا نۇرغۇن بۇلۇت ئويۇلغان. قىزىل مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئۇچۇۋاتقان پەرىزاتلار ئوبرازى بىلەن ئوخشاش.

14. قۇش سۇمۇرغ بېزەك: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان گۈل، قۇش نەقىش ماسلاشتۇرۇپ خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان بېزەك بولۇپ، تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ ئويما. ئىككى سۇمۇرغ سۇ لەيلىسى ئۈستىدە بىر - بىرىگە چىپسىلىشىپ قاراپ تۇرغان. قانات-قۇيرۇقلىرى ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن شەكىلدە ئويۇلغان.

15. گۆھەر تەقدىم قىلىۋاتقان ئادەم: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان تاڭ سۇلالىسىغا مەنسۇپ كەمەر بېزەك بولۇپ، خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. تۆت چاسا قاشتېشىنىڭ يۈزىگە چېچى ئۇزۇن ۋە بۇدرە، كۆز چانىقى چوڭقۇر، قاڭشارلىق، ئۈستىگە پەرىجە يېپىنغان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن بىر ئەر يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تەخسىگە سېلىنغان شاپتۇل شەكىللىك بىر گۆھەرنى سۇنۇۋاتقان ھالەت ئويۇلغان.

16. سەككىز بەرگىلىك گۈل شەكىللىك جام: بۇ 1970 - يىلى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرى خېجيا كەنتىدىن تېپىلغان.

خوتەننىڭ قوي مېيى رەڭگىدىكى ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ قاچا. ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 10 ـ 5.5 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 3.5 سانتىمېتىر، ئومۇمىي گەۋدىسىگە سەككىز تىلىمچە چىقىرىلىپ، ئېغىزى سەككىز بەرگىلىك گۈل شەكلىدە ئويۇلغان. ئەتراپىغا گۈل نۇسخىلىرى نەقىشلەنگەن.

17. ئاق قاشتېشى شىر: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ ئويما بولۇپ، قوي مېيى رەڭگىدىكى خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. ئۇۋغا ئېتىلىش ئالدىدىكى يەر بېغىرلاپ دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقان ھالىتىدە ئويۇلغان. يايلىرى ئۇزۇن ھەم بۇدرە بولۇپ، تەبىئىي ۋە جانلىق ئويۇلغان.

18. ياتقان بۇغا: بۇ بېيجىڭ شەھىرىدىكى چىڭ ئوردىسى ئەمەلدارى سۇئېتونىڭ بوۋاق قىزى دەپنە قىلىنغان قەبرىدىن تېپىلغان بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ، خوتەن كۆك قاشتېشىدا ئويۇلغان بۇيۇم. ئېگىزلىكى 6.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10.6 سانتىمېتىر، بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ، يېتىۋاتقان بۇغىنىڭ ئوبرازى ئويۇلغان.

19. ئەجدىھا تۇتقۇچلۇق جام: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان، خوتەن كۆك قاشتېشىدا ئويۇلغان جام بولۇپ، تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ. جامنىڭ ئېگىزلىكى 7.3 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 14 سانتىمېتىر، گەۋدىسىگە سەككىز تىلىمچە چىقىرىلغان ۋە نەقىشلەنگەن. بىر يېنىغا ئەجدىھا ئويۇلۇپ، تۇتقۇچ چىقىرىلغان.

20. بەش قۇش سۈرەتلىك سېۋەت: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان، سۇڭ سۇلالىسىغا مەنسۇپ سەنئەت بۇيۇمى. سېۋەت سىلىندىر شەكىللىك، پورەكلەپ ئېچىلغان مودەن گۈللەر ئارىسىدا بىر توز، ئوڭ يېنىدا تاش ئۈستىدە ئاق تۇرنا، تاش ئاستىدا تاش كامىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان قىرغاۋۇل، توغرا قاراپ تۇرغان ئاققۇتان، مودەنگۈلنىڭ سول تەرەپ ئۈستىدە بىر لاچىن پەسكە چۈشۈۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپى گۈل شېخى ۋە ياپراق بولۇپ، گۈل ۋە قۇش بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئويۇلغان.

21. «باھار سۈيى» بېزەك: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان جىن (金) سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بېزەك بولۇپ، خوتەننىڭ كۆك قاشتېشىدا «باھار سۈيى» ناملىق رەسىم ئاساسىدا ئويۇلغان. نىلۇپەر ئۆي ئارىسىغا بىر چوڭ ياۋا غاز يوشۇرۇنغان، ئۈستىدە بىر لاچىن

پەسكە قاراپ شۈڭگۈۋاتقان. قۇشلار بىلەن نىلۇپەر شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بىر مەنزىرە ئويۇلغان.

22. ئاپتاپپەرەس جام: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان يۇمن سۇلالىسىغا تەۋە سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. ئېگىزلىكى 4.2 سانتىمېتىر، چەمبىرەك دىئامېتىرى 8.5 سانتىمېتىر، ئاپتاپپەرەس بىلەن مېيخۇا گۈلىنىڭ ئوبرازى بىرلەشتۈرۈلگەن. جام ئاپتاپپەرەس شەكلىدە بولۇپ شېخىدىن تۇتقۇچ چىقىرىلغان. جامنىڭ ئىچىگە مېيخۇا گۈلى ئويۇلغان.

23. شىر ئوينىتىۋاتقان ئادەم ئويۇلغان كەمەر بېزەك: بۇ يۇمن سۇلالىسىغا مەنسۇپ كەمەر بېزەك بولۇپ، خوتەن ئاق قاشتېشىدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنى — شىر ئوينىتىش ئويۇنى تەسۋىرىي ئويۇلغان.

24. هالقا تۇتقۇچلۇق قەدەھ: بۇ بېيجىڭ شەھىرى چىڭ سۇلالىسى خانلىق زەرەتگاھلىقىدىكى سۇئېتۇنىڭ بوۋاق قىزى كۆمۈلگەن قەبرىدىن تېپىلغان، مىڭ سۇلالىسىغا مەنسۇپ بۇيۇم بولۇپ، خوتەن كۆك قاشتېشىدا ئويۇلغان. سىلىندىر شەكىللىك، ئېگىزلىكى 10.5 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 6.8 سانتىمېتىر، ئېغىزى ياپقۇچلۇق. ياپقۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۇمىلاق تۇتقۇچ، ئەتراپىدا ئۈچ دانە يېتىۋاتقان شىر ئويۇلغان. گىرۋىكىگە بۇلۇت نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن. رومكىنىڭ سىرتقى يۈزىگە نەپىس نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. هالقا شەكىللىك تۇتقۇچ چىقىرىلغان. رومكا ئاستىغا شىر پۇتى شەكىللىك ئۈچ بارماق چىقىرىلغان.

25. كۆك قاشتېشى چۆگۈن: بۇ خان ئوردىسىدا ساقلانغان مىڭ سۇلالىسىغا مەنسۇپ چۆگۈن، خوتەن كۆك قاشتېشىدا ئويۇلغان. چۆگۈن ئېغىز ياپقۇچىنىڭ ئۈستىگە «ئۆمۈر ئىلاھى» ئويۇلغان. يېنىغا بىر بۇغا ئويۇلغان. چۆگۈن گەۋدىسىنىڭ ئىككى تەرىپى (قورساق قىسمىنىڭ ئالدى - كەينى) گە «سەككىز ئەۋلىيا» نىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن، تۇتقۇچىغا ئەجدىها نەقىشلەنگەن. جوغىسىغا هايۋان بېشى نەقىشلەنگەن. چەيچەكى هەر خىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن هەم « 珠 » خېتى ئويۇلغان.

26. ئەجدىها نەقىشلىك كەمەر بېزەك: خان ئوردىسىدا ساقلانغان مىڭ سۇلالىسىغا مەنسۇپ بۇ كەمەر بېزەك، خوتەن قوي مېيى رەڭلىك ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. جەمئىي 20 پارچە، 10 پارچىسى چوڭ چاسا شەكىللىك، ئالتە پارچىسى يۇرەك شەكىللىك، تۆت پارچىسى

كىچىك چاسا شەكىللىك بولۇپ، ھەممىگە ئەجدىھا سۈرىتى ئويۇلغان.

27. «دايۈننىڭ سۇ تىزگىنلىشى» ناملىق زور ئويما: بۇ خان ئوردىسى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان زور ئويما بولۇپ، ئېغىرلىقى 5 مىڭ 350 جىڭ. چيەنلۇڭنىڭ 46 - يىلى (مىلادىيە 1781 - يىلى) يدىن چيەنلۇڭنىڭ 52 - يىلى (مىلادىيە 1787 - يىلى) غىچە بولغان ئالتە يىلدا ئويۇلغان. 10 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش خەجلەنگەن. 100 مىڭ ئادەم قېتىم ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىلگەن. ياۋ زامانىسىدا (بۇنىڭدىن 5 مىڭ يىللار ئىلگىرى) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھەر يىلى كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، پاراكەندىچىلىك سالغان. ياۋ، يۈننىڭ دادىسى گۈننى سۇنى تىزگىنلەشكە بۇيرىغان. گۈن توققۇز يىل سۇ تىزگىنلەش بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا مەغلۇپ بولغان. گۈن ئاخىرى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، قەبىلىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، توغان سېلىش ئارقىلىق 10 - يىلى نەتىجە قازانغان. بۇ ئىش تىللاردا داستان بولۇپ، تا ھازىرغىچە رىۋايەت قىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئويما دەل يۈننىڭ دادىسى چوڭ يۇ (دايۇ) نىڭ سۇ تىزگىنلەش ئەمگىكى تەسۋىرلەنگەن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىزىلغان «دايۈننىڭ سۇ تىزگىنلىشى» ناملىق رەسىمگە ئاساسەن ئويۇلغان.

28. «شاخادان توققۇز پېشۋا» نامىلىق زور ئويما: بۇ خان ئوردىسى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان زور ئويما بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 51- يىلى (مىلادىيە 1786 - يىلى) ياڭجۇلۇق ئۇستىلار تەرىپىدىن ئويۇلغان. ئېغىرلىقى 832 كىلوگرام، ئېگىزلىكى 145 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 90 سانتىمېتىر، ئايلانمىسى 275 سانتىمېتىر. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن، يېشى 70 تىن ھالقىغان توققۇز نەپەر شائىر زاھىتلىق يولىنى تۇتۇپ، خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرى لوڭمىن ئەتراپىدىكى شياڭشەن تېغىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇ ئويمىدا دەل ئاشۇ توققۇز نەپەر پېشۋانىڭ تاغدىكى تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن.

29. توققۇز ئەجدىھا كوزا: بۇ چىڭ ئوردىسىدا ساقلانغان بۇيۇم بولۇپ، ھازىر خان سارىيى مۇزېيىدا. خوتەننىڭ قارا (توق يېشىل) قاشتېشىدا ئويۇلغان بولۇپ، ئېغىرلىقى 2 مىڭ كىلوگرام، ئەسلى تاشنىڭ شەكلىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، سىرتىقا توققۇز ئەجدىھا ۋە دېڭىز، بۇلۇت نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئېگىزلىكى 134 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ ئەڭ چوڭ دىئامېتىرى 117 سانتىمېتىر، چيەنلۇڭنىڭ 41 - يىلى (مىلادىيە 1776 - يىلى) ئويۇشقا باشلىنىپ، چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى (مىلادىيە 1778 - يىلى) تاماملانغان. ئۈچ

يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان. 9 مىڭ 847 سەر كۈمۈش خەجلەنگەن.

30. چىنار سايەدىكى ھۆرقىز: بۇ خان سارىيى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىزەك بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 38 - يىلى (مىلادىيە 1773 - يىلى) سۇجۇلۇق ئۇستىلار تەرىپىدىن خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان. چىنار ئويۇپ ئېشىپ قالغان قاشتېشىدا يۇمىلاق غار چىقىرىلىپ، غارنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۇمىلاق ئىشىك ئويۇلغان. ئىشىك-نىڭ ئىككى قانتى يېرىم ئاي شەكىللىك ئويۇلۇپ، ئوتتۇرىسىدىن يوچۇق ئېچىپ قىيا ئوچۇق شەكىلدە ئويۇلغان. ئىشىكنىڭ ئىچىگە ۋە سىرتىغا بىردىن ئىككى ھۆرقىز ئويۇلغان. ئۆڭكۈر ئېغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بۈك - باراقسان ئۆسكەن چىنار ئويۇلغان.

31. راۋاقلىق كېچە: بۇ چوڭ ۋە كىچىك ئىككى كېمە بولۇپ، خوتەن كۆك قاشتېشىدا ئويۇلغان. چوڭ كېمىنىڭ ئالدى - كەينىگە ئۆرە تۇرغان ئۈچ كىشىنىڭ ھەيكىلى، كىچىك كېمىگە بىر قېيىقچى ئويۇلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە كۆپ بەرگىلىك ئېغىز ياپقۇچلۇق چىنە، ياقۇت كۆز قويۇلغان چىنە، ئۈچ قوي قاتارلىق ئويمىلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئويۇلغان ئەڭ نادىر ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ 180 تال قىزىل ياقۇتتا كۆز قويۇپ نەقىشلەنگەن قوي مېيى رەڭلىك ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان چىنە ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا چيەنلۇڭخان قايماق چاي ئىچىشكە ئىشلەتكەن.

يۇقىرىقى ئويمىلار جۇ سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان جەرياندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە راۋاجلانغانلىقىنىڭ نامايەن-دىسى بولۇپلا قالماستىن، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىقتىساد، مەدەنى-يەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان جانلىق نامايەندە.

## 2. ياڭجۇ قاشتاشچىلىقى ۋە خوتەن قاشتېشى

قەدىمي «قاشتېشى يولى» ئارقىلىق ئىچكىرى رايونلارغا توشۇلغان خوتەن قاشتېشى ۋە قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، ياڭجۇ قاتارلىق رايونلاردا ياخشى بازار تاپقان ۋە

بۇ رايوننىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. گەرچە جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ياڭجۇ رايونىدىن قاشتېشى چىقمىسىمۇ، لېكىن ياڭجۇلۇقلار خوتەن قاشتېشىنى خام ماتېرىيال قىلىپ، قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى بىلەن داڭ چىقارغان. خان ئوردىسىدا ساقلىنىۋاتقان قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ياڭجۇلۇق ئۇستىلارنىڭ ئويغانلىقى مەلۇم. چيەنلۇڭخان شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن غايەت چوڭ قاشتاشلىرىدىن «دايۇنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» قاتارلىق چوڭ ئويمىلارنى ئويۇشقا مەخسۇس ياڭجۇلۇق ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلغان.

1977 - يىلى ياڭجۇ تاۋگاڭدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ تاش قورال، ساپال بۇيۇم، قاشتېشى بۇيۇملىرى بار قەدىمي ئىز ۋە پۇقرالار قەبرىستانلىقىدىن 16 سى بايقالغان ۋە قېزىلغان. بۇ يەرلەردىنمۇ ئاز بولمىغان خوتەن قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى تېپىلغان. 1949 - يىلىدىن كېيىن ياڭجۇدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمىي قېزىلمىلار ئارىسىدا خەن دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىي يادىكارلىقلار نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىدىن ياڭجۇنىڭ خەن دەۋرىدىكى قاشتېشى ئويمىچىلىقىنىڭ يەنىمۇ راۋاج تاپقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قاشتېشى بۇيۇملىرىدىن، ئادەتتىكى زىننەت بۇيۇملىرى، قاشتېشى بىلەيزۈك، قاشتېشى ھالقىلار، قاشتېشى كېپىنەك، تۆشۈكلۈك قاشتاش (ياپىلاق، يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار بۇيۇم) تىلتۇمار قاتارلىقلار بار. 1980 - يىلى ياڭجۇنىڭ غەربىي شىمالىدىكى گاۋيوۋ كۆلىنىڭ غەربىدىكى خەن دەۋرى قەبرىسى — غەربىي خەن پادىشاھى ۋۇدىنىڭ شاھزادىسى ليۇشۇنىڭ قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئارىسىدا چوڭ تۆشۈكلۈك قاشتاشتىن ئۈچ دانە تېپىلغان بولۇپ، چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 21.8 سانتىمېتىر، ئىككىلا يۈزىگە نەقىش ئويۇلغان. چوڭ تۆشۈكلۈك قاشتاشنىڭ دىئامېتىرى 13.4 سانتىمېتىر بولۇپ، نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغان. ياڭجۇ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئويۇلغان «ئالتە بۇرجەكلىك نىلۇپەر چۆگۈن»، «ياپىلاق ئەجدىھا نەقىشلىك ئاق قاشتېشى ھالقا» خان سارىيى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان «دايۇنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» قاتارلىق ئالتە زور ئويما بۇيۇم، «تاغدىكى كۈزلۈك سەيلە»، «شادىمان توققۇز پېشۋا»، «قىزىل سۇپىدا باھار سەھەرى» پېشىل قاشتاشتا ئويۇلغان «پەلەك ئەجدىھا لوڭقىسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان.

بۇلارنى ئويۇشتىمۇ ياغچۇلۇق ئۇستىلار ئاساسلىق رول ئوينىغان.
كىشىلەرنىڭ «خوتەننىڭ قاشتېشى، ياغچۇنىڭ ھۈنىرى» دېگىنى بىكار ئەمەس، «ئاق قاشتېشى ئېلىپ ياغچۇغا بار» دېگىنى مۇبالىغە ئەمەس. ياغچۇ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى قۇرۇلغان 46 يىلدىن بېرى، خوتەن قاشتېشىنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا 50 نەچچە كىلوگراملىق خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويغان «ئارچا» ، «ياچىۋەك ۋە يېسۋېلەك» ، «مىڭ بۇت ئىلى» قاتارلىق نادىر ئويما سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان.
1983 - يىلى ئويۇلغان «مىڭ بۇت ئىلى» ناملىق ھەيكەلگە ئىشلىتىلگەن ئاق قاشتېشى كېرىيىنىڭ لوش كان رايونى ئالماس كاندىن چىققان بولۇپ، ئېغىرلىقى 944 جىڭ، سۈپىتى ئەڭ ياخشى. يەنە كېرىيىنىڭ ئاق قاشتېشى ئىشلىتىلىپ ئويۇلغان «گۆھەر مۇنار» ناملىق ئەسەر 1973 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1985 - يىلى «نادىر ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمى» بولۇپ باھالىنىپ جۇڭگو ھۈنەر - سەنئەت مۇزېيىغا ئېلىپ كېتىلگەن.

## 3. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قاشتېشى قىزغىنلىقى

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قاشتېشىغا ئىنتىلىش، خوتەن قاشتېشىنى ئەتىۋارلاش، قەدىرلەش خۇاڭدى، يەندى دەۋرىدىن باشلانغان. شۇڭا بۇ دەۋردە ئۇماي سېھرلەشتۇرۇلۇپ، «ئەرشتىن چۈشكەن» قىلىپ تەسۋىرلىنىپ، «ئەجدىھا تاشپاقىنىڭ قاشتېشى تەقدىم قىلىشى» دېگەن رىۋايەت بارلىققا كەلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يەتكۈزۈلگەن قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىيىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوردىدا ئىشلىتىلىشى ۋە ئىنتايىن قەدىرلىنىشى، قاشتېشى ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەرنىڭ ئاۋام ئارىسىغا تارقىلىشى ... قاتارلىقلار خوتەن قاشتېشىنى ئاۋام پۇقرا قەلبىدە سېھرىي تۈسكە ئىگە قىلىپ، بىباھا گۆھەر سانىلىدىغان ئەتىۋارلىق بۇيۇم بولۇپ قالغان. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە قۇلدارلار، ئاقسۆڭەكلەرمۇ قاشتېشى بۇيۇملىرىغا ئېرىشىشتىن سىرت، پۇلدارلار ۋە بايلارمۇ قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋە قاشتېشىغا

ئېرىشكەن. تاش قورال دەۋرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قاشتېشى قىزغىنلىقى قوزغىلىپ، خوتەن قاشتېشى ۋە قاشتېشى قوراللىرى، قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپلەپ يۆتكىلىشىگە سەۋەب بولغان. جۇ سۇلالىسىغا كەلگەندە جۇمۇۋاڭ شۇنچە يىراق جايدىن ئالايىتەن قاشتېشى ماكانى بولغان قاراقۇرۇم تېغى ئېتىكىدىكى ۋادىلارغا كېلىپ، قاشتېشى چىقىدىغان تاغ ۋە دەريا - ئېقىنلارنى زىيارەت قىلىپ كەتكەن.

«تارىخىي خاتىرىلەر، شىيا سۇلالىسى ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۈچ خەۋپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئۈچ مىياۋ (三苗) تەرتىپكە سېلىندى... (خۇلار) ئېسىل قاشتېشى، تاش مارجان، ئېسىل تاش (琅玕) ھەدىيە قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن (بۇ يەردە دېيىلگەن ئۈچ مىياۋ قەبىلىسى كېيىنكى دەۋردىكى چاڭلارنىڭ ئەجدادلىرى بولۇپ، شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭلاردىكى چاڭلار بىلەن ئۇرۇقداش)، بۇ خاتىرىدىن شىيا، شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە قاشتېشى بۇيۇملىرى خاس قاراقۇرۇم ۋادىسىدىكى ئەللەرنىڭ باشقا ئەللەرگە، جۇملىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر خانلىرىغا ھەدىيە قىلىدىغان بۇيۇمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىم ۋادىسىغا يېقىن رايونلاردا ياشىغان باشقا قەبىلە، ئەللەرنىڭمۇ ئەڭ ئېسىل سوۋغىتى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شاڭ سۇلالىسىنىڭ 23 - خاقانى ۋۇدىڭنىڭ خانىشى، 24 - خاقانى زۇكاڭ، 25 - خاقانى زوجىيالارنىڭ قەبرىسىدىن قاشتېشى بۇيۇملارنىڭ ئىنتايىن كۆپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ يۇقىرى سالاھىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يەنە بىر جەھەتتىن شاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىكى قاشتېشى قىزغىنلىقىنىڭ خېلىلا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خۇددى گومورو ئەپەندى: «جۇڭگو تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ئېيتقاندەك، «شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاشتېشى ھۈنەر-سەنئىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. قولدارلاردىن تارتىپ ئاقسۆڭەكلەرگىچە مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ھەممىسى قاشتېشى بېزەك سالاتتى، يەنە قاشتېشىدا ئويۇلغان مۇراسىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتەتتى، يەنى خان تاختا، دەستەك، قورچاق، قىرلىق نەيچە تۈرىدىكى بۇيۇملار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەك سالاھىيىتىنى نامايان قىلاتتى. قاشتېشى بۇيۇملار كۆپ، يەنە ئويۇلۇشى سىپتا، نەپىس بولغان سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ بار ئىدى».

«جۇ ئىكراملىرى» (同礼) دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جۇ

سۇلالىسى دەۋرىدە خان ئوردىسىدىكى بايلىقلارنىڭ تۆكەپ كېتىشىگە قارىماي، قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئەكىلىشۋەرگەندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن غەربىلىك قاشتېشى ئويمىچى ئۇستىلىرى خام ماتېرىيال ئېلىپ كېلىپ ئوردىدا ياساپ ساتقان. شۇڭا «جۇ ئېكراملىرى» دېگەن كىتابتا «قاشتاشچى» (玉人)، «ئويمىچى» (雕人) دېگەن مەخسۇس سەھىپىلەر ئېچىلغان. بۇ خاتىرىلەر ۋە باشتا سۆزلەپ ئۆتكەن جۇمۇۋاڭنىڭ قاراقۇرۇم ۋادىسىغا بارغانلىقى، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاشتېشى بۇيۇملىرىغا مۇناسىۋەتلىك يازما خاتىرىلەر ۋە تېپىلمىلار قاتارلىقلاردىن جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە قاشتېشى قىزغىنلىقىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى دولقۇن قوزغىغانلىقىنى كۆرۈۋالماق قىيىن ئەمەس.

ئەمىنىيە - يېغىلىق دەۋرلىرى جۇڭگو تارىخىدا قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈشتەك زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن دەۋر. بۇ دەۋردە مەرىپەت گۈللىنىپ، قاشتېشى بۇيۇملىرى ئەخلاقلىشىش، دىنىيلىشىش، سىياسىيلىشىشتىكى نەزەرىيە مەيدانىغا كەلگەن. قاشتېشى بۇيۇملىرى تەرەققىياتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولغان. خوتەن قاشتېشىنىڭ ئېچىلىشى ۋە قېزىلىشىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولغان. بۇ دەۋردە خوتەن قاشتېشى سوۋغا - سالام ئىشلىرىدىكى ئەڭ ئېسىل بۇيۇم بولۇپ قالغان. قەدىمي يازما يادىكارلىقلاردا قاشتېشى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇرۇش - ئىسيانلارنى تىنچىتقان، قاشتېشى ئارقىلىق كەچۈرلىككە ئېرىشىش، قاشتېشى ئارقىلىق ئەمەل - مەنسەپكە ئېرىشىشتەك نۇرغۇن ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. قاشتېشىغا بولغان ھەۋەس ۋە ئىنتىلىش ئېشىپ بارغانكى، قىلچە سۇسلاشمىغان. بۇ دەۋردە ئۆتكەن نۇرغۇن كاتتا ئۆلىمالار قاشتېشى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى باشلىغان بولۇپ، ئۇلار قاشتېشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، خوتەن قاشتېشىنىڭ «خاسىيىتى» ئۇقۇمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. سىياسىئون گۇەنجۇڭ، ئۆلىما كۇڭزى قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىگە قاشتېشىنىڭ «خاسىيىتى» گە دائىر مەزمۇنلارنى كىرگۈزگەن. بۇنىڭ بىلەن قاشتېشىنىڭ 11 خاسىيىتى، توققۇز خاسىيىتى، بارلىققا كېلىپ ۋە كەڭ تارقىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، قاشتېشى بۇيۇملىرى يىمىرىلمەس مەنىۋى تۈۋرۈك بولۇپ قالغان. يېغىلىق دەۋرىدە سۇلى پادىشاھ جاۋ خۇبۇنغا يازغان خېتىدە، ئەگەر چىن بەگلىكى لەشكەر تارتىپ شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، شەنشىدىن خېبېيغا

ئۆتۈشتىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغان خېڭشەن، غاز قوۋۇق ۋادىلىرىنى كونترول قىلسا، قاراقۇرۇم قاشتېشى قاتارلىق گۆھەرلەرگە ئېرىشىشتىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى يازغان. دېمەك، بۇ دەۋردىكى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم مەقسىتىنى «قاشتېشى يولى» دىكى ئۆتكەللەرنى ئىگىلەپ، خوتەن قاشتېشىنىڭ ئۆز خاندانلىقلىرىغا كىرىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولغان.

بۇ دەۋردە «ئالىيجانابلار جەتەردىن خالىي بولۇشتا، قاشتېشىنى تەندىن ئېلىۋەتمىگەي» دېگەن ئەقىدە بويىچە، ئېسىلزادىلەرنىڭ ھەممىسى بېشىدىن-ئايىغىچە قاشتېشى بېزەك سېلىپ، يول يۈرگەندە جىلدىرلىتىپ مېڭىشقان. بۇ ھال «يوسۇننامە» (礼记) دە تەسۋىرلىنىپ، «چىركەنلەر ئەدەپ قىلىپ قول باغلار، پۇتلىرىنى قاقار، ئۇندىن جىلدىرلىغان سادالار چىقار» دەپ خاتىرىلەنگەن.

چىن، خەن دەۋرلىرىگە كەلگەندە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قاشتېشى قىزغىنلىقى يەنىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. شەرقىي خەن دەۋرىدە ۋېي خۇڭ يازغان «خەن ئەمەلدارلىرىنىڭ كونا رەسمىيەتلىرى» (汉官旧仪) دېگەن كىتابتا، خەن دەۋرىدە «خاننىڭ ئالتە قاشتېشى مۆھۈرى بار. ھەممىسى ئاق قاشتېشى. مۈڭگۈزسىز ئەجدىھادىن تۇتقۇچ چىقىرىلغان»، «خاننىڭ قاشتېشى مۆھۈرىگە ئالتۇندىن يولۋاس تۇتقۇچ چىقىرىلغان»، «جىنىدىن بۇرۇن، كىشىلەر ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، كەركىدان مۈڭگۈزى، پىل چىشىدا ياسالغان چاسا مۆھۈرلىرىگە لېنتا باغلاپ ئېسىۋالاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىدى. خەن سۇلالىسىدىن بېرى مەنچۇر ئۆزى يالغۇز قاشتېشى مۆھۈر ئىشلىتەتتى. ۋەزىر - ۋۇزرالار ئىشلىتىشكە ھەددى ئەمەس ئىدى» دېگەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇ، قاشتېشىدا ئويۇلغان مۆھۈرنىڭ خان - پادىشاھلارنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەن دەۋرىدە يېزىلغان مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل تارىخىي ئەسەرلەر «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» لەردە خوتەن ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ قالدۇرۇلۇشى، خوتەن قاشتېشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. خەن سۇلالىسىنىڭ خوتەن بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمۇ يەنىلا قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردا يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى شەھەر دۆلەتلىرى شۇ جايدا ئويۇپ ياسالغان ئاز بولمىغان نەپىس قاشتېشى بۇيۇملارنى خان ئوردىسىغا تەقدىم قىلغان. بۇلاردىن

ھازىرغىچە مەلۇم بولغانلىرى «شاپتۇل تىزىلغان پەتنۇس»، «مۇز رەڭلىك پەتنۇس»، «ئۇچقۇر ئەجدىھا»، «چالغۇ ئەسۋاب» قاتارلىقلار بار. بۇ دەۋردە قاشتېشىنى، بولۇپمۇ خوتەن قاشتېشىنى «سېھىرلىك بۇيۇم» دېگەن قاراشلارمۇ بارلىققا كەلگەن ھەم بۇ ھەقتە ئەپسانىلارمۇ بارلىققا كەلگەن. «لەھەت خاتىرىلىرى» ( 洞冥记 ) دە، غەربىي دىياردىكى «ئىلاھە» خەن ۋۇدى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا قاشتېشى چاچ قىسقۇچ تەقدىم قىلغانلىقى، خەن ۋۇدى ئۇنى خانىشى جاۋ جېيۇگە ھەدىيە قىلغانلىقى، كېيىن بۇ قاشتېشى چاچ قىسقۇچنىڭ بىردىنلا ئاق قالغاچقا ئۆزگىرىپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىدەك ئەپسانە خاتىرىلەنگەن. گەرچە بۇ بىر ئەپسانە بولسىمۇ، لېكىن خەن ۋۇدىنىڭ خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرىغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىشى ۋە خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان زوقىنى ئىزھار قىلىپ بېرىدۇ.

بۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بارلىققا كەلگەن خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقىنى تارىم ۋادىسىدىكى قاشتېشى قىزغىنلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. تارىم ۋادىسىدىكى شەھەر دۆلەتلىرى ۋە كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدىمۇ قاشتېشى قىزغىنلىقى ئەۋجىگە چىقىپ، «قاشتېشى يولى» نىڭ گۈللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكلەر ئىچىدە ئالتە پارچە تارىشا پۈتۈكتە خانلىقلارنىڭ، خانىشلارنىڭ ۋە خانزادىلارنىڭ ئۆزئارا مارجان تاش (قاشتېشى) ھەدىيە قىلىشقانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن بىرسىدە، چامما (چەرچەن) خانلىقىنىڭ خانىشىغا ھەدىيە قىلغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. قالغانلىرىدا قايسى خانلىقتىن قايسى خانلىققا ھەدىيە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئالىملار بۇ تارىشا پۈتۈكلەردە ئىشلىتىلگەن يېزىققا ئاساسەن، بۇ تارىشا پۈتۈكلەر غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىماقتا. دېمەك، مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەردە تارىم ۋادىسىدا قاشتېشى قىزغىنلىقى يەنىلا يۇقىرى دولقۇندا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، «قاشتېشى يولى» دىكى قاشتېشى سودىسىنىڭ راسا گۈللىنىشىگە ئاساسىي سەۋەب بولغان.

خەن دەۋرىدە تازا گۈللەنگەن «قاشتېشى يولى» دىكى قاشتېشى سودىسى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قاشتېشى قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. خەن ۋۇدىنىڭ

«قاش قوۋۇق» نى بەرپا قىلىپ مۇھىم ئۆتكەل قىلىشى ۋە «غەربىي يۇرت قوۋۇقچى بەگ مەھكىمىسى» قۇرۇپ، چېرىك تۇرغۇزۇپ، قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپلەپ كىرىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قاشتېشى قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بېرىدۇ.

«تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، خەن ۋېندى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 179 ـ 159 ـ يىللىرى) «بىرى خانلىق ئىبادەتخانىنىڭ كىرىش ئېغىزى ئالدىغا قويۇلغان قاشتېشى ھالقىنى ئوغرىلىۋالغان، (ئوغرى) تۇتۇلغاندىن كېيىن، ۋېندى غەزەبلىنىپ، قاتتىق جازالىغان». كىچىككىنە بىر قاشتېشى ھالقىنىڭ خانلارنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىغا قويۇلۇشى، قاشتېشى ھالقىنى ئوغرىلاش ئىشىنىڭ تارىخقا يېزىلىشى، بۇ دەۋرلەردە قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ نەقەدەر ئەتىۋارلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تەرىقەتچى گېخۇڭ «كىمياگەرلىك» (抱朴子) دېگەن كىتابىدا، «ئالتۇن بىلەن قاشتېشى ئۆلگۈچىنى (جەسەتنى) چىرىتمەيدۇ» دەپ يازغان. بۇ خىل ئەقىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئەقىدىنىڭ تەسىرى بىلەن خانلارنىڭ، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەمەلدار ـ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جەستىگە ئالتۇن بۇيۇملار بىلەن قاشتېشى بۇيۇملارنى بىرگە دەپنە قىلىش بارلىققا كەلگەن. خوتەن قاشتېشىدا «زەر بېلىق قاشتېشى كىيىم» ياسىلىپ، پادىشاھلارنىڭ كېپىنى قىلىنىشمۇ شۇ ئەقىدىنىڭ تەسىرىدىن بولغان.

ۋېي، جىن، جەنۇب، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي دىياردا يۈز بەرگەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى «قاشتېشى يولى» دىكى قاشتېشى سودىسىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يۆتكەلگەن قاشتېشىنىڭ مىقدارى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىگە كەلگەندە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قاشتېشى قىزغىنلىقى قايتىدىن ئەۋج ئېلىپ، خوتەن قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپلەپ يۆتكىلىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا خان ـ پادىشاھلار خوتەن رايونىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، كۆپ مىقداردا قاشتېشى بۇيۇملىرى ئالدۇرۇپ كەلگەن. «يېڭى تاڭنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، دېڭىزلىق

ئىچكى ئەمىر ئامبىلى جۇ رۇيۇنى ئۇدۇنغا بېرىپ قاشتېشى بۇيۇمى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىغان. جۇرۇيۇ نۇرغۇن قىممەتلىك قاشتېشى بۇيۇملىرى ئېلىپ كەلگەن. ئۇ بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى يۇتۇۋېلىش غەرىزىدە خانغا قاشتېشى بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمىنى يول ئۈستىدە باشقىلار ئوغرىلىۋالدى، دەپ يالغاندىن مەلۇم قىلغان. بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، جۇرۇيۇ ئېنجۇغا پالىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

قەدىمكى سۇلالىلەردە قاشتېشى ئىشلىتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە ۋە خاتىرىلەر نۇرغۇنزۇلغان. بەزى سۇلالىلەردە قاشتېشى بۇيۇملىرى ئەمەلدارلارنىڭ مەنسەپ - مەرتىۋىسىگە ئاساسەن ئىشلىتىش بەلگىلەنگەن بولسا، بەزى سۇلالىلەردە پۇقرالارنىڭ قاشتېشى ئىشلىتىشى ۋە ئېلىپ سېتىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. تاڭ دەۋرىدىكى مازۇڭ يازغان «سەنئەت گۈلزارى» دېگەن كىتابتا: «خوتەن قاشتېشىنى بېزەك قىلمىغانلار، ئوردىدىكى كاتتىلار زىياپىتىگە ئىشتىراك قىلالمايدۇ» دېيىلگەن.

خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان بۇيۇملار خەلق ئارىسىدا سېھىرلەشتۈرۈلۈپ، سىرلىق بۇيۇمغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «مېھماندارچىلىقتىكى پاراڭلار» ( 客窗闲话 ) دېگەن كىتابتا، قاشتېشى چاشقان ھەققىدىكى رىۋايەت خاتىرىلەنگەن: تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرىدا ئۇدۇن دۆلىتى تەقدىم قىلغان بىر قاشتېشى چاشقان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن يوقاپ كېتىپتۇ. كېيىن بىر كىشى، جاڭ فامىلىلىك بىر شېكەر سانقۇچىغا بىر تاش چاشقاننى ئېلىپ كېلىپ شېكەرگە تېگىشىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. جاڭ بۇ تاش چاشقاننى يۈز مىسقال شېكەرگە تېگىشىپ، ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ قارىسا بۇ چاشقان ئىنتايىن سىلىق ۋە پارقىراق، ئىككى كۆزى قىزىل بولۇپ، نۇر چېچىپ تۇرغان بىر قاشتېشى چاشقان ئىكەن. جاڭ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بۇ قاشتېشى چاشقاننى يۇقىرى باھادا ساتماقچى بولۇپتۇ. بىر كەسىپ ئەھلى جاڭغا بۇ چاشقاننىڭ ھەقىقىي قاشتېشىدا ئويۇلغان چاشقان ئىكەنلىكىنى، 5 يۈز سەر ئالتۇنغا يارايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا يۇرتىغا قايتقان بىر ئەمەلدار كەڭ تۈردە قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى يىغىۋاتقانىكەن. ئۇ بۇ چاشقاننى كۆرۈپ، سېتىۋالماقچى بولۇپ ئۆيىگە ئەكەلدۈرۈپتۇ ۋە زىياپەت تەييارلاپ، بۇ چاشقانغا ئېرىشكەنلىكىگە تەنتەنە قىلىپتۇ. كەچتە ئۇ بۇ چاشقاننى ئۈستەل ئۈستىگە تىزىپ قويۇپ، چىراغ يورۇقى ئاستىدا تاماشا قىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، چاشقان قىزىل

نۇر چېچىپ، بارغانسېرى نۇرى كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. 12 - جىسەك ۋاقتى بولغاندا، چاشقان ئۆي ئىچىنى ئايدىڭدەك يورۇتۇۋېتىپتۇ. ئەمەلدار ئادەم ئەۋەتىپ چاشقاننىڭ باھاسىنى سورىغانىكەن، سودىگەر جاڭ ھولۇقۇپ كېتىپ، بەش يۈز سەر ئالتۇن دەيمەن دەپ 50 مىڭ سەر ئالتۇن دەپ تاشلاپتۇ. ئەمەلدار كۈلۈپ تۇرۇپ، 50 مىڭ سەر ئالتۇن بولسا ھېچ گەپ ئەمەس. لېكىن پۇشايمان قىلمىسىلا بولدى، دەپتۇ. كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ چاشقاننىڭ يوقاپ كەتكەن قاشتېشى چاشقان ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىپتۇ. گەرچە بۇ ئەپسانە تۈسىنى ئالغان رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن بۇ رىۋايەتتىن شۇ دەۋردىكى خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىقىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كىشىلەرنىڭ قاشتېشىغا بولغان چوقۇنۇشىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بولۇپمۇ جىنى، خەن، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىللىرىدە غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى ۋە قاشتېشىنى ئەكىلىۋېرىپ، ئوردا مالىيىسىنى قەرزگە بوغۇپ، پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇڭا مىلادىيە 714 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خەزىنىگە مەسئۇل ۋەزىرى لىيۇزې ( 柳泽 ) تاڭ شۇەنزۇڭغا: «ئىلگىرىكى خانلىقلار قاشتېشىغا بېرىلىپ كېتىپ، خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغاچقا گۇمران بولدى. (بىزنىڭمۇ) خەزىنىمىز قۇرۇقدىلىپ خەتەرلىك ھالەتتە تۇرغاچقا، ئادەم ئالدايدىغان غەلىتە قاشتېشى ئەۋجىگە چىقتى. كەمىنىلىرى پەرمان چۈشۈرۈپ، قاشتېشى ئالغان - ساتقانلارنى قاتتىق جازالىغايلا ...» دېگەن («كىتابلار جەۋھىرى» ( 册府元龟 ) 546 - جىلد). بۇ باياندىن قارىغاندىمۇ تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى سۇلالىلەرنىڭ ئوردا خەزىنىسىنىڭ قۇرۇقدىلىپ كېتىشىگىمۇ قارىماي قاشتېشى بۇيۇم سېتىۋېلىشى، بۇ دەۋرلەردىكى خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، خوتەن قاشتېشىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق بۇيۇم ئىكەنلىكىنى، خوتەن قاشتېشىغا چوقۇنۇش ئېڭىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خوتەن قاشتېشىغا بولغان بۇ خىل قىزغىنلىق كېيىنكى سۇلالىلەردىمۇ ئىزچىل داۋام قىلغان. ئوردا ۋە ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقى ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدىمۇ زور تەسىر پەيدا قىلغان. بەزى چوڭ شەھەرلەردە مەخسۇس قاشتېشى

بۇيۇملىرى بازىرى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خاڭجۇدا بارلىققا كەلگەن «يەتتە گۆھەر بازىرى» دىكى ئاساسلىق گۆھەر بولسا خوتەن قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى ئىدى. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» «سۇ بويىدا» قاتارلىق كلاسسىك رومانلاردىمۇ خوتەن قاشتېشىغا بولغان قىزغىنلىقنىڭ سىماسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدە يېزىلغان تارىخىي كىتابلار، شېئىرىي ئەسەرلەر ۋە رومانلارنىڭمۇ ھەممىسىدە دېگۈدەك خوتەن قاشتېشى ھەققىدىكى خاتىرىلەر، بايانلار ۋە ھېكايەتلەر بار. خوتەن قاشتېشىنىڭ چىقىش ئورنى، خوتەن قاشتېشىنىڭ خانلارغا سوۋغا قىلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلاردىن باشقا، داڭدار ئويمىچىلار، قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىنىڭ تەزكىرىسى قاتارلىق خاتىرىلەرمۇ بار. بۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ يازما پاكىتلىرىدۇر.

بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ (1736 ـ 1796 ـ يىللار) دەۋرىدە خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، بۇ دەۋرلەردە قېزىلغان خوتەن قاشتېشىمۇ مىقدار جەھەتتىن تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى ياراتقان. بۇ دەۋردە قېزىلغان ۋە خان ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىلگەن قاشتېشىنىڭ مىقدارى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۇنداق زور كۆلەمدە قاشتېشى قېزىش زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە كۆرۈلۈپ باقمىدى. شۇ دەۋرلەردە شىنجاڭ خەلقىگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن 1 ـ چوڭ يېغىلىق «قاشتېشى يېغىلىقى» بولسا، 2 ـ چوڭ يېغىلىق «جىگدە يېغىلىقى» ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە، مالىيە ـ ئىقتىسادىنىڭ ئاجىزلىشىشى، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى، چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىشىشى، ئەپيۇندىن ئىبارەت بۇ زەھەرنىڭ يامراپ كېتىشى... قاتارلىق بىرقاتار ئەھۋاللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە سوۋۇتۇپ، قاشتېشى ئوبوروتىنى تۆۋەن باسقۇچقا چۈشۈرۈپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن خوتەن رايونىدىكى بەزى قاشتېشى كانلىرى تاشلىنىپ قالدى ياكى شەخسلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، خوتەن رايونىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قاشتېشى كان ئىدارىلىرى ۋە ئويمىچىلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ،

قاشتېشى قېزىش ۋە ئويمىچىلىق ئىشلىرى قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان. ياڭجۇ، بېيجىڭ، شاڭخەي، سۇجۇ ... قاتارلىق جايلاردا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ، قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى كەسپلىشىش يولىغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، قاشتېشىغا ئىنتىلىشتىن كۆرە، قورساق تويغۇزۇشقا، خاتىرجەملىككە ئىنتىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئويۇلغان قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقى قايتىدىن قوزغىلىپ، خوتەن قاشتېشى ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقتەك ھالەت شەكىللەندى. قەدىمكىلەرنىڭ «قاشتېشى كىشىنى بالايىئاپەتتىن ساقلايدۇ» دېگەن قارىشى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، قاشتېشى بېزەك سېلىش، بولاپكا، كەمەر بېزەك ئېسىش مودا بولدى. بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ چىرايى شەكلىدە ئويۇلغان كەمەر بېزەك ئېسىشى، بولاپكا ئېسىشى، ئاياللارنىڭ مارجان، بىلەيزۈك سېلىشى كەڭ ئومۇملاشتى. خوتەن قاشتېشى سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ ياخشى بازار ۋە يۇقىرى باھا تاپتى. خوتەن قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىنىڭ مودا بولۇشىغا ئەگىشىپ، خوتەن قاشتېشىنىڭ كىشىلەرنى بالايىقازالاردىن ئامان ساقلاپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ھازىرقى زامان رىۋايەتلىرىمۇ كۆپىيىپ باردى. يەنى، پالانى يەردە يۈز بەرگەن ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىش ھادىسىسىدە ئۈچ ئادەم ئامان قاپتۇ. بۇ ئايروپىلاندىكى 120 كىشىدىن پەقەت مۇشۇ ئۈچ كىشىنىڭلا خوتەن قاشتېشى بېزەك بۇيۇمى بار ئىكەن. پوكۈنى يەردە پويىز رېلىستىن چىقىپ كېتىش ھادىسىسىدە ئامان قالغان 65 كىشىنىڭ ھەممىسىدە خوتەن قاشتېشى بېزەك بۇيۇمى بار ئىكەن. پالانى يەردە ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن بىر ئاپتوبۇستا يەتتە كىشىلا ھايات قاپتۇ. ئاپتوبۇستىكى 30 كىشى ئىچىدىن پەقەت مۇشۇ يەتتە كىشىلا قاشتېشى بېزەك تاقىغانىكەن ... دېگەندەك رىۋايەتلەر كىشىلەرنىڭ قاشتېشىغا ئىنتىلىش، قاشتېشىغا چوقۇنۇش ئىدىيىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقىنى بارغانسېرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈۋاتىدۇ.

شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بىر قىسىم مەككار تىجارەتچىلەر

خوتەن قاشتېشىنىڭ مودا بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كاۋاشتا ئويۇلغان ياكى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ كاۋاشلىرىدا ئويۇلغان بۇيۇملارنى «خوتەن قاشتېشى» ماركىلىق قاپلارغا قاچىلاپ سېتىپ، كىشىلەرنى ئالداۋاتىدۇ. بۇ ھال قاشتېشى بازارلىرىدا راست بىلەن ساختىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدى.

ئۇزاق تارىخي دەۋرلەردىن بېرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە راۋاجلىنىشىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئويمىچىلىق سەنئىتىدىن باشقا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. خەنزۇ تىلى يېزىقشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خەنزۇ تىلىدىكى قاشتېشى ( 玉 ) خېتى «پادىشاھ» ( 王 ) خېتىگە تاج ياكى بېزەك مەنىسىدە بىر چېكىت قوشۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ قاشتېشىنىڭ خان - پادىشاھلارنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، تەڭ قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان خەتلەر 玉 (قاشتېشى) خېتى ئارقىلىق تۈزۈلگەن. مەسىلەن: 宝 (گۆھەر)، 国 (دۆلەت)، 钰 (گۆھەر) دېگەنلەرگە ئوخشاش. قاشتېشى خانلارغا خاس، خان - پادىشاھلارنىڭ ئەتىۋارلىق گۆھىرى دېگەن ئۇقۇم بويىچە قاشتېشىدا ياسالغان بۇيۇم ۋە قاشتېشىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان خەتلەرگە پادىشاھ مەنىسىدىكى 王 خېتى قوشۇپ تۈزۈلگەن. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قاشتېشى ھالقا 环 | قاشتېشى خانتاختا 玠、珽 |
| ئېغىزلىق 玲 | تاقاچاق 璜 |
| مارجان 珠 | قاشتېشى مونچاق، زىرە 珥 |
| جۈپتەك 琚 | يولۋاس 琥 |
| ئاسترونومىيىدە ئىشلىتىدىغان يوغان قوچاق 瑷、珙、瑄 | نەي 琯 |
| قاشتېشى قىرلىق نەيچە 琮 | ھالقا 璩、珰 |
| دەستەك 璋 | كومزەك 瓒 |
| | قۇلاققا قىستۇرىدىغان قاشتېشى 瑱 |

گۈزەل قاشتېشى دېگەن مەنىسىدىمۇ ئاز بولمىغان خەتلەر

تۈزۈلگەن. مەسىلەن: 璐، 瑾، 玫، 瑰، 珲، 琨، 琰، 玙، 璠، 琼، 珙، 琦، 璇، 琳، 璩، 瑶، 珵، 瑁 دېگەندەك.

قاشتېشىنىڭ خىللىرى، تۈرلىرىمۇ خەنزۇ تىلىدا نۇرغۇن سۆزلەرگە ئايرىلغان. مەسىلەن:

玮، 玢، 珅، 珖، 珝، 𪻐، 珣، 瑭، 琡، 瑫، 璲، 瑑 دېگەنگە ئوخشاش.

قاشتېشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا تاشلار ۋە قاشتېشىدىن كېيىن تۈرىدىغان ئەتىۋارلىق تاشلارغىمۇ 王 خېتى يان بۆلەك قىلىنىپ ئىسىم ياسالغان. مەسىلەن: 玏، 瑨، 瑛، 珉، 珂، 瑩، 玖، 璕، 珷، 璁، 琎، 瓀 دېگەندەك.

بۇلاردىن باشقا، قاشتېشىنى يونىغاندا، كەسكەندە، بىر - بىرىگە ئۇرغاندا چىقىدىغان ۋە قاشتېشى بېزەكلەر بىر - بىرىگە تەگكەندە چىقىدىغان ئاۋازلارغىمۇ 王 خېتى يان بۆلەك قىلىنىپ، ئىملىق سۆزلەر تۈزۈلگەن.

قاشتېشى بۇيۇمى سېلىش، ئېسىشلارغىمۇ ئوخشىمىغان خەتلەر تۈزۈلگەن. مەسىلەن: 玎、玱、玐、瑢、琤、瑝

قاشتېشى جۇلالىغاندا چاچىدىغان نۇرغىمۇ 王 خېتى يان بۆلەك قىلىنىپ سۆز ياسالغان. مەسىلەن: 玓、璟、瑛

قاشتېشى بۇيۇملىرى سېلىش (تاقاش)، ئېسىشلارغىمۇ ئوخشىمىغان خەتلەر تۈزۈلگەن. مەسىلەن: 王肖、王弟、王巳

بۇلاردىن باشقا قاشتېشىنىڭ خالى (قاشتېشىدىكى قارا چېكىت) 玷، قاشتېشىدىكى تەبىئىي سىزىقچىلار 王编، قاشتېشىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان رەڭلىك شوينا (لېنتا) 王喿 دەپ ئاتالغان. يامغۇر تىلەشكىمۇ مەخسۇس قاشتېشىدىن جابدۇق ياسىلىپ، ئۈستىگە ئەجدىها سۈرىتى نەقىشلىنىپ ئىشلىتىلگەن. بۇ بۇيۇم 珑 دەپ ئاتالغان.

ئومۇمەن قىلغاندا، خەنزۇ يېزىقىدىكى 王 خېتى «قاشتېشى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يان بۆلەك بولۇپ قالغان. بۇ يان بۆلەك ئارقىلىق تۈزۈلگەن خەتلەردىن «پادىشاھ، خان» دېگەن مەنە چىقمايدۇ.

يۇقىرىقىدەك بىرقاتار ئەھۋاللار كىشىلەر ئىڭىدا خوتەن قاشتېشىنى سېھرىي كۈچكە ئىگە خىسلەتلىك بۇيۇم دېگەن ئاڭنى شەكىللەندۈرۈپ، قاشتېشى قىزغىنلىقىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىشىغا سەۋەب بولغان. رىۋايەتلەردىكى ئاي پەرىسى چاڭئېنىڭ يېقىن ھەمرىيى ئاق توشقان «قاشتېشى توشقان (玉兔)» دەپ تەسۋىرلىنىپ، كېيىنچە بۇ سۆز «ئاي» دېگەن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن. قاشتېشىنى ئۇلۇغلاش نۇقتىسىدىن «ئاسمان خۇداسى» 玉皇大帝 دەپ ئاتالغان. پادىشاھلار ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى ئىززەتلەپ ساقلىق سورىغان ۋە تىلىگەندە، «قاشتېشى تەنلىرى» (玉体) دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان. قەدىمكى دەۋرلەردىكى بېرىش - كېلىشلەردە قاشتېشى بىلەن يىپەك ئاساسلىق سوۋغات بۇيۇمى بولغاچقا، بۇ ئىككى نەرسە بىرلەشتۈرۈلۈپ 玉帛 دەپ ئاتالغان (帛 bo يىپەك).

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن «ئاسمان ياماشقا ئىشلىتىلگەن تاش» قاشتېشىنى كۆرسىتىدۇ. «ئاسمان ياماشقا يارىماي زېمىنغا تاشلىۋېتىلگەن تاش» كېيىن لىن دەييۇ بىلەن جيا باۋيۇ بولۇپ تۆرىلىپ «قاشتېشى چىشلەپ تۇغۇلغان» قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قاشتېشى قىزغىنلىقى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان.

قىسقىسى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۇنىڭدىن 4 ـ 5 مىڭ يىللار ئىلگىرى پەيدا بولغان خوتەن قاشتېشى قىزغىنلىقى تاكى ھازىرغا قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ قىزغىنلىق خوتەن قاشتېشىنىڭ يەنىمۇ كەڭ ئېچىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ۋە داۋاملىق شۇنداق بولغۇسى.

## 4. چيەنلۇڭ خان ۋە خوتەن قاشتېشى

مىلادىيە 1816 ـ يىلى ئەيشىنجۇرۇ نۇرخاچ تەرىپىدىن قۇرۇلغان كېيىنكى جىن سۇلالىسى مىلادىيە 1636 ـ يىلى بەگلىك نامىنى چىڭ (清) غا ئۆزگەرتتى. مىلادىيە 1644 ـ يىلى ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، مىڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، چىڭ خاندانلىقىنى تىكلىدى. مىلادىيە 1662 ـ يىلى كاڭشى تەختكە چىققاندىن كېيىن، قانۇن ـ

تۇزۇملەرنى ئىسلاھ قىلىپ، دۆلەت ئىقتىسادىنى گۈللەندۈردى. چيەنلۇڭ (ئەيشىنجۆرۇ خۇڭلى، 1711 ـ 1799 ـ يىلىغىچە ياشىغان، 1736 ـ يىلىدىن 1795 ـ يىلىغىچە خان بولغان) تەختكە چىققان دەۋرلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتى تازا گۈللەنگەن دەۋرلەر بولۇپ، هازىرقى شىنجاڭدىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىنمۇ، ئوردىدا ۋە پۇقرالار ئارىسىدا خوتەن قاشتېشى يەنىلا ئەتىۋارلىق بۇيۇم بولۇپ كەلگەن. پادىشاھلار ئىلگىرىكى سۇلالىلەردىن قالغان قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىنى ئوردىغا يىغىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي يۇرتتىن كۆپلەپ قاشتېشى ۋە قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىنى كىرگۈزگەن.

چيەنلۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتەن قاشتېشىغا بولغان ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. ئۇ جۇڭغارىيەدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، تارىم ۋادىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك بەگلىكلەرنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇ رايونلاردىمۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈپ، خوتەن قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ۋە خان ئوردىسىغا كۆپلەپ كىرىشىگە ئاساس سالدى. شۇ دەۋرلەردە شىنجاڭ رايونى خان ئوردىسىغا خوتەن قاشتېشى ئۆلپان تۆلىگەندىن باشقا، چيەنلۇڭ يەنە خوتەن رايونىغا ئەمەلدار ئەۋەتىپ قاغىلىق ۋە خوتەندە خان ئامبال مەھكىمىسى قۇرۇپ، مەخسۇس قاشتېشى قازدۇرۇپ، ئوردىغا يۆتكىدى. مىلادىيە 1761 ـ يىللىرى خان ئامبال (办事大臣) گاۋپۇ خوتەن رايونىغا كېلىپ، بارلىق قاشتېشى چىقىدىغان ئېقىنلار ۋە كان رايونلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە قاشتېشى قازدۇردى. پەقەت يۇرۇڭقاش دەرياسىغىلا دەسلەپ 10 مىڭ گۇناھكارنى يىغىپ، قاشتېشى قازدۇرغاندىن كېيىن ئادەم كۈچى يېتىشمەي، دېھقانلارنى ھاشارغا تۇتۇپ، 30 مىڭ ئادەم ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋادىسىنى ئومۇميۈزلۈك كولاپ، قاشتېشى قازدى. مىرداي كاندا يىل بويى ئۈچ مىڭ ھاشارچى ئۆكسىمەي قاشتېشى قازدى. كېرىيە ناھىيىسىدىكى ئالماس كاندا يىل بويى ئوتتۇرىچە 1 مىڭ 200 ھاشارچى قاشتېشى قازدى. بۇلاردىن باشقا قارا قاش دەرياسى، يەكەن دەرياسى، يېڭىسار دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، چەرچەندىكى ئالتۇنتاغ قاشتېشى كان رايونى، گۇمىدىكى سانجۇ كان رايونى ... قاتارلىق جايلاردىمۇ ھاشارچىلار يىل بويى

قاشتېشى قېزىش بىلەن مەشغۇل بولدى. مانا بۇ، خوتەن ۋە يەكەن رايونىدىكى كەڭ خەلققە نۇرغۇن بالايىئاپەت ۋە جەبىر - جاپالارنى كەلتۈرگەن «قاشتېشى يىغىلىقى» بولۇپ، بۇ يىغىلىق چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (مىلادىيە 1761 - يىلى) دىن جياچىڭنىڭ 17 - يىلى (مىلادىيە 1813 - يىلى) غىچە ئۇدا 52 يىل داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋادىسىدا 5 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئات - ئۇلاغ ئۆلدى. مىرداي كانىدا 3 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئات - ئۇلاغ ئۆلدى.

بۇ دەۋرلەردە قېزىلغان قاشتېشىنى ئېلىپ كېتىدىغان خان ئامبال، ۋەزىرلەر ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. قاشتېشى قېزىشتىن باشقا، قېزىلغان تاشلارنى خان ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈنۈمىدىنمۇ جاپالىق ئىش ئىدى. بۇ ۋەزىپىمۇ يەنىلا پۇقرالارنىڭ بېشىغا كېلىپ، قاشتېشى توشۇش يولىدا ئۆلگەن ئادەم، ئات - تۆگىلەر ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. مىلادىيە 1776 - يىلى قاغىلىقتىكى مىرداي كانىدىن تۇۋرۇكسىمان غايەت زور بىر پارچە قاشتېشى قېزىلغان بولۇپ، ئېغىرلىقى ئون تونىنىدىن ئاشاتتى. بۇ تاشنى كان رايونىدىن قاغىلىققا يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن، ئۈچ يېزىدىن يىغىلغان 10 مىڭدىن ئارتۇق ھاشارچى تاڭ - تاڭ سوغۇق قىشتا تاغ يوللىرىغا سۇ چېچىپ مۇز تۇڭقۇزۇپ، تاشنى مۇز ئۈستىدە سىرغىتىپ ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭدى. يېرىم يولغا كەلگەندە، تاش بىر ئازگالغا دومىلاپ كېتىپ، ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە بولۇپ چېقىلىپ كەتتى. گاۋپۇ بۇ سەۋەبلىك ئۈچۈن تاشنى يۆتكەشكە مەسئۇل بولغان ئىككى نەپەر سانغۇننىڭ بېشىنى ئالدى ھەمدە تاشنىڭ بىر پارچىسىنى شۇ ئازگالغا كۆمدۈرۈۋېتىپ، بىر پارچىسىنى داۋاملىق ئېلىپ ماڭدى. 10 مىڭ كىشىنىڭ ۋە نۇرغۇن ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئۈچ ئايغا يېقىن جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق، ئالتە تونىنىدىن ئاشىدىغان بىر پارچە قاشتېشى قاغىلىققا ئېلىپ كېلىندى. بۇ تاشنى خان ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 300 ئات - ئۇلاغ، 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئىشقا سېلىنىپ، كۈنلۈكى بەش چاقىرىمدىن 7 ~ 8 چاقىرىمغىچە يول يۈرۈپ، ئۈچ يىلدا خان ئوردىسىغا يەتكۈزۈلدى. يول بويى ئۆلگەن ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئورنىغا ئات - ئۇلاغ، ئادەمنىڭ ئورنىغا ئادەم سەپلەندى. چيەنلۇڭ خان بۇ تاشنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە ياڭجۇدىن ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ، 10 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش خەجلەپ، مىلادىيە 1781 - يىلىدىن

1787 ـ يىلىغىچە ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «دايۈنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» ناملىق زور ئويمىنى ئويدۇردى. كېيىن چيەنلۇڭ خان بۇ ئويمىغا بېغىشلاپ نەزمە يازدى. بۇ ئويمىنىڭ ئېغىرلىقى 5 مىڭ 350 كىلوگرام، ئېگىزلىكى 224 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 96 سانتىمېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە بىردىنبىر ئەڭ چوڭ قاشتېشى ئويمىدۇر.

بۇ دەۋردە خوتەن تەۋەسىدىكى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 10 دىن ئارتۇق ئورۇندىن نۇقتىلىق قاشتېشى قېزىلغان. «بامبۇك راۋاقتىكى ئەبجەش خاتىرىلەر» (个个叶亭杂记) دېگەن كىتابتا، بەش ئورۇن خاتىرىلىنىپ، «خوتەندە قاشتېشى چىقىدىغان ئۈچ جاي بار. ئۇلار، يۇرۇڭقاش، قاراقاش، ساڭگۇشۇيا 桑谷树雅 (قايسى جاي ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. قاراڭغۇ تاغ بولسا كېرەك 哈琅圭 دىن خاتىرىلەنگەن. قاراڭغۇ تاغ بولسا كېرەك تاغ دەپ 塔克 خاتىرىلەنگەن. ھازىر چىرا ناھىيىسىنىڭ نۇرى يېزىسى تەۋەسىدە دېيىلىدۇ). پەقەت يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاشتىلا ھەقىقىي قاشتېشى چىقىدۇ» دېيىلگەن. «غەربىي ديار ئېقىن خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا: «چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (مىلادىيە 1761 ـ يىلى) شەرق غەربتىكى ئىككى دەريا ۋە قاراڭغۇ تاغ (哈朗归山) دىن ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە قاشتېشى قېزىلغان. 48 ـ يىلى (مىلادىيە 1783 ـ يىلى) ساڭگۇشىيادىن قاشتېشى قېزىش قوشۇلدى، 52 ـ يىلى (مىلادىيە 1878 ـ يىلى) ئەتىيازدا قېزىش توختىتىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇلار ئاساسلىقى دەريادىن قاشتېشى قېزىش نۇقتىلىرىدۇر. يەنە لوپ ناھىيىسىنىڭ چوڭ قومات ۋە كىچىك قومات (ھازىرقى قومات پاششىيىم) دېكى چۆلدىمۇ توپا ـ تاشلارنى قېزىپ، قاشتېشى كولانغان. بۇ يەردىن ئەڭ ئېسىل بولغان قوي مېيى رەڭگىدىكى ئاق قاشتېشى قېزىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر شياۋشيۇڭ بىر شېئىرىدا ئىزاھلاپ مۇنداق يازغان: «خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى (شەرقىي شىمال بولۇشى كېرەك ئىدى) دىن 60 چاقىرىم نېرىدا كىچىك قومات بار. يەنە 60 چاقىرىم نېرىسىدا چوڭ قومات بار. بۇ ئىككى ئورۇندىن سىرتقى پوستى چىلاندەك قىزىل ئاق قاشتېشى (قوي مېيى رەڭگىدىكى) چىقىدۇ. چۆلنى كولاپ قېزىلىدۇ».

شۇ دەۋرلەردە، كان رايونىدىن قاشتېشى قازىدىغان ھاشارچىلار ۋە لەشكەرلەرنىڭ يېيىشى ئۈچۈن يۇرت ـ يۇرتقا ئاشلىق، مال ـ چارۋا ئالۋان قويۇلغان. يىغىلغان مال ـ چارۋىلار كان رايونى ئەتراپىدىكى

ياخشى ياىلاقلارنى ئىگىلەپ بېقىلغان. شۇڭا مىرداي كان جايلاشقان رايوندىكى چوڭ ياىلاق، كېرىيەدىكى ئالماس كان جايلاشقان رايوندىكى چوڭ ياىلاق، خوتەن ناھىيىسىنىڭ قاراڭغۇ تاغىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ ياىلاق «خان ياىلاق» دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ.

بۇ 52 يىل جەريانىدا قېزىلغان قاشتېشىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. ئارخېئولوگلار ۋە تارىخچىلار: «ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 4 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق قاشتېشى قېزىلغان. ئوردىغا جەمئىي 200 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق قاشتېشى يۆتكەلگەن دەپ مۆلچەرلىمەكتە. ئوردىغا ئۆتكۈزۈلگەن قاشتېشىنىڭ مىقدارى توغرىسىدا شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان بىرقانچە كىتابقا تەپسىلىي سان - سىپىرلار خاتىرىلەنگەن. يەنى، «غەربىي يۇرت ئېقىن خاتىرىلىرى» دا خاتىرىلىنىشىچە، ھەر يىلى ئوردىغا يۆتكەلگەن قاشتېشى 4 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا بولغان. يۇقىرىقى كىتاب ۋە داۋگۇاڭنىڭ 1 - يىلى كۆچۈرۈلگەن خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ جەرياندا ئوردىغا يۆتكەپ كېلىنگەن خوتەن قاشتېشىنىڭ سان مىقدارى تۆۋەندىكىدەك:

| ۋاقتى (چيەنلۇڭنىڭ) | سانى | مىقدارى |
|---|---|---|
| 25 - يىلى (1760 - يىلى) | 120 پارچە | |
| 36 - يىلى (1771 - يىلى) | 12 پارچە | 4040 جىڭ |
| 37 - يىلى (1772 - يىلى) | 52 پارچە | 4092 جىڭ |
| 41 - يىلى (1776 - يىلى) | 6 پارچە | 20 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق |
| 44 - يىلى (1779 - يىلى) | 18143 پارچە | 9 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق |
| 45 - يىلى (1780 - يىلى) | 1 پارچە | |
| 49 - يىلى (1984 - يىلى) | 800 پارچە<br>مۆھۈرلۈك 80 دانە | 4752 جىڭ |
| 55 - يىلى (1790 - يىلى) | 72 پارچە | |
| (جياجىڭنىڭ) 4 - يىلى (1799 - يىلى) | 3 پارچە | چوڭى 10 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق، كىچىكى 3 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق |
| 11 - يىلى (1806 - يىلى) | 2132 پارچە | 3446 جىڭ 13 سەر |
| 14 - يىلى (1809 - يىلى) | 1956 پارچە | 4033 جىڭ 13 سەر 3 مىسقال 9 پۇڭ |
| 17 - يىلى (1812 - يىلى) | | 2 مىڭ جىڭ |
| 18 - يىلى (1813 - يىلى) | 1240 پارچە | 2058 جىڭ 2 سەر 6 مىسقال |

بۇ قاشتاشلارنىڭ ھەممىسىدە دىگەدەك ھەر خىل بۇيۇملار

ئويۇلغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە كىچىككرەكلىرى ھەر خى
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئورنىدىن چىقىپ كەتكەن. چوڭلىرى ز
ئەتىۋارلىنىپ ئورنىدا ساقلىنىپ قالغان.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، چيەنلۇڭ خان دەۋرىد
يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن نۇقتىلىق ھالدا سۇ تېشى قېزىش بىلە
بىرگە، قاراقاش دەرياسىنى، زەرەپشان دەرياسى ۋە كېرىي
دەريالىرىدىنمۇ سۇ تېشى ئىزلەنگەن (قېزىش - كولاش ئېلىن
بېرىلمىگەن). كان رايونلىرىدىن قاشتېشى قېزىشقا ناھايىتى زور كۆ
سەرىپ قىلىنغان. بۇ دەۋردە ئالتە ئورۇندىكى كان نۇقتىلىق قېزىلغا
بولۇپ، بۇلار، تاشقورغان ناھىيىسىدىكى داتۇڭ قاشتېشى كانى.
قاغىلىق ناھىيىسىدىكى مىرداي قاشتېشى كانى، گۇما ناھىيىسىدىكى
كەڭشىۋەر قاشتېشى كانى، كېرىيە ناھىيىسىدىكى ئالماس قاشتېشى
كانى، چەرچەن ناھىيىسىدىكى تاتلىق سۇ قاشتېشى كانى ۋە چەرچە
ناھىيىسىدىكى تاشپىيىن قاشتېشى كانى ئىدى. بۇ كانلاردا شۇ دەۋرد
قاشتېشى قېزىلغان ئۆڭكۈر - ئازگاللار ھازىرغىچە ساقلىنىپ
كەلمەكتە.

چيەنلۇڭ ۋە جياچىڭ يىللىرىدا ئويۇلغان زور ئويمىلارنىڭ
قاشتېشى ماتېرىياللىرى ئاساسلىقى كان رايونلىرىدىن قېزىۋېلىنغان.
ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن، باشتا سۆزلەپ ئۆتكەن بىر قىسىم
ئويما بۇيۇملىرىدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى زور ئويمىلار ئىنتايىن
مەشھۇر:

1. «كۆزدىكى تاغ سەيلىسى» ناملىق زور ئويما. خوتەن كۆك
قاشتېشىدا چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) ياڭجۇلۇق
ئۇستىلار تەرىپىدىن ئويۇلغان. بەش يىل ۋاقىت، 20 ~ 30 مىڭ
ئادەم قېتىم، 3 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش سەرىپ قىلىپ
ئويۇلغان. ئېگىزلىكى 130 سانتىمېتىر، ئەڭ كەڭ جايى 34
سانتىمېتىر، ئەڭ قېلىن جايى 20 سانتىمېتىر.

2. «P ئەجدىھالىق كۈپ». چيەنلۇڭنىڭ 41 - يىلى
(1776 - يىلى) خوتەندىن ئېلىپ كېلىنگەن ئالتە پارچە چوڭ
قاشتېشىنىڭ بىرىدە ئويۇلغان. ماتېرىيالى كۆك قاشتېشى. ئەسلىي
ئېغىرلىقى 4 مىڭ جىڭ. كۈپنىڭ ئېگىزلىكى 134 سانتىمېتىر،
ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 117 سانتىمېتىر. 1776 - يىلى 6 - ئايدا
ئويۇشقا باشلىنىپ، 1779 - يىلى دېكابىردا پۈتكەن. 9 مىڭ 800

سەر كۈمۈش سەرپ قىلىنغان.

3. «بۇلۇت ئەجدىھا نەقىشلىك كۈپ». ئىشلەتكەن قاشتېشىنىڭ ئەسلىي ئېغىرلىقى 4 مىڭ جىڭ. 1776 - يىلى 6 - ئايدىن 1780 - يىلى 10 - ئايغىچە ئىشلىنىپ 4 يىلدا پۈتكەن. كۆينىڭ ئېگىزلىكى 2 چى، كەڭلىكى 4 چى، ئىچىنىڭ ئېگىزلىكى 2 چى 5 سۇڭ.

4. «ئۆمۈر تېغى». ئىشلىتىلگەن ئەسلىي قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقى 3 مىڭ جىڭ، 1777 - يىلى ئويۇشقا باشلىنىپ، 1780 - يىلى 10 - ئايدا پۈتكەن. 4 يىل ۋاقىت كەتكەن.

5. «قىزىل سۇيىدا باھار مەنزىرىسى». ئەسلىي قاشتېشى مىرداي كانىدىن كەلتۈرۈلگەن، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 3 مىڭ جىڭ. 1777 - يىلى ئويۇشقا باشلىنىپ، 1780 - يىلى ئۆكتەبىردە پۈتكەن.

6. «شادىمان توققۇز پېشۋا». ماتېرىيالى خوتەن كۆك قاشتېشى. ئېگىزلىكى 145 سانتىمېتىر، ئەڭ كەڭ جايى 90 سانتىمېتىر، ئەڭ چوڭ ئايلانمىسى 275 سانتىمېتىر، چيەنلۇڭنىڭ 51 - يىلى (1786 - يىلى) ياڭجۇلۇق ئۇستىلار تەرىپىدىن ئويۇلغان.

7. «دايۇنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى». مىرداي كانىدىن ئېلىپ كېلىنگەن غايەت زور قاشتېشىدا ئويۇلغان. چيەنلۇڭنىڭ 45 - يىلى (1780 - يىلى)، ئوردىغا كەلتۈرۈلگەن. 46 - يىلى فېۋرالدا لايىھىلىنىپ، مايىدا ياڭجۇغا ئېلىپ بېرىلىپ ئويۇشقا باشلانغان. 53 - يىلى (1788 - يىلى) تاماملانغان.

7. «دېڭىز ئېتى» ئەسلىي قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقى 800 جىڭدىن ئارتۇق، جياچىڭنىڭ 2 - يىلى (1797 - يىلى) ئويۇلۇشقا باشلىنىپ، 3 -يىلى 30 - ئاۋغۇست پۈتكەن.

يۇقىرىقى زور ئويمىلارنىڭ قاشتېشى ماتېرىيالى خوتەن، قاغىلىق رايونلىرىدىن ئات - ئۇلاغ كۈچى ۋە ئادەم كۈچىگە تايىنىپ، خان ئوردىسىغا نەچچە يىلدا يەتكۈزۈلگەن. «غەربىي دىيار ئىقىن خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، جياچىڭنىڭ 4 - يىلى (1799 - يىلى) يەنە مىرداي كانىدىن ئۈچ پارچە چوڭ قاشتېشى قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بىر پارچىسى كۆك قاشتېشى، ئېغىرلىقى 10 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق. يەنە بىرى سۇس كۆك (ئاققا مايىل) قاشتېشى، ئېغىرلىقى 8 مىڭ جىڭ. يەنە بىرى ئاق قاشتېشى، ئېغىرلىقى 3 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئىدى. بۇ ئۈچ پارچە تاشنى

يەكەندىن چىك ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئات - ئۇلاغ ۋە ئادەم كۈچى سەرپ قىلىنىپ، مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن خۇشۇت ناھىيىسىنىڭ ئۇششاقتال يېزىسىغا كەلگەنىدى. جيا خاندىن قاشتېشىنى يۆتكىمەسلىك توغرىسىدا پەرمان كەلگەن (ئېھتىمال چيەنلۇڭ خاننىڭ ۋاپاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك). بۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ پارچە قاشتېشى ئۇششاقتالدا تاشلىۋېتىلگەن. لىن زېشۈي شىنجاڭغا پالىنىپ كېلىپ، داۋگۇاڭنىڭ 50 - يىلى (1845 - يىلى) يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ قاشتاشلىرىنى كۆرگەن ۋە «ئۆتكەن ئىشلار خاتىرىسى» ( 乙巳日记 ) دا: «ئۇششاقتالغا كەلگەندە... بۇ يەردە ئۈچ پارچە قاشتېشى بار، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، چيەنلۇڭ دەۋرىدە خوتەندىن ئوردىغا تاپشۇرۇشقا ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەندە يۆتكەشكە ئامال بولمىغان. خان ئەمر قىلىپ يۆتكىمەسلىكنى بۇيرىغاندا، مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇلغان...» دەپ يازغان. گۇاڭشۈي يىللىرىدا شى بۇخۇ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىدارە قىلغاندا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ، بۇ ئۈچ پارچە قاشتېشىنى تېما قىلىپ نەزمە يازغان. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شى بىن بۇ يەردىن ئۆتكەندە، پەقەت قىپقالغان بىرپارچە كۆك قاشتېشىنىلا كۆرگەن. بۇ ئۈچ پارچە قاشتېشىنىڭ قانداق يوقالغانلىقى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

مىلادىيە 1761 - يىلى باشلانغان قاشتېشى يىغىلىقى مىلادىيە 1813 - يىلىغىچە 52 يىل داۋام قىلغان. جياچىڭ يىللىرىدا، بولۇپمۇ چيەنلۇڭ خان ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 14 يىلدا ھەرھالدا خېلىلا بېسىققان. بۇ جەرياندا خوتەن، يەكەن رايونلىرىدا قاشتېشى يىغىلىقىغا قارشى ھەر خىل ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ھەممىسى ھەر خىل يوللار بىلەن بېسىقتۇرۇلغان.

چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە قېزىلغان ۋە ئوردىغا توشۇلغان قاشتېشى سان مىقدار جەھەتتىن تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان. چيەنلۇڭ خان خوتەن قاشتېشىغا شۇ قەدەر ھېرىسمەن ئىدىكى، ئاش - تاماق يەيدىغان قاچىلىرى مەي - شاراب قەدەھلىرى ۋە بېزەكلىرىگىچە ئاساسلىقى خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان بۇيۇملاردىن بولغان. «دايۇنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» گە بېغىشلاپ ئىككى قېتىم نەزمە يازغان. «باھار سۆيىسىدىكى تاغ سەيلىسى» گە بېغىشلاپ بىر قېتىم نەزمە يازغان. ئۇ يەنە «قاشتېشى قېزىش» ناملىق زور ئويمىنىڭ كەينى تەرىپىگ

ئۆز قەلىمى بىلەن بىغىشلىما يېزىپ ئويدۇرغان. چيەنلۇڭ خان 53 ـ يىلى (1788 ـ يىلى) ئويدۇرغان، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 24 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 6.8 سانتىمېتىرلىق چوڭ قاشتېشى چىنىنىڭ ئەتراپىغا، ئۆزىنىڭ بىر پارچە شېئىرىنى ۋە ئۆز ئىمزاھاتىنى ئويدۇرغان.

چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى (مىلادىيە 1757 ـ يىلى) جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئامۇرسانا قوزغىغان قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرپارچە نەزمە يېزىپ، ئوردىدا ساقلىنىۋاتقان چوڭ قاشتېشى لىگەننىڭ ئىچىگە ئويۇشقا بۇيرىغان (بۇ لىگەن خوتەننىڭ يېشىل قاشتېشىدا ئويۇلغان بولۇپ دىئامېتىرى 65.3 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 15 كىلوگرام، ھازىر خان ئوردىسى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ). شېئىردا بۇ لىگەننىڭ كېلىش مەنبەسى ئىزاھلانغان.

چيەنلۇڭنىڭ 43 ـ يىلى (مىلادىيە 1778 ـ يىلى) گاۋپۇ يەركەننىڭ خان ئامباللىقىغا تەيىنلىنىپ، قاشتېشى قېزىشقا ۋە يۆتكەپ كېلىشكە مەسئۇل قىلىنغان. ئۇ قازدۇرغان قاشتاشلارنى ئوردىغا تولۇق ئۆتكۈزمەي، سوْجوْلۇق سودىگەر جاۋ لۇن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سوْجوْغا يۆتكەپ، قاشتېشى بۇيۇم ئويدۇرۇپ، 120 مىڭ سەر كۈمۈش پايدا ئالغان. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چوڭ ـ كىچىك قاشتېشىدىن 100 پارچىدىن ئارتۇقنى جۇڭشەنگە يوشۇرۇپ قويغان. شەنشى، گەنسۇ رايونلىرىغا 4 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق قاشتېشىنى ئوغرىلىقچە يۆتكىگەن. بۇ ئىش خانغا مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، چيەنلۇڭ خاننى قاتتىق غەزەپلەندۇرگەن. ئۇ بۇ دېلونى قاتتىق تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈشنى ئەمىر قىلغان. گاۋپۇنىڭ ھامىسى چيەنلۇڭ خاننىڭ ئەتىۋارلىق خانىشى، گاۋپۇنىڭ بوۋىسى، دادىسى، تاغىسى قاتارلىقلار ئوردىدىكى ئەمەلدارلار بولسىمۇ، ئۇ بېشىنىڭ چېپىلىشىدەك تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىغان. بۇ دېلوغا چېتىشلىق بولغان شەنشى، گەنسۇ، جياڭنەن، جياڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ ئىككى باش ۋالىيسى ۋە شەنشى، سەنشى، سوْجوْنىڭ ئۈچ باش مۇپەتتىشى قاتارلىق ئەمەلدارلارمۇ جازالانغان.

بۇ دەۋردە، گەرچە كان رايونلىرى قاتتىق قامال قىلىنىپ، قېزىلغان قاشتېشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىدىتلىنىپ ئوردىغا يۆتكەلگەن بولسىمۇ، لېكىن پۇقرالار ئارىسىدا قاشتېشى سودىسى يەنىلا

داۋاملاشقان. بۇنى چىيەنلۇڭ خان ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغان.

چىيەنلۇڭ دەۋرىدىكى قاشتېشى قېزغىنلىقى ۋە زور مىقداردا قېزىلغان ۋە ئوردىغا يۆتكەلگەن قاشتېشى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىشلەمچىلەر ۋە بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنى قاتتىق قىزىقتۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بايلىق ئىزدەش، قاشتېشىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە يەكەن، خوتەن رايونلىرىغا كەلگەن ئىشلەمچى ۋە بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. ئاز بىر قىسمى قاشتېشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى قاشتېشىغا ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قايتقان ياكى يۇرتقا قايتالماي، بۇ رايونلاردا ماكانلىشىپ قالغان. يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى خوتەن - بۇيا تاشيولىنىڭ 30 كىلومېتىرلىق لىنىيىسىدىكى بىر قورام تاشقا «ئۇلۇغ چىڭ داۋگۇاڭنىڭ 21، 22 - يىللىرى شەنشىنىڭ شىنجۇ ئايمىقى شۇاڭبۇ كەنتىدىن ۋاڭ يۈدې بۇ يەردە مۇشەققەت تارتتى» دېگەن خەنزۇچە خەت ئويۇلغان. بۇ خەتنىڭ يىلنامىسى مىلادىيە 1842 ـ، 1843 ـ يىلىدۇر. خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا بايلىق ئىزلەپ ياكى خوتەن قاشتېشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن بىر خەنزۇنىڭ مۇشكۇلاتلارغا ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغانلىقى مەلۇم.

# قاشتېشى تەتقىقاتى ۋە ھازىرقى زامان قاشتاشچىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى

## 1. قاشتېشى تەتقىقاتىدىن ئۇچۇرلار

ئېلىمىزدە قاشتېشىنى تەتقىق قىلىش ئەڭ بۇرۇن ئەمىنىيە دەۋرىدىلا باشلانغان بولۇپ، بۇ دەۋردىكى ئۆلىمالار ۋە ئالىملار قاشتېشىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسلىنىپ، «قاشتېشىنىڭ 11 خاسىيىتى» «قاشتېشىنىڭ توققۇز خاسىيىتى» «قاشتېشىنىڭ بەش خاسىيىتى» دېگەندەك يەكۈنلەرنى چىقىرىپ، ئۆز ئەسەرلىرىگە كىرگۈزگەن، تارىختىن بېرى خوتەنگە كەلگەن سەيياھلار، ئەلچىلەر ۋە ئۆزى كېلەلمىسىمۇ، خوتەن قاشتېشىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغان ئۆلىمالار خوتەن قاشتېشى چىقىدىغان رايونلار،

چىقىش ئەھۋالى، سورتلىرى... قاتارلىقلار ئۈستىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە خاتىرە قالدۇرغان. تاڭ سۇلالىسىدىن ئېتىبارەن بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر تېخىمۇ تەپسىلىي بولغان. بولۇپمۇ مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يېزىلغان «كۆللى مۆجىزات»، «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم»، «غەربىي دىيار ئېقىن خاتىرىلىرى»، «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىلىرى»... قاتارلىق بىر قاتار كىتابلار ۋە چىڭ دەۋرىدە يېزىلغان «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، «لوپ ناھىيە يېزا تەزكىرىلىرى»... قاتارلىق يەرلىك تەزكىرە كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىي، سىستېمىلىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. لېكىن، ئۇ دەۋرلەردە پەن تەتقىقات تەرەققىياتى، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تەبىئەت، گېئولوگىيە تەتقىقاتى تۆۋەن باسقۇچتا تۇرغاچقا، قاشتېشىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇشكۈل ئىش ئىدى.

چەت ئەللەردە قاشتېشىنىڭ كان قاتلىمى ئەھۋالى ۋە خىمىيىلىك تەركىبلىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. C خاۋۋي 1801 - يىلى قاشتېشىنىڭ تېرمونت مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى، ئامپىخىبولى ئائىلىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئامپىخىبولى گرېكچە سۆز بولۇپ، «كۆپ بىرىكمىلىك» «ئېنىق بولمىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە چەت ئەل ئالىملىرى چەت ئەللەردىكى كان رايونلىرىدىن چىقىدىغان كاۋاشلار ئۈستىدە مەخسۇس تېمىدا خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئانالىز تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، خىمىيىلىك تەركىبلىرى ئۈستىدە بىر قەدەر تەپسىلىي ۋە مۇكەممەل ماتېرىياللارغا ئېرىشتى.

1809 - يىلى A. M فىنلايسون يېڭى زېلاندىيىدىكى كاۋاش كان ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىپ، كاۋاشنىڭ تەركىبى ئۈستىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەتقىقاتچى E . كولكوۋسكى 1906 - يىلى ئىتالىيىدىكى ياۋروپا بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان كاۋاش كان ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى ۋە بۇ رايوندىكى كاۋاشنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك شارائىتلارنى تەپسىلىي شەرھلىدى. 1935 - يىلى J . F ئۇرنېر فىنلايسوننىڭ قاراشلىرىنى تولۇقلاپ يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. 1966 - يىلى كولبىمان كاۋاشنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئۈستىدىكى يېڭى تەتقىقات

نەتىجىلىرىنى ۋە ھاسىل بولۇشىدىكى تېمپېراتۇرا شارائىتلىرى ئۈستىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1979 - يىلى S. F لې مىڭ بۇ قاراشلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىسپاتلىدى. 1984 - يىلى J بېك يېڭى زېلاندىيە كاۋاشلىرىنىڭ بەلگىلىك تېمپېراتۇرا ۋە بېسىم ئاستىدا ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كانادا ۋە ئامېرىكىدىكى كانلاردىن چىقىدىغان كاۋاشلار ئۈستىدە 1936 - يىلى پېلپس ۋە خىسلار بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1951 - يىلى چېستېرمان كالىفورنىيە شتاتى مارىن ناھىيىسى كان رايونىدىكى كاۋاشنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى ماددىي ئامىللار ئۈستىدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى. كرېپپېن كالىفورنىيە شتاتى ماردانجۇ رايونى كانلىرىدىن چىقىدىغان كاۋاشلار ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى. 1962 - يىلى خوللاند كانادانىڭ كولومبىيەدىكى كالا رايونلىرىدىن چىقىدىغان كاۋاشلار ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى. كولمان كالىفورنىيە قاتارلىق جايلاردىكى كاۋاش كانلىرى ۋە كاۋاشلار ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 1967 - يىلى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى.

لېكىن، قاراقۇرۇم ۋادىسىدىن چىقىدىغان خوتەن قاشتېشىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئەھۋالى، خىمىيىلىك تەركىبى... قاتارلىقلار ئۈستىدە تاكى يېقىنقى جۇڭگو قۇرۇلغۇچە بولغان ئارىلىقتا مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلمىغان بولۇپ، كان رايونلىرى ۋە قاشتېشى چىقىدىغان رايونلار ئۈستىدە پەقەت يۈزەكى تەكشۈرۈشلا ئېلىپ بېرىلىپ، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ئەسەرلەرلا يېزىلدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا رۇسىيىنىڭ گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يەككە كان بەلۋېغىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. يەنى زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى، تىزناپ دەرياسى، شەيدۇللا، قاراقاش دەرياسى، قاراغۇ تاغ، لوش تاغ، توققۇز داۋان، ئاستىن تاغدىن ئىبارەت بۇ يەتتە قاشتېشى بەلۋېغىنىڭ مەدەن تەركىبى ۋە قاشتاشلىرىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئېلىپ باردى.

ئازادلىقتىن كېيىن، قاراقۇرۇم رايونىدا كان بايلىقلىرىنى

قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خوتەن قاشتېشى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتمۇ چوڭقۇرلاپ باردى. بىرقانچە قېتىم مەخسۇس قاشتېشى بەلۋاغلىرىنى گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى قاراقۇرۇم تاغلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى. خوتەن قاشتېشىنىڭ خىمىيىلىك، مىنېراللىق تەركىبلىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق ئېنىقلاش ئېلىپ بېرىلدى ۋە خوتەن قاشتېشى توغرىسىدا ئاز بولمىغان ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خوتەن قاشتېشى ۋە قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ تارىخى ئۈستىدىمۇ ئاز بولمىغان تەتقىقات ئەسەرلىرى يېزىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، جاڭۋېنجى يازغان: «جۇڭگو قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ دەۋر تارىخى» لياڭ يۈڭمىڭ يازغان «ياقۇت ۋە قاشتېشى» ، جاۋ يۈڭكۈي يازغان «قاشتېشى ھەققىدە چۈشەنچە» ، ياڭ فەنجۇ قاتارلىقلار يازغان «شىنجاڭ ياقۇتى ۋە قاشتېشى» ، ۋاڭ فۇچۈەن يازغان «ياقۇت ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، بېيجىڭ خان سارىيى مۇزېيى تۈزگەن «قەدىمىي قاشتېشى جەۋھەرلىرى» ، جاۋ يۈڭكۈي يازغان «جۇڭگو قاشتېشى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بولۇپمۇ تاڭ يەنلىنىڭ، چېن ياۋجاڭ، جياڭ رېنخۇا قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭگو خوتەن قاشتېشى» ناملىق ئەسەردە خوتەن قاشتېشى ئۈستىدە نىسبەتەن سىستېمىلىق، ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ، خوتەن قاشتېشى تەتقىقاتىدىكى نىسبەتەن مۇپەسسەل يېزىلغان نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، خوتەن رايونى ۋە قاغىلىق، چەرچەن ناھىيىلىرىدە قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىلىرى قۇرۇلغاندىن سىرت، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، ياڭجۇ، سۇجۇ ... قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەخسۇس قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىز، بۈگۈنكى زامان قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىدە يېڭى قىياپەت بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن قالغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا،

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيەت ئىچكىنى مۇجەسسەملەپ، ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلىپ، دۇنيا سەھنىسىدە چاقناپ تۇرغان مەرۋايىتقا ئايلاندى.

بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىدە يېڭى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. خوتەن قاشتېشىنى خام ماتېرىيال قىلغان دۇنياۋى مەشھۇر قاشتېشى ئويما ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى.

## 2. يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان بىر قىسىم قاشتېشى ئويما ئەسەرلىرى

1. «مىڭ بۇت ئىلى» ناملىق زور ئويما. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئويۇلغان ئەڭ چوڭ قاشتېشى ئويما بۇيۇمى بولۇپ، خوتەننىڭ قاراڭغۇ تاغدىن قېزىۋېلىنغان ئېغىرلىقى 972 كىلوگرام، ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 45 سانتىمېتىرلىق قاشتېشىدىن ياڭجۇ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى ئويغان. 1986 - يىلى لايىھىلىنىپ، 1989 - يىلى يىل ئاخىرىدا ئويۇپ تاماملانغان.

2. بەش مۇنار. 1965 - يىلى ياڭجۇ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى ئويۇپ تاماملىغان. ھازىر دۆلەت تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەسەر قاتارىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەسلىي كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئالماس كانىدىن قېزىۋېلىنغان ئاق قاشتېشى بولۇپ، ئويمىنىڭ ئېگىزلىكى 140 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 130 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدىكى بىر مۇنار ئېگىز، قالغان تۆت مۇنار تەڭ. مۇنار ھۇجرىلىرىنىڭ سىرتىغا 196 دانە كىچىك قوڭغۇراق ئويۇلغان. چوڭ مۇنارنىڭ ئالدىغا بىر ئىسرىقدان، ئوچاقنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى شىر چىقىرىلغان. مۇنارلار قاشتېشى بىلەن ئويۇلغان زەنجىر بىلەن چېتىلغان. پۈتۈن ئويما قىزىل ياغاچ سۇپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

3. گۆھەر مۇنارلىق ئىسرىقدان. بۇ ياڭجۇ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى 1972 - يىلى ئويغان نادىر ئەسەر بولۇپ، 1973 - يىلى مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىنى باھالاش يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالانغان. 1981 - يىلى ياپونىيىدە

كۆرگەزمە قىلىنغاندا «ئېسىل مېۋە» دېگەن شەرەپ بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان. ھازىر دۆلەت تەرىپىدىن ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ چەرچەن كان رايونىدىن قېزىلغان ئاق قاشتېشى بولۇپ، ئويما ئېگىزلىكى 86 سانتىمېتىر، ئاستى قىسمى ئۈچ پۇتلۇق داڭقان شەكىللىك ئىسرىقدان، ئۈستى بەش قەۋەتلىك مۇنار، مۇنارنىڭ ئۈستىدىن ئاستىغىچە جەمئىي 128 دانە ھالقا ئويۇلغان بولۇپ، ھالقىنىڭ چوڭلۇقى پۇرچاقچىلىك كېلىدۇ.

4. ئەجدىھا ئىسرىقدان. بېيجىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى 1959 - يىلى ئويغان. قەدىمىي ئۇسلۇب ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئەجدىھا، سۇمۇرغ، شىر، گۈل... قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىسرىقدانغا تۇتقۇچ، قۇلاق چىقىرىلغان. خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان.

5. تۆت بۆلەكلىك گۈللۈك ئىسرىقدان. بېيجىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى ئويغان. تۇتقۇچ، قۇلاق، ھالقا ۋە نەقىشلىرى ئىنتايىن نەپىس بولۇپ، خوتەننىڭ سۇس كۆك قاشتېشىدا ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئويۇلغان.

6. قۇش ئەجدىھانىڭ مارجان تالىشىشى. بېيجىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويغان. ئىككى قۇلاقلىق جام شەكىللىك ئويما بولۇپ، جام ئىچىگە قۇش ئەجدىھانىڭ مارجان تالىشىش سۈرىتى ئويۇلغان. ئىككى تۇتقۇچمۇ ئەجدىھا ئويمىسى ئارقىلىق چىقىرىلغان.

7. گۈللۈك ئىسرىقدان لوڭقا. بېيجىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويغان. پۇت، تۇتقۇچ، قۇلاقلىرى گۈل ياپرىقى شەكلىدە چىقىرىلىپ، گۈل نۇسخىلىرى بىلەن نەقىشلەنگەن.

8. گۈللۈك لوڭقا. شاڭخەي قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى خوتەن ئاق قاشتېشىدا ئويغان. 1980 - يىلى مەملىكەت بويىچە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. لوڭقىدا جۇخۇا گۈلى ئاساسىي تېما قىلىنىپ، مېيخۇا گۈلى، بامبۇك، كەترەن گۈللىرى بىرىكتۈرۈلۈپ، لوڭقىنىڭ گەۋدىسىنى ئوراپ تۇرغان، لوڭقا ئۈستىگىمۇ ھالقىپ چىققان شەكىلدە ئويۇلغان.

9. «قىزىل بوت». بۇ شاڭخەي قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى ئويغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1981 - يىلى يېنىك سانائەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن. خوتەننىڭ ئاق

قاشتېشىدا ئويۇلغان. ئويمىنىڭ پروتوتىپى «چيۋ رەڭكي ھەققىدە قىسسە» دىكى پېرسوناژ بولۇپ، بۇ مەلىكە ئاساسي گەۋدە قىلىنغان. شۇڭا بۇ ئويما كىشىلەر تەرىپىدىن «قاشتېشى مەلىكە» دەپ ئاتالغان.

10. بەش قوي. شاڭخەي قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى ئويغان نادىر ئەسەر بولۇپ، خوتەننىڭ سۈس كۆك قاشتېشىدا ئويۇلغان. قۇيرۇق قىسمىغا سېرىق قاشتېشى ئارىلاشمىسىدىن پايدىلىنىپ، سېرىق رەڭلىك كېپىنەك ئويۇلغان.

يۇقىرىقىلار خەلقئارا ئويمىچىلىق ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردۇر. بۇنىڭدىن باشقا، خەلقئارا بازارلاردا زور شۆھرەتكە ئېرىشىپ، چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس.

تولۇق بولمىغان ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر مەملىكىتىمىز بويىچە قاشتېشى ئويمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي خادىم (ئويمىچىلىق كارخانىلىرىدىكىلەر ۋە يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار) 100 مىڭ كىشىدىن ئاشىدىكەن. بۇمۇ مەملىكىتىمىز قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

# بۈگۈنكى زامان خوتەن قاشتاشچىلىقىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن قاشتېشى سودىسى ۋە ئويمىچىلىق ئىشلىرى تاكى 1956 يىلىغىچە يەككە ئىگىلىك شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. 1930- 1940 - يىللاردا خوتەن شەھىرى ھېيتگاھ دەرۋازىسىدا ئولتۇرۇشلۇق سىدىقئاخۇن تاشچى قاشتېشى ئويمىچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. تاش قازغۇچىلار ۋە دەريادىن تاش ئىزدىگۈچىلەر تاپقان قاشتېشى ئاساسەن شۇ ئۇستىنىڭ قولىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ۋە سېتىلغان. ئۇنىڭ ئويمىچىلىق كارخانىسىدا 20 ـ 30 ئويمىچى ئۇستىلار ۋە شاگىرتلار يىل بويى ئايرىلماي ئىشلىگەن. 1930- يىللاردا ئۇنىڭ ھۈنىرى تازا روناق تېپىپ، چوڭ زېمىندارغا ئايلانغان ۋە شۇ يۇرتتا ئاقساقال بولغان. ھازىرقى قاشتېشى ئويمىچىلىك ئۇستىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى شۇ كىشىدىن ھۈنەر ئۆگەنگەن شاگىرتلا

ياكى ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ شاگىرتلىرىدۇر. خوتەن ناھىيە گۇجەن دەرۋازىسىدا ئولتۇرۇشلۇق داڭلىق قاشتېشى ئويمىچى ئۇستىسى نايىپ ھاجىمۇ سىدىقئاخۇن تاشچىنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى. نايىپ ھاجى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ھازىرمۇ قاشتېشى ئويمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، يەنى 1956 - يىلى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قاشتېشى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش كەسپى بۇ ئىدارىنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن شەخسلەرنىڭ قاشتېشى ئېلىپ - سېتىش، يۆتكەش ئىشلىرىغا خاتىمە بېرىلىپ، بۇ ئىشلار كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆتكەن. 1960 - يىلى قول سانائەت باشقارمىسى قارمىقىدا 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قاشتېشى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش كەسپى بۇ ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ ئورۇن 1961 - يىلىدىن باشلاپ قاشتېشى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش كەسپىنى رەسمىي يولغا قويغان. بېيجىڭ شەھىرىدىن كەلگەن قاشتېشى تېخنىكى سوڭ خۇيشەن سېتىۋېلىشقا، ئابدۇقادىرئاخۇن كان ئېچىشقا مەسئۇل بولغان. ئابدۇقادىرئاخۇن ئەجدادلىرىدىن باشلاپ ئەۋلادمۇئەۋلاد قاشتېشى قېزىش ۋە دەريادىن قاشتېشى تېرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگۈچىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن سىدىقئاخۇن تاشچىغا نەچچە يىل شاگىرت بولۇپ، قاشتېشى ئويمىچىلىقىنى ئۆگەنگەن ۋە سىدىقئاخۇن تاشچىنىڭ قولىدا ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، 1958 - يىلى ھەربىيلىكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قول سانائەت باشقارمىسىدا ۋە 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىدا ئىشلەپ، قاشتېشى سودىسى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. 1964 - يىلى ئۇنىڭ ئوغلى روزىتوختى ئابدۇقادىرمۇ شۇ ئورۇنغا خىزمەتكە قاتناشقان. ئاتا - بالا 30 دىن ئارتۇق ئىشچىنى باشلاپ، تېخنىك جاڭ ۋۇرۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە قاراڭغۇ تاغدىكى ئۇمىشا كان رايونىدا قاشتېشى قازغان. 1966 - يىلىغا كەلگەندە، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ، قاشتېشى قېزىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. پەقەت ئېلىپ - سېتىش كەسپىلا قالغان. 1970 - يىلى قاشتېشى كانى رەسمىي تاقالغان. كان ئىشچىلىرىنىڭ بىر قىسمى يۇڭچىلىق كارخانىسى (موچاڭ) غا، بىر قىسمى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىگە، بىر قىسمى مېۋە - چېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا، بىر قىسمى

1978 - يىلى سۇ
پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا تارقىتىۋېتىلگەن.
خۇيشەن دەم ئېلىشقا چىقىپ، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، روزىتوختى
ئاخۇننى پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، قاشتېشى
سېتىۋېلىش ۋە سورتلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغان. ھازىر ئۇ
«خوتەن ۋىلايەتلىك ھۈنەر سەنئەت چەكلىك شىركىتى» نىڭ مۇئاۋىن
دىرېكتورى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى ۋە بىر قىزى شۇ شىركەتنىڭ قاشتېشى
ئويمىچىلىق سېخىدا ئويمىچى ئۇستا بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.
1999 - يىلى 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ قاشتېشى
كارخانىسى ياڭجۇ قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىسى بىلەن بىرلىشىپ،
«خوتەن ۋىلايەتلىك ھۈنەر سەنئەت چەكلىك شىركىتى» قۇرغان ۋە
شىركەت قارىمىقىدا 20 يۈرۈش زامانىۋى ئويمىچىلىق ماشىنىسىغا
ئىگە ئويمىچىلىق سېخى قۇرۇلغان. بۇ سېخقا يەرلىك ئۇستىلار ۋە
ياڭجولۇق ئۇستىلاردىن يىگىرمە نەچچىسى تەكلىپ قىلىنغان ۋە
شاگىرت ئىشچىلار قوبۇل قىلىنغان. ئۇلار ئويۇپ چىققان تۈرلۈك
قاشتېشى سەنئەت بۇيۇملىرى خوتەن رايونى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرد
ياخشى بازار تاپقان. 1999 - يىلى پايتەخت خەلق سارىيى خوتەن
زالىنى بېزەش ئۈچۈن ئاق قاشتېشىدا ئويۇلغان «داپ ئۇسۇلى» ناملىق
چوڭ تام بېزەك مۇشۇ سېختا ئويۇلغان. كېيىنچە شۇ چاغدىكى
ئۇستىلارنىڭ كۆپ قىسمى يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن
بۇ ئورۇندىن ئايرىلغان بولۇپ، ھازىر بۇ سېختا توققۇز نەپەر يەرلىك
ئويمىچى ئۇستا، ياڭجودىن تەكلىپ قىلىنغان بىر نەپە
لايىھىلىگۈچى، بىر نەپەر مېخانىك ۋە بىرنەپەر مەمۇرىي باشقۇرغۇچ
بار.
خوتەندىكى قاشتېشى سېتىۋېلىش نۇقتىسى ۋە كېيىندىك
قاشتېشى سېتىۋېلىش نۇقتىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىر
ئاساسلانغاندا، 1790 ـ 1980 - يىللاردا قېزىۋېلىنغان ۋە دەريادى
تېپىلغان قاشتېشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مىقدارى تەخمىنەن 30 تون
ئەتراپىدا، خوتەن رايونىدا پىششىقلاپ ئىشلىنىش مىقدارى تەخمىنە
10 توننا ئەتراپىدا بولغان. 1983 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە سېتى
چىقارغان قاشتېشى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 15 توننىدىن ئازلا
كەتمىگەن، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 100 توننىغا يەتكەن. كېيىن
ناھىيىسىدىلا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 50 توننىغا يەتكەن.
ئازادلىقتىن كېيىن خوتەن رايونىدىن قېزىلغان ئەڭ ئېسىل

چوڭ قاشتاشلىرىمۇ نىسبەتەن كۆپ بولغان. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭ چىقارغان ئەڭ ئېسىل قاشتاشلار تۆۋەندىكىچە:

1. 190 كىلوگراملىق كېرىيە ئاق قاشتېشى: 1963 - يىلى كېرىيە ئالماس كانىدىن قېزىلغان ۋە شۇ يىلى ياڭجۇ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن.

2. 170 كىلوگراملىق كېرىيە ئاق قاشتېشى: 1963 - يىلى كېرىيە ئالماس كانىدىن قېزىلغان ۋە شۇ يىلى شاڭخەي قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن.

3. 178 كىلوگراملىق كېرىيە ئاق قاشتېشى: 1976 - يىلى كېرىيە ئالماس كانىدىن قېزىلغان ۋە شۇ يىلى «ماۋجۇشى خاتىرە سارىيى» غا ئەۋەتىلگەن.

4. 249 كىلوگراملىق كېرىيە ئاق قاشتېشى: 1978 - يىلى كېرىيە ئالماس كانىدىن قېزىلغان ۋە بېيجىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن.

5. غايەت زور خوتەن يېشىل قاشتېشى: بۇ قاشتېشى جۇڭگو گېئولوگىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، چوڭلۇقى 0.60×0.90×1.78 مېتىر. ئېغىرلىقى 1 مىڭ 848 كىلوگرام. قېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

6. 159 كىلوگراملىق خوتەن ئاق قاشتېشى: 1976 - يىلى خوتەن ناھىيە ئاق چۆگە مۇزلۇقىنىڭ نەچچە يۈز مېتىر ئاستىدىكى قاتلىمىدىن تېپىلغان. بېيجىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن.

7. 472 كىلوگراملىق خوتەن ئاق قاشتېشى: 1980 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن ناھىيە قاراڭغۇ تاغ ئاق چۆگە تاغ ئېدىرىدىن مەتنىياز غوجاق تەرىپىدىن تېپىلغان. 1981 - يىلى 100 گە يېقىن ئىشچى-خىزمەتچى سەپەرۋەر قىلىنىپ، 18 كۈندە قاشتېشى يېزىسىغا ئېلىپ كېلىنگەن. 1982 - ياڭجۇ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تېپىلغان ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ ئېسىل قاشتېشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1980 - يىللىرىدىن باشلاپ قاشتېشى بازىرى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە يەككە ئىگىلىكتىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە كۆپىيىشىگە

ئەگىشىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قاشتېشى يۆتكەپ ساتىدىغان ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كېلىپ قاشتېشى ئېلىپ كېتىدىغان يەككە تىجارەتچىلەر كۆپىيىپ، يەرلىك قاشتېشى كارخانىلىرىغا قاشتېشى سېتىپ بەرگۈچىلەر ئازلاپ كەتتى. بۇ هال قاشتېشى ئىشلەپ چىقىرىش مىقدارىنى ستاتىستىكا قىلغىلى بولمايدىغان هالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، قاشتېشى كانلىرىنى هۆددىگە ئېلىپ قاشتېشى قېزىپ ياكى مەخسۇس قاشتېشى ئېلىپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان مىليونېرلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. كېرىيە ناهىيە قاشتاش كان ئىدارىسىنىڭ ئىشچىسى مەتىمىن نىياز كان هۆددە ئېلىپ بېيىغانلارنىڭ تىپىك مىسالى. قاراقاش ناهىيە سايباغ يېزا كۆكتېرەك كەنتىدىكى دېهقان ئابدۇغوپۇر جېلىل قاشتېشى ئىزدەش، قېزىش، ئېلىپ سېتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغانلارنىڭ تىپىك مىسالى. «خوتەن گېزىتى» 2003- يىلى 4- ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «قاشتېشىدىن هاللانغان ئەزىمەت» سەرلەۋهىلىك خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، ئابدۇغوپۇر جېلىل 1990 - يىلىدىن باشلاپ ئۆز كەنتىدىكى 50 دېهقاننى تەشكىللەپ، يورۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرىدىن قاشتېشى قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان. 1997. يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. 2002 - يىلى 220 مىڭ يۈەنگە تۆت دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، يورۇڭقاش دەرياسى ساهىلىدىن يەر سېتىۋېلىپ، 1300 دىن كۆپرەك ئادەم ئىشلەيدىغان، ماشىنىلاشقان قاشتېشى قېزىش كارخانىسى قۇرغان. بۇ كارخانىدا ئىشلىگۈچىلەر يىلىغا 5 مىڭ يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە ساپ كىرىم كىرگۈزۈپ بېيىغان. يەنە شۇ كەنتتىن ئابدۇللائاخۇن 17 ئادەم بىلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ قاشتېشى ئىزدەپ، 2002 - يىلى بىر يىل ئىچىدىلا 100 مىڭ يۈەنگە قاشتېشى ساتقان. سايباغ يېزا توزاقچى كەنتىدىن ئىمىر ماخمۇت 50 ئادەم بىلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ قاشتېشى ئىزدەپ سېتىپ، 2002 - يىلى بىر يىلدىلا 150 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان.

خوتەن قاشتېشىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېچىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مەهسۇلات مىقدارىنى ۋە مەهسۇلات سۈپىتىنى ئاشۇرۇش، شۇنداقلا خوتەن قاشتېشى كان رايونلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنىڭ، بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى

ئېلىش ئۈچۈن، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى مەركەزنىڭ كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىش توغرىسىدىكى قانۇن - نىزاملىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ كان بايلىقلىرى ۋە قاشتېشى بايلىقلىرىنى، كان رايونلىرى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە سىياسەتلىرى ئاساسىدا، قاشتېشى كان رايونلىرىنى باشقۇرۇش، قوغداش، قاشتېشى قېزىش ۋە پايدىلىنىش ئىشلىرى توغرىسىدا بىر قاتار بەلگىلىمە ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، قاشتېشىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا قېزىلىشى، كان رايونلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا، بۇلغىنىشقا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتلەردە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە ئۈنۈملۈك قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللاندى.

قاشتېشى بازارلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، قاشتېشى سودىسىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش، خوتەن قاشتېشىنى تەشۋىق قىلىش، سىرتقى رايونلارغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل شەكىلدىكى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ، 2001 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك قاشتېشى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ خوتەن قاشتېشىنى سىرتقى رايونلارغا تونۇتۇشتىكى رولى ۋە ئەھمىيتى بىر قەدەر زور بولدى. بۇ يىغىنغا مەملىكىتىمىزدىكى ئاتاقلىق قاشتېشىشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، ئارخېئولوگلار قاتناشقاندىن باشقا، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەردىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە چەت ئەلدىن تەكلىپ قىلىنغان مۇتەخەسسىسلەرمۇ قاتناشتى. يىغىندا خوتەن قاشتېشىنىڭ تارىخى، قاشتېشى مەدەنىيىتى ۋە خوتەن قاشتېشىنىڭ قىممىتى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ھازىرغىچە تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان بەزى كونكرېت مەسىلىلەر بىرلىككە كېلىندى. خوتەن قاشتېشى توغرىسىدا يېزىلغان بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇلدى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن خوتەن قاشتېشىغا بولغان چۈشەنچە يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

خوتەن قاشتېشىنىڭ يەنىمۇ كەڭ تونۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خوتەن قاشتېشىنىڭ باھاسىمۇ ئۆرلەپ باردى. قاشتېشى باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، دەريا - ئېقىنلاردىن، قەدىمىي ئېقىن ئىزلىرىدىن قاشتېشى قازغۇچىلار ۋە قاشتېشى ئىزدىگۈچىلەرمۇ كۆنسايىن كۆپىيىپ كەتتى. كەلكۈن پەسلىدىن كېيىن يورۇڭقاش

دەرياسىدىن قاشتېشى ئىزدىگۈچىلەر نەچچە مىڭ كىشىگە يېتىدۇ. قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق بېيىغانلار دەريا بويلىرىنى سېتىۋېلىپ، شېغىل تاسقاش بىلەن قاشتېشى ئىزدەشنى ئاساس قىلغان مەيدانلارنى قۇرۇپ، كۆلەملەشكەن ئىگىلىكلەرنى بەرپا قىلدى. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ، خوتەننىڭ يىللىق قاشتېشى ئىشلەپ چىقىرىش مىقدارى 80 - يىللاردىكى سەۋىيىنى ساقلاپ كەلدى ياكى ئېشىپ كەتتى، دېيىشكە بولىدۇ.

هازىر خوتەن شەھىرىدە مەخسۇس قاشتېشى سودىسى بازىرى بارلىققا كەلگەندىن باشقا، كەسپىلەشكەن قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى ماگىزىنلىرى ۋە سودا سارايلىرى، يەككە ئىگىلىكتىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق دۇكانلىرى ۋە كارخانىلىرى بارلىققا كېلىپ، خوتەن قاشتېشىنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنىشىگە پايدىلىق شارائىتلار بارلىققا كەلدى.

# ئاخىرقى سۆز

نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى قېزىپ پايدىلىنىپ كېلىنىۋاتقان خوتەن قاشتېشى بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە يەنىلا ئىنتايىن يۇقىرى قىممەت يارىتىۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىز قاشتاشچىلىقىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ماددىي ئاساس ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، خوتەن رايونىدا قاشتېشى چىقىدىغان ناھىيىلەردە قاشتاش كان ئىدارىلىرى، قاشتېشى سودىسى ۋە ئويمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار قۇرۇلۇپ، خوتەن قاشتاشچىلىقىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئاساس سېلىندى. لېكىن قاشتېشى قېزىش ئۇسۇلى يەنىلا بۇرۇنقى قالاق هالەتتە تۇرىۋەردى. بولۇپمۇ 1990 - يىللىرىدىكى شەخسلەرنىڭ كان قېزىش ئۇسۇلى تېخىمۇ قوپاللىشىپ، پارتلاتقۇچ دورا بىلەن پارتلىتىپ قېزىپ، تاش سۈپىتىگە ئېغىر زىيانلارنى سالدى. پۇل ئۈچۈن ھەممىنى قىلىش ئېگىنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالغان نادان كىشىلەر، قاشتېشى قېزىش قائىدىسىگە خىلاپ هالدا كان رايونلىرىنى قالايمىقان پارتلىتىپ، قالايمىقان قېزىپ، قېزىۋالغان قاشتېشىنىڭ قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق چىقىم چىقىرىپ تازىلىمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە

بۇزۇۋەتتى ۋە ۋەيران قىلدى. كان رايونىنىڭ مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىۋەتتى. مانا بۇ پۇلپەرەسلىكنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان زىيىنى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، زامانىۋى قاشتېشى ئويمىچىلىق ھۈنەر سەنئىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. خوتەندە ۋە كېرىيە ناھىيىسىدە قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، مەھسۇلاتلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردە ياخشى بازار تاپتى. مەخسۇس قاشتېشى ۋە قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى بازارلىرى بارلىققا كەلدى. بۇلار خوتەن قاشتاشچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن پائال رول ئوينىغۇسى.

خوتەن قاشتېشى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تارىخى، رەڭدار، پارقىراقلىقى، سەنئەتلىكلىكى ۋە گۈزەللىكى بىلەن «ھەقىقىي قاشتېشى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. مول مەنبەسى ۋە كۆپلۈكى جەھەتتىن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلغان سەنئەت بۇيۇملىرى ياۋروپا، ئامېرىكا، شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيالاردا ياخشى بازار تاپقان ھەم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. خوتەن قاشتېشى «دۆلەت تېشى» قىلىپ بېكىتىلىشكە كۆرسىتىلگەن ئالتە خىل تاش ئىچىدە رىقابەت كۈچى ئەڭ زور تاش بولۇپ، بېكىتىلىش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى. ئەگەر خوتەن قاشتېشى «دۆلەت تېشى» قىلىپ بېكىتىلسە، خوتەن قاشتېشىنىڭ باھاسى ھەسسىلەپ ئۆسۈپ، ئۇنىڭ ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولۇپ، خوتەنگە كەلتۈرىدىغان شان - شەرىپى ۋە بايلىقى نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكۈسى.

2002 - يىلى دېكابىردىن 2003 - يىلى مارتقىچە كېرىيە - خوتەندە يېزىلدى.

پايدىلانمىلار

1. تاڭ يەنلىڭ، چىن باۋجاڭ، جياڭ رېنخۇا «جۇڭگو خوتەن قاشتېشى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، تەيۋەن يەر شارى نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

2. «جۇڭگو جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، 2001 -، 2002 - يىللىق سانلىرى.

3. «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە دۇنيا تارىخى لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994- يىلى نەشرى.

4. ئۆمەرجان نۇرمۇھەممەت «خوتەن قاشتېشى توغرىسىدا» خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1991 - يىلى 1 - سان.
5. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى «خوتەن قاشتېشى ھەققىدە» ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى 1993 - يىلى، 9 - ئۆكتەبىر سانى.
6. مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى.
7. لى يىنپىڭ «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى.



مۇھەممەتئىمىن سابىر
توختىنىياز تۇرسۇن

# خوتەن گىلەمچىلىكى[1]

خوتەن يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىگە جايلاشقان، ئۇزۇن تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي جايلارنىڭ بىرى. بۇ مۇنبەت زېمىندا ياشىغۇچى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۈيۈك تارىم مەدەنىيىتىنىڭ يارانقۇچىلىرى سۈپىتىدە يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ئۆز رايونىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، يۇڭ توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، يىپەك، پاختا توقۇمىچىلىق، كۆلالچىلىق، مېتالچىلىق، كۆن - بۇلغارچىلىق، ياغاچچىلىق، ھەيكەلتاراشلىق، مەتبەئەچىلىك، قەغەزچىلىك، رەسساملىق، نەققاشچىلىق، ناخشا - ئۇسسۇل، كەشتىچىلىك، ئويمىچىلىق، تېبابەتچىلىك، پورۇخ ياساش قاتارلىق ھەر خىل ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە «يىپەكچىلىك» «قاشتېشى ئويمىچىلىقى» «گىلەمچىلىك» قاتارلىق جەھەتتە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

گىلەمچىلىك قول ھۈنەر سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى بولغان گىلەم بىر تەرەپتىن، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بەدىئىي سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇمى

---

[1] بۇ ماقالىنىڭ، مەلۇماتلاردىن خۇلاسە، خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، خوتەن گىلىمىنىڭ تۈرلىرى، زىلچا گىلەمنىڭ نۇسخا تۈرلىرى، رەڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى، خوتەن گىلىمىنىڭ نەقىشچىلىكى، خوتەن گىلىمىنىڭ سەنئەت قىممىتى ۋە ئىستېمال قىممىتى، رەڭ ۋە بوياقچىلىق، تۆھپىكار گىلەمچىلەر شەجەرىسى قىسىملىرىنى مۇھەممەتئىمىن سابىر، خوتەن گىلەمچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى، گىلەم خام ئەشيالىرى ۋە سايمانلىرى، گىلەم توقۇش تېخنىكىسى قىسىملىرىنى توختىنىياز تۇرسۇن يازغان.

ھېسابلىنىدۇ.

گىلەم، كىگىز، پالاز، تەگلىمات ۋە تېرە - خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەك قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ ئىجادچىلىرى قەدىمكى تارىم ۋادىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇنىڭ يۇڭىدىن پايدىلىنىپ گىلەم توقۇش ئىشلىتىشنى ئىجاد قىلغان كىيىنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىپتىدائى تەركىبىنى شەكىللەندۈرگەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قوي يۇڭىنى خام ئەشيا قىلىش ئارقىلىق رەڭدار كۆركەم، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە گىلەم توقۇشنى كەشىپ قىلغان ھەم توقۇش ھۈنەر-سەنئىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە، مول گىلەم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

خوتەن گىلەمچىلىكى ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك خوتەن خەلقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مول مېۋىسى بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۇستىلارنىڭ شاگىرتلىرىغا ئۆگىتىشى ئارقىلىق ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ نۇسخا تۈرلىرى، رەڭ نەقىشلىرى، نەپىسلىكى جەھەتلەردە بىيىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلمەكتە.

# خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى

خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى، تەرەققىيات جەريانلىرى ھەققىدە مۇكەممەل مەلۇمات يوق. لېكىن ئەپسانە رىۋايەتلەردە، يازما مەنبەلەردە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش داۋامىدا بايقالغان ماددىي بۇيۇملاردا بۇ ھەقتىكى ئۇچۇر، مەلۇماتلار ئەمەس. شۇڭا بۇ مەسىلىنىڭ يېشىمىنى مۇشۇ جەھەتلەردىن ئىزدەش توغرا كېلىدۇ.

## 1. خوتەن گىلەمچىلىكى توغرىسىدا ئەپسانە - رىۋايەتلەر

خوتەن گىلەمچىلىكى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنلا كەڭ تۇردە راۋاجلانغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلەر بار.

خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش تارىخى توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا، گىلەم ئەسلىدە يورۇڭقاشتىكى گۈلەمخان ئىسىملىك بىر قىزنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەنلىكى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ قىزنىڭ نامىغا گۈلەم (ئاستا - ئاستا «گىلەم»گە ئۆزگەرگەن) دەپ ئاتالغانلىق ھەققىدە «گىلەمچىلىك پىرى نەقشىۋەن پىرىم ئەپسانىسى» «خوتەن گىلىمى — گۈلەم ئەپسانىسى» «ياڭاق ھەققىدە يېڭى رىۋايەت» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەپسانە، رىۋايەتلەر ئەسىرلەردىن بېرى تارقىلىپ كەلمەكتە. ئەپسانە، رىۋايەتلەر بەدىئىي توقۇلمىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسلىسى مەنىسىدىن زور دەرىجىدە يىراقلاپ كەتكەچكە تارىخىي پاكىت ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش تارىخى توغرىسىدا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## گىلەمچىلىك پىرى نەقشىۋەن پىرىم ئەپسانىسى: ①

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، خوتەندىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى بويى باھار تۇسىگە چۆمگەن بىر كۈندىكى چۈش ۋاقتىدا، يۇزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي قوش قاناتلىق دۇلدۇلغا مىنىپ، ئاسماندىن كىشىلەر ئارىسىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ مىنگەن دۇلدۇلنىڭ ئىگىرىگە رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان چىرايلىق گىلەم سېلىنغان، بۇ بوۋاي ئەرشتىكى گىلەمچىلىك پىرى بولۇپ، ئىنسانلارغا گىلەمچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىتىشكە چۈشكەنىكەن (كېيىنكى كەلگەندە كىشىلەر بۇ گىلەمچىلەر پىرىنى نەقشىۋەن پىرىم دەپ ئاتىغان). شۇ ۋاقىتتا بۇ يۇرتتا گۈزەل بىر قىز بولۇپ، ئىسمى «گۈلەمخان» ئىكەن. گۈلەمخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سەمىمىي نىيەت بىلەن نەقشىۋەن پىرىمنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپتۇ، قىزچاق ناھايىتى تىرىشچان بولۇپ، جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق گىلەم توقۇش ھۈنىرىنى ئوبدان ئىگىلىۋاپتۇ. ھۈنەرنى ئىگىلەپ بولغان كۈنى، نەقشىۋەن پىرىم خوشلاشماستىنلا بۇلۇت يېرىپ ئەرشكە يېنىپتۇ. گۈلەمخان ئۆمۈر بويى گىلەم توقۇپ، ئۇستازىنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇپتۇ ۋە كېيىنكىلەرگە ھۈنىرىنى ئۆگىتىپتۇ.

كېيىنكى كىشىلەر گۈلەمخاننىڭ ئۆمۈر بويى ھۈنەردىن قول ئۈزمىگەنلىكىنى ۋە بۇ ھۈنەرنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويغان تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۆز يىپنى ئۆرۈش، يۇڭ يىپنى ئارقاق

قىلىپ توقۇلغان بۇ سېلىنچىغا «گىلەم» دەپ ئات قويۇپتۇ[2].

**خوتەن گىلىمى ــ گۆلەم ئەپسانىسى:** خوتەن پادىشاھىنىڭ گۆلەم ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. ئاشۇ قىز ھەر خىل كەشتىلەرنى توقۇشنىلا ئەمەس، ھەتتا قۇشلارنىڭ تىلىنىمۇ بىلىدىكەن. بىر كۈنى بۇ قىزنىڭ دادىسى ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن دەري بويىدا تاماشا قىلىۋاتقاندا، بىر قۇشنىڭ باشقا قۇشلارغا ئوخشىمايدىغان ئاۋازدا سايرايدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بۇنىڭغا ئەجەبلەنگەن شاھ ۋەزىرلىرىدىن: «بۇ قۇش نېمە دەپ سايراۋاتىدۇ؟ قۇشنىڭ تىلىنى كىم بىلىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ، ۋەزىرلەر بۇ قۇشنىڭ تىلىنى ئۇنىڭ قىزى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزنى چاقىرىپ سوراپتۇ. شاھنىڭ قىزى، يەنى مەلىكە «بۇ قۇش ئايال كىشى شاھن گاداي قىلىۋېتىشى ۋە شۇنداقلا گادايىنى شاھ قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن دەپ سايراۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ شا غەزەپلىنىپتۇ ـ دە، بىر گادايىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا قىزىنى ياتلى قىلىپ، «مانا ئەمدى ئۇنى سەن شاھ قىلىپ باق» دەپ ئۇلارنى چۆل ھەيدىۋېتىپتۇ.

گاداي چۆلدىن ئوتۇن توشۇپ بازارغا ئەكىلىپ ساتىدىكەن. تاپقا پۇلىغا ھەر كۈنى يىپ سېتىۋېلىپ ئايالىغا ئەكىلىپ بېرىدىكەن گۆلەمخان ئېرى ئەكىلىپ بەرگەن يىپتىن ھەر خىل كەشتىلەر توقۇيدىكەن. ئېرى ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ئۇ پەيدىنپە گىلەم توقۇشنى ئۆگىنىۋېلىپ ئاجايىپ چىرايلىق، جۇلالى گىلەملەرنى توقۇپتۇ. ئېرى بۇ گىلەملەرنى سېتىپتۇ. شۇنداق قىلى ئۇلار كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇرۇنقى گاد ئۆزى ئوتۇن ئاپىرىپ ساتقان شەھەرگە پادىشاھ بوپتۇ.

بىر كۈنى گۆلەمخان دادىسىنى مېھمانغا چاقىرتىپتۇ. شۇ چا ئۇنىڭ ئېرى شاھلىق سەلتەنىتى بىلەن قېيناتىسىنى قوبۇل قىپت شاھ ئەل ـ جامائەت ئالدىدا، قىزى توقۇغان بۇ گىلەمگە ئۇنىڭ نامى بېرىپتۇ، شۇندىن باشلاپ خوتەن گىلەملىرىنىڭ ئايرىم تۈرلى گۆلەمخاننىڭ نامى بىلەن «گۆلەم گىلىمى» دەپ ئاتالغانىكەن.

**ياغاق ھەققىدە رىۋايەت:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياغاق دەسلەپتە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرىدىغان ئىلاھىي ئانى خاسىيەتلىك مېۋىسى ئىكەنمىش. قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتى (ھازى خوتەن) دە ئامانتۇر ئىسىملىك بىر يىگىت بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئات

ئۇدۇن دۆلىتىدىكى ئابرۇيلۇق خالۋاپ بولۇپ، تۇرلۇك، - تۈمەن نۇسخىلاردا گىلەم توقۇيدىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭغا گىلەم توقۇش ھۈنەر-سەنئىتىنى كېيىنكىلەرگە ئۆگىتىپ، ئۇدۇن گىلەمچىلىكىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇشنى ئەمىر قىلىپتۇ. ئامانتۇرنىڭ ئانىسى پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەپتۇ، ئەمما ئۇزاققا قالماي چارچاپ ھالىدىن كېتىپتۇ - دە، ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. گىلەم توقۇشنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ئىشى بولسا ئورۇندالماي قېلىۋېرىپتۇ. يىراق - يېقىندىن تەكلىپ قىلىپ كەلگەن داڭلىق تېۋىپلارنىڭ ھەممىسى، پەقەت قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئىلاھىي ئانىنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسىلا ئامانتۇرنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى ساقايتالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەپسۇسكى ئىلاھىي ئانىنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسىنى ئادىمىزاتنىڭ ئۇزۇشى مەنئى قىلىنغانىكەن. ئىلاھىي ئانا ھەر كۈنى ئىككى قاۋۇل دېۋىنى خاسىيەتلىك مېۋە دەرىخىنى قوغداشقا ئەۋەتىدىكەن، ئەگەر ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇ يەرگە بارسا، خاسىيەتلىك مېۋىنى ئالالمايلا قالماستىن، ھەتتا ئۆز جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىكەن. ئۇدۇن پادىشاھى ئامانتۇرنىڭ ئانىسىنىڭ ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ خاسىيەتلىك مېۋىنى ئېلىپ كېلەلىگەن كىشىنى ئۇدۇننىڭ كېيىنكى پادىشاھى قىلىپ بەلگىلەيدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان جاكارلاپتۇ. ئامانتۇر پەرمانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئاشۇ خاسىيەتلىك مېۋىنى ئېلىپ كېلىپ ئانىسىنى ۋە ئۇدۇن گىلىمىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بەل باغلاپتۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلماقچى بولۇشتىكى مەقسىتى، ھەرگىزمۇ پادىشاھلىق تاجۇ تەختىگە ئېرىشىش ئەمەس ئىكەن.

ئامانتۇر يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا بېرىپ، دەريا تېگىدىن ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغان بىر زۇلپىقارنى ئېلىپ چىقىپتۇ، ئاندىن كېيىن قاراقۇرۇم تېغىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئامانتۇر يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئىلاھىي ئانىنىڭ دېۋىلىرى بىلەن ئۈچ كېچە- كۈندۈز ئېلىشىپ، ئۇلارنى يەڭگەندىن كېيىن ئۇدۇل خاسىيەتلىك مېۋە دەرىخىنىڭ يېنىغا كەپتۇ... دەل شۇ چاغدا، ئىلاھىي ئانا ئامانتۇرنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ ۋە ئامانتۇرنىڭ ئىلاھىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئامانتۇر ئىلاھىي

ئانىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، تولىمۇ خورسىنغان ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

ـــ ئەي شاپائەتلىك ئىلاھىي ئانا، مېنىڭ ئانام ئۇدۇن خانلىقىنىڭ گىلەمچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتىنى باشقىلارغا ئۆگىتىۋاتاتتى. ھازىر ئۇ كېسەل بولۇپ قېلىپ ھاياتى ئېغىر خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئالەمدە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنى پۈتۈن ئانىلارنىڭ روھى دېيىشىدىكەن. ھۆرمەتلىك ئىلاھىي ئانا، ئەگەر سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ سىز مېنى شۇ تاپتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلسىڭىز مەيلى، لېكىن مەن خىسلەتلىك مېۋىنى ئانامغا ئاپىرىپ بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆلتۈرسىڭىز، مەن ئانامنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىم، ئۇدۇن گىلەمچىلىكىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىم كېرەك! ئەگەر تەلىپىمنى قوبۇل قىلمىسىڭىز، ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ!

ئامانتۇرنىڭ بۇ تەسىرلىك سۆزلىرى، ئىلاھىي ئانىنى چوڭقۇر ئويغا سېپتۇ. ئۇ چوڭقۇر خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن، قوللىرىنى پولاڭلىتىپ خاسىيەتلىك مېۋە دەرىخىنى ئامانتۇرغا تاپشۇرۇپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. ئامانتۇرمۇ بۇ دەرەخنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپتۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى خاسىيەتلىك مېۋە دەرىخى خوتەن دىيارىدا يەرلىشىپتۇ ۋە ئاينىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ياڭاقنى ئىتتىپاقلىق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدىغان بوپتۇ.④

## 2. خوتەن گىلەمچىلىكىگە ئائىت تارىخىي يازما مەلۇماتلار

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلىرىدىن «قەدىمنامە» نىڭ بىر قىسمى بولغان «يۈيگۈڭ»، «جۇنامە ۋاڭ شەرھى» «ئىزاھنامە» قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەردە تارىم ئاھالىسىنىڭ گىلەمچىلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا گىلەم «تادىڭ» دەپ خاتىرىلەنگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شۈي شىن يازغان «ئىزاھنامە» دە، «چۈيشۇ، تادىڭ دېگەنلەر... تەڭلىمات، گىلەم تىپىدىكى مالدۇر» ⑤دېيىلگەن. «قەدىمنامە» نىڭ بىر قىسمى بولغان

«يۈيگۈك» دېگەن كىتابتا، «تارىم ئاھالىسىنىڭ گىلەمچىلىك ھۈنىرىنى خېلى بۇرۇنلا ئىجاد قىلغانلىقى» خاتىرىلەنگەن بولسا، «جۇنامە، ۋاڭ خۇي شەرھى» دە بايان قىلىنىشىچە، «شاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى يى يىنىنىڭ پەرمانى بىلەن غەربتىكى قۇرۇم قاتارلىق جايلار باج - خىراج ئورنىدا ھەر يىلى شاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇلدارلىرىغا يۇڭ توقۇلما ماللار بېرىپ كەلگەن[6]» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«قەدىمكى نەغمىلەر، گەنسۇنىڭ غەربىگە ساياھەت» دە، «مېھمان تۆر ئۆيگە باشلىنىدۇ، زىلچا سېلىنىدۇ»[7] دېيىلگەن؛ «ئۈچ رايوننىڭ خانلىق خەرىتىسى، تۇگەنچە ئوردا» دېگەن كىتابتا، «يەرگە زىلچا - پالازلار سېلىنغان»[8] دېيىلگەن. نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردىمۇ «خوتەن گىلىمى» دېگەن ناملار خاتىرىلەنگەن. [9]سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر، شىيا خانلىرى تەزكىرىسى» دە، «كۆنچىلىك قىلىدىغان، يۇڭدىن رەخت توقۇيدىغان، كۇئېنلۇن، شىجىژ، چۈسۈ، غەربىي روڭلار قاتارلىق غەربتىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى يۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆز كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللاندى»[10]دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: چىڭ دەۋرىدە خوتەننىڭ ھۆكۈمرانلىرى خان ئوردىسىغا تارتۇق قىلىش ئۈچۈن گىلەم ئاپارغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بېيجىڭدىكى خان سارىيى مۇزېيخانىسىدا، خوتەننىڭ «ئانار گۈلى» «چاچما گۈل» نۇسخىلىق گىلەملىرى ساقلانماقتا[11].

شۇ نەرسىگە دىققەت قىلىش كېرەككى، يۇقىرىقى خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنغان، «غەربتىكى قاراقۇرۇم ، كۇئېنلۇن» دېگەن ئىسىملار ئەسلىدە بىر جاينىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى بولۇپ، ھازىرقى كۇندە «كۇئېنلۇن» دەپ ئاتىلىۋاتقان تاغلارنى ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە «قۇرۇم تاغلىرى» دەپ ئاتايتتى. «قۇرۇم» ئەسلىدە تۈركچە نام بولۇپ، كېيىنچە خەنزۇ يېزىقىدا « 昆仑 » دەپ يېزىلغان. قاراقۇرۇم بولسا « 喀喇昆仑 » دەپ يېزىلغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «قۇرۇم تاغ» نى «قۇرۇم قاشلىق تاغ»[12]دەپ يازغان. «قۇرۇم قاشلىق تاغ» كېيىنكى مەزگىللەردە «كۇئېنلۇن» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن قاراقۇرۇم تاغلىرى يەنىلا ياۋروپا تىللىرىدا ئۆزگەرتىلمەي تۈرك تىلىدىكى ئەسلىي ئاتالغۇسى بويىچە «قاراقۇرۇم» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. تارىختىن بېرى يۇرۇڭقاش

دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسىنىڭ ئارىلىقى «قۇرۇم تاغلىرى» دەپ ئاتالسا، يەكەن دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغلاردىن غەربىي چېگرىغىچە بولغان تاغلار «قاراقۇرۇم تاغلىرى» دەپ ئاتالغانىدى. قەدىمكى خەنزۇچە، تۈركچە تارىخىي يازما مەنبەلەردە «كوئېنلۈن» «قۇرۇم» دەپ ئاتالغان جايلارنىڭ بۈگۈنكى خوتەن (ئۇدۇن) ئىكەنلىكىنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملار ئېتىراپ قىلماقتا. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، خوتەننىڭ يۇڭ مەھسۇلاتلىرىدىن پالاز، گىلەم، كىگىز، چەكمەن قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ شيا سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلغان.

## 3. خوتەن گىلەمچىلىكىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خوتەن رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە قولغا كەلگەن گىلەم ئەۋرىشكىلىرى ۋە تارىشا پۈتۈكلەر، تارىم ۋادىسى جۈملىدىن خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

«كۆنچى دەرياسى» نىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان يۇڭدىن ئىشلەنگەن پالاس تۆت مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ خارابىلىقتىن تېپىلغان پالاس شەك-شۈبھىسىزكى، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن گىلەم ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ.[13]

1959 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى نۇنجى قېتىم تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبى قىرغىقىدىكى نىيە خارابىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار بۇ قېتىملىق قېزىشتا بىر پارچە گىلەم ئەۋرىشكىسى بايقىغان. ئۇ 25 ــ 220 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشلىرىدا بايقالغان ئەڭ قەدىمكى گىلەم ئەۋرىشكىسى، شۇنداقلا دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ قەدىمكى گىلەم ھېسابلىنىدۇ[14]. 1980 - يىلى 12 ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن سابىت ئەخمەت، ئەخمەت رىشىت قاتارلىق يولداشلار بۇ خارابىنى ئىككىنچى قېتىم قىدىرىپ

تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا قۇمۇش، بورا، تىرە، كىگىز، پالاس، گىلەملەرگە ئوراپ كۆمۈلگەن رەتسىز قويۇلغان جەسەتلەرنى تاپقان. بۇ يەردىن تېپىلغان بىر جەسەتكە ئورالغان گىلەم توقۇلۇش جەھەتتە ئالاھىدە بولۇپ، خۇددى چىبەرقۇتقا ئوخشاش بىر يولى مويلۇق، بىر يولى مويسىز، موينىڭ ئۇچى كېسىلمەي، لۆڭگە موينغا ئوخشاش ئىلمەك ھالىتىدە توقۇلغان، بۇ گىلەم توقۇلۇش تېخنىكىسى ۋە سۇپىتىدىن قارىغاندا، گىلەمنىڭ قوپاللىقى، توقۇلۇش تېخنىكىسىنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن يىل ـ دەۋر جەھەتتە، بۇ خارابە ئەتراپىدىن 1959 ـ يىلى تېپىلغان مىلادىيە III ئەسىرگە تەئەللۇق گىلەمگە قارىغاندا خېلى ئىلگىرى تۇرىدۇ⑭. 1995 ـ يىلى 10- ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو ـ ياپونىيە نىيە خارابىسىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى 7 ـ قېتىم نىيە خارابىسىدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە 3- نومۇرلۇق قەبرىنى رەتلەش بىلەنلا ھەيران قالارلىق نەتىجىگە ئېرىشكەن. 3 ـ نومۇرلۇق تاۋۇت تاختايلاردىن ئۇزۇنچاق تۆت چاسا قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2.30 مېتىر، كەڭلىكى 0.90 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.915 مېتىر كېلىدۇ. تاۋۇت ياغاچ مىخلار بىلەن مىخلاپ قۇراشتۇرۇلغان. تاۋۇت تاختايلىرى تۇتاشتۇرۇلغان جايلىرىغا سېغىز لاي سۇۋاپ، تاۋۇت ئىچىگە قۇم، توپا كىرىشتىن ساقلىغان، تاۋۇت ئەتراپىغا 15 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بۇغداي پاخىلى، تېرىق پاخىلى قويغان، تاۋۇت ئۈستىگە ئىككى پارچە رەڭلىك يۇڭ گىلەم يېپىلغان بولۇپ، ئەڭ ئۈستىدىكى گىلەم چىغ يوللۇق توقۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 2.36 مېتىر، كەڭلىكى 1.76 مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئاستىدىكى گىلەم رەڭدار گىلەم بولۇپ، ئۈچ بۆلۈڭ ئىچىگە ئادەم شەكلى توقۇلغان. گىلەم ئۇزۇنلۇقى 2.90 مېتىر، كەڭلىكى 1.26 مېتىر كېلىدۇ. گىلەم خېلى ياخشى ساقلانغان، رەڭلىرىمۇ ئۆچمىگەن. بۇ شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى گىلەملەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ گىلەم ھېسابلىنىدۇ.⑮

1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى مەدەنىي يادىكارلىقلار ئورنىدىكى يولداشلار سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا قەبرىستانلىقتىن ياغاچتىن ياسالغان ھەر خىل بۇيۇملار، ساپال بۇيۇملار، يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەك، ھەر خىل رەڭدىكى رەخت، گىلەم، كىگىز، يۇڭ

پالاس، شايى، مەشۇت، ئوقيا، ئوق، مىس ئەينەك، ئۇرچۇق، يىك
تۆمۈر ئورغاق، ياغاچ گۈرجەك، تارغاق، سۈزگۈچ، يەلپۈگۈچ، ھاس
قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى تاپقان. يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە پالاس
گىلەملەر خېلى كۆپ، پالاسلار ئۆز رەڭگىدە سىدام توقۇلغان بولۇپ
جەسەتلەرنى يۆگەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. گىلەملەر رەڭدار توقۇلغا
بولۇپ، تۆت خىلغا بۆلۈندۇ. ئىگەر - توقۇم توقۇلغان ھالەت
كۆمۈلگەن M16 نومۇرلۇق ئات ئىگىرىنىڭ ئۈستىگە 6.5×73cm
چوڭلۇقتىكى گىلەم يېپىلغان. گىلەمنىڭ تۆت بۇرجىكى
چۇچىلىرى بار. بۇ يادىكارلىقلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى I
ئەسىردىن مىلادىيە III ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە تەئەللۇ
يادىكارلىقلار بولۇپ، روشەن دەۋر خۇسۇسىيىتى
ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن. بۇ گىلەمله
قەدىمكى ئۇدۇن گىلەمچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشت
قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.[17]

قارۇشتى يېزىقىدىكى 222 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇندا
خاتىرىلەنگەن، «بەش شى adini ئۇزۇق تېرىغىلى بولىدىغان بىر پار
akri يەرنى يەنە بىر بۆلەك تېرىغىلى بولىدىغان بەش شىadini يەر
بىر كىشىگە تەقدىم قىپتۇ. تەقدىم قىلغۇچى 10 مول قىممىتىدىك
بىر پارچە يىرىك گىلەمدىن ئىبارەت رەھمەت سوۋغىسىغا ئې
بولىدۇ»[18]. 432 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە، «مەلۇم بىر چاغدا، خانى
بۇ جايغا كەلگەندە بىر تىللا سوراپتۇ، بۇ جايدا ئالتۇن بولمىغاچق
مەن قاتارلىقلار ئالتۇن ئورنىغا 13 غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بىر گىلەمن
بەردۇق»[19] دېيىلگەن. 579 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە، «1 مىلما 10 ش
ئۇزۇق تېرىغىلى بولىدىغان بىر پارچە يەرنى سېتىپ ھەققىگە 12 مول
يارايدىغان، 13 غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بىر گىلەمنى ئاپتۇ»
دېيىلگەن. 592 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە: «بىر قىزنى سېتىپ ئۇنى
ھەققى ئۈچۈن 30 مولغا يارايدىغان بىر تۆگە ۋە بىر پارچە ئۇدۇ
گىلىمىگە ئېرىشىپتۇ»[20] دېيىلگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋامىدا ھ
خىل پالاس، گىلەم ياكى ئۇلارنىڭ پارچىلىرى تېپىلغ
جايلار نىيە خارابىسى ۋە سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى
بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. تارىم ۋادىسىدىكى خېلى كۆپ جايلاردى
قەدىمكى خارابە ۋە قەبرىستانلىقلاردىنمۇ شۇ خىلدىكى توقۇل
بۇيۇملار بايقالدى.

«كۇچا، خوتەن، مارالبېشى، نىيە قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەر ۋە خارابىلەردىن نۇرغۇن گىلەم پارچىلىرى تېپىلغان. بۇلار ئىچىدە گىلەمنىڭ بىر قەدەر روشەن خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغىنى، خوتەن ۋىلايىتى نىيە خارابىلىقىدىن تېپىلغان گىلەم ئەۋرىشكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ». ⑳

ھازىر ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدىكى ۋىكتورىيە ۋە ئارابوت مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تۇۋتىلىق گىلەم ئەۋرىشكىلىرى لوپنۇر ۋادىسىدىن تېپىلغان بولۇپ، تارىخى 2 مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ. ㉑

## 4. مەلۇماتلاردىن خۇلاسە

يۇقىرىدا بىز تارىم ۋادىسى جۇملىدىن خوتەننىڭ قەدىمكى دەۋردىكى گىلەمچىلىك تارىخى توغرىسىدىكى تارىخىي يازما مەلۇماتلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. بۇ مەلۇماتلار تەمىنلىگەن ئۇچۇر ۋە پاكىتلاردىن، مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز:

1. گىلەمچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەن ماكانى مەسىلىسى. يۇقىرىقى نەقىل ئېلىنغان بايانلاردىن مەلۇمكى، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى يازما مەنبەلىرىدە يۇڭ توقۇلما ماللار، گىلەم، پالاس قاتارلىقلارنىڭ «غەربتىكى ئەللەر» «غەربتىكى قورۇم قاتارلىق جايلار» دىن كېلىدىغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمقى قەبرىستانلىق، سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى، نىيە خارابىسى، كۇچا، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىن قەدىمكى دەۋرگە تەئەللۇق نۇرغۇن گىلەم (ياكى گىلەم پارچىلىرى) تېپىلغان. نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان خېلى كۆپ يازما ۋەسىقىلەردە، گىلەم توغرىسىدا مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. بۇ پاكىتلار گىلەمچىلىكنىڭ قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا (جۇملىدىن خوتەندە) بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

2. گىلەمچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى مەسىلىسى. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانلاردا «شىيا خانلىرى تەزكىرىسى» دە، «... يۇڭدىن رەخت توقۇيدىغان كوئېنلۇن... قاتارلىق غەربتىكى ئەللەر...» «غەربتىكى قورۇم قاتارلىق جايلار... شاڭ سۇلالىسىنىڭ

قۇلدارلىرىغا يۇڭ توقۇلما ماللار بېرىپ كەلگەن» دېيىلگەن. بۇ يەر
تىلغا ئېلىنغان شيا سۇلالىسى بۇنىڭدىن 4 مىڭ 200 يىل بۇرۇنق
دەۋردىن 3 مىڭ 700 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگىچە داۋام قىلغان. شاڭ
سۇلالىسى بولسا، بۇنىڭدىن 3 مىڭ 700 يىل بۇرۇنقى دەۋردىن
مىڭ 100 يىل بۇرۇنقى دەۋرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن. دۆلىتىمىزنىڭ
مۇشۇ دەۋرگە ئائىت ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كېيىنكى دەۋردىك
خاتىرىلىرىدە، غەربتىكى قۇرۇم تارىم ۋادىسىدىن چىقىدىغان پالاس
قاتارلىق يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ ئەينى دەۋردە شيا، شاڭ سۇلالىلىرىنى
يۆتكەپ بېرىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئەھۋال «كۆنچى دەرياسىنىڭ
تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن 4 مىڭ يىللىق تارىخ
ئىگە يۇڭ پالاس تېپىلغان» لىقى توغرىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك
ماددىي پاكىتقا ماس كېلىدۇ.

لېكىن، يۇقىرىقى نەقىللىك بايانلاردا يەنە، «4 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە يۇڭ پالاس... شەك - شۈبھىسىزكى، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن گىلەم ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ» مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادىيىدىن كېيىنكى ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە تەئەللۇق نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان «گىلەم ئەۋرىشكىسى» «گىلەمنىڭ بىر قەدەر روشەن خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە» ، «ئەنگلىيە مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تىۋىتلىق گىلەم ئەۋرىشكىلىرى لوپنۇر ۋادىسىدىن تېپىلغان بولۇپ تارىخى ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ» دېگەن بايانلاردا سۆز بىردەك «گىلەم» ئۈستىدە بارسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارلىققا كەلگەن تارىخ ھەققىدە ۋاقىت پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولغان 4 مىڭ يىل، 2 مىڭ يىل دېگەن ئىككى خىل ۋاقىت ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇندا زىددىيەتلىك سان ئۇقۇمىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ھەم تۈر ئۇقۇمى ھەم خاس ئۇقۇم بولغان «گىلەم» دېگەن سۆزنىڭ جايىدا قوللىنىلمىغانلىقى سەۋەب بولغان.

ئۇيغۇر گىلەمچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان گىلەملەر زىلچا گىلەم ۋە سۇر گىلەمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. زىلچا گىلەم تىۋىتلىق توقۇلىدۇ. سۇر گىلەملەر تىۋىتسىز توقۇلىدۇ. سۇر گىلەم بەزى جايلاردا «پالاس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. زىلچا گىلەم گىلەمنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان تۈرى بولۇپ، ئېغىز تىلىدا ئادەتتە قىسقارتىلىپ «گىلەم» دېيىلىدۇ. لېكىن، ئىلمىي ئەسەرلەردە قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ قوللىنىش زۆرۈر بولغان بۇ ئاتالغۇلار ھەرخىل

سەۋەبلەردىن سەھۋەن قوللىنىلىپ قويۇلغانلىقتىن يۇقىرىقى زىددىيەتلىك ۋاقىت ئۇقۇمى كېلىپ چىققان. بىز يۇقىرىقى بايانلاردىكى مۇجمەللىكلەرنى تۈزىتىپ، «4 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە يۇڭ پالاس... مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن سۇر گىلەم (تىۋىتسىز گىلەم) ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ» «لوپنۇردىن تېپىلغان زىلچا گىلەم (تىۋىتلىق گىلەم) ئەۋرىشكىلىرىنىڭ تارىخى 2 مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ» دېگەن شەكىلگە كەلتۈرسەك، مەسىلە ئۆز ئۆزىدىن ئايدىڭلىشىدۇ. دېمەك، خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىم ۋادىسىدا سۇر گىلەم ئىشلەپچىقىرىش 4 مىڭ يىللىق، زىلچا گىلەم ئىشلەپچىقىرىش 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. خۇددى «ياڭرىدى ھەرياندا ساز» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلگەندەك، «خوتەن خەلقى 2 مىڭ يىل بۇرۇنلا قوي يۇڭى ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنىدىغان چىرايلىق، رەڭدار، ئۆزگىچە نۇسخىلاردىكى زىلچا گىلەم توقۇشقا ماھىر ئىدى» .[24]

3. گىلەمچىلىك تېخنىكىسىنىڭ باشقا جايلارغا تارقىلىشى. خوتەندە شۇنداقلا تارىم ۋادىسىدا گىلەمچىلىك بارلىققا كېلىپ نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن باشقا جايلارغا تارقالغان. بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر گىلەمچىلىك تارىخى ھەققىدە تەھلىل» ناملىق ماقالىدىكى مۇنۇ بايانلار بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئېنىق يورۇتۇپ بەرگەن، «شىنجاڭنىڭ قەدىمكىگە ئائىت گىلەملىرى توقۇلۇشى جەھەتتىن پۇختا بولۇپلا قالماستىن، يەنە رەڭلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى ۋە نەقىش - بىزەك ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزگىچە، شۇ سەۋەبتىن ئەينى دەۋردىكى شەرق - غەرب يىپەك يولى سودىسىدا، شىنجاڭنىڭ يەرلىك گىلەملىرى ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي بۇيۇم ھېسابىدا چەت ئەللەرگە چىقىرىلغان. بۇ گىلەملەر غەرب ۋە شەرققە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىش بىلەن بىللە، شۇ رايونلارنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، گىلەمچىلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان.

ئىراننىڭ پاجكەنت ئوردىسىدا VI ~ VIII ئەسىرلەرگە تەۋە تام گىلىمى ساقلانغان بولۇپ، گىلەمنىڭ توقۇلۇشى، رەڭ، نەقىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ شىنجاڭ گىلەملىرى بىلەن ئوخشاش ياكى مەنبەداشتۇر. يەنە تاكى يۈەن دەۋرىگە كەلگۈچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى (ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسى) سەمەرقەند شىنجاڭ گىلەملىرىنىڭ يىپەك يولى ئۈستىدىكى ئالماشتۇرۇلۇش، سېتىلىش

مەركىزى بولۇپ كەلگەن. مانا شۇنداق كەڭ كۆلەملىك ئالماشتۇرۇش
جەريانى ئارقىلىق، شىنجاڭ گىلەملىرى پارس گىلىمى، تۈرك
مەنلەرنىڭ بۇخارا گىلىمى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنىش ئاساسى بولۇ
بەرگەن. تېخىمۇ گەۋدىلىكى شۇكى، شەرقىي جىن (317ـ 420
يىللار) دەۋرىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە گىلەم توقۇش
ھۈنىرى ۋە گىلەم يوق بولۇپ، شۇ دەۋرلەردىن كېيىن بۇ تېخنى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېڭەيتىلگەن ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شەرت
شارائىتىغا ماس ھالدا سۇجۇ - خاڭجۇ ئۇسلۇبىدىكى نېپىز تىۋىتلى
يىپەك گىلەمنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولغان
كېيىنكى ئەھۋاللاردا ھەم پارس گىلەمچىلىكى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلى
گىلەمچىلىكى ئۆز نۆۋىتىدە رايونىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپ
گىلەمچىلىك تېخنىكىسىنىڭ يەنىمۇ يۈكسىلىشى ۋە كۆپ
خىللىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنى، سەل كېيىنرەك دەۋرگ
تەۋە قەبرە - خارابىلەردىن تېپىلغان خەنزۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەر
يۇڭ توقۇلمىلار ۋە گىلەملەر، شۇنداقلا ئىران ئۇسلۇبىدىكى ئەنئەنىۋ
گىلەملەر ئىسپاتلايدۇ». [25]

# خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

## 1. ئەجدادلارنىڭ تۆھپىسى

خوتەندە گىلەمچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى
تەسادىپىي ئەمەس ئىدى. ئەجدادلىرىمىز ئۆز جايىنىڭ مول خام ئەشيا
بايلىقىدىن پايدىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرگەن پالاس - گىلەملەر
ئۇرۇشتىن گىرە ئېچىپ، ئارقاق ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق توقۇلاتتى.
ئۇلار مىلادىيىدىن خېلى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا تەبىئىي رەڭلىك
پالاس توقۇشتىن بىر قەدەم ھالقىپ، بوياق رەڭدار يوللۇق پالاس ۋ
گۈللۈك پالاس توقۇشنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. نىيە خارابىسى ۋ
سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان گىلەم ئەۋرىشكىلىرىنىڭ
ئاساسلانغاندا، شۇ دەۋرلەردە 8 ـ 10 خىل رەڭدە يىپ بوياش يولغ
قويۇلغانلىقى ۋە رەڭدار سۈرەت چۈشۈرۈلگەن يۇڭ توقۇلمىلار

ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى مەلۇم. دېمەك، رەخدار پالاس، گۈللۈك پالاس ۋە رەختلەرنى توقۇش تېخنىكىسى شۇنداقلا بوياقچىلىق تېخنىكىسى زىلچا گىلەم توقۇش تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ماددىي ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇددا دىنىنىڭ خوتەندە ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، لاي ياكى گەجدىن ھەر خىل بۇت، ھايۋان، ئۇچار قۇشلارنىڭ ھەيكىلىنى ياساش، ياغاچ بۇتلارنى ئويۇش، مېتال بۇتلارنى قويۇش، تام - تورۇسلارغا قاپارتما ياكى تۈز بەتلىك شەكىللەردە بۇدساتىۋا ھەيكەللەرنى چىقىرىش، سىزىش قاتارلىقلار بىلەن خاراكتېرلەنگەن تەسۋىرىي سەنئەت گۈللەنگەنىدى. شۇ چاغلاردا خېلى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە يەتكەن ئادەم، ھايۋان، قۇش، بۇت، تەبىئىي مەنزىرە قاتارلىقلارنى تەسۋىرىي سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلەش تېخنىكىسى، زىلچا گىلەم توقۇمىچىلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بەدىئىي سەنئەت ئاساسى ھازىرلاپ بەرگەن.

ئەجدادلىرىمىز ياشاپ، كۆپىيىپ كەلگەن بوستانلىقلارنىڭ بىپايان قۇم بارخانلىرى ۋە دەشت - چۆللەر قورشاۋىدا تۇرۇشتەك تەبىئىي رېئاللىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن دەل - دەرەخ، گۈل - چېچەكلەرنى سۆيۈش، ئۇنى يېشىللىقنىڭ، ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇشتەك پىسخىك ئاڭ، زىلچا گىلەم توقۇمىچىلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەرگەن. مانا شۇنداق ماددىي، بەدىئىي، ئىدىيىۋى ئامىللارنىڭ يۇغۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە زىلچا گىلەم توقۇش تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن.

زىلچا گىلەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى ئانچە كۆپ بولمىغان. پېشقەدەم گىلەمچى ئۇستىلارنىڭ ئېيتىشىچە، زىلچا گىلەمنىڭ كەلكۈن، يۇلتۇز، شام، ئانارگۈل قاتارلىق نۇسخىلىرى ئەڭ ئىپتىدائىي نۇسخىلار ھېسابلىنىدۇ. خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، گىلەم توقۇش تېخنىكىسى نەقشىۋەن پىرىمدىن تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن شاگىرتلىرى بار ئىكەن. ئۇ گىلەمنى شۇنداق ئىتتىك توقۇيدىكەنكى، شاگىرتلىرى ئۇنىڭ قانداق توقۇغىنىنى بىلەلمەي، كۆز ئىشارىسى بىلەن توقۇۋاتامدۇ ياكى قولى بىلەنمۇ دەپ تەئەججۇپلىنىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئېنىق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئولىشىۋاپتۇ. شاگىرتلىرىنىڭ سەۋرسىزلىكىگە ئاچچىقلانغان نەقشىۋەن پىرىم «ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ» دەپ لاس تىۋىتىنى دەرياغا ئېتىپتۇ - دە، غايىپ

بولىدۇ. لاس تىۋىت دەريا كەلكۈنىدە بىر ئېگىزلەپ، بىر پەسىيە دولقۇنلاپ ئېقىپ كېتىپتۇ. شاگىرتلار چالا قالغان گىلەمگە قاراپ توقۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋاپتۇ ۋە ئۇنى پۇتكۈزۈپتۇ ھەم بۇ گىلەم «كەلكۈن نۇسخا گىلەم» دەپ ئاتاپتۇ. بىراق، ئۇلارنى سەۋرسىزلىكى تۈپەيلى، گىلەم سودىسى دەريا كەلكۈنىدەك بىر ئېگىزلەپ، بىر پەسلەپ تۇرىدىغان بوپقاپتۇ.[®] گەرچە بۇ بىر رىۋايە بولسىمۇ، قىلچە ئاساسى يوق دېگىلى بولمايدۇ. كۆپ ساندىكى پېشقەدەم گىلەمچى ئۇستىلار، كەلكۈن نۇسخا گىلەمنى زىلا گىلەمنىڭ ئەڭ قەدىمىي نۇسخىسى دەپ ھېسابلايدۇ.

يۇلتۇز نۇسخا گىلەمگە چەكسىز ئاسماننى قاپلىغان يۇلتۇزلا سىماسى نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلىدۇ. يۇلتۇزلارنى ئۇلۇغلاش، قۇيا ۋە ئاينى ئۇلۇغلاش شامان دىنىدىكى ئېتىقاد ئوبيېكتى ئىكەنلى ئېنىق. بۇددا ئېتىقادى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە يۇلتۇز ئوبرازىنى گىلەم نەقىشىدە ئىپادە قىلىنىشى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك يالقۇنجىغان بۇرۇنقى ئېتىقادىغا سېغىنىش ھېسسىياتىنى تەسۋىرىي سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى بولۇ ھېسابلىنىدۇ.

شام نۇسخا گىلەمدە، تۇرۇسقا ئېسىلغان قەندەلدە يېنىپ تۇرغ شام نۇرى ئاساسىي گۈل قىلىنىدۇ. يەنە بەزى گىلەملەرنى كانارىسىغا قاتار تىزىلغان شام ئوبرازى چۈشۈرۈلىدۇ ۋە بۇ خىل كان «شام چىراغ كانارا» دېيىلىدۇ. بۇ خىل نۇسخىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئانارگۈل نۇسخا گىلەمنىڭ گۈل نەقىشلىرىدە، ئانار دەرىخى مېۋىسى ئاساسىي گۈل ئېلېمېنتى قىلىنىدۇ. بۇ ئەجدادلىرىمىزنى ئەينى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ۋە ئانارنى ئۇلۇغلا قارىشىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىدىن باشقا نەر ئەمەس.

مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا خاس زىلچا، گىلەملەرنى توقۇلۇش سۈپىتى خېلى ياخشى بولۇپ، ھازىرقى تۆۋەن دەرىجىلە گىلەملەردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. 1959 - يىلى نىيە خارابىسىد تېپىلغان زىلچا گىلەم پارچىسىنىڭ ئۇرۇش - ئارقاق قېلىنلىقى 30 قاتار ئەتراپىدا بولۇپ، ھازىرىمۇ خەلق ئىچىدە توقۇلۇپ بازار سېلىنىدىغان ئادەتتىكى گىلەملەرنىڭ ئۇرۇش - ئارقاق زىچلىقى 60 قاتار (يەنى 360 قاتار ئۇرۇش × 360 قاتار ئارقاق / كۋادر

مىتىر) توقۇلىدۇ. بۇ گىلەم پارچىسىدىكى نەقىش نۇسخىلىرىنىڭ رەڭلىرى ھېلىھەم ئىنتايىن ئوچۇق، ئېنىق ساقلانغان. گۈل نۇسخىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، رەڭلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئۇسلۇبى ھازىرقى زامان خوتەن گىلەملىرىگە ئوخشايدۇ. ⑳

زىلچا گىلەم دەسلەپ بارلىققا كەلگەن دەۋرلەردىلا چۈشەك گىلەم ۋە تام گىلىمى قىلىپ ئىشلىتىلىشتىن سىرت، ئەگەر قېپى قىلىنىشقا ئىشلىتىلگەن. نىيە خارابىسىدىن چىققان تارىشا پۈتۈكلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، گىلەم ئۆز ۋاقتىدا خەلق ئارىسىدىكى سودا- سېتىق، ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا خېلى كەڭ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ زىلچا گىلەمنىڭ ئەينى دەۋردە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىلا ئەمەس، ئاۋام خەلق ئىستېمالىدىمۇ خېلى ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەننىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىقى تەرەققىي قىلغان، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، كىگىز ۋە گىلىمى ناھايىتى داڭلىق ئىدى. بولۇپمۇ گىلىمى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىچكىرىدىكى رايونلارغا يۆتكەپ سېتىلغان. ⑳

پاختا نۇسخىلىق گىلەمنىڭ كانارا گۈللىرىگە ۋە ئىچ گۈللىرىگە بىردەك كېۋەزنىڭ غول، شاخ، يوپۇرماق، چېچەك ۋە ئېچىلغان غوزىكىنىڭ شەكىللىرى نەقىش قىلىنىدىغانلىقى، گۈل ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئاز، نەقىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئاددىيراق بولىدىغانلىقىغا قاراپ، بۇ خىل نۇسخىنى شۇ دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، خېلى ئۇزاققا سوزۇلغان تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، جۈملىدىن گىلەمچىلىكنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ مەزگىللەردە بىر جەھەتتىن گىلەم توقۇش تېخنىكىسى تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى جايلاردا ئومۇملىشىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. «قول ھۈنەرۋەنچىلىكى قاراخانىيلارنىڭ ئىگىلىكىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى... گىلەم مەھسۇلاتىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. قەشقەر، خوتەن، يەكەنلەردە رەڭگى ۋە نۇسخىسى ناھايىتى گۈزەل گىلەملەر توقۇلاتتى.» ⑳يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ تارىخىي دەۋرلەردە، ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاد گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەكس ئەتتى. مەخسۇس دىنىي ئېھتىياج ئۈچۈن

ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايناماز نۇسخا گىلەم مۇشۇ دەۋرلەردە بارلىققا
كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.
يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك يۈكسەك
دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، جۈملىدىن گىلەم توقۇش سەنئىتى
ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ دەۋردىكى سودا پائالىيەتلىرىد
ئىچكى بازارلاردىن سىرتقا كېڭىيىش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلگەن
بولۇپ، شەرقتە ئىچكى ئۆلكىلەر، ھەتتا دېڭىز بويلىرىغىچە، غەربت
ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنداقلا تىبەت، ھىندىستان، ئافغانىستان،
كەشمىر، شىمالدا موڭغۇللار بىلەن زىچ سودا ئالاقىسى يولغ
قويۇلغانىدى. شىنجاڭنىڭ كان مەھسۇلاتلىرى، بۆز توقۇلمىلار،
گىلەم، كىگىز قاتارلىقلار ئىچكى رايونلارغا يۆتكەپ سېتىلاتتى. ئ
يەرلەردىن تاۋار - دۇردۇن، فارفۇر قاچىلار كەلتۈرۈلەتتى. ئىران
ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا ئالتۇن، تۆمۈر
مىس، پاختا ۋە يىپەك توقۇلمىلار، شۇنداقلا زىلچا گىلەم، كىگى
قاتارلىق مەھسۇلاتلار يۆتكەپ بېرىلىپ سېتىلاتتى. ئۇ جايلاردىن
دورا - دەرمەك، ئەتىر قاتارلىق بۇيۇملار يۆتكەپ كېلىنەتتى.
ئىران گىلەملىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس سەنئەت ئالاھىدىلىكى مۇش
دەۋرلەردە خوتەن گىلەمچىلىكىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى ۋە ئىرا
تەرەپتىكى سودىنىڭ تېخىمۇ جانلىنىشىنى نىشان قىلىپ، ئىرا
خەلقىنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىغا ماس ھالدا خوتەندە «ئىران نۇسخا
گىلەم سورتى بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرق
مەزگىللىرىدە خوتەن گىلەمچىلىكى مەيلى مەھسۇلات مىقدارى ياك
نۇسخا، رەڭ تۈرى جەھەتتىن بولمىسۇن، تېخىمۇ يۇقىرى تەرەققىيا
باسقۇچىغا كىردى. 1908 - يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ش
يىللاردا خوتەندە «يىلىغا 700 مىڭ دانىدىن ئارتۇق خام (ماتا)، 7
مىڭ پارچىدىن ئارتۇق زىلچا گىلەم، 78 مىڭ پارچىدىن ئارتۇ
كىگىز ئىشلەپچىقىرىلغان» [31]. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرق
مەزگىللىرىدە خوتەندە گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى زور تەرەققىيا
ئېرىشكەن، ھەر يىلى سىرتقا سېتىلىدىغان خوتەن زىلچا گىلىم
نەچچە ئون مىڭ كۇادرات مېتىرغا يەتكەن. توقۇش ھۈنەر سەنئىتىد
يېڭى يۈكسىلىش بولغان [32]. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوت
گىلەمچىلىكىدە ئىككى جەھەتتە بىر قەدەر روشەن تەرەققىيات بولدى
ئۇنىڭ بىرى، ئوبراز نۇسخا ۋە مەنزىرە نۇسخا گىلەمنىڭ بارلى

كېلىشى، يەنە بىرى، سانائەت بوياقلىرىنىڭ كىرگۈزۈلۈشى ۋە گىلەم يىپ بوياقچىلىقىدا قوللىنىلىشى بىلەن خاراكتېرلەندى.

چىنىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گەرچە شىنجاڭدا كۆپ قېتىم تەپرىقىچىلىك، بۆلۈنمىچىلىك ئۇرۇشلىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا باستۇرۇپ، ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. خوتەن خەلقىنىڭ ئىچكىرىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئۇچرىشىشى ئارقىسىدا، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا ئالاقىسى كۆپەيدى. خوتەن گىلەمچىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقىنىڭ رەخت، ئەدىيال قاتارلىق توقۇلمىلار، ئۆي - ئىمارەت نەقىشلىرى، فارفور قاچا نەقىشلىرىدە ئادەم ۋە ھايۋانلار ئوبرازىنى ئىپادىلەشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى بايقىدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا مەنزىرىلىك جايلار ۋە شۇ مەنزىرە ئىچىدىكى ئۇچار قۇش، ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان مەنزىرە نۇسخا گىلەم توقۇش بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خان - پادىشاھلارنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئوبراز نۇسخا (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خوتەن گىلەمچىلىكىدە توقۇلغان ئەڭ دەسلەپكى ئوبراز نۇسخا گىلەمگە چيەنلۇڭ خاننىڭ سۈرىتى توقۇلغانىكەن) گىلەم بارلىققا كەلدى. جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىشنى قاتتىق گۇناھ بىلىدىغان ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە چىن ئىخلاس قىلىدىغان گىلەمچى ئۇستىلار، بۇ خىل گىلەملەرنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن توقىغان بولماستىن، بەلكى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇيرۇتمىسى ۋە بېسىمى ئاستىدا توقۇغانلىقى ئېنىق. شۇنداقتىمۇ، گىلەمنىڭ بۇ ئىككى خىل تۈرى بەربىر بارلىققا كەلدى ۋە بارا - بارا بېيىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۈرىدىغان گىلەم نۇسخىلىرى بولۇپ شەكىللەندى.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1850 - يىللاردىن باشلاپ، رۇسىيە، ئەنگلىيە دائىرىلىرى شىنجاڭدا بەزى ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سانائەت رەختلىرى، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈپ قىممەت باھادا سېتىش ھېسابىغا، شىنجاڭدىن يۇڭ، تېرە، يىپەك قاتارلىق خام ئەشيالار ۋە گىلەم، كىگىز قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالاتتى. شۇ دەۋرلەردە خوتەنگىمۇ سانائەت بوياق ماتېرىياللىرى كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى[1]. يەرلىك خەلق تىلىدا «پەرەڭ رېڭى» دەپ ئاتالغان بۇ خىل

سانائەت بوياقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئوچۇقلۇق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭ گىلەم يىپ بوياقچىلىقىدا قوللىنىلىشى، خوتەن گىلەملىرىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

شۇنداق قىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، خوتەن گىلەمچىلىكىدە كەلكۈن نۇسخا، پاختا نۇسخا، يۇلتۇز نۇسخا، شام نۇسخا، چاچما نۇسخا قاتارلىق قەدىمىي مىللىي نۇسخىلارمۇ، مەنزىرە نۇسخا، ئوبراز نۇسخا قاتارلىق غەيرىي ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇسخىلارمۇ بولغان، تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىمۇ، سانائەت بوياق ماتېرىياللىرىمۇ ئىشلىتىلىدىغان ھالەت بارلىققا كېلىپ، خوتەن گىلەمچىلىكى مەيلى نۇسخا تۈرلىرى ياكى رەڭ تۈرلىرى جەھەتتە بولسۇن، ئىلگىرىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان يېڭى سەۋىيىگە يەتتى. 1898 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە قەشقەردە 17 يىل تۇرغان ئەنگلىيىلىك كاتارىن ماكارتنېي خانىم بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «ھەر خىل كەشتىلەر، زىلچا گىلەملەرمۇ كامالەتكە يەتكەن ماھارەت بىلەن ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن. مانا بۇلار ھەر تەرەپنىڭ تەسىرىنى كۆپ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ئوتتۇر تۈزلەڭلىكى، ھىندىستان، پارس ۋە يۇنانىنىڭ تەسىرى. دەرۋەقە، كىشىلەر مۇشۇ قەدىمكى مەدەنىي يادىكارلىقلارغا قاراپلا جۇڭگو شىنجاڭدا ئىلگىرى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ بولغانلىقىنى قىياس قىلالايدۇ[3]...»

جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تەپسىلىي سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداقتىمۇ، بىزگە مەلۇم بولغان قىسمەن مەلۇماتلاردىن، بۇ دەۋردە خوتەن گىلەمچىلىكى داۋاملىق تەرەققىي قىلغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ. 1938 - يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى خوتەن گىلەم كارخانىسىغا گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 15 مىڭ يۈەن قەرز مەبلەغ بەرگەن[5]. بۇنىڭدىن شۇ چاغدا خوتەندە گىلەم كارخانىسى قۇرۇلغانلىقى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ گىلەمچىلىككە ئەھمىيەت بېرىش قوللاش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىنگونىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى مەمۇرىي رايونلار خەرىتىسى چۈشۈرۈلگەن گىلەم توقۇلغان. بۇ خوتەن

گىلەمچىلىكتە بارلىققا كەلگەن تۈنجى سىياسىي خاراكتېردىكى خاتىرە گىلەم ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ يېڭى باھارى

خوتەندە زىلچا گىلەم توقۇش بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىنتايىن ئەگرى - توقاي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئونلىغان ئەسىرلەر داۋامىدا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشى ئارقىسىدا، مىنگونىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، خوتەن گىلىمىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى جەھەتتە يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلغان ھالدا، غەرب ۋە شەرقنىڭ بەزى سەنئەت شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل نۇسخا تۈرلىرى شەكىللەندى. گىلەمچىلىك مۇشۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە، ئېكسپورت بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم ساھەگە ئايلاندى ۋە «خوتەننىڭ ئۈچ گۆھىرى» نىڭ بىرى سۈپىتىدە، دۆلەت ئىچى-سىرتىدا شۆھرەت قازاندى. لېكىن، ئىنتايىن ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە، خوتەن گىلەمچىلىكى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدۇرۇش، ئۇستاز شاگىرتقا ئۆگىتىش يولى بىلەن داۋام قىلىپ كەلگەن. ئىگىلىك شەكلى جەھەتتە، ئائىلىلەرنى بىرلىك قىلغان يەككە ئىشلەپچىقىرىش ياكى نىمكار ياللاش تىپىدىكى كىچىك خۇسۇسىي گىلەمچىلىك ئىشخانىلىرىنى قۇرۇش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، قىسمەن دەۋرلەردە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى گىلەمچىلىك كارخانىلىرى قۇرۇلغان بولسىمۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن تاقىلىپ كەتكەندى.

يۇقىرىقىدەك ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خوتەن گىلەملىرىنىڭ يېڭى نۇسخا، يېڭى رەڭ تۈرلىرى، يېڭى شەكىل تۈرلىرىنى ئېچىش، توقۇش سۈپىتى، بوياش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە مەخسۇس تەتقىقات بارلىققا كەلمىگەن بولۇپ، گىلەمچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئاساسەن ئىستىخىيىلىك ھالەتتە داۋاملىشىپ كەلگەندى.

دۆلىتىمىزدە خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەن گىلەمچىلىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

دۆلەت ئىلكىدىكى «خوتەن گىلەمچىلىك كارخانىسى» نىڭ قۇرۇلۇشى خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ مەھسۇلات تۈرى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە بېغىشلانغان ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بەرگەن بولسا، بۇ تەتقىقاتنىڭ 50 يىللىق ئىزچىل مۇساپىسى خوتەندە دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى گىلەم كارخانىلىرىنىڭ ۋە ئائىلە گىلەمچىلىكىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، گىلەم سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، گىلەم مەھسۇلاتىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشى ۋە گىلەمچىلىكنىڭ خوتەن ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بەش چوڭ تۈۋرۈك كەسىپنىڭ بىرىگە ئايلىنىشى بىلەن نەتىجىلەندى.

## 3. خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ پاراۋوزى — خوتەن گىلەم كارخانىسى

1950 - يىلى 15 - ئاپرېلدا «خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى» قۇرۇلدى (ئۇ چاغدىكى ئورنى هازىرقى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئورنىدىكى ئەخمەتتوختى ئەلەمنىڭ هويلىسىدا بولۇپ، 1954 - يىلى 10 - ئايدا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى هازىرقى ئورنىغا كۆچكەن) . دەسلەپ قۇرۇلغاندا 14 نەپەر ئىشچى بولۇپ، ئىمىن قاسىم زاۋۇت باشلىقى بولغانىدى.

كارخانا يېڭى قۇرۇلغان يىللاردا ئاساسەن 360 قۇرلۇق گىلەم توقۇلاتتى. نۇسخا تۈرى جەھەتتە ئەنئەنىۋى نۇسخىلاردىن هالقىپ كېتەلمىگەنىدى. يىپ بوياشقا ئادەتتىكى كىسلاتاسىز سانائەت بوياقلىرى ئىشلىتىپ، قول مەشغۇلاتى بىلەن بوياتتى. شۇڭا، گىلەم تىۋىتى بىرقەدەر شالاڭ، گۈل نۇسخىلىرى كونىچە، بوياق تۈرى ئازراق ئىدى. توقۇش مەشغۇلاتىدىمۇ گىلەمچى ئۇستىلار ئېسىد ساقلىغان نۇسخا - ئەندىزە بويىچە توقۇلاتتى.

1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، بۇ كارخا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى يېڭىلاش، گىلەم سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە نۇرغۇن ئىجادىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1960 يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بىرقەدەر ئىلغار بولغان كىسلاتالىز بوياق ئىشلىتىپ، پار ئارقىلىق يىپ بوياشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن بوياق يىپنىڭ ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، يۇڭ يىپلارن

ئېھتىياجغا ئاساسەن 500 خىلدىن ئارتۇق ئوخشىمىغان رەڭدە بوياش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ خىل ئۇسۇلدا بويالغان يىپلار سۇ بىلەن يۇيۇلسىمۇ رەڭ تاراپ كەتمەيدىغان بولغاچقا، بوياق ماتېرىيال رەڭگى خۇددى تەبىئىي بوياقلار بىلەن بويالغاندەكلا ئۆزاقىچە ئۆڭۈپ كەتمەيدىغان ھالەتكە كەلدى. بوياق مەھسۇلات تۈرىنىڭ نەچچە يۈز خىلغا يېتىپ بېرىشى يېڭى نۇسخىلارنى لايىھىلەشكە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن بولسا، بوياق سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى گىلەمنىڭ خېرىدارلىقىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

1970 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، خەرىتىگە قاراپ گىلەم توقۇش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن گىلەم مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆلچەملىك، كۆركەملىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، سۈپەت - ساپاسى يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى ھەمدە بۇيرۇتمىغا ئاساسەن توقۇلىدىغان زور مىقداردىكى مەھسۇلاتلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلاپ بولۇشقا شارائىت يارىتىلىپ، بازار ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

كارخانا قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىرقانچە ئون يىلدا، گىلەمنىڭ زىچلىقى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، 400 قاتارلىق، 450 قاتارلىق، 540 قاتارلىق، 720 قاتارلىق، 900 قاتارلىق گىلەم توقۇلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن گىلەم تېگىنىنىڭ چىدامىلىقلىقى ئاشۇرۇلۇپلا قالماي، تۈۋىت زىچلىقى زور دەرىجىدە ئېشىپ، گىلەم گۈل - نەقىشلىرىنىڭ تەبىئىيلىك ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ، كۆركەملىكى ۋە جۇلاسى ئاشۇرۇلدى.

1980 - يىللاردىن باشلاپ يېڭى پۈتكەن گىلەملەرنىڭ تۈۋىت يۈزىنى تاراپ يۇيۇش يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن تۈۋىت يىپلارنىڭ تور - چىگىشلىرى يېشىلىپ، سۈيىبېكتقا بېرىدىغان «چاچۇق يۈز» لۈك سېزىمى يوقىتىلىپ، سۈپىتى، خېرىدارلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى دەسلەپ قۇرۇلغان يىللاردا كارخانىدا، مەمۇرىيەتتىن ئۆزگە ئىشلەپچىقىرىش سېخىلا بار ئىدى. بۆز يىپ ئىگىرىش، يۇڭ يىپ ئىگىرىش، بوياش، توقۇش مەشغۇلاتلىرى پۈتۈنلەي قول ئەمگىكى ئارقىلىق ئورۇنلىناتتى. ھازىر توقۇشتىن باشقا ئىش تەرتىپلىرى ماشىنا مەشغۇلاتى بىلەن ئورۇنلىنىدىغان بولدى. كارخانىدا تەسىس قىلىنغان لايىھىلەش

بولۇمىدىكى مۇتەخەسسىسلەر خوتەن گىلىمىنىڭ ئەنئەنىۋى نۇسخىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۆزگىچە نۇسخا - ئۇسلۇبتىكى گىلەملىرىنى تەتقىق قىلىش، ئىستېمالچىلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئېستېتىك ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىش يۆنىلىشىنى ئىگىلەش ئاساسىدا، جاپالىق ئىزدىنىپ، خوتەن گىلىمىنىڭ يېڭى تۈر، يېڭى نۇسخىلىرىنى ئۇزلۇكسىز كۆپەيتتى.

ھازىر بۇ كارخانىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان گىلەم مەھسۇلاتلىرى خام ئەشيا ماتېرىياللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ساپ يۇڭ گىلەم، يۇڭ - بۆز ئارىلاش گىلەم، ساپ يىپەك گىلەمدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە؛ بوياق پەرقىگە قاراپ، سۇنئىي بوياق گىلەم ۋە تەبىئىي رەڭدار گىلەمدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە؛ سۇنئىي بوياق گىلەملەر بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدا بوياپ توقۇلىدىغان گىلەم ۋە خىمىيىۋى (سانائەت) بوياقلىرىدا بوياپ توقۇلىدىغان گىلەمدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. گىلەم شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، چاقماق شەكىللىك، پاراللېل تۆت تەرەپ شەكىللىك، ئېللىپس (تۇخۇمسىمان يۇملاق) شەكىللىك گىلەم تۈرلىرىگە بۆلۈنىدۇ. بولۇپمۇ، گىلەمنىڭ نەقىش، نۇسخا تۈرلىرىنى بېيىتىش جەھەتتىكى نەتىجىلەر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، خوتەن گىلىمىنىڭ ئەنئەنىۋى نۇسخىلىرىنى ساقلاپ قېلىش، ھەرقايسى نۇسخىلارنىڭ يانداش سورتلىرىنى كۆپەيتىش، يېقىنقى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن مەنزىرە نۇسخا، ئوبراز نۇسخا، خاتىرە نۇسخا سورتلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە، باشقا رايون، باشقا دۆلەتلەر گىلەمچىلىكىدىكى ئارتۇقچىلىقلاردىن ئۈزلۈك ئېلىش، ماي بوياق رەسىم، جۇڭگوچە رەسىم، ئويما رەسىم ۋە بىناكارلىق نەقىشلىرىدىكى بەزى ياخشى ئۇسۇل، ياخشى ئۇسلۇبلارنى ئىجادىي ھالدا تەتبىق قىلىش ئارقىلىق خوتەن گىلىمىنىڭ غازى نۇسخا، ئىلھام نۇسخا، شاھمات نۇسخا قاتارلىق يېڭى نۇسخىلىرىنى كەشىپ قىلدى. گىلەم مەھسۇلاتلىرىنىڭ چىدامىلىقلىقى، رەڭدارلىقى، بەدىئىي سەۋىيىسى، نەقىش نۇسخا تۈرلىرى جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش ۋە يېڭى سەۋىيە بارلىققا كەلتۈرۈلدى. بۇلار خوتەن گىلىمىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى نام - شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، خوتەن گىلىمىنىڭ ئىچكى - تاشقى بازارلاردىكى سودىسىنىڭ تېخىمۇ راۋاج بولۇشىغا

ئاساس ياراتتى.

خوتەن گىلەم كارخانىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرى 1958 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئېكسپورت قىلىنىشقا باشلىغانىدى. ھازىر ئاسىيا، ئامېرىكا، ياۋروپا قىتئەلىرىدىكى 20 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونغا ئېكسپورت قىلىنىدۇ. بۇ كارخانىنىڭ مەھسۇلاتلىرى تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەنلا ئەمەس، سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەنمۇ ئىچكى - تاشقى بازاردا ئابرۇي - ئىناۋەت قازىنىپ، ئىقتىساد، سودا تارماقلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا، ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىنىشىغا ئېرىشتى. 1983 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ مەھسۇلات كۆرگەزمىسىدە ياخشى باھاغا ئېرىشىپ، تاشقى سودا ئىقتىساد مىنىستىرلىقىنىڭ شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. 1990 - يىلى 10 - ئايدا گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ساياھەت ماللىرىنى سېتىۋېلىش بايرىمىغا قويۇلغان مەھسۇلاتلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، بۇ كارخانا ئىشلەپچىقارغان تەبىئىي رەڭلىك گىلەم كۈمۈش تۇلپار مۇكاپاتىغا، ئۆسۈملۈك بوياقلىرىدا بوياپ توقۇلغان گىلەم بىلەن ساپ يۇڭ (يۇڭ يىپ ئۇرۇش - ئارقاقلىق) گىلەملەر مۇنەۋۋەر تۇلپار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئالاھىدە ئۆلچەم، ئالاھىدە ئۇسلۇبتىكى گىلەملەرنى ئىشلەپچىقىرىش — خوتەن گىلەم كارخانىسىنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچىلىكى. بۇ كارخانا بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان پايتەخت خەلق سارىيى، خۇەيرىنتاڭ زالى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سارىيى قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلار ۋە شاڭخەيدىكى ھەر دەرىجىلىك شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان رېستۇران، مېھمانسارايلارغا ھەر خىل ئۆلچەم، ھەر خىل تىپتىكى گىلەملەرنى ياكى تەسۋىرىي نۇسخا ئاسما گىلەملەرنى لايىھىلەپ توقۇپ بەردى. 1959 - يىلى بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالى ئۈچۈن توقۇلىدىغان پول گىلىمىنى ئوچۇقچىلىقتا قۇرۇلغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق دۇكاندا 80 نەپەر ئىشچى ئىككى ئىسمېنا بولۇپ ئىشلەپ ئالتە ئايدا پۈتكۈزگەن بولۇپ، كۆلىمى 233 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ پول گىلىمى ھېسابلىنىدۇ. 1992 - يىلى يەنە پايتەخت خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالى ئۈچۈن «تەڭرىتاغ مەدھىيىسى» ناملىق 56.7 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 540 قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تەسۋىرىي نۇسخا ئاسما گىلەم (بۇ گىلەم ھازىر دۇنيا بويىچە پۈتۈنلەي يۇڭ يىپتىن توقۇلغان، ئەڭ چوڭ تەسۋىرىي نۇسخا ئاسما گىلەم دەپ

قارىلىدۇ) ۋە بوغدا كۆلى مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن 540 قاتارلىق ئېلىپىسىمان مەنزىرە نۇسخا ئاسما گىلەم توقۇپ بەردى.

1997 - يىلى شاڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 540 قاتارلىق «تەڭرىتاغ شاتلىقى» ناملىق تەسۋىرىي نۇسخا ئاسما گىلەم، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاۋمېننىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە سوۋغا قىلىنىدىغان «قاناس كۆلى مەنزىرىسى» ناملىق تەسۋىرىي نۇسخا ئاسما گىلەم توقۇش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى. شۇ يىلى يەنە جۇڭگو كومىنىڭ «خەلقئارا باغچا كۆرگەزمە يىغىنى» ھارپىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە باشقا ئورۇنلارنىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن بۇيرۇتقان «بوغدا كۆلى مەنزىرىسى» «كولدۇرما ئاۋازى» «سەككىز تۇلپار» «قاراقورۇمدىكى پادىچىلار ناخشىسى» قاتارلىق تەسۋىرىي نۇسخا گىلەملەرنى توقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سارىيىغا 70 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق، 1995 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ساياھەت ئىدارىسىگە 90 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق، 1996 - يىلى شاڭخەي ساياھەت ئىدارىسىگە 70 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق، شۇ يىلى كورلا نېفىت قوماندانلىق شتابىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە 104 كۋادرات مېتىرلىق چوڭ گىلەملەرنى توقۇپ بەردى. بۇلار خوتەن گىلەمچىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، ۋايىغا يەتكەن ھۈنەر تېخنىكىسىنى شۇنداقلا خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى لايىھىلەش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى.

خوتەن گىلەم كارخانىسى 1970 - يىللاردا ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە كىرگەن بولۇپ، 1979 - يىلى يىللىق گىلەم ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 76 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ھەممىسى دېڭىزدەك ئېكسپورت قىلىنغان، يىللىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 7 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئاشقانىدى.

1980 - يىللاردىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يېزا - بازار كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى گىلەم كارخانىلىرى ۋە خۇسۇسىي، يەككە گىلەمچىلىك كەسپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇ ئەھۋال، ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ يېزىلاردىكى گىلەم

كارخانىلىرى ۋە يەككە گىلەمچىلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئۆلچەملىك گىلەم توقۇش خەرىتىلىرى، خام ئەشيا، بوياق يىپ، تېخنىكا مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتلەردىن تەمىنلەش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىشنى تەقەززا قىلدى. ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى بۇ يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىلگىرىكى نوقۇل ھالدا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى قوغلىشىدىغان خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، بىر جەھەتتىن، يېزا ئاساسىي قاتلاملارغا مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەيتتى، يەنە بىر جەھەتتىن، خوتەن گىلىمىنىڭ يېڭى نۇسخا، يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى تەتقىقات، لايىھىلەش خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتتى. قىسقىغىنە 20 يىل ۋاقىت ئىچىدە خوتەن گىلىمىنىڭ غازى نۇسخا، ئىلھام نۇسخا، شاھمات نۇسخا قاتارلىق يېڭى سورتلىرى بارلىققا كەلدى. پار ئارقىلىق گىلەم يۇيۇش، ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرىدا بويالغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىكى گىلەملەرنى توقۇش، ساياھەت خاتىرە گىلەملىرىنى لايىھىلەش، توقۇش ئۇتۇقلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ زور ھەم پارلاق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى گىلەم كارخانىلىرى ۋە يەككە گىلەمچى ئائىلىلەرگە ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش جەھەتتىكى رولى ۋە تۆھپىسى تېخىمۇ چوڭ ۋە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ كارخانىنىڭ خام ئەشيا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، بوياش تېخنىكىسىنى يېڭىلاش، گىلەم دوكانلىرىنى ئۆزگەرتىش، گىلەمنىڭ تەگ ۋە تېۋىت زىچلىقىنى ئاشۇرۇش، نۇسخا، رەڭ تۈرلىرىنى كەشىپ قىلىش جەھەتتىكى ھەر بىر تۈرلۈك نەتىجىسى ئۇلارنىڭ شەخسىيەتسىز ھالدا ئۆتۈنۈپ بېرىشى، ئۆگىتىشى، ئۈلگە كۆرسىتىشى ۋە خەرىتە، خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىشى ئارقىسىدا پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تەتبىقلىنىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىر قەدەم ئىلگىرىلىشى، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئاممىۋى گىلەمچىلىكىدە بىر يېڭى سەكرەش — ئۆرلەشنى بارلىققا كەلتۈردى. قىلچە ئىككىلەنمەي شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 55 مىڭ كىشىلىك گىلەمچىلىك قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقى بىلەن، مۇشۇ زور قوشۇننىڭ سەركەردە — پاراۋۇزى بولغانلىقى بىلەن، گىلەمچىلىكنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ

ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بەش چوڭ تۈۋرۈك كەسپىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇشتا غايەت زور تۆھپە قوشقانلىقى بىلەن شۆھرەتلىنىشكە، ئىپتىخارلىنىشقا مۇناسىپ، قەدىرلەش ۋە سۆيۈشكە تېخىمۇ مۇناسىپ!

## 4. ئەللىك بەش مىڭ كىشىلىك «تۈۋرۈك»

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تارىختىن بۇيان خوتەن، قاراقاش، لوپ بوستانلىقىدا مەركەزلىك راۋاجلىنىپ كەلگەنىدى. گۇما، چىرا، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرىدە بىر قىسىم گىلەمچىلەر بولسىمۇ، مەھسۇلات مىقدارى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 1955 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان زىلچە گىلەم 19 مىڭ 155 كۋادرات مېتىر ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئىچكى - تاشقى بازارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە خىزمەتتىكى بەزى ئامىللار تۈپەيلىدىن گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۈچ قېتىم تۆۋەنلەپ تۆت قېتىم ئۆرلەش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. يەنى يىللىق گىلەم مەھسۇلاتى ئەسلىدىكى ئاساستا ئۆرلەپ 1958 - يىلى، 1962 - يىلى ۋە 1977- يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 84 مىڭ 285 كۋادرات مېتىر، 46 مىڭ 117 كۋادرات مېتىر، 80 مىڭ 602 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ئۈچ يۇقىرى پەللىنى ھاسىل قىلغان بولسا، 1959 - يىلى، 1965 - يىلى ۋە 1985 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 9 مىڭ 655 كۋادرات مېتىر، 8 مىڭ 949 كۋادرات مېتىر، 14 مىڭ 278 كۋادرات مېتىرغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۈچ تۆۋەن پەللىنى ھاسىل قىلدى. 1985 - يىلىدىن كېيىن سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، بايلىق ئەۋزەللىكىنى تاۋار ئەۋزەللىكى ۋە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش داۋامىدا، خوتەن قويى ۋە خوتەن گىلەمچىلىكىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرىدىغان تۈر سۈپىتىدە تۇتۇش توغرىسىدىكى پىكىر يولى بارا- بارا ئايدىڭلاشتى. 1998 - يىلىدىن باشلاپ ۋىلايەت بۇ تۈرنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بەش چوڭ تۈۋرۈك كەسپىنىڭ بىرى قىلىشنى رەسمىي بېكىتتى. بۇ پىكىر يولى ۋە تەرەققىيات پىلان تۈرىنىڭ بېكىتىلىشى خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ

يېقىنقى يىللاردا چاپسان تەرەققىي قىلىشىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئەلۋەتتە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، 1970- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خەلقئارا ۋە ئىچكى بازاردا گىلەم سودىسىنىڭ جانلىنىشى خوتەن گىلىمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەندى. ئىچكى - تاشقى سودا ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، شۇ يىللاردا ۋىلايەتنىڭ بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، چىرا، كېرىيە، گۇما قاتارلىق ناھىيىلەردە بىر بۆلۈك گىلەم كارخانىلىرى قۇرۇلغان. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر قىسىم پېشقەدەم گىلەمچى ئۇستىلار ۋە تېخنىكلارنى ئاجرىتىپ، بۇ ناھىيىلەرگە تېخنىكا تايانچلىقىغا يۆتكەپ، يۈزلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن، ۋىلايەتلىك گىلەمچىلىك تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ بىر قىسىم نۇسخا لايىھىلەش، خەرىتە سىزىش خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارنى تەربىيىلىگەندى. بۇ خىزمەتلەر ئارقىلىق گىلەم توقۇش تېخنىكىسى ۋىلايەت بويىچە ئومۇملىشىپ، گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كەڭ ئاممىۋى ئاساس سېلىنغانىدى. يېقىنقى يىللاردا گىلەمچىلىك نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان تۈۋرۈك كەسىپ قىلىپ تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئەينى يىللاردا بەرپا قىلىنغان بۇ ئاممىۋى ئاساس ناھايىتى تېز لا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى.

تېخىمۇ مۇھىمى، ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ تېخنىكا جەھەتتە يېتەكلىشى، خەرىتە، خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، تەييار مەھسۇلاتلارنى سېتىش جەھەتتىكى ئەتراپلىق مۇلازىمىتى بۇ يىللاردا يېزا - بازار گىلەم كارخانىلىرى، خۇسۇسىي گىلەم كارخانىلىرى ۋە يەككە گىلەمچىلىك ئائىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ھازىر خوتەن، قاراقاش، لوپ بوستانلىقىدا كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى 17 يېزا - بازار گىلەم كارخانىسى، 20 مىڭ 576 يەككە گىلەمچى ئائىلە بار بولۇپ، گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەمگەك كۈچى 55 مىڭ 54 نەپەرگە، شۇ يىللىق گىلەم مەھسۇلاتى 446 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىللىق مەھسۇلات ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30 مىڭ كۋادرات مېتىر ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىشقا

ئىشلىتىلىۋاتقان گىلەم دۇكىنى 24 مىڭ 533 كە (بۇنىڭ ئىچىدە پولات قۇرۇلمىلىق دۇكان 1687دانىگە) يەتتى. يەككە گىلەمچى ئائىلىلەر ئىچىدە 10 دىن يۇقىرى دۇكان بولغان، 30 دىن يۇقىرى ھۈنەرۋەن ئىشلەيدىغان، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 500 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان گىلەمچىلىك كەسپىي ئائىلىسى 61 گە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 500 دىن ئارتۇق گىلەمچى ئۆستىنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ، مەھسۇلاتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىشقا قاراپ ھەق بېرىش يولى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان، يىللىدادرات مېتىرغا يېتىدىغان بىر قىسىم چوڭ كەسپىي گىلەمچى ئائىلىلەر بارلىققا كەلدى.

2002 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە 20 مىڭ 576 گىلەمچىلىك ئائىلىسى بولۇپ، بۇ، ۋىلايەت بويىچە 338 مىڭ 480 يېزا ئىگىلىك ئائىلىسىنىڭ %6.07 نى، گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 55 مىڭ 54 نەپەر ئەمگەك كۈچى ۋىلايەت بويىچە 525 مىڭ 12 نەپەر يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچىنىڭ %10.48 نى، شۇ يىلى يارىتىلغان 98 مىليون 120 مىڭ يۈەن گىلەمچىلىك مەھسۇلات قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكى 466 مىليون 400 مىڭ يۈەن سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپ چىقىرىش قىممىتىنىڭ %21.03 نى تەشكىل قىلىدۇ. گىلەمچىلىك مەھسۇلات قىممىتى شۇ كەسپتىكى ئەمگەك كۈچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىڭ 782 يۈەندىن، ۋىلايەت بويىچە ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 68.29 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

بۇ سانلىق مەلۇماتلار گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋىلايىتىمىز يېزا ئىگىلىكىدىكى «قوشۇمچە كەسپ»لىك ئورنىدا تۇپكى ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، يەنى «قوشۇمچە كەسپ»لىك ئورنىدىن ھالقىپ ئاساسىي كەسپلىك ئورنىغا ئۆتكەنلىكىنى، تۈۋرۈك كەسپلىك ئورنىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تىكلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ «تۈۋرۈك» نى تەشكىل قىلغۇچى 55 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئەمدى ۋىلايىتىمىزنىڭ ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش سەپىرىدە تېخىمۇ گىگانت قەدەم بىلەن ئالغا باسىدۇ.

## 5. گىلەمچىلىكنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق

خوتەن گىلەمچىلىكى پارلاق تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. خوتەن قويى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنغان

خوتەن قوي يۇڭى كىلەمچىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسپىنى ئېچىشنى، بەش چوڭ ئېچىش كەسپىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تۇتۇش بەلگىلەنگەنلىكى خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا سىياسەت، مەبلەغ، مۇلازىمەت جەھەتتە ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ۋىلايىتىمىزنىڭ تاغلىق رايون ۋە تۇزلەڭلىك رايونلىرىدا 2 مىليون 629 مىڭ گېكتار كۆلەملىك، 1 مىليون 800 مىڭ قويلۇق تەبىئىي يايلاق ۋە ئوتلاق بار. ۋىلايىتىمىزنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ھەر يىلى 5 مىليون 980 مىڭ تۇياق قوي سىغىمچانلىقىغا باراۋەر كېلىدىغان 2 مىليون 810 مىڭ توننا ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 170 مىڭ تۇياق ئەتراپىدا خوتەن قويى بار. خوتەن قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ۋە كۆپەيتىشتە خېلى كۈچلۈك تېخنىكا قوشۇنى ۋە ئاممىۋى ئاساس بار. بۇلار خوتەن گىلەمچىلىكىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇشنى مول ماددىي ئاساس، تېخنىكا ئاساسى ۋە ئاممىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ۋىلايىتىمىزدە خېلى كۈچلۈك گىلەم مەھسۇلاتلىرىنى لايىھەلەش قوشۇنى، بىر بۆلۈك تايانچ كارخانىلار ۋە 50 نەچچە مىڭ كىشىلىك گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى بار. بۇلار خوتەن گىلىمىنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش، مەھسۇلات تۈر - نۇسخىلىرىنى بېيىتىش، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھازىرقى دۇنيانىڭ ئاساسلىق ئېقىمى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى، خەلقئارا ئىقتىساد - سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، غەربىي رايوننى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشى، خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە كەڭ بازار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت بايلىقىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، خوتەن گىلىمى تەكشۈرۈش، باھالاشقا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەتراپلىق تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 80.7 يۇقىرى نومۇر بىلەن ۋىلايىتىمىزدىكى بىرىنچى تۈرگە كىرىدىغان ساياھەت بايلىقى بولۇپ باھالاندى. شۇنداقلا ۋىلايىتىمىزنىڭ 2015 - يىلىغىچە بولغان ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىدا نۇقتىلىق تۈر قىلىنىپ، خوتەن شەھەر ئەتراپى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى قۇرۇش

تۇردە ساياھەت قىلىش، مال سېتىش مەخسۇس تۇرى قىلىپ ئېچىش بېكىتىلدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خوتەن گىلىمىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى ئېخىمۇ ئۆستۈرۈش، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئويناي‌دۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پايدىلىق پۇرسەت ۋە ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال رولى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش سەپىرىدە خوتەن گىلىمىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ۋە مىقدارىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. «ئۈچ گۆھەر»نىڭ بىرى بولغان خوتەن گىلەمچىلىكى ھەقىقىي تۇردە ۋىلايىتىمىزدىكى كۈچلۈك كەسىپكە، چوڭ كەسىپكە، تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلانغۇسى.

# خوتەن گىلىمىنىڭ تۈرلىرى

بۇ يەردە ئالدى بىلەن «گىلەم» دېگەن سۆزگە ئېنىقلىما بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «گىلەم» دېگەن سۆز «توقۇلما سېلىنچا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خەلقىمىز تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ۋە ئىشلىتىلىدىغان توقۇلما سېلىنچىلار ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ ۋە خاسناملار بىلەن ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

جاۋا گىلەم: بۇ، پۈتۈنلەي يۇڭ يىپىنى ئۇرۇش - ئارقاق قىلىپ توقۇلىدىغان گىلەم بولۇپ، سىدام، رەڭدار، يوللۇق ۋە گۈللۈك قاتارلىق ھەر خىل نۇسخىلاردا توقۇلىدۇ. ئەمما، بىردەك تىۋىت چىقىرىلمايدۇ. خەلق تىلىدا «جاۋا گىلەم» دېگەن خاس نام بىلەن ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

بۆز گىلەم: بۇ، پۈتۈنلەي بۆز يىپىنى ئۇرۇش - ئارقاق قىلىپ توقۇلىدىغان گىلەم بولۇپ، نۇسخىلىرى جاۋا گىلەمگە قارىغاندا كۆپ، گۈل - نەقىشلىرى كۆركەم بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاشلا تىۋىت چىقىرىلمايدۇ. خەلق تىلىدا «بۆز گىلەم» دېگەن خاس نام بىلەن ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

زىلچا گىلەم: بۇ، چەم يۇزى بۆز ئۇرۇش - ئارقاقتىن توقۇلىدىغان، توقۇش داۋامىدا ئوڭ يۈزىگە يۇڭ يىپتىن ياكى يىپەك يىپتىن تىۋىت چىقىرىلىدىغان گىلەم بولۇپ، ئۇنىڭ نەقىش نۇسخا تۈرلىرى، رەڭ خىللىرى ئالدىنقى ئىككى خىل گىلەمدىن خېلىلا

كۆپ، جۇلاسى زىيادە، شۇنداقلا چىدامل‍‍ىق كېل‍‍ىدۇ. ئۇ، گىلەملەرنىڭ سەر خىلى بولۇپ، «زىلچا گىلەم» دېگەن خاس نام بىلەن ئاتىلىدۇ. «زىلچا» — «زىل سىلىنچا» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «سۇپەتلىك، نەپىس سىلىنچا»، «تۈۋتلىق گىلەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گىلەملەر ئۆڭ يۈزىدە تۈۋت بولۇش - بولماسلىقتىن ئىبارەت نەقىش ھاسىل قىلغۇچى ۋاستە پەرقىگە قاراپ، سۇر گىلەم ۋە تۈۋتلىق گىلەم دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. سۇر گىلەملەرنىڭ گۈل نەقىشلىرى ئۆرۈش - ئارقاق يىپلاردىن بىۋاستە ھاسىل قىلىنىدۇ. زىلچا گىلەملەرنىڭ گۈل - نەقىشلىرى بولسا، ئۆرۈش - ئارقاقتىن بىۋاستە ھاسىل قىلىنماستىن، ئۆرۈش يىپلارغا يۇڭ يىپنى «&» شەكلىدە يۆگەپ تۈۋت چىقىرىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكنى ھېسابقا ئالغاندا «زىلچا گىلەم» دېگەن سۆز «تۈۋتلىق نەپىس گىلەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يېقىنقى بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان، سۇر گىلەملەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئىستېمال مىقدارىنىڭ زور دەرىجىدە ئازىيىشى، زىلچا گىلەملەرنىڭ پۈتۈن خەلق تۇرمۇش ئىستېمالىدا چاپسان ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا، كۆپلىگەن كىشىلەر گىلەمنىڭ جاۋا گىلەم، بۆز گىلەم دېگەن تۈرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغان ھالەتكە يەتتى. «گىلەم» دېگەن سۆزنى «زىلچا گىلەم» دېگەن خاس مەنىدە چۈشىنىدىغان بولدى. نەتىجىدە «گىلەم» دېگەن تۈر ئۇقۇم كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «زىلچا گىلەم» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغان خاس ئۇقۇمغا ئايلىنىپ، «گىلەم» نىڭ ھەم تۈر ئۇقۇم، ھەم خاس ئۇقۇم بولۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى ھەم شۇنداق قوللىنىلىدىغان بولدى. ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، ئېتمولوگىيىگە ئائىت مەخسۇس ئەسەر - ماقالىلەردە يۇقىرىقى سۆزلەرنى دەل جايىدا قوللىنىش ئىنتايىن مۇھىم ئەلۋەتتە. بۇ ماقالىدە ئۇقۇم خاتالىقى يۈز بەرمەسلىك شەرتى ئاستىدا، «گىلەم» ئىبارىسىنى «زىلچا گىلەم» مەنىسىدا قوللىنىمىز.

## 1. زىلچا گىلەمنىڭ تۈرلىرى

زىلچا گىلەم ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

يىپەك گىلەم: يىپەك گىلەم خام ئەشيا پەرقىگە قاراپ بۆز ئۇرۇش - ئارقاق، يىپەك تىۋىتلىق گىلەم ۋە ساپ يىپەك گىلەمدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. گۈل - نەقىش نۇسخىلىرى جەھەتتە يىپەك گىلەمنى، زىلچا گىلەمنىڭ خالىغان نۇسخىسىدا توقۇش مۇمكىن. بىراق باھاسى بەك يۇقىرى (ھەر كۋادرات مېتىرى ئۈچ مىڭ يۈەن ئەتراپىدا) بولغاچقا، ئانچە كۆپ توقۇلمايدۇ.

يۇڭ زىلچا گىلەم: ئۇرۇش - ئارقىقى بۆز يىپتىن، تىۋىتى يۇڭ يىپتىن توقۇلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا «زىلچا گىلەم» ياكى «گىلەم» دەپلا ئاتىلىدۇ.

شەكىل پەرقىگە قاراپ، چاسا (تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك) گىلەم، ئۇزۇن (پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكىللىك) گىلەم، تۇخۇمسىمان (ئېللىپىس شەكىللىك) گىلەم، غەيرىي نورمال (مەسىلەن، تاپانچا شەكىللىك گىلەم، تۆشۈكلۈك) گىلەم، تۆشۈكلۈك چەمبىرەك گىلەم قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ھازىر توقۇلىۋاتقان گىلەملەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىك ئۆلچىمىلا 200 خىلدىن ئاشىدۇ.

زىچلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، 360 قاتارلىق گىلەم، 450 قاتارلىق گىلەم، 540 قاتارلىق گىلەم، 720 قاتارلىق گىلەم، 900 قاتارلىق گىلەم دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ (بۇ يەردىكى قاتار دېگەن سۆز گىلەمنىڭ ھەر بىر مېتىر كەڭلىكتىكى يۇزىگە تارتىلغان ئۇرۇش يىپ سانىنى كۆرسىتىدۇ. بىر مېتىر كەڭلىكتە قانچە قاتار ئۇرۇش بولسا، بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقىمۇ شۇنچە قاتار تىۋىت چىگىلىدۇ. مەسىلەن، 360 قاتارلىق گىلەمنىڭ ھەر بىر كۋادرات مېتىرىغا 129 مىڭ 600 دانە تىۋىت چىگىلىدۇ. 900 قاتارلىق گىلەمنىڭ ھەر بىر كۋادرات مېتىرىغا بولسا 810 مىڭ دانە تىۋىت چىگىلىدۇ. دېمەك، گىلەمنىڭ قاتار سانى قانچە كۆپ بولسا، چەم يۇزى شۇنچە پىششىق، تىۋىتى شۇنچە زىچ، چىدامىلىقلىقى شۇنچە يۇقىرى، كۆركەملىكى شۇنچە زىيادە بولىدۇ).

خام ئەشياسىنىڭ رەڭلىنىش مەنبەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، تەبىئىي رەڭدار گىلەم ۋە بوياق رەڭدار گىلەم دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تەبىئىي رەڭدار گىلەم. ئۇ ئاق، قارا، بۆز، چىلان بۆز، كۆكۈش، كۈلرەڭ قاتارلىق تەبىئىي رەڭ تۈرلىرى بويىچە ئايرىم ئىگىرىپ تەييارلانغان تەبىئىي رەڭلىك يۇڭ يىپلاردىن گۈل ھاسىل

قىلىنىدىغان گىلەم بولۇپ، بۇ خىل گىلەملەر رەڭگى ئۆڭمەسلىك، سادىدا، سالاپەتلىك بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

بوياق رەڭدار گىلەم. ئۇ بوياپ تەييارلانغان يۇڭ يىپ ئارقىلىق گۇل - نەقىش ھاسىل قىلىنىدىغان گىلەم تۈرى بولۇپ، بوياق ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرى، تەبىئىي بوياق رەڭدار گىلەم. ئۇنىڭ يىپلىرى ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرى، مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرى، ياسالما بوياق ماتېرىياللىرى، ۋاستىلىق بوياق ماتېرىياللىرى قاتارلىق تەبىئىي ماتېرىياللار ئارقىلىق بويىلىدۇ. بۇ خىل گىلەملەر رەڭ تارىماسلىق، ئۆڭمەسلىك، سادىدا، ئېسىل سۈپەت بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. لېكىن، بوياق تۈرى ئاز، قېنىق، شوخ رەڭلەردە بوياش قىيىن بولۇش، رەڭ تەكشىلىكى ئاجىز بولۇش قاتارلىق يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بار.

يەنە بىرى، خىمىيىۋى بوياق رەڭدار گىلەم. ئۇنىڭ يىپ خىمىيىۋى بوياقلار (سانائەت بوياقلىرى) ئارقىلىق بويىلىدۇ. خىمىيىۋى بوياقلار كىسلاتاسىز بوياقلار ۋە كىسلاتا ۋاستىلىق بوياقلار دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. گىلەم كارخانىلىرىدا ئومۇمەن، كىسلاتالىق بوياقلار ئىشلىتىلىدۇ. خەلق ئىچىدە ھەر ئىككى خىل بوياق ئىشلىتىلىدۇ. خىمىيىۋى بوياقلارنىڭ تۈرى كۆپ، ھەر خىل ئۆلچەمدە ئىشلىتىش، ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشەش ئارقىلىق 4 ـ 5 يۈز خىل ئوخشىمىغان رەڭلىك يىپلارنى بويىغىلى بولىدۇ. رەڭ قېنىقلىقى، شوخلۇقى ياكى سۇس - ئاجىزلىقىنى كۆزلىگەن مەقسەتكە لايىق بويىغىلى بولىدۇ. رەڭ تەكشىلىكى ياخشى، توقۇلغان گىلەم نەقىشلىرى سۈپەتلىك، كۆركەم بولىدۇ. لېكىن كىسلاتاسىز بوياقلارنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق بولمىسا، رەڭ تاراپ كېتىش، ئۆڭۈپ كېتىش ئەھۋاللىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. كىسلاتا ۋاستىلىق بوياق ئارقىلىق پاردا بويالغان يىپتىن توقۇلغان گىلەملەر بۇنداق يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولۇپ، بۇ خىل گىلەملەر ئەڭ سۈپەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

## 2. زىلچا گىلەمنىڭ تۈزۈلۈشى

زىلچا گىلەملەر قايسى تۈردىكى گىلەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

بىردەك تىك بۆلەكلەر ۋە توغرا بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.
تىك بۆلەكلەر: زىلچا گىلەم تىك يۆنىلىشتە تەگلىك ۋە تىۋىتتىن ئىبارەت ئىككى قەۋەتتىن تۈزۈلىدۇ. يەنى گىلەمنىڭ ئۈستىخان ۋە مۇسكۇللىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۆرۈش - ئارقاق يىپلار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ تەگلىكنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە تىۋىت يىلتىزىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. تەگلىككە يۇڭ ياكى يىپەك يىپتىن تىۋىت چىگىش ئارقىلىق چىقىرىلىدىغان گۈل - نەقىشلەرنى ھاسىل قىلغۇچى «قاش - كىرپىك»لەر ئۈست يۈز، يەنى تىۋىت يۈزنى ھاسىل قىلىدۇ. گىلەمنىڭ تەگلىك يۈزى (تەتۈر يۈزى) كۆن چەمگە ئوخشاش قاتتىق، مەزمۇت بولغاچقا، «چەم يۈز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
توغرا بۆلەكلەر: زىلچا گىلەمنىڭ بەت يۈزى قىرغاقتىن مەركەزگە قاراپ چۇچا، كۇگاپ، زەيلىك، كانارا ۋە ئىچى گۈلىدىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. لېكىن بۇ مۇتلەق ئەمەس، گىلەم نۇسخا تۈرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، توغرا بۆلەكلەر سانىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. بەزى گىلەملەر ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلسە، بەزىلىرى تۆت ياكى بەش بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ.
چۇچا: گىلەمنىڭ ئىككى بوي قىرغىقىدىكى كۇگاپ سىرتىغا چىقىپ تۇرىدىغان ئۆرۈش ئۇچلىرىدىن چىقىرىلىدىغان لەپىلمە قىسمى بولۇپ، ئادەتتە 5 ـ 15سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. كۇگاپ ئۆرۈمىسىنى چۇۋۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاش، گىلەمگە زىننەت بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.
كۇگاپ: گىلەمنىڭ ئىككى بوي قىرغىقىدا چۇچا يىلتىزى بىلەن زەيلىك ئوتتۇرىسىغا ئۆرۈش بىلەن ئارقاقتىنلا توقۇپ چىقىرىلىدىغان تىۋىتسىز تەگلىك قىسمى بولۇپ، بوي كەڭلىكى 2 ـ 4 سانتىمېتىر بولىدۇ. تىۋىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش، چۇۋۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.
زەيلىك: گىلەمنىڭ ئىككى باشتىكى كۇگاپ ۋە ئىككى يان قىرغاق بىلەن كانارا ئارىلىقىدىكى گۈل - نەقىش چىقىرىلمايدىغان قىسمى بولۇپ، كەڭلىكى 2 ـ 5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. زەيلىك، گىلەم تىۋىت يۈزىنىڭ تەگلىك رەڭگىدە توقۇلىدۇ. ئۇ، گىلەمنىڭ كۇگاپ بىلەن كانارا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى بەلۋاغ بولۇپ، ئاق رەڭلىك كۇگاپ بىلەن خىلمۇ خىل رەڭدار گۈللەر بىلەن تولغان كانارىنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇش، سۈبىيېكتىنىڭ تاسادىپىيلىق تۇيغۇسىنى پەسەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

كانارا: گىلەمنىڭ زەيلىك قىسمى بىلەن ئىچ گۈل قىسمىنى ئايرىپ تۇرغۇچى بۆلەك بولۇپ، ئىككى چېتى رەڭدار سىزىقلار بىلەن رامكىلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا گۈل نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كانارا ئىچ گۈل بىلەن زەيلىكنى ئايرىپ تۇرغۇچى نەقىشلىك رامكىدۇر.

ئىچ گۈل: بۇ گىلەمنىڭ كانارا قورشاۋىدىكى مەركىزىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. گىلەم نەقىشلىرىدىكى ئاساسىي گۈللەر مۇشۇ بۆلەككە چۈشىدىغان بولغاچقا «ئىچ گۈل» دېيىلىدۇ. نەقىشلىك گىلەملەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نۇسخا نامى، ئىچ گۈل قىسمىدىكى ئاساسىي گۈلنىڭ نامى ياكى ئىچ گۈل قىسمىنىڭ نەقىش شەكلى نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىدىكى دەرھال كۆزگە چېلىقىدىغان ئاساسىي گۈللەر «ئايگۈل» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 3. زىلچا گىلەمنىڭ نۇسخا، رەڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

خوتەن گىلىمى «خوتەننىڭ ئۈچ گۆھىرى»نىڭ بىرى سۈپىتىدە يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا خېلى داڭقى بولسىمۇ، ئۇنىڭ نۇسخا، رەڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تولىمۇ يېتەرسىز بولۇپ كەلدى. مۇشۇ تېمىدىكى تەتقىقاتقا بېغىشلانغان ساناقلىقلا ئەسەر، ماقالىلەردىمۇ بۇ جەھەتتىكى قاراشلار تېخى بىرلىككە كەلمىدى. تەتقىقاتچىلارنىڭ بەزىلىرى خوتەن گىلىمىنىڭ نۇسخىلىرىنى ئانارگۈل نۇسخا، چاچما نۇسخا، كەلكۈن نۇسخا، بەش چېچەك نۇسخا، شام نۇسخا، ئىران نۇسخا، ئەديىال نۇسخا، قەدىم نۇسخا قاتارلىق سەككىز ئاساسىي تۈرگە ئايرىيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم ئوبرازى، تەبىئىي مەنزىرىلەر چۈشۈرۈلگەن خىللىرىمۇ بار دەپ كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ®. گىلەمچىلىك ھەققىدىكى تۇنجى مەخسۇس ئەسەر «خوتەن گىلەمچىلىكى» دە: گىلەم نۇسخىلىرى كەلكۈن نۇسخا، چاچما نۇسخا، ئانارگۈل نۇسخا، پاختا نۇسخا، بەش چېچەك نۇسخا، شام نۇسخا، ئىران نۇسخا، ئەديىال نۇسخا، لوڭقا نۇسخا، يۇلتۇز نۇسخا، جايناماز نۇسخا قاتارلىق 11 ئاساسىي تۈرگە بۆلۈنىدۇ، دەپ بايان قىلىنىدۇ ۋە مەنزىرە نۇسخا، ئارغىماق نۇسخا، ئالبان نۇسخا قاتارلىق باشقا نۇسخا تۈرلىرىمۇ بار

دەپ كۆرسىتىلىدۇ.[27]

بۇ تەتقىقاتلار گەرچە قەدىرلىك بولسىمۇ، گىلەم نۇسخىلىرىنىڭ قەدىمىي ۋە ئەنئەنىۋى نۇسخىلىرى توغرىسىدىكى قاراش بىردەك بولمىغانلىقى، شۇنداقلا گىلەم نۇسخىلىرىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتى كىشىلەرنى بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىزدىنىشكە ئۈندەيدۇ.

يېقىنقى دەۋردىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە ئېستېتىك ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كۈچىيىشى قاتارلىق سەۋەبلەر ئارقىسىدا، خوتەن گىلىمىنىڭ نۇسخا، رەڭ تۈرلىرى بارغانسېرى بېيىدى، خوتەن گىلىمىنىڭ ھازىرقى ئاساسىي نۇسخا تۈرلىرى، ياندىشى تۈرلىرى، رەڭ تۈرلىرىنى تۆۋەندىكىچە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## كەلكۈن نۇسخا

كەلكۈن نۇسخا گىلەم رىۋايەتلەردىكى ئۇچۇرلار ۋە پېشقەدەم گىلەمچىلەرنىڭ قەيت قىلىشىچە، گىلەم نۇسخىلىرىنىڭ تۇنجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ گۈل شەكلى دولقۇن ياساپ بۇژغۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان كەلكۈن سۈيىگە تەقلىد قىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكى، شۇنداقلا گىلەم سودىسىنىڭ ئۇلۇغ كەلكۈن سۇدەك راۋان بولۇشىنى تىلەش ئىستىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

كەلكۈن نۇسخىلىق گىلەمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بىر قانچە يول كانارا چىقىرىلىدۇ. ئەڭ كىچىك گىلەملەردە بىرلا كانارا بولسا پەۋقۇلئاددە چوڭ گىلەملەردە 10 يولغىچە كانارا نەقىشلىرى بولىدۇ (بۇ قائىدە گىلەمنىڭ باشقا تۈرلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق). ئىچ گۈل نەقىشلىرىدە گىلەم بويىغا قىيپاش يۆنىلىشتە داۋاملاشقان پەلەمپەي شەكىللىك رەڭدار يوللاردىن ھاسىل بولغان چاقماق (مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىك) نەقىش شەكلىدىن ئايگۈل ھاسىل قىلىنىدۇ (بۇنداق چاقماق شەكىللىك ئايگۈل كەسىپ تىلىدا «ياغلىق»، «ياغلىقگۈل» دەپ ئاتىلىدۇ). ئايگۈلنىڭ تۆت چوققىسى گىلەمنىڭ بويى ۋە توغرا كانارىلىرىغا تىركىلىدۇ. ھەر بىر ئايگۈلنىڭ مەركىزىگە تۆت يوپۇرماق، تۆت غۇنچە شەكلىدىن تۈزۈلگەن گۈل گۈرۈپپىسى چۈشىدۇ. بۇ گۈل «غازاڭ گۈل» دېيىلىدۇ. ئۇ بۇلدۇقلاۋاتقان كەلكۈن قاينىمىنىڭ چوققىسىنى ئىپادىلەيدۇ. پەلەمپەي شەكىللىرى

بولسا دولقۇن سىزىقلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.
كەلكۈن نۇسخا گىلەمنىڭ ئىچ گۈل قىسمىدىكى ئايگۈل سانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك بىر ئايگۈللۈك، ئىككى ئايگۈللۈك، ئۈچ ئايگۈللۈك، بەش ئايگۈللۈك، سەككىز ئايگۈللۈك بالچۇق نۇسخا ئۆزگىرىشلىرى ھاسىل بولىدۇ.
بىر، ئىككى، ئۈچ ئايگۈللۈك كەلكۈن نۇسخا گىلەملەردە، ئايگۈللەر گىلەم بويىغا بىر يول، بىر دەۋر ياكى بىر يول ئىككى دەۋر ياكى بىر يول ئۈچ دەۋر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بەش ۋە سەككىز ئايگۈللۈك گىلەملەردە بولسا، ئايگۈللەر ئىككى يول ئىككى دەۋر ياكى ئىككى يول ئۈچ دەۋر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.
كەلكۈن نۇسخا گىلەم كونا (قەدىمىي) كەلكۈن نۇسخا ۋە ئۆركەش كەلكۈن نۇسخا دەپ تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ئىككى يانداش نۇسخىغا بۆلۈنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىللەر كونا كەلكۈن نۇسخىغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۆركەش كەلكۈن نۇسخا گىلەم نەقىشلىرىدە ئايگۈللەرنىڭ قىيپاش يۆنىلىشلىك تەرەپ سىزىقلىرى پەلەمپەي شەكلىدە بولماستىن، بەلكى تۈتاش يايى سىزىقلاردىن ھاسىل قىلىنىدۇ. يايى ئويمىنىنىڭ ئىچىگە ئىلمەك سىزىقلار ۋە توچكا گۈللەر چىقىرىلىدۇ. بۇ شەكىل كەلكۈن ئۆركەشلىرىدىن ھاسىل بولغان بۇژغۇنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۆركەش كەلكۈن نۇسخا دېيىلىدۇ. باشقا جەھەتلەردە كونا كەلكۈن نۇسخىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۆركەش كەلكۈن نۇسخا گىلەم، كونا كەلكۈن نۇسخىغا قارىغاندا كۆركەم بولىدۇ.
ئۆركەش كەلكۈن نۇسخا گىلەمنىڭ كەشىپ قىلىنغان ۋاقتى ئۇزاق ئەمەس. بۇ نۇسخىنى 1951 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ باشلىقى ئىمىن قاسىم، سابىق ۋالىي نەبىيجان يۇسۇپنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە لايىھىلەپ توقۇپ چىققان. شۇڭا، خەلق ئىچىدە بۇ خىل گىلەم بەزىدە «ۋالىي كەلكۈن نۇسخا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
كەلكۈن نۇسخا گىلەملەرنىڭ تەگلىك رەڭگى ھال، قوڭۇر رەڭلەردە بولىدۇ.
كەلكۈن نۇسخا گىلەم سۈنى، ھاياتلىقنى ئۇلۇغلاش ئاساسىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا سۇنىڭ بوستانلىق ۋە ھاياتلىقنىڭ جېنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ۋە بۇ خىل ئاڭنى ئوبرازلاشتۇرغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

## يۇلتۇز نۇسخا

يۇلتۇز نۇسخا گىلەم بىردەك كانارلىق توقۇلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمى گىلەم بويىغا ۋە ئېنىگە تىك يۆنىلىشلىك سىزىقلار ۋە قىيپاش يۆنىلىشلىك گېئومېتىرىيىلىك سىزىقلارنى چىقىرىش، تىك سىزىق ۋە قىيپاش سىزىقلار كېسىشكەن تۆت چىلەك (*) نۇقتىلارغا چوڭ يۇلتۇزگۈل، تىك سىزىقلار كېسىشكەن چىلەك (+) نۇقتىلارغا ئارا يۇلتۇزگۈل، سىزىقلار ئارىسىدىكى بوشلۇقلارغا كىچىك يۇلتۇز گۈل شەكىللىرىنى چىقىرىش ئارقىلىق هاسىل قىلىنىدۇ. گۈل شەكلى تۆت تەرەپكە داۋاملىشىدىغان تەكشى بەتلىك نەقىش شەكلىدە بولۇپ، گىلەمنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسەن خالىغانچە چوڭايتقىلى ياكى كىچىكلەتكىلى بولىدۇ.

يۇلتۇز نۇسخا گىلەمنىڭ ئىچ گۈل قىسمى پايانسىز ئاسماننى، ئۇنىڭدىكى يۇلتۇز گۈللەر بولسا سانسىز يۇلتۇزلار ئاسمان سەتهىدە جىمىرلاپ نۇر چېچىپ تۇرغان ئايدىڭ كېچە مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارغا ئىلاھ سۈپىتىدە سېغىنىش، ئۇلارنىڭ قارارگاھى بولغان كۆكنى ئۇلۇغلاش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان قەدىمي نۇسخىلارنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ.

يۇلتۇز نۇسخا گىلەمدە پوررەڭ تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

## شام نۇسخا

شام نۇسخا گىلەملەرمۇ كانارلىق توقۇلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىدا غەيرىي مۇنتىزىم ئالتە تەرەپلىك شەكلىدە ئايگۈل چىقىرىلىدۇ. ئايگۈل مەركىزىگە مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىك شەكلىدە قەندەل ئوبرازى چىقىرىلىپ، قەندەلدە يورۇق يېنىپ تۇرغان تۆت دانە چوڭ چىراغ، سەككىز دانە شام شەكلى چىقىرىلىدۇ. ئايگۈل مەركىزىنىڭ سىرتىدىكى بوشلۇقتا چاقماق، توچكا، تۆت پەرە شەكىللىك كىچىك گۈللەر چىقىرىلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە بۇرجەك گۈللەر چىقىرىلىدۇ.

بۇ نۇسخىنىڭ گۈللىرى چىراغ، شاملار يېنىپ تۇرغان ئۆينىڭ تورۇسىغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا بەلگىلىنىك دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق هاسىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ شەكىل

ماھىيەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلمەتتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ئوتنى، يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش، يورۇقلۇقنى ياخشىلىق، ئامانلىق، ئادىللىقنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىشتەك ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر.

شام نۇسخا گىلەم ئىنتايىن قەدىمىي نۇسخىلارنىڭ بىرى بولۇپ، نىل كۆك (شوخ كۆك)، كۆك رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

## ئانارگۈل نۇسخا

ئانارگۈل نۇسخىلىق گىلەم ئانار دەرىخىنىڭ شاخ، چېچەك، مېۋە، غۇنچىلىرىنىڭ شەكلى ئاساسلىق گۈل نەقىش قىلىنغان نۇسخا بولۇپ، نەقىشلىرىدىكى بەزى پەرقلەر سەۋەبىدىن چۇلۇك ئانار نۇسخا ۋە شاخ ئانار نۇسخىدىن ئىبارەت تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىردەك كانارىلىق توقۇلىدۇ. كانارا گۈللىرى ھەر خىل گۈل ئېلېمېنتلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. بەزى كانارىلارغا ئانارنىڭ شاخ - يوپۇرماق، غۇنچە، مېۋىلىرى شەكلى چۈشۈرۈلىدۇ. بەزى كانارىلارغا باشقا گۈل نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ.

ئىچ گۈل قىسمىدا بىر دانە لوڭقىغا سېلىنغان ئانار شېخى ئاساسىي غول قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەت - رەت يان شاخلار، غۇنچە، يوپۇرماق، ئانار مېۋىسى قاتارلىقلار چۈشۈرۈلگەن شەكىل بىر نەقىش گۈرۈپپىسى قىلىنىدۇ. مانا شۇ نەقىش گۈرۈپپىسى ئىچ گۈل قىسمىغا ئىككى يول، ئىككى دەۋر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 1 - ۋە 2 - دەۋردىكى لوڭقا، گىلەمنىڭ ئىككى باش تەرىپىگە كەلتۈرۈلۈپ، شاخ ئۇچلىرى گىلەم ئۇزۇن بويىنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىغا قارىتىلىدۇ.

چۇلۇك ئانار نۇسخىلىق گىلەمدە، يوپۇرماق، غۇنچە، چېچەكلەر كۆپرەك بولۇپ، ئانار دەرەخلىرى باراقسان كۆكلىگەن، گۈل - غۇنچىلار پورەكلەپ ئېچىلغان، ئانار دەرىخى مېۋە تۇتۇشقا باشلىغان ياز مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شاخ ئانار نۇسخىلىق گىلەم گۈللىرىدە بولسا، ئانارنىڭ شاخ شەكىللىرى، چوڭ - چوڭ مېۋە شەكىللىرى كۆپرەك، يوپۇرماقلىرى ئازراق بولىدۇ. بۇ نۇسخا مول ھوسۇللۇق كۈز پەسلىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئانارگۈل نۇسخىلىق گىلەمنىڭ ئىچ گۈل قىسمىدا، ئانارغا مۇناسىۋەتسىز گۈل نەقىشلەر چىقىرىلمايدۇ. بۇ نۇسخا

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدىن ئۆرنەك ئېلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئانارنىڭ ئۇرغۇن كىسەللەرگە شىپا بولىدىغان دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى، غازاڭ ۋە شۆپۈكلەرنى بوياق ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بايقىغانلىقىنى، ئانارنى بىرقەدەر يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بېرىدىغان، مېۋىسى شىپالىق بولغان خاسىيەتلىك دەرەخ، دەپ قارىغانلىقىنى ۋە ئانار ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بىلەن قارىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ناھايىتى قەدىمىي نۇسخا بولغان ئانارگۈل نۇسخىلىق گىلەم نەقىشلىرىدە، لوڭقا شەكلى قوللىنىلغانلىقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ لوڭقا - تەشتەكلەردە مەنزىرە دەرەخلىرى ۋە گۈل ئۆستۈرۈش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئانارگۈل نۇسخىلىق گىلەمنىڭ گۈل نۇسخىسى خالىغانچە كېڭەيتىلەيدىغان تەكشى بەتلىك نەقىش بولۇپ، تولۇقلىما گۈللەر يوق دېيەرلىك. ئۇ، كىشىگە جىمجىتلىق، ئېغىر - بېسىقلىق ۋە قانائەت تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئانارگۈل نۇسخىلىق گىلەملەردە شوخ كۆك ۋە كۆك رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

## پاختا نۇسخا

پاختا نۇسخىلىق گىلەم كېۋەزنىڭ شاخ، يوپۇرماق، چېچەك ۋە غوزەكتە ئېچىلغان پاختا شەكىللىرى ئاساسىي گۈل نەقىش قىلىنغان نۇسخا بولۇپ، كانارلىق توقۇلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىدا بىردىن ئۈچكىچە ئايگۈل بولىدۇ. ئايگۈللەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە (چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش) بولۇپ، غەيرىي مۇنتىزىم ئالتە تەرەپلىك شەكىلدىن تۈزۈلىدۇ. ئالتە تەرەپلىك شەكىلنىڭ تەرەپلىرى پەلەمپەي شەكلىدە چىقىرىلىپ، ئۈستىگە كېۋەزنىڭ چېچەك، يوپۇرماق شەكىللىرى نەقىش قىلىنىدۇ. ئايگۈلنىڭ مەركىزىدە كېۋەز چېچىكى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كېۋەزنىڭ شاخ، يوپۇرماق، چېچەك شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن سەپلىمە نەقىشلەر بولىدۇ. ئايگۈل سىرتىدىكى بوش ئورۇنلارمۇ پۈتۈنلەي كېۋەزنىڭ پۈتۈن تۈپ كۆرۈنۈشىدىن تۈزۈلگەن گۈل شەكىللىرى بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. قىسقىسى، ئىچ گۈل قىسمىدا كېۋەزگە مۇناسىۋەتسىز ھېچقانداق گۈل نەقىش بولمايدۇ. بۇ خىل گىلەمنىڭ كانارا قىسمىدا قانچە يول كانارا نەقىش بولمىسۇن، چوقۇم بىر يول پاختا كانارا بولىدۇ. ئۇنىڭ نەقىشلىرى كېۋەزنىڭ شاخ،

يوپۇرماق، چېچەك ۋە ئېچىلغان پاختىدىن تەركىب تاپىدۇ ۋە باشقا كانارا يوللىرىدىن بىر ھەسسە كەڭ بولۇپ، يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

پاختا نۇسخا گىلەمنىڭ نەقىش شەكىللىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ نەقىشلەر مەزمۇن جەھەتتىن پاختىنىڭ ئەينى زامان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل گىلەمنىڭ كۆرۈنۈشى باراقسان ئۆسكەن ۋە ھۆپپىدە ئېچىلغان پاختىزارلىقنى ۋە مول ھوسۇل خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. پاختا نۇسخا گىلەمدە ئال رەڭ، تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

## بەش چېچەك نۇسخا

بەش چېچەك نۇسخا گىلەملەردە ھەر خىل گۈللەر ۋە دەرەخ، زىرائەتلەرنىڭ چېچەكلىرى گۈل نەقىش ئېلېمېنتى قىلىنىدۇ. كانارىلىق توقۇلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىغا ھەر خىل گۈل ياكى دەرەخلەرنىڭ شاخ، يوپۇرماق، غۇنچە، گۈل - چېچەك شەكىللىرىنى مۇۋاپىق تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق گۈل كۆرۈپپىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ بىر قەدەر ئەركىن نۇسخا بولۇپ، شەكىل ئۆزگىرىشلىرى كۆپ، تۆت تەرەپكە كېڭىيەلەيدىغان تۈز بەتلىك نەقىش ئۇسۇلى بويىچە قۇراشتۇرۇلىدىغان قەدىمىي گىلەم نۇسخىسى.

بەش چېچەك نۇسخا شەكىل جەھەتتىن، ھەر خىل گۈللەر ۋە چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈلزارلىقنى ئۆزىگە ئەندىزە قىلغان بولۇپ، ھاياتىي كۈچ ۋە جۇشقۇنلۇققا تولغان باھار پەسلىنى ئەسلىتىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈل ئۆستۈرۈشكە، باغۋاران يېتىشتۈرۈشكە خۇشتارلىقى، ھاياتنى، تەبىئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بەش چېچەك نۇسخا گىلەملەردە ئال، شوخ كۆك، كۆك ياكى قارا رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

## چاچما نۇسخا

چاچما نۇسخا گىلەم گۈللىرى كانارا نەقىشلىرى ۋە ئىچ گۈل نەقىشلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئىچ گۈل نەقىشلىرى بۇرجەك گۈل، ئايگۈل ۋە سەپلىمە گۈللەردىن ئىبارەت ئۈچ يۈرۈش گۈللەردىن

ھاسىل قىلىنىدۇ.

بۇرجەك گۈللەر كانارىنىڭ تۆت ئىچكى بۇرجىكىگە ئوخشاش شەكىلدە چۈشۈرۈلىدۇ ۋە كۆپىنچە گېئومېتىرىيىلىك نەقىشلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئايگۈللەرمۇ كۆپىنچە يۇمىلاق، چاقماق، غەيرىي مۇنتىزىم ئالتە تەرەپلىك قاتارلىق گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەردىن رامكا ھاسىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە گۈل - گىياھ ئۆرنەكلىك ياكى گېئومېتىرىيىلىك نەقىشلەرنى چىقىرىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. گىلەمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدىغانلىقتىن، ئايگۈل سانىمۇ بىردىن ئون نەچچىگىچە بولىدۇ. شۇنداقلا ئايگۈللەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىك پەرقىگە ئاساسەن، چوڭ ئايگۈل، كىچىك ئايگۈل دەپ ئايرىلىدۇ. ئايگۈللەرنىڭ گىلەم يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدىغانلىقتىن، بۇ خىل نۇسخا «تەك چاچما نۇسخا» ۋە «ئارىلاش چاچما نۇسخا» دېگەن ئىككى ئىكىكىسى ياندىش نۇسخا تۈرىگە بۆلۈنىدۇ.

تەك چاچما نۇسخا گىلەملەردە قانچە ئايگۈل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئوخشاش چوڭلۇقتا، ئوخشاش شەكىلدە ۋە تەكشى مۇناسىۋەتتە بولىدۇ ھەمدە ئىچ گۈل قىسمىغا سىممېترىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئارىلاش چاچما نۇسخا گىلەملەردە، چوڭ ئايگۈل ۋە كىچىك ئايگۈل ئايرىمىسى بولىدۇ، گىلەم يۈزىدە قانچە ئايگۈل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ بىرسى چوڭ ئايگۈل بولۇپ، گىلەمنىڭ دەل مەركىزىگە چۈشىدۇ. كىچىك ئايگۈللەر چوڭ ئايگۈلنى چۆرىدەپ، سىممېترىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە بېقىنىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ.

چاچما نۇسخا گىلەملەرنىڭ ئايگۈللىرى ئارىلىقىدىكى بوش ئورۇنلار، ئۆرنەكلىك گۈل - گىياھ شەكىللىرى ۋە گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەردىن تۈزۈلگەن ھەر خىل چوڭلۇقتىكى ئوششاق گۈللەرنى سىممېترىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق تولدۇرۇلىدۇ.

چاچما نۇسخا گىلەم خوتەن گىلەملىرىنىڭ جانلىقلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان نۇسخىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئايگۈللەرنىڭ شەكلى ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك ئون نەچچە ياندىش نۇسخىغا بۆلۈنىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار «ئالبان نۇسخا» دەپ ئاتىلىۋاتقان گىلەمنى، گىلەمنىڭ بىر خىل مۇستەقىل نۇسخىسى دەپ قارايدۇ. بۇ خىل گىلەم 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئايگۈللىرى تەقرىبىي غەيرىي مۇنتىزىم ئالتە تەرەپلىك شەكىلدە

بولىدۇ. ئادەتتە ئۈچ ئايگۈللۈك بولۇپ، چوڭراق بولغان بىرسى گىلەم مەركىزىگە چۈشىدۇ ۋە مەركىزىي ئايگۈل بولىدۇ. قالغان ئىككىسى كىچىكرەك بولۇپ، مەركىزىي ئايگۈلنىڭ ئىككى بوي تەرىپىگە چۈشۈپ، بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇشۇ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنى مۇستەقىل گىلەم نۇسخىسى دېيىشكە بولمايدۇ. بەلكى چاچما نۇسخا گىلەم ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان «چاچما ئالبان نۇسخا» دەپ ھېسابلاش كېرەك.

چاچما نۇسخا گىلەملەر خوتەن گىلىمىنىڭ ئەڭ قەدىمىي نۇسخىلىرىنىڭ بىرى ۋە ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قەدىمىي تۈرلىرىنىڭ بىرى بولغان «چاچما توڭلۇك نۇسخا» سىدا، تۆت كۈزلۈك توڭلۇك شەكلى چىقىرىلغان يۇمىلاق شەكىللىك چوڭ ئايگۈل مەركىزىي قىسمىغا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولغان ئالتە ئايگۈل ئۇنىڭ ئىككى بوي تەرىپىگە سىممېترىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئايگۈللەرنىڭ يۇمىلاق شەكىللىرى بىزگە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توڭلۇك قويۇلىدىغان يۇمىلاق چېدىر ئۆيلىرىنى ئەسلەتسە، بۇ چېدىرلارنىڭ بىر مەركەزلىك تەكشىز چاچما ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى «خوجايىن سارىيى» مەركەزدە تۇرىدىغانلىقى، «يۇقىرا چېدىرلىرى» ئۇنىڭ ئەتراپىغا جايلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «چاچما ئانار نۇسخا» گىلەممۇ خېلى قەدىمىي چاچما نۇسخا گىلەم تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئايگۈللىرى يۇمىلاق ھويلىلىق ياغاچ قورۇلمىلىق ئۆينى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەركىزىي ئايگۈلنىڭ تۆت تەرىپىگە ھەر بىرسى بەشتىن چوڭ مېۋە بەرگەن تۆت تۈپ ئانار دەرىخى سەپلىمە نەقىش قىلىنغان. يەنە ئالتە يۇمىلاق ھويلىلىق ياغاچ ئۆي شەكلى، مەركىزىي ئايگۈلنىڭ ئىككى بوي تەرىپىگە سىممېترىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل ئايگۈل شەكلى بىزگە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ چېدىر ئۆيلەردە ياشاشتىن تەرەققىي قىلىپ، ياغاچ قورۇلمىلىق ئۆيلەرگە ماكانلاشقان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئەسلەتسە، سەپلىمە ئانارگۈل شەكىللىرى ئاشۇ دەۋرلەردىمۇ ھويلا ئەتراپلىرىدا ئانارلىق باغلار بارلىقىنى، ئانار دەرىخىنىڭ ناھايىتى ئەتىۋارلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، چاچما نۇسخا گىلەمنىڭ يانداش تۈرلىرى كۆپ، گۈل شەكىللىرى مول، ئىپادىلەيدىغان مەزمۇن دائىرىسى كەڭ. چاچما نۇسخا گىلەملەردە ھال رەڭ تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

## جايناماز نۇسخا

جايناماز نۇسخا گىلەم دىنىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان گىلەم تۈرى بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نۇسخىدىكى گىلەملەر كانارىلىق توقۇلىدۇ، كانارا يوللىرى ئاز ۋە تارراق بولىدۇ. چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بىر مېھرابلىق، ئۈچ مېھرابلىق، تۆت مېھرابلىق قاتارلىق نۇسخا ئۆزگىرىشلىرى بولىدۇ. ئەڭ چوڭلىرى يەتتە مېھرابلىق توقۇلىدۇ. مېھراب سانى ئىككىدىن كۆپ بولغاندا ئىچ گۈل قىسمى تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، توغرا بۆلمە كانارا چىقىرىلىدۇ. ئاندىن ھەر بىر بۆلمىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى بوش قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەگمە سىزىقلىق ياكى تۇتاش يايى سىزىقلىق مېھراب چوققىسى چىقىرىلىدۇ. مېھراب ئەگمىسىنىڭ سىرتىدىكى ئورۇنلارغا گۈل ـ گىياھ نەقىشلىرى چىقىرىلىدۇ. مېھراب ئىچىگە ھېچقانداق نەقىش چىقىرىلماي تەگلىك رەڭدە توقۇلىدۇ. بۆلمە كانارا چىقىرىلىش ۋە ھېچقانداق جانىۋار ئوبرازى ئىشلىتىلمەسلىك — جايناماز نۇسخا گىلەمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى.

جايناماز نۇسخا گىلەمدە ئال، قىزىل، كۆك، سېغىز رەڭ قاتارلىقلار تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

## ئىران نۇسخا

ئىران نۇسخا گىلەم گۈللىرى كانارا نەقىشلىرى ۋە ئىچ گۈل نەقىشلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. نەقىش ئېلېمېنتلىرى ۋە نەقىش ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئىران نۇسخا ۋە قالماق ئىران نۇسخا دېگەن ئىككى يانداش نۇسخىغا بۆلۈنىدۇ.

ئىران نۇسخا گىلەمدە كانارىلار كۆپرەك، كانارا يوللىرى تارراق بولىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىدا بۇرجەك نەقىشلەر بولمايدۇ. ئىچ گۈل نەقىشلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا گىلەم بويىي ۋە توغرىسىغا يۆنەلگەن تۈز سىزىقلارنىڭ كېسىشىشى ئارقىلىق تىك تۆت تەرەپلىك چاقماقلار ھاسىل قىلىنىدۇ. تىك ۋە توغرا سىزىقلارنىڭ كېسىشكەن نۇقتىلىرىغا تۆت پەرە (تۆت قۇلاق) شەكىللىك گۈللەر چىقىرىلىدۇ. قىزىل ۋە ئال رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

قالماق ئىران نۇسخا گىلەمدە، كانارا يوللىرى ئازراق بولىدۇ. لېكىن، كانارا يولى كەڭ چىقىرىلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىدا ئىككى

قەۋەتلىك قالماق ئۇرانچى گۈل نەقىشلىرىدىن تەركىب تاپقان غەيرىي مۇنتىزىم سەككىز تەرەپلىك گۈللەر ئايگۈل قىلىنىپ، ئىككى يول تۆت دەۋر ھالىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى بوشلۇقلارغا تىك تۆت تەرەپلىك يۇلتۇز تىزما گۈللەر سەپلىمە نەقىش قىلىنىدۇ. ھال ۋە مەللە رەڭلەر تەگلىك قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل گىلەم نۇسخىسىدا پەقەت ئىككى خىلدىنلا گۈل گۈرۈپپىسى بار. گېئومېترىيىلىك شەكىللەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تۈزۈلۈشى ئاددىي، بۇ ئالاھىدىلىكلەردىن ئۇلارنىڭ خېلى قەدىمىي نۇسخىلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ خىل گىلەملەر پارس خەلقىنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشىغا ماسلاشقان ھالدا ئىران گىلەملىرىگە تەقلىد قىلىپ توقۇلغان. ئىچكى ئىستېمالدىن سىرت، غەربىي ئاسىيا تەرەپلەرگە سېتىلغان.

## لوڭقا نۇسخا

لوڭقا نۇسخا گىلەملەر تەشتەكتە گۈل ئۆستۈرۈشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ بارلىققا كەلگەن. ئومۇمەن ئۈچ يول كانارا چىقىرىلىدۇ. 1 -، 3 - يول كانارىلىرى تار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 1- يولى كۆپىنچە ئىزما كانارا، 3 - يولى كۆپىنچە چېچەك تىزما كانارا بولىدۇ. 2 - كانارىسى كەڭ بولۇپ، شاخ، يوپۇرماق، غۇنچە، گۈللەردىن تۈزۈلگەن ئىككى يانغا داۋام قىلغۇچى مۇدەنگۈل كانارا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بەزى ھاللاردا ئۈچ ئالقان شەكلى، يېسىۋېلەك، قوش ئانار، شاخ - چېچەك قاتارلىق مۇستەقىل نەقىش شەكىللىرىنى تىزما كانارا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىرىمۇ بار. ئىچ گۈللىرىدە چوڭ - كىچىكلىكى، نەقىشلىرى ھەر خىل بولغان لوڭقا، تەشتەك، كوزىلاردا ئۆستۈرۈلگەن ھەر خىل گۈل شەكىللىرى مۇستەقىل نەقىش قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. لوڭقا، تەشتەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى پىستە پاچاق، ئېگىزلىكى ھەر خىل بولغان تەشتەكپايغا قويۇلغان ھالەتتە بولىدۇ.

لوڭقا نۇسخا گىلەملەردىكى گۈل نەقىشلەرنىڭ قېلىپلاشقان ئەندىزىسى يوق. بەزىلىرىدە 4 ـ 5 تەشتەك ـ لوڭقا چىقىرىلسا، بەزىلىرىدە 10 نەچچە لوڭقا - تەشتەك گۈل چىقىرىلىدۇ. بەزىلىرىگە قوڭغۇراق، پانۇس، يېسىۋېلەك شەكىللىرى تەشتەك گۈللەر

ئارىسىدىكى بوشلۇقلارغا سەپلىمە نەقىش قىلىپ چىقىرىلىدۇ. بەزىلىرىگە ئۇچار قاناتلار ئوبرازى سەپلىمە گۈل قىلىنىدۇ. بۇ خىل گىلەملەردە ئال، شوخ كۆك، ھاۋا رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

لوڭقا نۇسخا گىلەم گۈل - نەقىشلىرى، خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىبتىدائىي قىزىلقىشى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، كۈچلۈك شەرق مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە. شۇڭا بۇ خىل گىلەملەر خەنزۇ خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. بۇيرۇتمىغا ئاساسەن توقۇلغان بەزى گىلەملەرگە «خوتەن خاتىرىسى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر نەقىش قىلىنغان.

## ئەدىيال نۇسخا

ئەدىيال نۇسخا گىلەم كونا گىلەمنى ياشارتىش، تەقلىد قىلىش ئاساسىدا 1951 - يىلى كەشىپ قىلىنغان. گەرچە تارىخى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى نۇسخىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان روشەن ئۆزگىچىلىكى ۋە كۆركەملىكى بىلەن خوتەن گىلەملىرىنىڭ سەرخىل نۇسخىسىغا ئايلاندى. شۇنداقلا قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ بىر قانچە خىل يانداش نۇسخىسى بارلىققا كېلىپ، ئەڭ بازارلىق مەھسۇلات بولۇپ قالدى.

ئەدىيال نۇسخا گىلەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسى پالاس ئەدىيال بولۇپ، كانارىسى يوق. تۆت بۇرجەككە قىزىلگۈل، ئاق ئەتىرگۈل، يوپۇرماقلاردىن تۈزۈلگەن بۇرجەك گۈللەر چىقىرىلىدۇ. گىلەمنىڭ تېگى تەرەپ قىرغىقىدا رەڭلىك يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان تۆت دانە ئۈزۈن پاكار تەشتەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ۋە بۇرجەك گۈللەر بىلەن قوشۇلۇپ كانارا ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تەشتەكلەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن ئۆسۈپ چىققان يېشىل يوپۇرماقلىق شاخلار ئىككى يانغا قايرىلىپ، قارشى تەرەپتىكى شاخ ئۇچىغا يېقىن يەردە تۈگەيدۇ. يېشىل شاخلاردىن ھاسىل بولغان ئەگرى سىزىقلىق موكىسىمان يېشىل بەلۋاغ ئىچ گۈل بىلەن قىرغاق گۈللەر ئارىسىدا چېگرا ھاسىل قىلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىغا بىرلا ئايگۈل چىقىرىلىدۇ. بۇ ئايگۈل ئۈچ خىل رەڭلىك ئالتە دانە چوڭ مودەنگۈل ۋە ئۇلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يوپۇرماق، غۇنچە، چېچەكلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، شەكلى ئېللىپسقا مايىل بولىدۇ. كۆرۈنۈشى خۇددى چوڭ بىر دەستە گۈلنى ئۈستىدىن كۆزەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

پارچە سەپلىمە گۈللەر بولمايدۇ، قىزىل، ئال رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

ئەدىيال نۇسخا گىلەمنىڭ پالاس ئەدىيال تۈرى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە ئۇنىڭ پەتنۇس ئەدىيال، گىجىم ئەدىيال، شاخ ئەدىيال، مەغەز ئەدىيال، بۆرەك ئەدىيال، كارنۋات ئەدىيال قاتارلىق يانداش نۇسخىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ نۇسخىلارنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىدا كانارا سىزىقلىرى بولمايدۇ. گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر بولمايدۇ. يوپۇرماق ۋە گۈل ياپراقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىككى خىلدىن ئارتۇق رەڭدار يىپلار بىلەن توقۇلغاچقا، يوپۇرماق ۋە گۈل ياپراقلىرىنىڭ ئوڭ - تەتۈر يۈزى، كۆنگەي، تەسكەي تەرەپلىرى روشەن رەڭ پەرقىگە ئىگە قىلىنىپ، كۆچلۈك ستېرېئولۇق رەڭ تۇيغۇسى ئىپادىلىنىدۇ. رەڭلەرنىڭ قېنىقلىقى يۇقىرى، شوخ، كىشىگە خۇددى تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈلزارلىققا كىرىپ قالغاندەك ئازادىلىك ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى شۇكى، پەتنۇس ئەدىيال نۇسخىنىڭ گىرۋىكىدە بىر قاتار تار يوللۇق سىرىق چاقماق تىزما كانارا چىقىرىلىدۇ. ئايگۈل شەكلى بەئەينى پەتنۇسقا ئوخشايدۇ. شۇڭا پەتنۇس نۇسخا دېيىلىدۇ (بۇ خىل ئەدىيال خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچى بازىرىدا بارلىققا كەلگەچكە، «باغچى نۇسخا ئەدىيال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مودەنگۈل ئاساسىي گۈل ئېلېمېنتى قىلىنغاچقا، ئەسلىي نۇسخا ئىسمىنى بىلمەيدىغانلار «مودەن ئەدىيال نۇسخا» دەپمۇ ئاتايدۇ). ھال رەڭ ۋە گۆش رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

گىجىم ئەدىيال نۇسخىدا، پەتنۇس شەكلى تۆت بۇرجەككە مايىل شەكىلدە بولىدۇ. ئىچ گۈللەر بىلەن ياقا گۈللەر گۈل ۋە يوپۇرماقلىق شاخلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. گۆش قىزىل رەڭ تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

شاخ ئەدىيال نۇسخا گىلەمدە، ياقا گۈللەر بىلەن ئىچ گۈللەر شاخ شەكلى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ پاسىل ئايرىغۇچى شاخ شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك شاخ نۇسخا گىلەم يەنە «قارا شاخ ئەدىيال نۇسخا» ۋە «قۇرۇق شاخ ئەدىيال نۇسخا» دېگەن ئىككى بالچۇق تۈرگە ئايرىلىدۇ. قارا شاخ زىچ يوپۇرماقلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۆك - باراقسانلىق ياز پەسلىنى؛ قۇرۇق شاخ يوپۇرماقسىز بولۇپ، كەچكۈز مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھال

رەڭ تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

مەغەز ئەدىيال نۇسخا گىلەمدە، مودەنگۈل تىزمىلىرىدىن كانارا ئورنىغا ياقا گۈل ھاسىل قىلىنىدۇ. ئىچ گۈلنىڭ بۇرجەك تەرەپلىرىگە مودەنگۈل ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغان مەغەز گۈل غۇنچە - چېچەك شەكىللىرى چىقىرىلىدۇ. ئال رەڭ تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

بۇرەك ئەدىيال نۇسخا گىلەمدە، كانارا ئورنىغا مودەنگۈل، شاخ، يوپۇرماقلاردىن تۈزۈلگەن نەقىش چىقىرىلىدۇ. ياقا گۈل بىلەن ئىچ گۈل ئارىسىغا تۆت بۇرجەكتىن ئىككى يانغا سوزۇلغان كىچىك سۆگەت يوپۇرماقلىق شاخلاردىن پەتنۇس گىرۋىكى ھاسىل قىلىنىدۇ. 12 دانە چوڭ مودەنگۈل ۋە غۇنچە - يوپۇرماقلاردىن ئايگۈل ھاسىل قىلىنىدۇ. ئايگۈل سىرتى تىزما گۈللەردىن تۈزۈلگەن بۆرەك شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ.

بۇ نۇسخىدا مەللە رەڭ ۋە ھال رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

كارنۋات ئەدىيال نۇسخا گىلەم قوش كىشىلىك كارنۋات چۈشكى قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلەنگەن بولۇپ، ئۆلچىمى 2×1.5cm بولىدۇ. تاق كانارلىق توقۇلىدۇ. مودەنگۈل تىزما نەقىشلىرىدىن تۈزۈلگەن مودەن كانارا چىقىرىلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىدا تۆت بۇرجەككە مودەنگۈل شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن قىيپال گۈل چىقىرىلىدۇ. مەركىزىي قىسمىغا مودەنگۈل شەكلى ئاساس قىلىنغان مودەن ئايگۈل نەقىشى چىقىرىلىدۇ.

مودەن كانارا، مودەن قىيپال گۈل، مودەن ئايگۈللۈك بولۇش ھەمدە ئۆلچىمى مۇقىم بولۇش كارنۋات ئەدىيال نۇسخا گىلەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

كارنۋات ئەدىيال نۇسخا گىلەمدە ھال رەڭ ۋە ئەترەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ.

## مەنزىرە نۇسخا

مەنزىرە نۇسخا گىلەملەر تامغا ئېسىپ ئۆي زىننەتلەش مەقسىتىدە لايىھىلەپ توقۇلغان نۇسخا تۈرى بولۇپ، ئادەتتە ئاددىي سىزىقلىق رامكا كانارا ياكى بىر - ئىككى تار يوللۇق نەقىش كانارا چىقىرىلىدۇ. بەزىلىرى پۈتۈنلەي كانارسىز توقۇلىدۇ. بۇ خىل نۇسخىدا كانارا نەقىشلىرىگە ئېتىبارسىز قارىلىشى ئىچ گۈل قىسمىدىكى ئاساسىي مەنزىرە كۆرۈنۈشىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاساسىي

گۈل - نەقىشلىرىنى لايىھىلەشتە، مەشھۇر تەبىئىي گۈزەل جايلارنىڭ مەنزىرىسى ئۈرنەك قىلىنىپ، تۈرلۈك تەسۋىرىي سەنئەت ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق تەبىئەت گۈزەللىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساس قىلىنىدۇ.

گۈل - نەقىشلەرنى ھاسىل قىلىشتا، گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەردىن تۈزۈلگەن گۈللەر ۋە تەبىئەتتىن ئابستىراكتسىيىلەپ ئېلىنغان پارچە - پۇرات ھاسىلەن گۈللەر ئىشلىتىلمەيدۇ. تاغ - ئېدىر، دەريا، كۆل، شاقىراتما، ئورمانزارلىق، گۈللۈك، چىمەنزارلىق قاتارلىق ھەقىقىي ياكى خىيالەن تەبىئەت مەنزىرىسى بىر پۈتۈن ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئادەم، ھايۋان، قۇشلار ئوبرازى چىقىرىلمايدۇ. بۇ خىل گىلەملەرنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار يوق.

مەنزىرە نۇسخا گىلەملەردە تەبىئەت گۈزەللىكى خېلى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىگە ئۆزىنى خۇددى ئىنتايىن گۈزەل تەبىئىي سەيلىگاھتا تۇرۇۋاتقاندەك يېنىكلىك ۋە ئازادىلىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ.

## ئوبراز نۇسخا

ئوبراز نۇسخا گىلەملەرنىڭ نەقىشلىرىدە ئادەم، ھايۋان، ئۇچار قۇشلار ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساس قىلىنىدۇ. بەزىلىرى كانارىسىز، بەزىلىرى ئاددىي سىزىق كانارلىق توقۇلىدۇ. بەزىلىرى نەقىش كانارلىق توقۇلسىمۇ، كانارنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى چوڭ بولمايدۇ. بۇ نۇسخا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبراز ئوبيېكتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا ۋە ھەقىقىي ئوبراز نۇسخا دېگەن ئىككى يانداش نۇسخا تۈرىگە بۆلۈنىدۇ.

تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا گىلەمدە، تاغ، يايلاق، ئورمان، دەريا، كۆل، قۇم بارخانلىرى قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، سەيلە قىلىۋاتقان، ئەمگەك قىلىۋاتقان ئادەملەر، ئۇچۇۋاتقان قۇش، سۇ ئۈزۈۋاتقان غاز - ئۆردەك، ئوتلاۋاتقان بۇغا - مارال، ئارام ئېلىۋاتقان ياكى ئوۋ ماربلاۋاتقان شىر، يولۋاس، قۇملۇقتا كېتىۋاتقان تۆگە كارۋىنى قاتارلىقلار تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ نۇسخىدا ئادەم ۋە ھايۋانلار ئوبرازىنى يارىتىش ئاساس قىلىنىدۇ. تەبىئىي مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرى ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا تىلغا

ئېلىنغان 49 جانىۋار، 56 جانــــۋار، تاغ، سۇ، دەرەخ، گۇل چۇشۇرۇلگەن مەنزىرە نۇسخا، يولۋاس، شىر قاتارلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن نۇسخا، ئارغىماق نۇسخا قاتارلىق گىلەملەر ھەمدە خەلق ئىچىدە «تۇرنا نۇسخا» دەپ ئاتىلىۋاتقان گىلەملەر ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇستەقىل نۇسخا تۈرلىرى بولماستىن، بەلكــــى مۇشۇ تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا تۈرىگە مەنسۇپ بولغان بالىچۇق نۇسخىلاردۇر.

تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا گىلەملەرنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار يوق. شۇنداقتىمۇ، خەلق ئارىسىـــــدا ساقلىنىۋاتقان تۈرنا سۈرەتلىك كونا گىلەملەرنىڭ ئۇپراش ئەھۋالىغا قاراپ، بۇ خىل نۇسخىنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە ئىككى يۈز يىل ئەتراپىدا بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. يېقىنقى بىرقانچە ئون يىلدا بۇ نۇسخىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. شىر، يولۋاس، بۇغا، ئۇچار قۇشلارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن گىلەملەر؛ يېقىنقى يىللاردا يەنە سەككىز ئارغىماق، تۆگە، مۇشۇكئېيىق قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان گىلەملەر بارلىققا كەلدى.

1992 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى مەشھۇر رەسسام، پروفېسسور غازى ئەمەت پايتەخت خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالى ئۈچۈن لايىھىلىگەن چوڭ كۆلەملىك تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا بەدىئىي گىلەمنى توقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ گىلەمدىكى ئايرىم سۇژېتلارنى يەككە گىلەم قىلىپ توقۇپ چىقتى. بۇلار ئىچىدە بىر ئەرنىڭ داپ تەڭكەش قىلىشى بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئايالنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن «داپ ئۇسسۇلى» ناملىق گىلەم؛ قۇملۇقتىكى دەريا بويىدا داپ، راۋاب چېلىپ ئېشەككە مىنىپ كېتىۋاتقان ئۈچ ئەرنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن «دەريا بويىدا مۇزىكا ئاۋازى» ناملىق گىلەم؛ بىر تاۋۇزنى بېشىغا ئېلىپ، بىر تاۋۇزنــــى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن «تاۋۇزچى بوۋاي» ناملىق گىلەم؛ سۈت سېغىۋاتقان ئايال ۋە موزايلىق كالا ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن «سۈت سېغىش» ناملىق گىلەم قاتارلىقلار ھەم مەشھۇر رەسسام غازى ئەمەتنىڭ كامالەتكە يەتكەن يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنى، ھەم خوتەن گىلەمچىلىرىنىڭ ۋايىغا يەتكەن ھۈنەر - تېخنىكىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بولۇپ، بۇ گىـــلەملەردە ئىپادىلەنگەن ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىك، قويۇق يەرلىك پۇراق ۋە تويۇنغان مىللىي ئۇسلۇب كىشىنى مەھلىيا قىلــــىپلا قالماي،

ئىختىيارسىز ھالدا «ئاپىرىن» دېگۈزىدۇ. تۆرلىنىش بىلەنلا خېرىدارلىق بولۇپ كەتكەن بۇ بىر يۈرۈش گىلەملەر خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ بەدىئىي سەنئەت سەۋىيىسىنى بىراقلا يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، ئوبراز نۇسخا گىلەمنىڭ ھەقىقىي تۇردە خوتەن گىلەملىرىنىڭ مۇستەقىل ئوبراز نۇسخا سورتى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

ھەقىقىي ئوبراز نۇسخا گىلەملەردە تارىختا ئۆتكەن ھەقىقىي مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئاساس قىلىنىدۇ. ئومۇمەن كانارا نەقىشلىرى چىقىرىلمايدۇ ياكى ئاددىي سىزىق كانارىلارلا چىقىرىلىدۇ. تەگلىكى كۆپىنچە سۇس رەڭلەردە بولۇپ، ئاساسىي ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ماسلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق گىلەملەر روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە كۈچلۈك سىياسىي خاھىشچانلىققا ئىگە. مەسىلەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە چيەنلۇڭ خانىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىلەم توقۇلغانىكەن. مىنگو دەۋرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، سۇن جۇڭشەن، جياڭ جېشى، شىڭ شىسەي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان گىلەملەر توقۇلغان. زامانىۋى خەۋەر، ئالاقە ئىشلىرى دۇنياغا كەلمىگەن ئۇ دەۋردە خوتەن گىلەمچىلىرىنىڭ يۇقىرىقى شەخسلەرنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، سۈرىتىنى كۆرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئېغىر زۇلۇم - كۈلپەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەمگەكچىلەرنىڭ جياڭ جېشى، شىڭ شىسەي قاتارلىق شەخسلەرگە چوڭقۇر مۇھەببىتى بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاشۇ گىلەملەرنىڭ توقۇلىشى يەرلىكتىكى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ يۇقىرىغا ياخشىچاق بولۇپ سىياسىي دەسمايە توپلاش ئۈچۈن سۈرەت تەمىنلەپ ۋەزىپە بېرىشى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇنى ھۈنەر قىلىپ جان بېقىش ئۈچۈن توقۇغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن ئېنىق.

يېقىنقى ئەللىك يىلدىن بۇيان، ستالىن، ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق داھىيلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان گىلەملەر توقۇلدى. بۇ گىلەملەرگە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاشۇ داھىيلارغا بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتى سىڭدۈرۈلگەن.

كۈچلۈك دەۋر خاراكتېرى ۋە سىياسىي تۈسكە ئىگە بولغان بۇ خىل گىلەملەر گەرچە كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلمىسىمۇ، لېكىن يۇقىرى ماتېرىيال قىممىتى ۋە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە.

## خاتىرە نۇسخا

خاتىرە نۇسخا گىلەملەر چوڭ - چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي پاكىتلارنى ئىپادىلەشكە بېغىشلانغان گىلەم تۈرى بولۇپ، گۈل - نەقىشلىرى ۋە يارىتىلىدىغان ئوبراز جەھەتتە مۇقىم ئەندىزە بولمايدۇ. بۇ خىل نۇسخىدىكى گىلەملەر سىياسىي خاتىرە نۇسخا گىلەم ۋە شەخسىي خاتىرە نۇسخا گىلەم دېگەن ئىككى يانداش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سىياسىي خاتىرە نۇسخا گىلەملەر دۆلەتنىڭ چوڭ سىياسىي ئىشلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن توقۇلىدىغان گىلەم بولۇپ، مۇئەييەن، چوڭ تارىخىي پاكىتلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، مىنگونىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە توقۇلغان «جۇڭگونىڭ مەمۇرىي رايونلار خەرىتىسى» ناملىق گىلەمدە جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى دۆلەت، ئۆلكە چېگرىسى ۋە ئۆلكە ئىسىملىرى توقۇپ چىقىرىلغان. 1997 - يىلى شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلىنغان خاتىرە گىلەمدە شىنجاڭدىكى 13 ئاساسىي مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان 13 كىشىنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە قىزغىن تەنتەنە قىلىۋاتقان ئوبرازى يارىتىلغان؛ 1999 - يىلى ئاۋمېن ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلىنغان «قاناس كۆلى مەنزىرىسى» ناملىق گىلەمدىمۇ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت چوڭ سىياسىي تارىخىي پاكىتنى خاتىرىلەش مەقسەت قىلىنغان.

بۇ خىل گىلەملەر ئاساسەن كانارلىق، قىسمەنلىرى كانارسىز توقۇلىدۇ. كانارا كۆلىمى كىچىكرەك بولىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىغا ئاساسىي تېما بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان سەپلىمە گۈللەر چىقىرىلمايدۇ.

شەخسىي خاتىرە نۇسخا گىلەملەر شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پاكىتلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن توقۇلىدىغان گىلەم بولۇپ، خوتەندە بىر مەزگىل تۇرغان، خىزمەت قىلغان ياكى ساياھەتكە كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى خوتەنگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇشۇ خىل پاكىتنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە توقۇلىدۇ. بۇ خىل گىلەملەرنىڭ گۈل نەقىشلىرىگە قارىتا مۇقىم ئەندىزە يوق. شۇ كىشىلەر تەلەپ قىلغان نۇسخىدا توقۇلىدۇ. كۆپىنچە «خوتەن خاتىرىسى» دېگەن خەتلەر

نەقىش قىلىنىدۇ.

خوتەنگە ساياھەتكە كېلىدىغان ئىچكى - تاشقى ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرە بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى «خوتەن خاتىرىسى» ياكى «خوتەندە توقۇلدى» دېگەندەك خەتلەر نەقىش قىلىنغان كىچىك خاتىرە گىلەملەرنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالدى. بۇ خىل گىلەملەرگە كۆپىنچە تۆگە، تاۋۇزچى بوۋاي، مۇشۇكئېيىق قاتارلىق ئوبرازلار چىقىرىلىدۇ. بۇ خىل خاتىرە گىلەملەر ساياھەتچىلەر ياقتۇرىدىغان خاتىرە بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. كانارا تۇزۇلۇشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولىدۇ.

## غازى نۇسخا

بۇ نۇسخا 1992 - يىلى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كانارىلىق توقۇلىدۇ. كەڭ سىرتقى كانارا سىزىقىدىن زەيلىككە قارىتىلغان شەددە كىرپىك چىقىرىلىدۇ. كانارا يوللىرى بىر نەچچە قاتار بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى بىرسى كەڭ يوللۇق، قالغانلىرى تار يوللۇق بولىدۇ. كەڭ يولى بادام كانارا بولۇپ، شاخ، يوپۇرماق، چېچەكلەردىن تۈزۈلىدۇ ۋە چېچەكلەر ئارىسىغا قارشى يۆنىلىشلىك بىر جۈپ بادام شەكلى چىقىرىلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىدا، تۆت بۇرجەككە كېئومېتىرىيىلىك قىيپال (بۇرجەك) گۈل نەقىشى، گىلەم مەركىزىگە سەككىز ياپراق شەكىللىك قەندەل نەقىشى چۈشىدۇ. قەندەلدە ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنگەن 16 چىراغ شەكلى بولىدۇ. قەندەل شەكىللىك چوڭ ئايگۈلنىڭ تۆت تەرىپىگە بىردىن تۆتاش بەرگىلىك، قارشى يۆنىلىشلىك جۈپ ئانار، قوش يوپۇرماق، تۆت غۇنچە ۋە گىجەك شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن كىچىك ئايگۈل سىممېترىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئايگۈللەرنىڭ سىرتىدىكى بوشلۇقلار ھەر خىل سەپلىمە گۈللەر ئارقىلىق تولدۇرۇلغان.

غازى نۇسخا گىلەمنىڭ ئۈچ خىل روشەن ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچىدىن، سىرتقى كانارا سىزىقىدىن زەيلىككە قارىتىپ كىرپىك نەقىش چىقىرىش ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللۈك كىگىز، زەدىۋال نۇسخىلىرىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل بولسىمۇ، گىلەم نەقىشلىرىدە ھازىرغىچە قوللىنىلمىغان. غازى نۇسخا گىلەمدە بۇ بوشلۇق تولدۇرۇلغان بولۇپ، زەيلىككە كىرپىك نەقىش چىقىرىلسا،

زەيلەك رېخى بىلەن كانارا رېخى ئوتتۇرىسىدىكى رەڭ پەرقى كىچىكلەيدۇ. رەڭ ماسلىقى تېخىمۇ تەبىئىي، يېقىملىق بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دوپپا، شاتىۋار، زەدىۋال نەقىشلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بادامگۈل شەكلىنى ئۆرنەك قىلىپ، بەدىئىي پىششىقلاش ئارقىلىق بادامگۈل كانارا نەقىشىنى لايىھىلەپ، گىلەم كانارىلىرىنىڭ يېڭى بىر تۈرى بولغان بادامگۈل كانارا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن؛ ئۈچىنچىدىن، هازىرقى دەۋردىكى ئۆي تۇرۇس بېزەكچىلىك شەكىللىرى ۋە كۆركەم قەندەل چىراغ شەكلى بەلگىلىك ئۆزگەرتىش ۋە بەدىئىي پىششىقلاش ئارقىلىق گىلەم گۈل نەقىشىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، بېزەكچىلىك - نەقىشچىلىكنىڭ هەرقايسى تۈرلىرى ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئۆرنەك ئېلىش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە گىلەم گۈل نەقىشلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدە دەۋر تۈسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

غازى نۇسخا گىلەمنىڭ گۈل نەقىشلىرى يېڭىچە، شەكىللىرى نەپىس، رەڭلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى يېقىملىق، كۆرۈنۈشى كۆركەم بولۇپ ئىنتايىن خېرىدارلىق، بۇ نۇسخىنى مەشهۇر رەسسام غازى ئەمەت لايىھىلىگەن، خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى ئىشلەپچىقارغان. بۇ كارخانىدىكى ئىشچىلار غازى ئەمەتنىڭ ئۇيغۇر گىلەمچىلىكىدىكى نۇسخا تۈرلىرى، بولۇپمۇ بەدىئىي سەنئەت تۈرىدىكى گىلەم نۇسخىلىرىنىڭ موللىششى، مۇكەممەللىششىگە سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە مول تۆهپىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇ خىل گىلەم نۇسخىسىغا «غازى نۇسخا گىلەم» دەپ نام قويغان.

## ئىلهام نۇسخا

ئىلهام نۇسخا گىلەم 1993 - يىلى لايىھىلەپ ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ، كانارىلىق توقۇلىدۇ. كانارا نەقىشلىرى ئومۇمەن ئۈچ يول بولۇپ، ئىككى چەت يوللىرى تارراق، ئوتتۇرا يول كەڭرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە بادام كانارا نەقىشلىرى چىقىرىلغان. بادام كانارا گۈللىرى بادام دوپپا تالاسىنىڭ بەدىئىي پىششىقلانغان شەكلى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلغان قارشى يۆنىلىشلىك قوش بادام شەكلىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ گۈل گۈرۈپپىسى بادامگۈل دېيىلىدۇ. كانارا يولىدىكى قوشنا بولغان بادامگۈللەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تولداما گۈل

شەكلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىككى تەرەپكە كېڭىيىدىغان بۇ شەكىللەر قوشۇلۇپ بادامگۈل كانارىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىچ گۈل قىسمىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە گېئومېترىيىلىك شەكىللەردىن تۈزۈلگەن قىيپال گۈل، گىلەم مەركىزىگە گېئومېترىيىلىك شەكىللەر ۋە ئالتە خىل گۈل - چېچەك ئېلېمېنتلىرىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق تەقرىبىي پەتنۇس شەكىللىك ئايگۈل، ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا تۇتاش گەۋدە، قارشى يۆنىلىشلىك قۇببە شەكلى چۈشۈرۈلگەن. قۇببە گەۋدىسىگە پەنجىرە، ئانار، تولداما گۈل قاتارلىق گۈللەر نەقىشلەنگەن، ئايگۈل سىرتىدىكى بوشلۇقلار چاتما يۇلتۇزگۈل، تۆت پەرەگۈل قاتارلىق سەپلىمە گۈللەرنى سىممېترىك ئورۇنلاشتۇرۇپ نەقىشلەنگەن.

ئىلھام نۇسخا گىلەملەر ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بازىرى ئىتتىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. ئىلھام نۇسخا گىلەم 1993-يىلى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى لايىھەلەش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئىلھام جۇمە تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن بولغاچقا، «ئىلھام نۇسخا گىلەم» دەپ ئاتالغان.

## شاھمات نۇسخا

شاھمات نۇسخا گىلەم شاھمات تاختىسىنىڭ بەت يۈزى ئۆرنەك قىلىنغان گىلەم نۇسخىسى بولۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن 1990 - يىللاردا ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى لايىھەلەش بۆلۈمىدىكى خادىملار تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن. بۇ خىل گىلەملەرگە نەقىش كانارا چىقىرىلماي، پەقەت ئاددىي سىزىق كانارا چىقىرىلىدۇ. ئىچ گۈل قىسمىغا خەلقئارا شاھمات، جۇڭگوچە شاھمات ۋە قورشاۋ شاھمات تاختىلىرىنىڭ كاتەكچە سىزىقلىرى ئۆز ئەينى چىقىرىلىدۇ. خەلقئارا شاھمات تاختىسى ئۆرنەك قىلىنغانلىرىنىڭ كاتەكچە رەڭلىرى قارا ۋە ئاق رەڭدە چىقىرىلىدۇ. قالغان ئىككى تۈرىنىڭ كاتەكچىلىرى تىك ۋە توغرا يۆنىلىشلىك رەڭلىك سىزىقلار بىلەن ئايرىلىدۇ. باشقا نەقىشلەر چىقىرىلمايدۇ.

شاھمات نۇسخا گىلەملەر ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرە بۇيۇمى سېتىۋېلىش ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلۇپ لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئادەتتە 0.5 × 0.5 مېتىر ئۆلچەمدە توقۇلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى يەكدىۋان (بىر كىشىلىك سايا) چۈشەك گىلىمى قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

شاھمات نۇسخا گىلەملەردە تۆگە رەڭ، قايماقرەڭ، سېغىزرەڭ، ئاچ ھاۋارەڭ قاتارلىق سۇس رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ. بۇ، خېلى بازار تاپقان گىلەم نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ.

## كېپىنەك نۇسخا

كېپىنەك نۇسخا گىلەم ئۈچ قاتار كانارلىق توقۇلىدۇ. ئىككى چەت كانارىسى تىزما كېپىنەك شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن كېپىنەك كانارىدىن، ئوتتۇرا كانارىسى تىزما بەشپەرە گۈل كانارا نەقىشلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئىچ گۈلى قىسمىنىڭ مەركىزىگە ئىككى خىل شەكىل ئۆزگىرىشلىك مودەنگۈل تىزمىسىدىن تۈزۈلگەن مودەن ئايگۈل نەقىش، ئۇنىڭ تۆت بۇرجەك تەرىپىگە بىردىن سىممېترىك جايلاشقان كېپىنەك شەكلى نەقىش قىلىنىدۇ.

بۇ نۇسخا، كېپىنەكلەر پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن گۈللۈك باغ مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. نەقىش ھاسىل قىلىدىغان رەڭ تۈرى ئاز بولۇش ۋە ئەترەڭ تەگلىك توقۇلۇش بۇ نۇسخىنىڭ تەسۋىرىي ئوبرازى نۇسخا گىلەمدىن پەرقلىنىدىغان تۈپ پەرقى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يەرلىك نۇسخىلاردىكى گىلەملەردىن باشقا، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېكسپورت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يۇقىرى دەرىجىلىك تاشقى سودا تارماقلىرى، ئىمپورت - ئېكسپورت تارماقلىرى تەمىنلەپ بەرگەن خەرىتە بويىچە توقۇلۇپ كېلىۋاتقان گىلەم نۇسخىلىرى 30 خىلدىن، بۇلارنىڭ تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشلىرى 120 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇلار ئىچىدىن تۆت خىل نۇسخىدىكى گىلەم يەرلىك ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ، بازارلىق مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ، يەرلىك گىلەم نۇسخىسى بولۇپ قالدى. بۇ گىلەملەرگە ھازىرغىچە مەخسۇس نام قويۇلمىغان بولۇپ، گىلەم كارخانىسىدىكى تېخنىكلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇلارنى يىپ رېڭىنىڭ نومۇرىغا ئاساسەن 202 - نومۇرلۇق گىلەم، 222 - نومۇرلۇق گىلەم، 395 - نومۇرلۇق گىلەم، 546 - نومۇرلۇق گىلەم دېگەندەك لايىھە نامى بويىچە ئاتايدۇ. تاۋار نامىنى بىلمىگەن ئىستېمالچى ئامما بولسا ھەر كىم ئۆزى خالىغان نام ياكى «ئاۋۇ گىلەم» «ماۋۇ گىلەم» دېگەندەك مۇجمەلناملار بىلەن ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ تۆت خىل نۇسخىدىكى گىلەم كۆك، مەللە، ئەترەڭ تەگلىك توقۇلىدۇ.

بۇ خىل گىلەملەرگە مۇۋاپىق تاۋار نامى بېكىتىش كۆز ئالدىمىزدا ئىزدىنىشكە تېگىشلىك خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خوتەن گىلەملىرىنىڭ نۇسخىلىرى، قېرىنداش نۇسخىلىرى، بالچۇق نۇسخىلىرى، رەڭ تۈرلىرى ھەققىدە ھازىرغىچە تەشكىللىك، ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. ئەمەلىيەتتە خەلق تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، تاۋار بازىرىغا سېلىنغان قېرىنداش ۋە بالچۇق نۇسخىلار تۈرى خېلى كۆپ. بۇ ماقالىدە ئاپتور قولىبى يەتكەن دائىرىدە تەكشۈرگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن نۇسخا، رەڭ تۈرلىرى بايان قىلىندى.

خوتەن گىلەملىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردا ئىجاد قىلىنغان «ئېزىز نۇسخا»، «ئاپتوۋا نۇسخا» شۇنىڭدەك تېخى نامى بېكىتىلمىگەن بەزى يېڭى نۇسخىلىرىمۇ بار. بۇلار ئىستېمالچىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنامدۇ، يوق، ئايرىم نۇسخا بولۇپ شەكىللىنەلەمدۇ، يوق؟ يەنە كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

# خوتەن گىلىمىنىڭ نەقىشچىلىكى

تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل بۇيۇم، ئۇسكۈنە، ئەسلىھەلەرنى زىننەتلەش خاراكتېرىنى ئالغان بارلىق شەكىللەر نەقىش دېيىلىدۇ. نەقىشلەر تەكشى بەتلىك نەقىش، ئابيوملۇق نەقىش، ياغاچ ئويما نەقىش دېگەن ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىشلىتىلىدىغان ئورنى ۋە ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكا ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى تەكشى بەتلىك نەقىش شەكلى بولۇپ، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. مەسىلەن، گىلەم، ھەر خىل ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار، ئۆي - ئىمارەت، ئۆي جاھازلىرى، كىيىم-كېچەك، ھەر خىل تاۋارلارنىڭ ماركىلىرى ۋە كىتاب - ژۇرنال... قاتارلىقلارنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئابيوملۇق نەقىش ۋە ياغاچ ئويما نەقىشلەر تاش ئويمىچىلىق، پىل چىشى ئويمىچىلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلار بىناكارلىق، مەتبەئەچىلىك ۋە ھەر خىل فارفور ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى

زىننەتلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

نەقىشتە مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئاساسەن ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى نەقىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، بادام، ئانار، ئالما، ئۈزۈم، پاختا... قاتارلىقلارنى ياخشى كۆرىدۇ؛ خەنزۇلار كېپىنەك، ئەجدىھا، شەپەرەڭ، داچەن پۇل، ئەتىرگۈل، نىلۇپەر، يولۋاس، توز، جۈيخۇا گۈل... قاتارلىقلارنى ياخشى كۆرىدۇ؛ خۇيزۇلار مودەنگۈل قاتارلىقلارنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ نەقىش ئۆرنەكلىرى باشقا بارلىق سەنئەتلەرگە ئوخشاشلا تۇرمۇشتىن كەلگەن بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن نەقىشلىرىدىمۇ پەرقلەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل دىنلارمۇ نەقىشلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەر ئادەم ۋە ھايۋانات قاتارلىق جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى نەقىشلەرگە كىرگۈزۈشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەقىش سەنئىتىدە ھايۋانلارنىڭ شەكىللىرى ئىپادىلەنسىمۇ، كۆزى ئىپادىلەنمەيدۇ. لېكىن، بۇ خەلقىمىز ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئادەم ۋە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ نەقىشلەشتۇرۇپ، ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئۆي - ئىمارەتلەرنى زىننەتلەشكە ئىشلەتكەن. ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ خىل نەقىش شەكىللىرى بۇزۇۋېتىلگەن ۋە شەكلى ئۆزگەرتىلىپ ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئاسارئەتىقىلەردە ۋە ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەنلىرىمۇ بار.

## 1. گىلەم گۈل نەقىشلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە

نەقىش تۇرمۇشتىن كېلىدۇ ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك نەرسىلەر، ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. نەقىش رېئال تۇرمۇشتىكى تەسىرلىك ئوبرازلارنىڭ ئالاھىدە بولغان، گۈزەل قىسمى تاللىۋېلىنىپ، ھەر خىل سەنئەت شەكلى بىلەن ئۆزگەرتىلىپ

تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇلۇپ، بېزەپ كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۆزگەرتىشنىڭ مەقسىتى، نەقىش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۇچۇندۇر. شۇڭا، نەقىشكە ئۆزگەرتىشتىكى مەقسەت نۇسخا جەھەتتىكى گۈزەل بولۇش ۋە جانلىق بولۇش ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىن يۇقىرى تۇرىدىغان سەنئەت ئۇنۇمىگە ئىگە بولۇش، ئىشلەپ چىقىرىش ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشكەن، ھەر خىل ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىغا مۇۋاپىق، گۈزەل، كۆركەم، ھېسسىيات بېرىدىغان قىلىپ ماسلاشتۇرۇش ئۇچۇندۇر.

نەقىشكە ئۆزگەرتىشنىڭ جەريانى ئەمەلىيەتتىن سىزىش، ئىلغاپ ئېلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. «ئۆزگەرتىش» دېگەنلىك، نەقىشلەشتۇرۇش، زىننەتلەشتۇرۇش، تۈزەشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە پەرقلەندۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مۇھىم قىسمىنى ساقلاپ قېلىش ياكى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىدا ئۆزگەرتىش لازىم.

نەقىشكە ئۆزگەرتىش ئادەتتە رېئاللىقنى تەسۋىرلەپ ئۆزگەرتىش، شەكىل ئۆزگەرتىپ تەسۋىرلەش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

رېئاللىقنى تەسۋىرلەپ ئۆزگەرتىشتە، ئوبرازلارنى ئەمەلىيەتتىن سىزىش ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا مۇۋاپىق قۇراشتۇرۇش، ناچىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئوبرازدىكى گۈزەل، ئالاھىدە بولغان قىسمىنى ساقلاپ قېلىش، تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېزەپ كۆرسىتىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ.

شەكىل ئۆزگەرتىپ تەسۋىرلەش، بۇ ئەمەلىيەتتىن سىزىشقا ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭدا ئەمەلىيەتتىن سىزىلغان رەسىملەردىن پايدىلىنىپ، شەكلى ئۆزگەرتىلىپ رەتلەپ زىننەتلىنىدۇ. تەبىئىي ئوبرازلارنىڭ پۇت - قولىنى چوشەپ قويۇش بۇزۇپ تاشلىنىپ، ھەر خىل ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، يۈرەكلىك ھالدا شەكىل يارىتىپ پىششىقلاپ ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

خوتەن گىلىمىنىڭ ھەرقايسى نۇسخىلىرىدا ئومۇمەن كانارا نەقىشلىرى ۋە ئىچ گۈل نەقىشلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش گۈل نەقىش سىستېمىسى بولىدۇ. كانارا نەقىشلىرى گىلەمنىڭ تۆت

تەرپىنى قورشاپ تۇرغان كانارا سىزىقلىرى ۋە بۇ سىزىقلار ئوتتۇرىسىدا ھاسىل بولغان كانارا يوللىرىغا چۈشۈرۈلگەن گۈل نەقىشلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەربىر پارچە گىلەمنىڭ كانارا كۆلىمى بىلەن ئىچ گۈل كۆلىمى مۇئەييەن تاناسىپلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە. كىچىك گىلەملەردە ئادەتتە بىرلا كانارا يولى بولىدۇ. گىلەم چوڭ بولغانسېرى كانارا يوللىرىمۇ كۆپىيىدۇ. كۆپ كانارىلىق گىلەملەردە، كانارا يوللىرىدىكى نەقىشلەر تەكرارلانمايدۇ. تەكرارلاش زۆرۈر بولسا، سىممېترىك ھالەتتە تەكرارلىنىدۇ (يەنى يانداش بولغان ئىككى كانارىنىڭ گۈللىرى چوقۇم يەڭگۈش چۈشىدۇ)، ھەربىر كانارا يولىدىكى نەقىش يەككە گۈل ئېلېمېنتلىرىدىن تەركىب تېپىشىمۇ، بىر قانچە گۈل ئېلېمېنتىدىن ھاسىل قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇلارنىڭ تەكرارلىقى قانۇنىيەتلىك بولۇپ، ھەربىر كانارا يولى تاللىۋېلىنغان نەقىش نۇسخىسىنىڭ ئىككى تەرەپكە داۋاملىشىشى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا گىلەم نۇسخىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە بېغىشلىغان بايانلىرىمىزدا، نەقىش سىستېمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى گۈل شەكىللىرىدىن بىر مۇنچىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمەلىيەتتە، نەقىش تۈزۈشتە قوللىنىلىدىغان گۈل ئېلېمېنتلىرى ئۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئوبيېكت، ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل قىياپەتلەردىن ئۆرنەك ئېلىش، ئۇلارغا تەقلىد قىلىش، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش، چېتىش، گۈرۈپپىلاش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق بەدىئىي پىششىقلاپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. گىلەم نەقىشچىلىكىدە نەقىش ھاسىل قىلغۇچى ئاددىي گۈل ئېلېمېنتلىرىنى (شەكىللىرىنى) بارلىققا كەلتۈرۈشتە ئۆرنەك قىلىنغان ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن گۈل ئېلېمېنتلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

ئادەم ئەزالىرى ئۆرنەك قىلىنىپ ھاسىل قىلىنغان گۈللەر: كۆزگۈل، كىرپىك گۈل.

تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۆرنەك قىلىنىپ ھاسىل قىلىنغان گۈللەر: ئارغامچاگۈل، زەنجىرگۈل، ئۆرمەگۈل، ئاچقۇچگۈل، ئۆزەڭگەگۈل، ئېلمەكگۈل، شامگۈل، چىراغگۈل، لوڭقاگۈل، ئىزمىگۈل، ياغلىقگۈل، پەتنۇسگۈل.

ئېتىقادقا ئائىت بۇيۇملار ئۆرنەك قىلىنىپ ھاسىل قىلىنغان گۈللەر: تۇمارچە گۈل، شەددىگۈل.

ھايۋان، ھاشارات، ئۇچار قۇشلار ئۆرنەك قىلىنىپ ھاسىل قىلىنغان گۈللەر: ئات، تۆگە، كالا، بۇغا، ئېشەك، شىر، يولۋاس، يىلان، قالىغاچ، قۇشقاچ، خوراز، تۇرنا قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى ياكى ئۇلارنىڭ ھەرىكەت شەكلى، كۆرۈنۈش شەكلىگە تەقلىد قىلىنغان يىلان باغرى گۈل، قالىغاچگۈل، قۇشقاچ ئىزى گۈل، خوراز قۇيرۇقى گۈل، ئۆمۈچۈكگۈل، كېپىنەكگۈل قاتارلىقلار.

دەرەخ، مېۋە، ئۆسۈملۈكلەر ئۆرنەك قىلىنىپ ھاسىل قىلىنغان گۈللەر: يۆگىمەچگۈل، ئانارگۈل، ئالمىگۈل، مىدىقگۈل، بادامگۈل، پاختىگۈل، قومۇشگۈل، يوپۇرماقگۈل، غازاڭگۈل، گىجەكگۈل.

گۈل چېچەكلەر ئۆرنەك قىلىنىپ ھاسىل قىلىنغان گۈللەر: قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، ئانارگۈل، مودەنگۈل، تولداماگۈل، غۇنچىگۈل، چېچەك.

ئاسمان جىسىملىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۆرنەك قىلىنىپ ھاسىل قىلىنغان گۈللەر: ئايگۈل، يۇلتۇزگۈل، بۇلۇتگۈل، كەلكۈنگۈل.

گېئومېترىيىلىك شەكىللەر ئۆرنەك قىلىنىپ ھاسىل قىلىنغان گۈللەر: چېكىت، تاق سىزىق، قوش سىزىق، چىلەكگۈل (+)، ئۈچ چىلەكگۈل ( * )، تۆت چىلەكگۈل (*)، قىيپالگۈل (تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك)، چاقماقگۈل (تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك)، دەرەۋزۇنگۈل، شاۋكاگۈل، ئۇنىڭدىن باشقا پاراللېل تۆت تەرەپلىك، بەش تەرەپلىك، ئالتە تەرەپلىك، سەككىز تەرەپلىكلەرنىڭ مۇنتىزىم ۋە غەيرىي مۇنتىزىم شەكىللىرى، يايى، چەمبەر شەكىللىرى.

باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ گۈل شەكىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان گۈللەر: قالماقگۈل، قالماق ئورانچى گۈل، پانۇسگۈل، ئالقانگۈل قاتارلىقلار.

يۇقىرىقىلار گىلەم نەقىشلىرىنى تۈزۈشتىكى ئاددىي گۈل ئېلېمېنتلىرى بولۇپ، ئەمەلىي مەشغۇلاتتا بۇلارنىڭ بەزىسى يەككە ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچىسىنىڭ بىر قانچە خىل شەكىل ئۆزگىرىشلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، تۇمارچە گۈل بالىلارنىڭ بوينىغا

ئىبلىپ ئۆرنەك تۇماردىن كۆز بۇرجەكلىك ئۈچ قويۇلىدىغان ئىپسىپ «تۇمارچە قوللانغاندا قىلىپ نەقىش يەككە بولۇپ، قىلىنغان ھاسىل شىزىقلىق قوش سىزىقلىرى تەرەپ ئۇنىڭ ئەگەر دېيىلىدۇ. گۈل» تىزىلسا قاتار شەكىللەر تۇمارچە دېيىلىدۇ. تۇمارچە» «قوش بولسا قوش «تىزما بولسا قوش سىزىقلىرى ئۇنىڭ گۈل»، تۇمارچە «تىزما تۇمارچىنىڭ تىزما رەڭدىكى خىل بىر دېيىلىدۇ. گۈل» تۇمارچە چىش تۇمارچىنىڭ تىزما رەڭدىكى خىل بىر يەنە ئۇچلىرى چىش «چىشلەشمە كۆرۈپىلانسا، كىرگۈزۈپ بوشلۇقلىرىغا ئارىسىدىكى قوش «چىشلەشمە بولسا، سىزىقلىق قوش ئۇلار ئەگەر تۇمارچە»؛ سىرتىغا كانارا ئۇچلىرى تىزما تۇمارچە ئەگەر دېيىلىدۇ. تۇمارچە» خىل ھەر دېيىلىدۇ. كىرپىك» «تۇمارچە سىلىنسا، قارىتىپ شۇنداق ئاتىلىدۇ. بويىچە تۈرى رەڭ يەنە گۈللەر تۇمارچە رەڭدىكى شەكىلدىكى خىل ھەر ئېلېمېنتىدىن گۈل تۇمارچە ئاددىيغىنە قىلىپ تاق گۈلنىڭ چېچەك قىلىنىدۇ. ھاسىل گۈل خىل ئون نەچچە دېگەندەك چېچەك سەككىز... چېچەك، ئۈچ چېچەك، قوش چېچەك، ۋارىيانتلىرى شەكىل پەقەت بۇلار بولىدۇ. ۋارىيانتلىرى خىل كۆپ دېگەندەك يېشىل كۆك، سېرىق، ئال، قىزىل، شەكىللەر ئۇ بولۇپ، خىل ھەربىر ئارقىلىق قىلىنىش ئىگە ئۆزگىرىشلىرىگە رەڭ خىل ھەر رەڭدار خىل ئون نەچچە ياكى نەچچە ئون ئېلېمېنتلىرىدىن گۈل يەككە قىلىنىدۇ. ھاسىل گۈللەر

گىلەم نەقىشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە كۆپىنچە ھاللاردا يەككە دەستىلەپ تىزىش، جۈپلەپ تىزىش، يەككە ئېلېمېنتلىرىنى گۈل تىزىش، باغرى يىلان تىزىش، چاسا تىزىش، قارىشى قارىمۇ تىزىش، تىزىش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تىزىش، ھالقىلاپ تىزىش، قايچىلاپ ھاسىل گۈرۈپىلىرى گۈل ئارقىلىق ئۇسۇللار قاتارلىق كىرىشتۈرۈش گۈل - بىلەن شەكىللەر گېئومېترىيىلىك خىل ھەر قىلىنىدۇ. خىل ھەر كىرىشتۈرۈلگەن، بىرىگە - بىر شەكىللەر ئۆرنەكلىك گىياھ گۈل خىل بۇ ماسلاشتۇرۇلغان تەبىئىي بىرىگە - بىر رەڭلەر تەرتىپ، مۇئەييەن قىسىملىرىغا بەلگىلىك گىلەمنىڭ شەكىللىرى، ھاسىل سىستېمىسى نەقىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بويىچە رىتىم ئايگۈلى ئۇنىڭ ئالساق، مىسالغا گىلەمنى نۇسخا كەلكۈن قىلىنىدۇ. يانتۇ شەكىللىك پەلەمپەي ھالقىلانغان قاتمۇقات بىرىگە - بىر شەكىلدە بۇلۇڭ تۆت تىك تاپقان تەركىب سىزىقلاردىن يۆنىلىشلىك

بولىدۇ. ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمىدا چېلەك (+) شەكلىدە چېتىلغان تۆت غۇنچە گۈل يەنە شۇ شەكىلدە چېتىلغان تۆت يوپۇرماق بىلەن دەستىلەپ تىزىلغان گۈل گۈرۈپپىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. سەككىز گۈل ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن بۇ شەكىل «غازاڭگۈل» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىنى قاتمۇ قات ئوراپ تۇرغان تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىرىنىڭ گەۋدىسىگە نۇرغۇن ئۇششاق گۈللەر نەقىش قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىرسى ئۆز ئالدىغا بىر گۈل گۇرۇپپىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇشۇ بىر نەچچە گۈل گۇرۇپپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك نەقىش سىستېمىسى «ياغلىقگۈل» دېيىلىدۇ.

## 2. خوتەن گىلىمىنىڭ كانارا نەقىلىرى

كانارا گۈللەر يۇقىرىقى ئۇسۇل ۋە قانۇنىيەتلەر بويىچە ھاسىل قىلىنىدۇ ۋە ھەربىر كانارا بىر نەقىش سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىدۇ ھەمدە شۇ نەقىش سىستېمىسىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان گۈل نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. كۆپرەك قوللىنىلىدىغان كانارا نەقىشلىرى، مىدىق كانارا، قالىغاچ كانارا، يىلان باغرى كانارا، لەيلى - مەجنۇن كانارا، شاۋكا كانارا، دەرەۋزۇن كانارا، ئارغامچا كانارا، تۇمارچە كانارا، قوش تۇمارچە كانارا، چىشلەشمە تۇمارچە كانارا، زەنجىر كانارا، ئىزما كانارا، چېكىت كانارا، پاختا كانارا، ئۆرمە كانارا، مودەن كانارا، چاقماق كانارا، قۇشقاچ ئىزى كانارا، ئاچقۇچ كانارا، ئۆزەڭگە كانارا، سەكرەتمە كانارا، چېچەك كانارا، شەددە كانارا، چىشلەشمە شەددە كانارا، ئانار كانارا، چوڭ مەنپۇ كانارا، چاقماق مەنپۇ كانارا، ئىلمەك كانارا، قارماق كانارا، شاخ كانارا، قوشچېچەك كانارا، بۇلۇت كانارا، تولداماگۈل كانارا، چوڭ (كىچىك) غۇنچە كانارا، ئانارگۈل كانارا، چېكىت زەنجىر كانارا، قۇمۇش كانارا، يۇلتۇز كانارا، ئالما كانارا، بادام كانارا، كىرپىك كانارا، قالماقگۈل كانارا، قالماق ئىران كانارا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

كۆپ كانارلىق گىلەملەردە كانارا نەقىشلىرىنى قانداق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتە مۇئەييەن قانۇنىيەت يوق. گىلەم نۇسخىسى ۋە تۈرىگە ئاساسەن تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن يانداش كانارىلارنىڭ

نەقىشلىرى چوقۇم يەڭگۈش بولۇشى كېرەك. كانارا نەقىشلىرى بە
ئىچ گۈل نەقىشلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا بولسا كۆپىنچە ھالل
ماسلىق مۇناسىۋەت بار. مەسىلەن، ئانار نۇسخا گىلەمنىڭ كانارىس
چوقۇم بىر يول ئانار كانارا ياكى ئانارگۈل كانارا چىقىرىلىدۇ. پا
نۇسخا گىلەمگە چوقۇم بىر يول پاختا كانارا چىقىرىلىدۇ. غازى نۇ
بىلەن ئىلھام نۇسخا گىلەمگە چوقۇم بىر يول بادام كانارا چىقىرىلىد
ئىران نۇسخا ۋە قالماق ئىران نۇسخا گىلەمگە بىر يول قالماق كا
ياكى قالماق ئىران كانارا چىقىرىلىدۇ. باشقا نۇسخىلاردىك
گىلەملەردىمۇ كانارىلارنىڭ بىرسىگە ئىچ گۈل قىسمىدىكى ئاساس
نەقىش شەكلى ياكى نەقىش مەزمۇنىغا ماس بولغان كانارا نەقى
چىقىرىلىدۇ. بۇلار گىلەم توقۇشتىلا ئەمەس، گىلەم لايىھەلەشتە
دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىدۇر.

## 3. خوتەن گىلىمىنىڭ ئىچ گۈل نەقىشلىرى

خوتەن گىلىمىنىڭ ئىچ گۈل نەقىشلىرى گىلەمدىكى ئاساس
ئورۇندا تۇرىدىغان گۈل نەقىش سىستېمىسى بولۇپ، ئىچ گۈ
نەقىشلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۆپ ئۆزگىرىشلىك خۇسۇسىيەت
ئىگە. بەزى گىلەملەرنىڭ ئىچ گۈل قىسمىدا ئاساسىي نەقىش
قوشۇمچە نەقىشلەر بولىدۇ. مەسىلەن، چاچما نۇسخا گىلەملەردە بە
ياكى بىرقانچە ئاساسىي گۈل بولۇپ، بۇنداق گۈللەر «ئايگۈل
دېيىلىدۇ. قوشۇمچە گۈللەر بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ئايگۈلنى
گەۋدىلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خىل گىلەملەر گۈللىرىنىا
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن «چاچما نۇسخا
دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى گىلەملەرنىڭ ئىچ گۈللىرىنى تەشكىل قىلغۇچى گۈل
گۇرۇپپىلىرى تەڭداش مۇناسىۋەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ياكى گۈل
نەقىشلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل بولسىمۇ، ھەممىسى
بىرخىل ئوبرازنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق گىلەملەر گۈل نەقىش ھاسىل
قىلىشتا ئۆرنەك قىلىنغان شەيئىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتىلىدۇ.
پاختا نۇسخا گىلەم، يۇلتۇز نۇسخا گىلەم، ئانارگۈل نۇسخا گىلەم،
لوڭقا نۇسخا گىلەم قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

خوتەن گىلىمىنىڭ رەڭ تۈرى ئۆزگىرىشى ئىخچىمۇ كۆپ. رەڭ تۈرى ئۆزگىرىشى ئومۇمەن ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىرى تەگلىك رەڭنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى، بۇنىڭدا مەلۇم بىر خىل نۇسخىدىكى گىلەمنىڭ تەگلىك رېڭىنى (گىلەمنىڭ زەيلىك قىسمى ۋە ئىچ گۈل قىسمىدىكى گۈل نەقىش چىقىرىلمايدىغان جايلىرىنىڭ رېڭىنى) ئۆزگەرتىش ئارقىلىق رەڭ تۈرى ھاسىل قىلىنىدۇ. بىر خىل نۇسخىدىكى گىلەمنىڭ تەگلىك رېڭىنى قىزىل، توق قىزىل، ئاچ قىزىل، سېغىز رەڭ، قايماق رەڭ، كۆلرەڭ، ئاچ كۆك، زۆتىنە قاتارلىق ھەر خىل رەڭدە توقۇش مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا گۈللەرنىڭ رەڭگىدە مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر بولسىمۇ، گىلەم نۇسخىسى شەكلى (يەنى ئاساسىي گۈل شەكلى) دە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن، لوڭقا نۇسخا گىلەمنىڭ تەگلىك رەڭگىنى خالىغان رەڭدە توقۇش مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ توقۇلۇپ چىققان مەھسۇلات ئوخشاشلا لوڭقا نۇسخا گىلەم بولىدۇ. يەنە بىرى، گۈل رەڭگىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى، بۇنىڭدا گۈل نەقىش شەكىللىرىنى ھەر خىل رەڭدار يىپلارنى گىرۋىپىلاپ ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئوخشاش بولمىغان رەڭلەردىن ئوخشاش بىرخىل ئوبراز ياكى گۈل نۇسخىسىنى ھاسىل قىلىش مۇمكىن.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، خوتەن گىلىمى ھازىر ئىشلەپ چىقىرىلىۋاتقان 18 خىل ئاساسىي نۇسخا تۈرىگە مەنسۇپ بولغان 22 قېرىنداش (يانداش) نۇسخا، توققۇز بالچۇق نۇسخا، 103 خىل رەڭ تۈرىدە توقۇلىدۇ. ئەمدى بۇلارنى خوتەن گىلىمىنىڭ ساپ يۇڭ گىلەم ۋە يۇڭ، بۆز ئارىلاش گىلەم دېگەن ئىككى خىل چەم تۈرى، تەبىئىي رەڭدار گىلەم ۋە بوياق رەڭدار گىلەم دېگەن ئىككى خىل رەڭ مەنبەسى پەرقى، تەبىئىي بوياقلار بىلەن بوياش ۋە خىمىيۋى بوياقلار بىلەن بوياشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بوياق ماتېرىيال پەرقى، 360 قاتاردىن 900 قاتارغىچە بولغان بەش خىل زىچلىق پەرقىنى قوشۇپ ھېسابلىغىنىمىزدا، خوتەن گىلەملىرىنىڭ مەھسۇلات تۈر، نۇسخا، رەڭ خىللىرى تۆت مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەمىنلىگەن خەرىتە، ئۆلچەملەر بويىچە توقۇلىۋاتقان 30 نەچچە خىل نۇسخا تۈرى ھەمدە ھەر خىل گىلەملەرنىڭ توقۇلۇش شەكلى ۋە ئۆلچىمىنىڭ 200 خىلدىن

ئاشىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا، خوتەندە توقۇلىدىغان گىلەملەرن
تۈر، ئۆلچەم، نۇسخا، رەڭ خىللىرى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

قوشۇمچە جەدۋەل: **خوتەن گىلىمىنىڭ سىستېما سخېمىسى**

| نۇسخا، رەڭ ئۆزگىرىشلىرى / نۇسخا نامى | قېرىنداش نۇسخىلار | بالچۇق نۇسخىلار | تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشلىرى: تەگلىك رەڭ نامى | ر تۈ سا |
|---|---|---|---|---|
| كەلكۈن نۇسخا | كونا كەلكۈن نۇسخا<br>ئۆركەش كەلكۈن نۇسخا | | ئال تەگ، كۆك تەگ | 1 |
| يۇلتۇز نۇسخا | | | پوررەڭ، مەللەرەڭ تەگ | 2 |
| شلم نۇسخا | | | شوخ كۆك، كۆك تەگ | 2 |
| ئانارگۈل نۇسخا | چۈلۈك ئانارگۈل نۇسخا<br>شاخ ئانارگۈل نۇسخا | | ئال، شوخ كۆك، كۆك، سېرىق تەگ | 8 |
| پلتا نۇسخا | | | ئال تەگ | 1 |
| بەشچېچەك نۇسخا | | | ئال، شوخ كۆك، كۆك، قارا تەگ | 4 |
| جايناماز نۇسخا | | | ئال، قىزىل، كۆك، سېغىز رەڭ تەگ | 4 |
| ئىران نۇسخا | ئىران نۇسخا<br>قالماق ئىران نۇسخا | | ئال، سېرىق، مەللەرەڭ تەگ | 6 |
| چاچما نۇسخا | تەك چاچما نۇسخا<br>ئارىلاش چاچما نۇسخا | چۈلۈك ئانار چاچما<br>ئالما، ئانار، قىبىال چاچما<br>چاقماق چاتما چاچما<br>شاخ ئانار چاچما<br>قورچىراق ئايگۈل چاچما<br>ئالبان چاچما | پىشىل، كۆك، ئال، مەللە رەڭ تەگ | 28 |
| لوكتا نۇسخا | | ئۆرۈش قىبىال چاچما | ئال، شوخ كۆك، ماۋرەڭ تەگ | 3 |
| مەنزىرە نۇسخا | | | بۇ ئۈچ خىل نۇسخىدىكى گىلەملەردە رەڭ تۈرى بەك كۆپ بولۇپ، 50_60 خىلدىن يۇقىرى رەڭدار يىپلار بىلەن توقۇلىدۇ. شۇڭا مۇئەييەن تەگلىك رەڭ بولمايدۇ. | |
| ئۇبراز نۇسخا | تەسۋىرىي ئۇبراز نۇسخا<br>ھەقىقىي ئۇبراز نۇسخا | | | 5 |
| خاتىرە نۇسخا | سىياسىي خاتىرە نۇسخا<br>شەخسىي خاتىرە نۇسخا | | | |

| نۇسخا، رەڭ ئۆزگىرىشلىرى / نۇسخا نامى | قېرىنداش نۇسخىلار | بالچۇق نۇسخىلار | تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشلىرى: تەگلىك رەڭ نامى | رەڭ تۈرى سانى |
|---|---|---|---|---|
| ئەدىيال نۇسخا | پالاس ئەدىيال | | يېشىل، قىزىل، ئال تەگ | 13 |
| | پەتنۇس ئەدىيال | | كۆشرەڭ، ئال تەگ | |
| | گىجىم ئەدىيال | | كۆش قىزىل تەگ | |
| | مەغەز ئەدىيال | | ئال تەگ | |
| | شاخ ئەدىيال | قارا شاخ ئەدىيال | ئال تەگ | |
| | | قۇرۇق شاخ ئەدىيال | | |
| | بۆرەك ئەدىيال | | مەللەرەڭ، ئال رەڭ تەگ | |
| | كارۋان ئەدىيال | | ئال رەڭ، ئەترەڭ تەگ | |
| غازى نۇسخا | | | كۆك، ھاۋا رەڭ، ئال، مەللە، ئاچ ھاۋا رەڭ | 5 |
| ئىلھام نۇسخا | | | ئەترەڭ، ئالرەڭ تەگ | 2 |
| شامىمات نۇسخا | خەلقئارا شامىمات نۇسخا | | تۆگە رەڭ، قىلىماق رەڭ، سېغىزرەڭ، ئاچ ھاۋارەڭ، ئاچ كۆلرەڭ تەگ | 15 |
| | جۇڭگوچە شامىمات نۇسخا | | | |
| | قورشاۋ شامىمات نۇسخا | | | |
| كېپىنەك نۇسخا | | | ئەترەڭ تەگ | 1 |
| 18 | 22 | 9 | | 103 |

# خوتەن گىلىمىنىڭ سەنئەت قىممىتى ۋە ئىستېمال قىممىتى

تەبىئەت گۈزەللىكىنى ئەنداز قىلغان خوتەن گىلىمىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئۆزىلا بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىدى. خوتەن گىلىمى ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزىدە ئىپادە قىلىنغان مەزمۇن، بەدىئىي گۈزەللىك، نۇسخا، رەڭ تۈرلىرى، گۈل نەقىش شەكىللىرى، ئىشلەپ چىقىرىش كۆلىمى ۋە مىقدارى جەھەتلەردە ئۆزلۈكسىز تاۋلىنىپ، پىششىقلىنىپ ۋە ئۆسۈپ خوتەننىڭ «ئۈچ گۆھىرى» نىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ ئۇزاق تەرەققىيات جەريانى ئۆز ماكانىدا ئوبيېكتتىن سۇبيېكتقا ئۆتۈش ۋە سۇبيېكتتىن

ئوبيېكتقا ئۆتۈش جەريانى، شۇنداقلا دۆلەت، رايونلار، مىللەتلەر مەدەنىيەت تارقىتىش جەريانى ۋە مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش جەر بولۇپ خاراكتېرلەندى.

## 1. گىلەمگە مۇجەسسەملەنگەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت

خوتەن گىلىمىنىڭ نۇسخا ۋە گۈل نەقىش ئالاھىدىلىكلىر مەلۇمكى، ئۇ ئۆزىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇن مەدەنىي قاتلاملىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن:

كەلكۈن نۇسخا گىلەمدە ئىپادىلەنگەن كەلكۈن مەنزىرىسى، پا نۇسخا گىلەمدە ئىپادىلەنگەن كېۋەز ئوبرازى، ئانارگۈل نۇ گىلەمدە ئىپادىلەنگەن ئانار ئوبرازى قاتارلىقلار ئوبيېكتىپ جەھەتت ئەينى زاماندىكى تارىم ئېكىنچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئىخ تەسۋىرلىنىشى بولسا، سوبيېكتىپ جەھەتتىن بۇلار ئەينى دەۋرد ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇنى ھاياتلىقنىڭ، بوستانلىقنىڭ جان تومۇ دەپ ئۇلۇغلاش، دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى دەپ قاراشتەك ئاڭ چۈشەنچىلىرىن نەقىشلىك خاتىرىسىدۇر.

بەش چېچەك نۇسخا، چاچما نۇسخا گىلەملەردە ئىپادىلەنگەن خىل ئۆسۈملۈك، گۈل ـ چېچەك ئوبرازلىرى ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپلا گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈشكە ھېرىسمەن بولۇشت ئوبيېكتىپ رېئاللىقىنىڭ ئىنكاسى بولسا، بۇ ئوبرازلارنى مۇبال قىلىپ قايتا يارىتىشتىكى ئۇستاتلىقى ۋە ماھىرلىقى ئۇلارنى تەبىئەتنى، گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىك يارىتىشقا زوقم بولۇشتەك ئېستېتىك ئېڭىنىڭ ئىنكاسىدۇر. يېقىنقى دەۋرلە بارلىققا كېلىپ ۋە چاپسان بېيىپ خوتەن گىلەملىرىنىڭ گۈلتاجىس ئايلانغان ئەدىيال نۇسخا گىلەملىرىدىكى يۈكسەك گۈزەللى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇ گۈلخۇمارلىقى ۋە گۈزەللىك يارىتىشت قانائەتسىزلىكىنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى يارقىن نامايەندىسىدۇر.

گىلەم نەقىشلىرىدىكى كۆپلىگەن، ھايۋانلار، قۇشلار ئوبرازى ھايۋان ئەزالىرى نامى بىلەن ئاتالغان گۈل نەقىش ناملى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى زاماندىكى چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ياۋ

ھايۋان، ئۇچار قۇش، ھاشاراتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئوبيېكتىپ سۈرەتلىنىشى بولسا، بۇنداق سۈرەتلەش ئۇلارنىڭ ھايۋانلار، قۇشلار، ھاشاراتلارنى تەبىئەت زەنجىرىنىڭ بىر ھالقىسى، ئىنسانلارنىڭ ھەمراھلىرى، دوستى دەپ قاراشتەك سۇبيېكتىپ تونۇشىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ ئىپادىلەندى.

يۇلتۇز نۇسخا، شام نۇسخا، جايناماز نۇسخا گىلەملەر ۋە ئايگۇل، بۇلۇتگۇل دېگەندەك نەقىش ناملىرى بىر جەھەتتىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئاسمان جىسىملىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان ساددا تونۇشىنى ئىپادىلىگەن بولسا؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى ۋە ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولۇپ ئىپادىلەندى.

لوڭقا نۇسخا، مەنزىرە نۇسخا، ئىران نۇسخا گىلەملەردە ئەينى دەۋردىكى قاتتىق ئېتىقاد تەقىپلىرىگە قارىماي ھايۋان، ئۇچار قۇش ئوبرازلىرىنىڭ ئىپادە قىلىنغانلىقى، شۇنداقلا تەقىپلىنىش دائىرىسىگە كىرمىسىمۇ، ئۆز ماكانى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە يات بولغان نەقىش شەكىللىرىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان بۇ ماكاندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى، بۇ سودىدا ئۆزلىرىگە يات بولسىمۇ، ئاشۇ خەلقلەر ياخشى كۆرىدىغان ئۆزگىچە نۇسخىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىشنىلا ئەمەس، شەرق ۋە غەربتىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىشنى، پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى بېيىتىشنى ھەم ھېچقاچان چەتكە قاقمىغانلىقىنى، رايونلار، مىللەتلەر ئارا دوستلۇق، ئىناقلىقنى قەدىرلەپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋردە ئىجاد قىلىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ كېلىۋاتقان مەنزىرە نۇسخا، خاتىرە نۇسخا، تەسۋىرىي ئوبراز نۇسخا گىلەملەردە يارىتىلغان تەبىئىي مەنزىرە، ھايۋان، ئادەم ئوبرازلىرى ئاساسىي سۈژىت قىلىنغان بەدىئىي كۆرۈنۈشلەر مىلادىيىدىن كېيىنكى 1 - ئىرادا ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ھەيكەل، تام سىزما، گەج ۋە ياغاچ ئويما شەكىللىرىدە ئىجاد قىلىنىپ، ۋايىغا يەتكۈچە گۈللەنگەن، ئەمما 2 - ئىرانىڭ بېشىدا ئېتىقادنىڭ ئالمىشىشى بىلەن خۇددى تاغلار ئۆرۈلۈپ، يەر كۆمتۈرۈلگەندەك شىددەت بىلەن ۋەيران قىلىنغان

تەسۋىرىي سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ 3 ـ ئىراغا ئاتلاش بوسۇغىسىدا باشقىچە ۋاستە ۋە ئۆزگىچە قىياپەت بىلەن قايتا جىلۋە قىلغانلىقىنىڭ شاھىدى بولدى.

دۇنياغا كەلگىنىگە تېخى تولۇق 10 يىل توشمىغان غازى نۇسخا، ئىلھام نۇسخا گىلەملەرنىڭ شۇنچە تېز لا خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتقا ئايلىنىشى ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە ئۇدۇم بولۇپ قالغان سەنئەت سۆيەرلىكنىڭ، گۈزەللىككە ھېرىسمەنلىكنىڭ، ئىجادچانلىقنىڭ، دەۋر تەرەققىياتىغا ماس ئىلگىرىلەشتەك سەزگۈرلۈكنىڭ يېڭى نامايەندىسىدۇر.

مانا بۇلار، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن مول مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنىڭ خوتەن گىلەملىرىدىكى چۆكمىسى، جەۋھىرى ۋە جىنىدۇر. ھازىرقى زامان سانائەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى جۇغلىنىپ، بىيىپ ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇپ كەلگەن نۇرغۇن قول ھۈنەر تۈرلىرى ۋە قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى ھەش - پەش دېگۈچە شالالاپ تاشلاپ قىلچە ئىزناسىنى قالدۇرماي، تارىخ مۇزېيىغا كىرگۈزۈۋەتكەن بىر دەۋردە، خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ ئاشۇنداق رەھىمسىز، ئەمما مۇقەررەر بولغان ھالاكەتلىك ئاقىۋەتكە يولۇقمىغانلىقى، ئەكسىچە تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن سۇنئىي تالا گىلەملەر، شۇنداقلا «V» شەكىللىك تۈۋىت چىگىش ئۇسۇلىدا توقۇلغان ئىلمەك توقۇلما سانائەت گىلەملىرىنى شاللىنىش بوسۇغىسىغا قىستاپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلالىشىدىكى «مەخپىي سىر» — خوتەن گىلەملىرىدىكى ئاشۇنداق ئۆزلۈكسىز گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىك يارىتىش، ئارقىدا قېلىشنى خالىماسلىق، سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ھەرقانداق ئىلغار تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە ئېستېتىك ئىجادىيەت يولى بىلەن ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش روھىنى نامايان قىلىدىغان سەنئەت گۈزەللىكى بولغانلىقىدۇر.

## 2. گىلەمدىن تارقالغان مەدەنىيەت ـ سەنئەت

خوتەن گىلىمىنىڭ نەقىش ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى بايانلاردىن

شۇنى ھېس قىلىشىمىز قىيىن ئەمەسكى، گىلەم گۈل نەقىشلىرى گەرچە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى رېئال ئوبيېكتلارنى ئۈرنەك قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۈرنەكلىك ئوبيېكتلارنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ياكى ئاددىيلا تەقلىد قىلىنىشى ئەمەس. پاراسەتلىك ۋە ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز ئۈرنەكلىك ئوبيېكتلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۇلاردىن تەبىئىي گۈزەللىكنى ئەڭ ياخشى ئىپادە قىلالايدىغان شەكىللەرنى ئابستراكتسىيلەپ ئېلىش، ئاندىن بەدىئىي تەپەككۇر، مۇبالىغە ۋە فانتازىيە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، بۇ ئاددىي شەكىل (ئېلېمېنت) لەرنى قايتا قۇراشتۇرۇپ ۋە ھەر خىل بوياقلارنى ۋاسىتە قىلىپ ئۇلارنى تەبىئەت گۈزەللىكى ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكىدىن ھالقىغان غايىۋى سەنئەت گۈزەللىكى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

خوتەن گىلىمى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت قىممىتى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا ماكانىدا ۋە ھەغداسى بولغان خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئەسلىي مۇددىئادىن ھالقىغان بىر مۇنچە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. زىلچا گىلەم شۈبھىسىزكى، سۇپا ۋە كارىۋاتلارغا چۈشەك قىلىنىدىغان جاۋا گىلەم ۋە بۆز گىلەم توقۇمىچىلىقى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ دەسلەپ كەشىپ قىلىنىشىدىكى مەقسەت، سۇپا چۈشەكلىرىنىڭ سۇپىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن بەدىئىي گۈزەللىك ئاپىرىدە قىلغان ئۇنۇم ئەسلىي مەقسەتتىن كۆپ ئېشىپ كەتتى:

گىلەمدە ئىپادىلەنگەن بەدىئىي گۈزەللىك ئۇنى سۇپا ـ كارىۋاتتىن ھالقىتىپ، ئايۋان ـ سارايلارنىڭ تاملىرىغا ئېسىلىدىغان ئۆي زىننەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇردى.

بۇ گۈزەللىك ئۇنى، ئەڭ خېرىدارلىق سودا تاۋىرىغا ئايلاندۇردى.

بۇ گۈزەللىك ئۇنى ئەزىز مېھمانغا كۆرسىتىلىدىغان ئالىي ھۆرمەتنىڭ يۇقىرى چېكى بولغان پاياندازغا ئايلاندۇردى.

بۇ گۈزەللىك ئۇنى، ئەڭ ئېسىل سوۋغات بۇيۇمىغا، خاتىرە بۇيۇمىغا ئايلاندۇردى.

بۇ گۈزەللىك ئۇنى، ئىگەر يۇزلۇكى، توقۇم يۇزلۇكى، قۇشقۇن بېغى، نوقتا بېغى سۈپىتىدە، مېنىك ئۇلاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل

زىننەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇردى.

بۇ گۈزەللىك، خۇرجۇن، توۋرا قاتارلىق ئادەتتىكى خۇرجۇن قاچىلارنى نادىر گۈزەل سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇردى.

بۇ گۈزەللىك، ئۇنى ئاللىقاچان ئىمزى ئۆچكەن قەدىمىي تەسۋىر سەنئەتنىڭ، بەدىئىي سەنئەت ئەسىرى سۈپىتىدە قايتا تىرىلىش زېمىن ھازىرلاپ بەردى.

بۇ گۈزەللىك، خەلقىمىزنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلىش كائىناتنىڭ سىرلىرىنى بىلىش، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىش توغرىسىدىكى فانتازىيىلىك چۆچەكلىرىدە، ئۇنى، ھاۋا قاتنا قورالىغا ئايلاندۇردى ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن «ئۇچار گىلەم قاتارلىق چۆچەكلەر ئەڭ مەپتۇنكار چۆچەكلەر قاتارىدا كەڭ تارقالدى شۇنداقلا «گىلەمچى يىگىت» «گۈلەمخان ۋە گىلەم» قاتارلىق كۆپلىگەن چۆچەك، رىۋايەتلەرمۇ گىلەمگە باغلانغان ئېغىز ئەدەبىيا ئەسەرلىرى سۈپىتىدە كەڭ تارقالدى.

بۇ گۈزەللىك ئۇنى، ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرىدىغان ئە ياخشى مەنىۋى مىراس بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئەۋلادمۇئەۋ گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئۇدۇمنى شەكىللەندۈردى.

بۇ گۈزەللىك، يۇڭ بازىرى، يىپ بازىرى، بوياق ماتېرىياللىر بازىرى، گىلەم بازىرى قاتارلىق گىلەمگە باغلانغان بازار مەدەنىيە قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى.

بۇ گۈزەللىك، گىلەم كەشتە، گىلەم دوپپا قاتارلىق گىلەمە مەنبە قىلغان ئىككىلەمچى سەنئەت ئىشلەپ چىقىرىش تۈرلىرىن بارلىققا كەلتۈردى.

يەنە مۇشۇ گۈزەللىك، بۈگۈنكى كۈندە گىلەم بۇيۇ تىجارىتىدىن ئىبارەت يېڭى بىر مۇلازىمەت كەسپىنى ئاپىرىدە قىلدى

تەبىئەت رېئاللىقى، تۇرمۇش رېئاللىقى ۋە ئەينى زامان ئېتى چۈشەنچىلىرىدىن تاللىنىپ گىلەمگە مۇجەسسەملەنگ مەدەنىيەت، گەرچە تېپىدىكى مەدەنىيەت بولغان بولسا، بۇنىڭدا ھاسىل بولغان سەنئەت قىممىتى ئۇنى يەنە، چىقىش تېپىدىك مەدەنىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى مەنىۋى ھاياتىدا يوقىتىۋەتكىلى بولمايدىغان يېڭىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماي، رايونلار، مىللەتلەر ئارا بولىدىغان مەدەنىيەت سەنئەت ئالماشتۇرۇشقىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

پايتەخت خەلق سارىيىغا ئېسىلغان بېزەك گىلەم، شاڭگالڭ

ئاۋمىن رايونلىرىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە سوۋغا قىلىنغان گىلەملەرنى ئەڭ ئالىي سوۋغات بۇيۇمى، ئەڭ ئېسىل زىننەت بۇيۇمى دېمەي مۇمكىنمۇ؟ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بىنا - ئىشخانىلىرىدىن تارتىپ مېھمانساراي، رېستورانلارنىڭ ياسىداق خانىلىرىغا سېلىنغان پول گىلىمى، كارىدور - پەشتاقلاردىكى پاياندار گىلەملەرگىچە، ياتاقلىق ئاپتوبۇسلارنىڭ ئاران يېرىم مېتىر كەڭلىكتىكى ئارىلىق يوللىرىدىن تارتىپ، ئايروپىلان، پاراخوتلارنىڭ ئىچىگە سېلىنغان پاياندار گىلەم، مىنىك ئۇلاغلىرىنىڭ ئۇچىسىدىن كۆچۈپ، دىۋان (ساپا) چۈشكى، پىكاپ چۈشكى، موتسىكلىت، ۋېلسىپىتلەرنىڭ ئىگەر قېپىغا ئايلانغان گىلەملەرگىچە ... مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى چىقىش تېپىدىكى، تارقىلىش تېپىدىكى، ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىش، ئەنداز بولۇش تېپىدىكى مەدەنىيەت دېمەي مۇمكىنمۇ؟!

يېقىنقى 10 ~ 20 يىلدا بازارغا سېلىنغان سۇنئىي تالا زىلچا گىلەم، ئىلمەك توقۇلما زىلچا گىلەم، گۈللۈك ۋە سىدام سۇنئىي تالا بۇدۇر گىلەم قاتارلىق سانائەت گىلىمى ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ بارلىققا كېلىشىدە، ھېچبولمىسا ئۇلارنىڭ گۈل نەقىش، سەنئەت ئۇسلۇبىدا خوتەن گىلىمى ئەنداز بولغان دېمەي مۇمكىنمۇ؟

1973 - يىلى شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي ۋىلايىتىدىن كەلگەن بەش ئەر، ئۈچ ئايال شاگىرت ئالىي ئىكرام بىلەن كۈتۈلۈپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە گىلەمچىلىك تېخنىكىسى ئۆگىنىپ قويۇلدى. ئاندىن ئاۋۇتئاخۇن، ئوبۇلقاسىمئاخۇن، سادىرئاخۇن ئۇستاملار ئۇلار بىلەن بىللە ئالىي ۋىلايىتىگە بېرىپ، دۇكان قۇرۇپ يەنە ئۈچ ئاي ئۆگىنىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى.

1966 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈرۈمچى، غۇلجا، كۈيتۇن، ئالتاي، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىكى ئالاقىدار تارماق ۋە كارخانىلارنىڭ تەلەپ ۋە تەكلىپى بويىچە ئونلىغان ماھىر ئۇستىلارنى ئاجرىتىپ، شۇ يەرلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلار ئۈچۈن يۈزلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ بەردى. شۇ جايلاردا يېڭى بىر كەسىپنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

1988 - يىلى كلارىك ئەپەندىنىڭ ياۋروپا ئەللىرىدە قارشى

ئېلىشقا ئېرىشكەن شەرق ئۇسلۇبىدىكى خوتەن گىلىمىنىڭ توقۇش
ھۈنەر - سەنئىتىنى نەق مەيداندا كۆرسىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى
تەكلىپىگە ئاساسەن، قاراقاش ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىدىن
بائىمەخان ئەنگلىيىگە بېرىپ ماھارەت كۆرسەتتى ۋە
ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا ئېرىشتى.
ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ھەر يىلى
كۆپلىگەن چەت ئەللىك ساياھەتچى مېھمانلار ۋە ئىچكى مېھمانلار
ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنى، خوتەن گىلەم بازىرىنى ساياھەت
ئېكسكۇرسىيە قىلىشۋاتىدۇ ھەمدە خاتىرە گىلەملەرنى سېتىۋېلىپ
كېتىشۋاتىدۇ.
بۇلارنىڭ ھەممىسى گىلەم مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىش
دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەلۋەتتە، خوتەن
گىلەمچىلىكىدە باشقا جاي، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى
ئۆگىنىش، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ پايدىلىق ئوزۇق ئېلىش
جەريانىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى.
1966 - يىلى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ ئۈچ نەپەر
تېخنىك خادىمى تيەنجىن شەھىرىگە بېرىپ، كىسلاتالىق سانائەت
بوياقلىرىنى تەڭشەش، ئىشلىتىش، پار ئارقىلىق يۇڭ يىپ بوياش
تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن گىلەم يىپلىرىنىڭ
رەڭگىنىڭ، رەڭ خىللىرى ۋە گىلەم سۈپىتىدە سەكرەش
خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى.
1981 - يىلى باشقا جايلارنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۇسكۈنىلىرى
كىرگۈزۈلۈپ، پۈتكەن گىلەملەرنى يۇيۇش، تاراش ئارقىلىق
سۈپەتلەش ھۈنەر - سەنئىتى يولغا قويۇلدى.
1970 - يىللاردا باشقا جايلارنىڭ 540، 720، 900 قاتارلىق
يۇقىرى زىچلىقتىكى گىلەم توقۇش تېخنىكىسى قوبۇل قىلىنىپ
ئومۇملاشتۇرۇلدى.
1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، چەت ئەللىك
سودىگەرلەرنىڭ مال زاكاز قىلىش توختىمى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك
باشقۇرغۇچى تارماقلار تەمىنلىگەن گىلەم نۇسخا خەرىتىلىرى بويىچە
باشقا دۆلەت، باشقا مىللەت خەلقلىرى ياقتۇرىدىغان نۇسخا،
ئۇسلۇبتىكى گىلەملەرنى توقۇش يولغا قويۇلغانىدى. كېيىن بۇنداق
نۇسخىلارنىڭ بەزىلىرى بارا - بارا يەرلىك گىلەم نۇسخىلىرىغا ئايلىنىش
يۈزلىنىشىنى ئىپادىلىدى. بولۇپمۇ بۇ خىل گىلەملەردىكى سۈس

رەڭلەرنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ توقۇش ئارقىلىق كىشىگە ئازادىلىك، يېنىكلىك، ئارامبەخشلىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىغان نۇسخا، رەڭ ئالاھىدىلىكى ئۆز جايىمىزدىكى بىر بۆلۈك ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تيەنجىن گىلەملىرىنىڭ گۈل نۇسخا ئۇسلۇبىنى ئۆزلەشتۈرۈپ توقۇلغان گىلەملەرمۇ ئاستا - ئاستا بازار تېپىپ رايونىمىزنىڭ گىلەم مەدەنىيىتىنى بېيىتتى.

تاشلىنىپ قالغان ئەنئەنىۋى ئىشلەپ چىقىرىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ، كونىدىن يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرلىرىنىڭ قوللىنىلىشى ئارقىسىدا، 1990 - يىلىدىن باشلاپ تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ بويالغان يىپ بىلەن گىلەم توقۇش ۋە تەبىئىي رەڭدار يۇڭ يىپلاردىن ئەسلىي رەڭ گىلەم توقۇش ئۇسۇلى بىلەن توقۇپ چىقىلغان يۇقىرى زىچلىق، يېڭى نۇسخىلاردىكى گىلەملەر، يېقىنقى ئون يىلدا ئىجاد بولغان غازى نۇسخا قاتارلىق گىلەملەر خوتەن گىلىمىنىڭ سورتلىرىنى بېيىتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، بازىرىنى راۋانلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ نۇسخىلار ئىزچىل بازىرى ئىتتىك مەھسۇلات بولۇپ كېلىۋاتقان ئەديال نۇسخا گىلەملەر، چاچما نۇسخا گىلەملەر ۋە كەلكۈن نۇسخا گىلەملەر بىلەن بىرلىكتە خوتەن گىلىمىنىڭ ئاساسىي سورتلىرىغا، كوزىر مەھسۇلاتلىرىغا ئايلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. نەقىش تۈزۈلۈشى ئاددىي، بۈگۈنكى زامان مەدەنىيەت - سەنئەت ئېڭى بىلەن پەرقى چوڭ بولغان شام نۇسخا، يۇلتۇز نۇسخا، بەشچېچەك نۇسخا، ئىران نۇسخا گىلەملەر يېڭىچە ئېستېتىك ئۆلچەم ۋە رەھىمسىز بازار رىقابىتى داۋامىدا بارا - بارا ئاجىزلىنىپ، خوتەن گىلىمىنىڭ ئاساسىي سورتى بولۇشتىن قالدى. ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت مىقدارى جىددىي ئازىيىپ، شالىلىنىش سىنىقىغا دۇچ كەلمەكتە.

گىلەم مەدەنىيىتىدىكى بۇنداق قوش يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇش، ناچىرىنى شاللاپ، ياخشىسىنى قوبۇل قىلىش ھادىسىسىنىڭ ھېلىمۇ داۋاملىشىۋاتقانلىقى باشقا رايون، باشقا ئەل مەدەنىيەتلىرىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىمىزنىڭ گىلەم مەدەنىيىتىمىزنىڭمۇ توختاۋسىز تاۋلىنىپ بېيىپ، ئۆسۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلدى.

## 3 . خوتەن گىلىمىنىڭ ئىستېمال قىممىتى

خوتەن گىلىمى يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە بولۇش
بىللە، يۇقىرى ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە. خوتەن گىلىمى .
يەرلىك قوي يۇڭىنى خام ئەشيا قىلىپ توقۇلىدۇ. بۇ خىل يۇ
رەڭ ئېلىش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارى ياخشى، قائىدە بويىچە بوي
زىيادە رەڭدار، پارقىراق بولىدۇ. ئۇزۇنغىچە ئۆڭۈپ كەتمەيد

نەملىككە، چىرىتىشكە چىداملىقلىقى يۇقىرى، كۆپ قې
يۇيۇپ تازىلاپ ئىشلىتىلىسىمۇ چىرىپ كېتىش، تارىلىپ كېت
مەسىلىسى يۈز بەرمەيدۇ. ئېلاستىكىلىقى ياخشـــى، بېســـ
سۇركىلىشكە چىداملىق، ئاسان ئۇپراپ كەتمەيدۇ. تىۋىت چىگ
«&» شەكىللىك تىۋىت چىگىلىدىغان بولغاچقا، تىۋىتى سۇغۇر
كەتمەيدۇ. قىسمەن جايلىرى يىرتىلىپ كەتسىمۇ گىلەم چۇۋۇلۇ
تارىلىپ كەتمەيدۇ. «ئەسكى گىلەم يەتتە مىراسقا چۇشەر» د
ئۇيغۇر خەلق ماقالىدا، خوتەن گىلەملىرىنىڭ چىداملىقلىقى
جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ھەرگىز ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئەمە

ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، بازار ئىستىقبالى ياخشى، ئۇ
ئۇستىگە سورتلىرى، رەڭ خىللىرى كۆپ، ھەر خىل ئېستې
ئىستېمال ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تۈرلىرى بولۇپلا قالماي سۇ
دەرىجىسى تۆپەيلىدىن ئالىي دەرىجىلىك گىلەملەر بىـــلەن تۆ
دەرىجىلىك گىلەملەرنىڭ باھا پەرقى خېلى چوڭ، بۇ ھال ئا
ئىستېمال تەلىپىگىمۇ، تۆۋەن ئىستېمال تەلىپىگىمۇ ماس كېلى
يەرلىك ئۇسلۇب، مىللىي ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك بولغان نۇسخىلار
ئېكسپورت ئۆلچىمى بويىچە توقۇلغان نۇسخىلارمۇ، ھەر خىـ
شەكىلدىكى ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان گىلەملەرمۇ، بەدىئىي سەنـ
قىممىتى يۇقىرى بولغان تام ئاسما گىلەملەرمۇ، ھەتتا كىچىـ
ھەجىملىك خاتىرە بۇيۇم ھېسابلىنىدىغان گىلەملەرمۇ بار. بۇ ھال
خىل مىللەت، ھەر خىل رايوندىكى كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ
ئېستەكلىرى بويىچە كەڭ تاللاش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتىد

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، خوتەن گىلىمىدە يەرلىك پۇراز
مىللىي خاسلىق ۋە مىللىـــي ئۇسلۇب گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇ
قالماي، شەرق ۋە غەربىنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرى قوبۇل قىلىنغار
ھەر خىل مەدەنىيەت تىپىغا تەۋە خەلقلەرنىڭ ئېستېتىك ئۆلچىمـ

ئۇيغۇن كېلىدىغان نۇسخىلارنى ئىشلەپ چىقىرىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن. خوتەن گىلىمىنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلالىشى، ھەقىقىي تۇردە خوتەننىڭ «ئۈچ گۆھىرى» قاتارىغا كىرەلىشى، بۈگۈنكى جىددىي بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرالىشى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلىغانلىقىدىن، سىرتقا مەدەنىيەت تارقىتىش بىلەن بىللە سىرتتىن ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۇزلۇكسىز قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن بولغان. بۇ خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈنلا ئەمەس، خوتەننىڭ پۈتكۈل ئىگىلىكىنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، چىقىرىشمۇ، كىرگۈزۈشمۇ بولغان، يېڭىلىق يارىتىشمۇ، ناچىرنى شاللاپ چىقىرىشمۇ بولغان قوش لىنىيىلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىمىز ۋە ئەۋزەللىكىمىزنى ھەقىقىي تونۇغان، يەر شارىلىشىۋاتقان دۇنياۋى ئىقتىساد شارائىتىدىكى بازار ئىگىلىكىگە ھەقىقىي ئۇيغۇنلاشقاندىلا، خوتەننىڭ پۈتكۈل ئىگىلىكى تېخىمۇ گۈللەپ ياشنايدۇ.

# گىلەم خام ئەشيالىرى ۋە سايمانلىرى

گىلەم — پاختا يىپ بىلەن يۇڭ يىپ مۇۋاپىق نىسبەتتە بىرلەشتۇرۇپ ئىشلىتىلىپ، پاختا يىپلارنى ئاساسىي ئۇستىخان، يۇڭ يىپلارنى مۇسكۇل قىلغان ھالدا يۇڭ يىپنى پاختا يىپقا تۇۋىت قىلىپ باغلاش ئارقىلىق توقۇلىدىغان ئىنچىكە، نەپىس قول ھۈنەر - سەنئەت مەھسۇلاتى بولۇپ، خوتەن قوي يۇڭى ۋە پاختىسى ئۇنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

## 1. خوتەن قويى ۋە يۇڭ يىپ

«خوتەن قويى» ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي قوي نەسلى ھېسابلىنىدۇ.

خوتەننىڭ قەدىمكى زامان ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى بىرقەدەر روشەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان ماتېرىيال — قىيا تاش

سۇرەتلىرىدىكى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىققا دائىر كۆرۈنۈشلەر بولۇ
خوتەن ۋىلايىتىدىكى گۇما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە غەر
جەنۇبىدىكى كوئېنلۇن تېغى ئارىسىدىكى جىلغىلاردا ئىپتىدائى
ئوۋچىلىق دەۋرىدىن تارتىپ، ھايۋانلارنى قولغا ئۆگىتىش دەۋ
قەدەر بولغان ئۇزۇن تارىخىي دەۋردىكى ئوۋچىلىق، چارۋىچىل
ئىجتىمائىي پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىيا تاش سۇرەتل
بايقالدى. ئۇلار، سانجۇ قىيا تاش سۇرەتلىرى، كىيىك تۇز قىيا
سۇرەتلىرى ۋە كەڭ غاز قىيا تاش سۇرەتلىرىدىن ئىبارەت. س
قىيا تاش سۇرەتلىرىدە، تەنھا بىر ئوۋچىنىڭ ئوقياسىنى مەلۇم ھاي
چەنلەپ ئوق ئۇزگەن ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى بىلەن بىر نىقابل
ئادەمنىڭ ئاتنى يېتىلەپ مېڭىۋاتقان ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى ۋە
ئادەمنىڭ ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى سۇرەتلەنگەن. ق
تاشتىكى نىقابلانغان ئادەمنىڭ ئاتنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ھالەت
رەسمى بىلەن، بىر مالچىنىڭ ئىتنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ھالەت
رەسمى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياۋا ئاتلارنى ئوۋلاپ تۇتۇپ ق
كۆندۈرۈپ ئۇلاغ ئورنىدا سەپەردە، ئوۋدا، مال بېقىشتا، يۈك توشۇ
ۋە يول يۈرۈشلەردە ئىشلىتىپ قاتناش ئېھتىياجىنى قامدىغانلىق
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

كىيىك تۇز قىيا تاش سۈرىتىدە، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوخش
بولمىغان يەتتە خىل ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى سىزىلغان بولۇپ، ب
سۇرەتلەردە ھايۋانلارنىڭ سەزگۈر، شاش، ياۋايى خۇسۇسىيەتل
ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسا، بەزى سۇرەتلەردە ئادەملەر
ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تۇرغان قىياپەتتىكى كۆرۈنۈشل
ماھىرلىق بىلەن سىزىلغان. كەڭ غاز قىيا تاش سۈرىتىدە، ئاساس
بىر تاغ تېكىسىنىڭ قوتانغا كىرىۋاتقان ھالىتى، قوتاننىڭ ئالدىد
ئىككى دەريانىڭ باش تەرىپىدە ئوتتۇرىسىدا ئۈچ دانە تاغ تېكىس
ئوتلاۋاتقان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. بۇ سۈرەت ھايۋانلارنى ق
ئۆگىتىپ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇش دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇ
ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقت
قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەپ چۆپخور ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ ق
ئۆگىتىش، كۆندۈرۈش ۋە بېقىپ كۆپەيتىش ئارقىلىق چارۋىچە
ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ[1].

ئۇزۇن مۇددەتلىك شەرق، غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىس
ئالاقە جەريانىدا سىرتنىڭ ياخشى سورتلىرىنى ئۇزلۇكسىز قو

قىلىش، ئۇزاق مۇددەتلىك تەبىئىي تاللىنىش ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق، خوتەن قويىنىڭ يەرلىك ئېكولوگىيىلىك شارائىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى ھازىرلىنىپ، پەندىنپەي بۇگۈنكى «خوتەن قويى» دىن ئىبارەت بۇ ئېسىل نەسىل شەكىللەنگەن.

قوي خوتەننىڭ ئاساسلىق ئۆي چارۋىسى بولۇپ، تاغلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە تۈزلەڭ كەنتلەردە بېقىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر خەلقى بېقىپ ئادەتلەنگەن ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئۆي چارۋىسى ھېسابلىنىدۇ. قوي قەدىمدىن بۇيان يەرلىك خەلقنىڭ گۆش، سۈت مەنبەسى، كىيىم- كېچەك ۋە توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ مۇھىم خام ئەشيا مەنبەسى، شۇنداقلا بىر ئائىلىنىڭ باي - نامراتلىقىنى ئۆلچەيدىغان بەلگىلەردىن بىرى بولۇپ كەلدى.

خوتەن قويى قۇرغاقچىلىق، ئىسسىق ۋە تېمپېراتۇرىدىكى كۆچلۈك ئۆزگىرىشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ھەر خىل ئوت - چۆپ بىلەن باقىلى بولىدىغان، تاغ ۋە چۆل - جەزىرىدە ھايات كەچۈرەلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. مۇشۇنداق ئارتۇقچىلىقلىرى بولغاچقا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق قوي نەسلىگە ئايلانغان.

خوتەن قويى، خوتەن يۇڭى ۋە خوتەن گىلىمى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەۋزەللىك بولۇپ، ئۇلارنى راۋاجلاندۇرۇش خوتەن خەلقىنى بېيىتىشنىڭ بىر مۇھىم يولى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، خوتەن قويى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان خوتەن گىلىمى پارچىلىرىنىڭ خام ئەشياسى خوتەن قويىنىڭ يېرىم يىرىك يۇڭى بولۇپ، بۇنىڭدىن شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا خوتەندە يېرىم يىرىك يۇڭلۇق قوي بېقىلىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

خوتەن قويىنىڭ تېنى سەل كىچىك بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇت كېلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ رەڭگى ئاق، باش قىسمى ۋە تۆت پۇتىنىڭ رەڭگى باشقا رەڭدە بولىدۇ. خوتەن قوي يۇڭى ئاساسلىقى ئىنچىكە يۇڭ، ئىككى تىپلىق يۇڭ ۋە يىرىك يۇڭ دەپ ئايرىلىدۇ ھەمدە ئاز ساندىكى قىلچاڭ يۇڭمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ يۇڭى بۇدرە، ئۇزۇن، تالاسىنىڭ ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، سوزۇلۇشقا چىدامىلىق كېلىدۇ. يۇڭىنىڭ ئاقلىق دەرىجىسى ياخشى، پارقىراق، ساپ يۇڭ نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ساپ يۇڭ بېرىش نىسبىتى ئادەتتە % 70 چامىسىدا بولىدۇ.

خوتەن قوي يۇڭىنىڭ تەركىبىدە 90% مۇڭگۇزسىمان ماد
بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە 40% ئەتراپىدا كاربون بولىدۇ. قوي يۇڭ
تالالىرىدىكى مۇڭگۇزسىمان ماددا مولېكۇلىلىرى 18 ~ 21 خى
ئامىنو كىسلاتالىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مۇرەككەپ، يۇقىر
مولېكۇلىلىق بىرىكمىلەردىن ئىبارەت.

خوتەن قوي يۇڭلىرىنىڭ تالالىرى مېتىس قوي يۇڭلىرىن
تالالىرىدىن تومراق، ئېلاستىكىلىقى ياخشى، سۇركىلىش
چىدامىلىق، شەكلى تۈز، پارقىراق بولۇپ ئاسان سۇنمايدۇ
تەركىبىدىكى ماي مىقدارى مېتىس قوي يۇڭلىرىغا قارىغاندا ئازراق
تەخمىنەن 8 ~ 9 پىرسەنت ئەتراپىدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ره
سۇمۇرۇش ئىقتىدارى ۋە تۇتۇپ تۇرۇش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك.

بۇ خىل يۇڭدا توقۇلغان بۇيۇملارنىڭ تىنۋىتى ياتمايدۇ
ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، سىلىق، نەپىس بولىدۇ. شۇڭلاشقا خوته
قويىنىڭ يۇڭى گىلەم، ئۇزۇن تالالىق يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى
گۈللۈك يۇڭ ئەديال ۋە سوكنو توقۇشتىكى يارامىلىق خام ئەش
ھېسابلىنىدۇ. خوتەن گىلىمىنىڭ داڭلىق بولۇشىدا توقۇش ھۈنەر
سەنئىتى، مىللىي ئۇسلۇب قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرد
سىرت، خوتەن قويىنىڭ يۇڭىدا توقۇلغانلىقمۇ ئۇنىڭدىكى بىر مۇھ
ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن قوي يۇڭلىرى قىرقىۋېلىنىدىغان پەسلىگە قاراپ يازلى
يۇڭ، كۈزلۈك يۇڭ ۋە چىلگە يۇڭدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ

كۈزلۈك يۇڭ 54 ـ 56 ـ نومۇرلۇق تالالارغا توغرا كېلىدۇ
يۇڭىنىڭ ئىچكى نوكىشى كىچىك بولىدۇ، ئاسان كۆي
چۈشمەيدۇ.

يازلىق يۇڭ تالالىرى كۈزلۈك يۇڭ تالالىرىغا قارىغاندا ئىنچى
بولۇپ، 60 ـ 64 ـ نومۇرلۇق تالالارغا توغرا كېلىدۇ. ئىچ
نوكىشى چوڭ، يۇمشاق، ئېلاستىكىلىقى ناچار، مازدەك ئاس
پېششىقلىشىپ قالىدۇ. چىلگە يۇڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەت جەھەت
ئوتتۇراھال بولىدۇ. شۇڭا چىلگە يۇڭ ۋە يازلىق يۇڭلار كۆپىن
كېگىز ئېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. يازلىق يۇڭلاردىن ئىشلەنگ
بۇيۇملارغا ئاسان كۆيە چۈشىدۇ.

گىلەم تىنۋىت يىپى: بۇرۇن گىلەمگە كۆپىنچە قولدا ئىگىرىلگ
كۈزلۈك يۇڭ يىپ ئىشلىتىلەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى گىل
يۇڭ يىپلىرى ماشىنا ئارقىلىق ئىگىرىش ئېھتىياجى

مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ 70% يازلىق يۇڭغا 30% كۈزلۈك يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىپ يۇمشىتىلىپ، سۈپەتلىك يۇڭ يىپ ئىشلەپ چىقىرىلىپ، گىلەم ماتېرىيالى قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.

يۇڭنى قولدا ئېگىرىپ گىلەم توقۇغاندا، ئۇنى بىرلا ئادەم ئېگىرمىگەنلىكى ئۈچۈن، توم - ئىنچىكىلىكى بىر خىل بولماي قالىدۇ، تەكشى - سىلىق چىقمايدۇ، ئېشىم قېتىم سانى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا گىلەم سۈپىتىگە مەلۇم تەسىر يەتكۈزۈپ، گىلەم تۈۋىتلىرىنىڭ زىچلىقى تەكشى بولماسلىق، بىر پارچە گىلەمنىڭ مەلۇم جايلىرىنىڭ تۈۋىتلىرى زىچ، مەلۇم جايلىرىنىڭ تۈۋىتلىرى شالاڭ بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەقىشلىرىنىڭ شەكىللىرىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ ھەمدە كۆپ ئېشىم بېرىپ ئېگىرىلگەن يىپلار تۈپەيلىدىن تۈۋىتلىرىنىڭ تۇرۇش ھالىتى تەكشى - سىلىق بولماسلىق، گىلەم قېلىنلىقى بىردەك بولماسلىق، گىلەم يۈزىگە ياۋا يۇڭ (ئەركەك قىل) پەيدا بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

ھازىر كۆپىنچە ماشىنىدا ئېگىرىلگەن زاۋۇت يۇڭ يىپىدا گىلەم توقۇلغاچقا، بۇ خىل يىپلارنىڭ توم - ئىنچىكىلىكى بىر خىل، يىپ چىۋىقى تەكشى، سىلىق، ئېشىلىپ ئېگىرىلىشى ئوخشاش بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇنداق يىپ بىلەن گىلەم توقۇغاندا، مەھسۇلات سۈپىتى يۇقىرى بولىدۇ. گىلەم تۈۋىتلىرىنىڭ زىچلىقى تەكشى، تۈۋىتلىرى چېچىلىپ تۇرىدۇ. تۈۋىتلىرىنىڭ ئېلاستىكىلىقى ياخشىلىنىپ، تۈۋىتلىرى ئاساسەن يۇكلىشۇالمايدۇ. گىلەم ئالدى يۈزىدە ياۋا يۇڭ، ئۆسەك تۈۋىت، تۈگۈلۈۋالغان تۈۋىت ئۇچرىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن گىلەم يۈزى پارقىراپ، قېلىنلىقى تەكشى بولۇپ، نەقىشلىرىنىڭ شەكىللىرى تېخىمۇ كۆركەم كۆرۈنىدۇ. ھازىر زاۋۇت يۇڭ يىپلىرى بىلەن گىلەم توقۇش ئومۇملاشقاچقا، ئالىي سورتلۇق گىلەملەر پۈتۈنلەي زاۋۇت يۇڭ يىپلىرىدا توقۇلماقتا.

پاختا يىپ. گىلەمنىڭ ئۈستىخان قىسمى پاختا يىپتا توقۇلىدىغان بولۇپ، گىلەم ئارقاق، ئۆرۈشلىرى ئۈچۈن بالدۇر ئېچىلغان، ئاق، پاكىز پاختىدىن يىپ ئېگىرىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇرۇن پاختا يىپلار قولدا ئېگىرىلىپ ئۆرۈش، ئارقاق قىلىناتتى. 1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىدا ئېگىرىلگەن 21 - نومۇرلۇق ۋە 10 - نومۇرلۇق تالالىق پاختا يىپلار ئۆرۈش، ئارقاق قىلىنىدىغان بولدى. بۇ خىل زاۋۇت يىپلىرىنى

ئۇرۇش، ئارقاق قىلىپ ئىشلىتىپ گىلەم توقۇغاندا گىلەمنىڭ چىداش مۇددىتى تېخىمۇ ئۇزۇن، سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

## 2. گىلەم ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇللىرى

**يۇڭ يىپ پىششىقلاپ ئىشلەش:** يۇڭلارنىڭ ھەممىسى گىلەم توقۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدۇ. شۇڭا گىلەم يۇڭ يىپلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن بۇرۇن، سورتلىرى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىش كېرەك، ئۇنداق قىلىنمىسا يىپلارنى بوياش مەزگىلىدە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ، گىلەم سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. شۇڭلاشقا يۇڭلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تۈرلەرگە ئايرىپ، بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرماي ئېتىپ يۇمشىتىپ، تۈرلىرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم پىششىقلاپ ئىگىرىش كېرەك.

قوي يۇڭلىرى رەڭگى جەھەتتىن ئاق، قارا، بوز، قىزغۇچ بوز كۆك، كۈلرەڭ، قارامتۇل بوز قاتارلىق رەڭ تۈرلىرىگە ئايرىلىدۇ كۈزلۈك يۇڭنى چاقتا ئىگىرگەندە، يازلىق يۇڭغا قارىغاندا ئاسان ئىگىرىلىدۇ. يىپ چىۋىقى تەكشى - سىلىق چىقىدۇ.

قولدا ئىگىرىدىغان يازلىق ۋە كۈزلۈك يۇڭلارنى ئايرىم - ئايرىم ئېتىپ يۇمشىتىپ، يىپ ئىگىرىپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىشتىكى سەۋەب شۇكى، كۈزلۈك يۇڭنىڭ ئىچكى نوكىشى كىچىك بولغىنى ئۈچۈن، بويىغاندا سۇنى ئازراق شۈمۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، رەڭ ئېلىنىشى ئاستا بولىدۇ. يازلىق يۇڭ بۇنىڭ ئەكسىچە، سۇنى كۆپ شۈمۈرىدۇ رەڭنى تېز ئالىدۇ.

گىلەم توقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يۇڭ يىپلار ھەرۋاقىت ئىككى نەخ قىلىپ ياندۇرۇلۇپ كالۋۇ (گىرەلىك پىلتە) قىلىنىشى ھەمدە پىلتە ھالقىسى ئىچىدىن يىپ بېغى ئۆتكۈزۈپ، چىگىش قويۇلۇشى لازىم.

**ئۇرۇش پىششىقلاپ ئىشلەش:** ئۇرۇش پىششىقلاپ ئىشلەشتە بەش كىچىك كالۋۇ بۆز يىپنى پىپىككە سېلىپ، مەلۇم يىراقلىقتا ئايرىم - ئايرىم بەش بۆلەك رەتلەپ، ھەممىسىنىڭ ئۇچلىرىنى تېپىپ

چاق ئارقىلىق بىر قومۇشقا تۇرۇلىدۇ. ئىشلەتمەكچى بولغان ئۈرۈش يىپلىرى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قومۇشلارغا پۈتۈنلەي تۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، چاق ئارقىلىق نورمال پىششىقلىقتا تولىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەش نەخ پىششىقلاپ، تولانغان ئۈرۈشتىن ئۈچى بىرلەشتۈرۈلۈپ يەنە بىر قېتىم تولىنىدۇ. شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، بەش نەخ پىششىقلىغان چاغدا چاق تانىپى يىلك تۆۋىدە گىرە ھاسىل قىلمىغان ھالدا قۇرۇپ تولىنىدۇ، بۇ خىل تولاش «ئوڭ تولاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم بەش نەخلەپ تولانغان ئۈرۈشتىن ئۈچى بىرلەشتۈرۈلۈپ چاق تانىپى يىلك تۆۋىدە گىرە ھاسىل قىلىپ قۇرۇپ تولىنىدۇ، بۇ خىل تولاش «تەتۈر تولاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر ئىككى قېتىملىق تولاش ئوڭ تولاپ قويۇلسا ياكى ئوخشاشلا تەتۈر تولاپ قويۇلسا، ئىككىنچى قېتىم تولانغان ئۈچ بىرلىشىش بىر - بىرىگە ئوبدان يېپىشىپ كېتەلمەي ئۆزئارا تېيىشىدۇ.

**ئارقاق پىششىقلاپ ئىشلەش:** ئارقاق پىششىقلاپ ئىشلەشتە، ئۈرۈش يىپلىرى قومۇشقا تۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە مۇۋاپىق مىقداردا نەخلەپ، خامراق تولاپ ياكى تولىماي گىرەلىك پىلتە قىلىپ ئارقاق پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ.

## 3. گىلەم ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سايمانلىرى

گىلەم ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپ چىقىرىشقا لايىقلاشتۇرۇپ پىششىقلاش ئۈچۈن، پاختا ۋە يۇڭلارنى يۇمشىتىش (ئېتىش)، ئىگىرىش، نەخلەپ ئۈرۈش، تولاش، گىرە قىلىپ ياندۇرۇش، توپلاش قاتارلىق بىرقانچە باسقۇچلاردىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ باسقۇچلار ئادەم كۈچىدىن باشقا، پىششىقلاپ ئىشلەش سايمانلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پىششىقلىنىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەش سايمانلىرى ئۆز باسقۇچلىرىدا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر قايسى سايمان كەمچىل بولسا، شۇ سايمان ئېھتىياجلىق بولغان باسقۇچ مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. گىلەم ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش

جەريانى ھۈنەر تۈرى بويىچە تۈرگە ئايرىلغاندا، ئاتقۇچى، چاقچى، بوياقچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قولىدىن ئۆتكەندىن كېيىن گىلەم ماتېرىيالى پىششىقلىنىپ، تۆتىنچى ھۈنەرۋەن گىلەمچىنىڭ قولىغا ئۆتۈش جەريانىدىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان گىلەمچىلىكىدە يۇڭ يىپلارنىڭ تەكشى ۋە ياخشى رەڭ ئېلىشى ئۈچۈن، يۇڭ تەركىبىدە مەلۇم ساندىكى ماي تەركىبى قالدۇرۇلۇپ ئارتۇق ماي تەركىبلىرى ۋە توپا - چاڭلار چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇڭلار ئېتىپ يۇمشىتىلىشتىن ئىلگىرى ماشىنا ئارقىلىق سوپۇن پاراشوكىدا يۇيۇلىدۇ. ئاندىن قۇرۇتۇش ماشىنىسى بىلەن قۇرۇتۇلۇپ، يۇڭ ئېتىش ماشىنىسىدا ئېتىلىپ، يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىدا ئىگىرىپ ئىشلىتىلىدۇ. پاختا يىپلار مەخسۇس پاختا ئېتىش ۋە پاختا يىپ ئىگىرىش ماشىنىلىرى ئارقىلىق ئىگىرىلىپ گىلەم ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. يەرلىك ئۇسۇل بويىچە گىلەم ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە، ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ تۆۋەندىكى بىر يۈرۈش سايمانلارنى ئىشلىتىپ كەلگەن.

**يۇڭ، پاختا ئېتىش دۇكىنى:** يۇڭ، پاختا ئېتىش دۇكىنى ئاتقۇچىلىق دۇكىنى دېيىلىدۇ. بەزى جايلاردا «ياتاڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، يۇڭ ۋە پاختىلارنى ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغۇچى ئۇسكۇنە بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇڭ ياكى پاختىنى ئېتىپ يۇمشاتقىلى بولىدۇ. ئاتقۇچىلىق دۇكىنى پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدۇ. تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئىشلىتىلىشى قولايلىق بولۇپ، شەكلى ئىلگەك يىڭنىگە ئوخشايدۇ. يۇڭ ياكى پاختا ئېتىشتا، دۇكان زە قىسمىنى يۇڭ ياكى پاختىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، مەخسۇس ياسالغان ئاتقۇچىلىق توقمىقى بىلەن زەيگە ئۇرۇش ئارقىلىق زەينى تىترىتىپ ئېتىپ يۇمشىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. زەي ئۆچكە ياكى كىيىك تېرىسىدىن تاسما تىلىپ بىر نەچچە كۈن سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ، تۆت قات قىلىپ ئۈچ مىللىمېتىر توملۇقتا تولا قۇرۇتقاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. ئاتقۇچىلىق توقمىقى چىلان ياكى ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ.

**يىپ ئىگىرىش ئۇسكۇنىلىرى:** بۇ، يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان يىكچاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھازىر يىپلار ماشىنا

ئارقىلىق ئىگىرىلىسىمۇ، گىلەم سورتلىرىنىڭ قۇر زىچلىقى ئېھتىياجىغا قاراپ ئۇرۇش، ئارقاق پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈچۈن يىپ تۇرۇش، تولاش قاتارلىق باسقۇچلاردا يەنىلا يىكچاقتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. چاق ئوقى تۆمۈر چىۋىقتىن ياسىلىشتىن باشقا، بارلىق قىسمى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. چاقنىڭ قوشۇمچە بۆلىكى بولغان يىك ۋە تۇرۇكلەر يۇلغۇن ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ. يىك پاختا يىپ ئىگىرىشتە، ئۇرۇش - تولاشتا ئىشلىتىلىدۇ. تۇرۇك يۇڭ يىپ ئىگىرىشتە، قومۇشقا يىپ تۇرۇشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**پىنىك:** بۇ، ئۇرۇش، ئارقاق پىششىقلاپ ئىشلەشتە، زاۋۇت يىپ پىلتىسىنى كەيدۇرۇپ، رەتلەپ، يىپلارنى تەخلەپ بىرلەشتۇرۇپ قومۇشقا تۇرۇشتە ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، يىپ ئىگىرىش چاقىغا ئوخشايدۇ. ئەمما پىيىكنىڭ ئىككى قانات ئارىلىقى 65cm ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەگەر ئىككى قەۋەتلىك پىيىك بولسا 50cm ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇنىڭ قانات ئۇزۇنلۇقى يىپ پىلتىسىنىڭ چوڭلۇقى بويىچە ئۆلچەملىك ھالدا ياسالغاچقا، ئادەتتە قانات ئۇزۇنلۇقى 47cm كېلىدۇ. بىر تەرىپى تۆت قانات، بىر پۈتۈن پىيىك سەككىز قانات قىلىپ ياسىلىدۇ، ئىككى تەرەپ قاناتلىرى ئارىلىقىدىكى ئوق دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ياغاچ بولۇپ، ئوق ئىككى ئۇچى مەركىزىگە قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن مىخ قېقىلىپ ئوق بېشى قىلىنىدۇ. قاناتلارنى سالغاندىن كېيىن ئوق بېشى قاناتلاردىن 2cm سىرتىغا چىقىپ تۇرۇشى كېرەك. پىيىك ئاستى قۇرۇلمىسى تاپانلىق ۋە چاقنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پاچاقلاردىن تۈزۈلگەن. تاپانلىق ياغاچنىڭ كۆرۈنۈشى چىلەك (+) شەكلىدە بولىدۇ. ئىككى قەۋەتلىكلىرىنىڭ پاچاق شەكلى قارا دوسكىنىڭ پۇتى شەكلىدە ياسىلىدۇ. پىيىك قاناتلىرى بىر نەچچە تال ئۇرۇشلەردىن ئېشىلگەن يىپ بىلەن يىلان باغرى شەكلىدە چېتىپ مۇقىملىنىدۇ.

**تەپىلە:** بۇ، يىپلارغا گىرە ھاسىل قىلىپ پىلتىلەش قۇرۇلمىسى بولۇپ، ئۇ پەقەت ئارقاق يىپلارنى گىرە ھاسىل قىلىپ پىلتىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. تەپىلىنى ئىشلىتىپ ئارقاق پىلتىلىگەندە ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى، سۈرئىتى تېز بولىدۇ. لېكىن يۇڭ يىپ پىلتىلەشكە ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭلاشقا، يۇڭ يىپلارنى بىر-

بىرىدىن مەلۇم يىراقلىقتا قوزۇق قېقىپ ياكى يىپ پىلتىلەش تايىق
ياساپ پىلتىلەش لازىم.

# رەڭ ۋە بوياقچىلىق

ھەممىگە مەلۇمكى، ھەرقانداق توقۇلما بۇيۇم رەڭدىن
ئايرىلالمايدۇ. رەڭ تاۋارلارنىڭ ھۆسنىنى كۆركەملەشتۈرۈ
كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ رەڭگە بولغ
قىزىقىشى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر شوخ رەڭنى ياخش
كۆرسە، بەزىلەر تۇتۇق رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە بەزىلەر قېنى
رەڭنى ياخشى كۆرسە، يەنە بەزىلەر سۇس رەڭنى ياخشى كۆرىد
بەزىلەر قىزىل رەڭنى ياخشى كۆرسە، بەزىلەر كۆك رەڭنى يا
يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، بوياقچىلىق ھەر خىل
توقۇلمىلار ۋە يىپلارنى بوياپ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىش، كىشىلەرن
ھەر خىل رەڭدار ۋە گۈللۈك مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياج
قاندۇرۇش ئاساسىدا كېلىپ چىققان. بوياقچىلىققا ئىشلىتىلىدىغ
ئاساسىي بوياق رەڭ تۈرلىرى قىزىل، كاۋا چېچىكى، سېرى
يېشىل، كۆك، زەڭگەر، سۆسۈن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولسىم
لېكىن ئۇلارنى ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەم ۋە نىسبەتتە قوش
ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق، كۆپلىگەن رەڭ خىللىرىنى ھاسىل قىل
تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ رەڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، كىشىلەرنىڭ ر
خۇشتارلىق ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ.

بوياقچىلىق گىلەمچىلىك قول ھۈنەر سەنئىتىدە ئىنتايىن مۇھ
ئەھمىيەتكە ئىگە. گىلەم يۇڭ يىپ ۋە پاختا يىپ قاتارلىقلار بىل
توقۇلىدىغان، چىداش مۇددىتى بىرقەدەر ئۇزۇن، ئەۋلادتىن ئەۋلا
قالىدىغان ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، ھەر خىل گۈل نەقىش
بىلەن بېزىلىدۇ. گۈل ۋە نەقىشلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن رەڭ
ئايرىلىش مۇمكىن ئەمەس.

**يۇڭ بوياقچىلىقى:** بۇ، يۇڭ ۋە يۇڭ مەھسۇلاتلىرىنى بو
كەسپىنى كۆرسىتىدۇ. يۇڭ بوياقچىلىقنى بويىلىدىغان ماتېر
پەرقىگە قاراپ، يۇڭ بوياقچىلىقى (مەسىلەن، كىگىز چىلى

ئىشلىتىلىدىغان ياپىلىق يۇڭ بوياش)، يۇڭ پىشۇرما مەھسۇلاتلار بوياقچىلىقى (مەسىلەن، سىدام رەڭدار كىگىز بوياش)، يۇڭ يىپ بوياقچىلىقى (مەسىلەن، جاۋا گىلەم، زىلچا گىلەم يىپلىرى، خىيچە توقۇلما يىپلىرىنى بوياش) ۋە يۇڭ رەخت بوياقچىلىقى دېگەندەك تۆت تۈرگە بۆلۈنشكە بولىدۇ. بوياقچىلىق ئۇسۇلى جەھەتتە، يىپەك ۋە بۆز مەھسۇلاتلار بوياقچىلىقىدىكىگە ئوخشاش چىگمە بوياق، چىغرىق باسما بوياق، قېلىپ باسما بوياق ئۇسۇللىرى قوللىنىلمايدۇ. كۆپ قىسىم مەھسۇلاتلار قايناتما بوياق ئۇسۇلىدا، ئازراق بىر قىسمى چىلىما بوياق (سوغۇق بوياق) ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. پەقەت باسما بوياق كىگىزلا تامغا باسما بوياق ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يۇڭ بوياقچىلىقى يىپەك ۋە بۆز بوياقچىلىقىغا قارىغاندا ئاسان ۋە ئاددىي بولۇپ، مەلۇم بىر خىل رەڭ تەڭشەش - بوياش ئۇسۇلى ئارقىلىق يۇڭ، كىگىز، يۇڭ يىپ ياكى يۇڭ رەختنىڭ ھەرقانداق بىر خىلىنى بوياشقا بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يۇڭ بوياقچىلىقىنىڭ مەخسۇسلىشىش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك ئەمەس. ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە كىگىزچى، توقۇمىچى، گىلەمچى ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېھتىياجلىق خام ئەشيانى ئۆزى بوياپ ئىشلىتەلەيدۇ.

يۇڭ بوياقچىلىقى بوياق ماتېرىيالى پەرقىگە قاراپ، تەبىئىي بوياقتا بوياش ۋە سانائەت بوياقلىرىدا بوياشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. گەرچە يۇڭ بويالمىلار بوياق يۇڭ، بوياق كىگىز، بوياق يۇڭ يىپ ۋە بوياق يۇڭ رەخت قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنسىمۇ، لېكىن بۇلار يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇلدا بويىلىدۇ.

## 1. ئەنئەنىۋى يۇڭ بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار

ئەنئەنىۋى يۇڭ بوياقچىلىقىدا تۇخۇمەك ئۈرۈقى، تۇخۇمەك چېچىكى، ئوردان يىلتىزى، زىرىق يىلتىزى، ئۈجمە پورى، ياڭاق پورى، جىگدە قوۋزىقى، كېۋەز شاكىلى، سامان، ياڭاق پوستى، داۋا، ئانار پوستى قاتارلىق ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرى، زاك، زەمچە قاتارلىق مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرى ۋە نىل ئېرىتمىسى

ئىشلىتىلىدۇ. شاخار ياكى سوپۇن ئاقارتقۇچى، تازىلىغۇچى قوشۇمچ
خۇرۇچ قىلىنىدۇ (بۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى مۇش
كىتابتىكى «خوتەن يىپەكچىلىكى» دېگەن ماقالىدە تونۇشتۇرۇلغاچقا
بۇ يەردە قايتا بايان قىلىنمايدۇ). قازان، يىكچۆپ، كاسا، قەنە
ئىدىش، سوقا قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

يىكچۆپ: كىچىك نوغۇچ بولۇپ، بوياققا سېلىنغان يىپنى
ئۆرۈش، يىپ سۇزۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قازان: ئادەتتىكى چوڭ چۆيۈن قازان، تەبىئىي بوياق
ماتېرىياللىرىنى قاينىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

كاسا: چوڭ ياغاچ كاسا (ئۆلاق، تەڭنە)، بويالغان يىپلارنى
سۈزۈك سۇدا يۇيۇپ چايقاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قەنە: ئىككى تال پاچاق ئارقىلىق قازان ئۈستىگە توغ
ئورنىتىلغان ياغاچ، ئۇنىڭ يان يۈزىگە بىر مۇنچە ياغاچ قوزۇق
ئورنىتىلىدۇ. قازاندىن سۈزۈۋېلىنغان يىپلارنى ئېلىپ قويۇپ سۈيىنى
سارقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىدىش (كۆپ): ساپالدىن ياسالغان چوڭ قاچا بولۇپ، نى
ئېرىتمىسى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

سوقا: شال ئاقلايدىغان قول سوقىسىغا ئوخشىشىدۇ. تەبىئ
بوياقلارنى سوقۇپ يۇمشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەنئەنىۋى يۇڭ يىپ بوياش مەشغۇلاتى:** بۇ مەشغۇلا
تەييارلىق باسقۇچى ۋە بوياش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇ
ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

تەييارلىق باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا يىپ كالۋۇ قىلىش، كالۋ
بېغى چىگىش (شاخىنەكلەش)، ئاقارتىش، قاتتىق - يىر
بوياقلارنى يۇمشىتىش قاتارلىق ئىشلار ئىشلىنىدۇ.

يىپ كالۋۇ قىلىش: بۇنىڭدا يىڭ ۋە قومۇشلارغا تورۇلگەن يۇ
يىپلار بوياشقا لايىقلاشتۇرۇلىدۇ. كالۋۇ قىلىشتا گىرەلىك كالۋ
قىلىش ۋە يۇملاق كالۋۇ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇ
قوللىنىلىدۇ.

گىرەلىك كالۋۇ قىلىش: تۈز يەرگە ئۆزئارا ئارىلىقى 0cm
قىلىپ ئىككى تال قوزۇق قېقىلىدۇ. يىپ ئۇچى A قوزۇق
مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. يىپ چۇۋۇلۇپ B قوزۇق سول يېنىدى

ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، سىرتىدىن ئايلاندۇرۇپ كەينىگە قايتۇرۇلىدۇ. A قوزۇقنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، سىرتىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ، B قوزۇقنىڭ سول يېنىدىن ئۆتكۈزۈپ ئايلاندۇرۇلۇپ كەينىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشغۇلات مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى تال قوزۇققا يۆگەلگەن يىپلار قوزۇق ئوتتۇرىسىدا كىرەلىشىپ «8» شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ.

يۇمىلاق كالۋۇ قىلىش: يوڭ يىپ A، B ئىككى قوزۇقنىڭ سىرتىدىن بىر خىل يۆنىلىشتە يۆگىلىدۇ. يىپ يۆگىمىسى ئېللىپس شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ.

كىرەلىك كالۋۇ قىلىش مەشغۇلاتى قىيىنراق بولسىمۇ، لېكىن يىپلارنى يۇيۇش ۋە قاينىتىپ بوياش، ئۆرۈپ - چۆرۈش داۋامىدا چىگىشلىشىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. چىگىشلىشىپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ كىرە نۇقتىسىدىن ئەڭ سىرتقى كىرە يىپىنى ۋە يىپ ئۇچىنى تېپىش ئاسان بولىدۇ. يۇمىلاق كالۋۇ قىلىش مەشغۇلاتى ئاسانراق بولسىمۇ، ئەمما يۇيۇش، بوياش داۋامىدا يىپ ئاسانلا چىگىشلىشىپ قالىدۇ. يىپ ئۇچىنى تېپىش قىيىن. شۇڭا، كۆپ مىقداردىكى يىپلارنى بوياشتا كىرەلىك كالۋۇ قىلىنىدۇ.

ھەربىر كالۋۇ يىپ مىقدارى ئادەتتە 0.5 ～ 1 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەمما بۇ مۇتلەق ئەمەس. مەسىلەن، بىر پارچە زىلچا گىلەمگە كەم دېگەندە 8 ～ 10 خىل، كۆپ بولغاندا 20 ～ 30 خىل رەڭلىك يىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەگلىك يىپ مىقدارى ئەڭ كۆپ بولىدۇ. بەزى رەڭلىك يىپلارنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى 2 — 3 سەر، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئاز بولىدۇ. شۇڭا، ئىشلەپ چىقىرىلغان بۇيۇمنىڭ گۈل نۇسخا تۈرى ۋە رەڭ تۈرى ئالدىنئالا بېكىتىلىپ، ھەرقايسى رەڭ تۈرىدە بويىلىدىغان يىپلار مىقدارى بويىچە ئايرىم كالۋۇ قىلىنىدۇ.

كالۋۇ بېغى چىگىش، كالۋۇ قوزۇقلىرىغا يۆگەپ كالۋۇ قىلىنغان يىپلار قوزۇقتىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپ ھالقىسى ئىچىدىن 8 — 10 قات يىپ ھالقىلاپ ئۆتكۈزۈلۈپ كالۋۇ بېغى چىقىرىلىدۇ. كالۋۇ بېغى كالۋۇ ھالقىسىنى ھالقىلاپ تۇرسىمۇ چىڭ بوغۇۋەتمەيدۇ. كالۋۇ بېشىدىكى يىپلار كالۋۇ بېغى ئىچىدە ئەركىن چېچىلالايدۇ. بۇ ئۇسۇلدا كالۋۇ بېغى باغلاش كالۋۇ بېغى

چىگىش ياكى شاخىنەكلەش دەپ ئاتىلىدۇ. كالىۋۇ بېغى چىگىشتىكى مەقسەت، كالىۋۇ يىپلىرىنىڭ بوياش داۋامىدا قالايمىقانلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ۋە يىپ سۈزۈش، قۇرۇتۇشتا نوغۇچ ۋە قەنەگ ئېسىشقا قۇلايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. كالىۋۇ بېغىنى چىڭ بوغماي بوشلۇق قويۇپ چىگىشتىن مەقسەت، باغ ھالقىسى ئىچىدىكى يىپنىڭ بوياق بىلەن تولۇق ئۇچرىشىشى، ئالا - بۇلىماچ بولۇپ قالماي تەكشى بويىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئاقارتىش. ئاقارتىشتا بويىلىدىغان يۇڭ يىپنى يۇيۇپ تەركىبىدىكى ياغ، كىر، داغلارنى تازىلاپ، رەڭ ئېلىش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. يۇڭ يىپلارنى ئاقارتىش ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

شاخاردا ئاقارتىش: قازانغا ئاقارتىلىدىغان يىپ تولۇق چۆككۈدە سۇ قويۇپ شاخار سېلىنىدۇ. شاخار بىلەن يىپنىڭ نىسبىتى 1: ئەتراپىدا بولىدۇ. قازان قايناپ شاخار ئېرىگەندە يىپ سېلىنىپ (شاخار قالدۇقلىرى سۈزۈۋېتىلسە تېخىمۇ ياخشى) 20 — 30 مىنۇ قاينىتىلىدۇ. ئاندىن سۈزۈۋېلىنىپ، سىقىپ پاكىز سۇدا تەكرار چايقاپ شاخار قالدۇقى تولۇق تازىلىنىدۇ (شاخار تولۇق تازىلانمى يىپ چۈرۈكلىشىپ كېتىدۇ).

پاتلاپ ئاقارتىش: قازانغا سۇ قويۇپ 4:100 نىسبەتتە قونا ئۈنى چېلىنىدۇ. ئۈستىگە يۇڭ يىپ سېلىنىپ 20 — 30 مىنۇ قاينىتىلىدۇ، ئاندىن سۈزۈپ سىقىپ پاكىز يۇيۇلىدۇ.

يۇيۇپ ئاقارتىش: ئاقارتىلىدىغان يىپ سۈزۈك سۇدا كىر سوپۇ (ھازىر پاراشوك سوپۇن ئىشلىتىلىدىغان بولدى) ئوبدان مۇجۇ يۇيۇلىدۇ. ئاندىن سۈزۈك سۇدا تەكرار چايقاپ سوپۇن قالدۇق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ (ياپمىلىق يۇڭ، كىگىز قاتارلىقلا ئاقارتىلمايدۇ).

بوياق ماتېرىياللىرىنى يۇمشىتىش: ئوردان يىلتىزى، تۇخۇمە ئۇرۇقى، ئۈجمە پورى، ياڭاق پورى، ياڭاق پوستى، ئانار پوس قاتارلىقلار سوقۇپ ئۇششاقلىنىدۇ. جىگدە قوۋزىقى كىچىك كىچىك چاناپ ئۇششاقلىنىدۇ. زىرىق يىلتىزىنىڭ ئەڭ سىرتقى پوس قىرىپ تۇپا - ئەخلەتلەر تازىلىنىدۇ ۋە ئۇششاق چانىلىدۇ. ئالدىن ماقالىدە بايان قىلىنغان ئۇسۇل بويىچە نىل ئېرىتمىسى تەييارلىنىد

بۇ باسقۇچتا يەنە قازان، كاسا قاتارلىق سايمانلار يۇيۇپ تازىلاپ تەقلىنىدۇ.

**بوياش باسقۇچى:** قىزىل بوياش: يۇڭ بويالمىلارمۇ يىپەك يىپنى قىزىل بوياش ئۇسۇلىدا كونا قىزىل بوياق ۋە بۇژغۇندىن پايدىلىنىپ قىزىل بويىلىدۇ (ئەمما بوياق ماتېرىيالى بىلەن خام ئەشيا نىسبىتى ۋە بوياش ئۇسۇلى ھەققىدە ئىشەنچلىك ماتېرىيال تېپىلمىدى).

ھال رەڭ بوياش: قازانغا يىپ تولۇق چۆككۇدەك سۇ قۇيۇلىدۇ. بويىلىدىغان يىپ مىقدارىغا قاراپ 1:5 نىسبەتتە (5 جىڭ يۇڭ يىپ ئۈچۈن 1 جىڭ) ئوردان يىلتىزى سېلىنىپ ئىككى سائەت ئەتراپىدا قاينىتىلىدۇ. ئاندىن ئوردان تىرىپلىرى سۈزۈۋېلىنىپ، يۇڭ يىپ ۋە مەلۇم مىقداردا زەمچە سېلىنىپ بىر سائەتچە قاينىتىلىدۇ. سۈزۈپ سۈيى سارقىتىلغاندىن كېيىن سۈزۈك سۇدا چايقاپ، يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

جىگەر رەڭ بوياش: يۇڭ يىپ بىلەن ئوردانىنىڭ نىسبىتى 3:10 بولىدۇ. قالغان جەھەتلىرى ھال رەڭ بوياشنىڭكىگە ئوخشاش. ھال رەڭ بويالغان يىپنى ئازراق ئانار پوستى ۋە قىزىل رەڭ ئېرىتمىسىدە قىسقا ۋاقىت قاينىتىش ئارقىلىقمۇ جىگەر رەڭ بويىغىلى بولىدۇ.

پور رەڭ بوياش: 10 جىڭ يۇڭ يىپ بوياش ئۈچۈن 2 جىڭ ئۈجمە پورى ياكى ياڭاق پورى سېلىنىپ، ئىككى سائەتچە قاينىتىلىدۇ. تىرىپلىرى سۈزۈۋېلىنىپ، يۇڭ يىپ ۋە 2 ~ 3 سەر زەمچە سېلىنىدۇ. ئاندىن 40 ~ 50 مىنۇت قاينىتىلىپ سۈزۈپ چايقىغاندىن كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ.

سېرىق بوياش: قازانغا يىپ چۆككۇدەك سۇ قۇيۇپ 1:5 نىسبەتتە تۇخۇمەك ئۇرۇقى ياكى تۇخۇمەك چېچەكى سېلىنىپ بىر سائەتچە قاينىتىلىدۇ. ئاندىن يۇڭ بويالما بىلەن بىر سەرچە ئەتراپىدا توغرىغا سېلىنىپ 40 مىنۇت قاينىتىلىدۇ ۋە سۈزۈپ چايقاپ قۇرۇتۇلىدۇ. زىرىق يىلتىزىنى قاينىتىپ تەييارلانغان بوياق سۇيۇقلۇقى ئارقىلىقمۇ سېرىق بويىغىلى بولىدۇ.

ئەترەڭ بوياش: جىگدە قوۋزىقى ياكى كېۋەز شاكىلى قاينىتىلىپ، بوياق سۇيۇقلۇقى تەييارلىنىدۇ (تەپسىلاتى مەلۇم

ئەمەس).

قايماق رەڭ بوياش: سامانىنى قاينىتىپ بوياق سۇيۇقلۇقـ تەييارلىنىدۇ (تەپسىلاتى مەلۇم ئەمەس).

ناۋات رەڭ بوياش: 1 : 10 ياكى 1 : 15 نىسبەتتە تۇخۇمـ چېچىكى قاينىتىلىپ بوياق سۇيۇقلۇقى تەييارلىنىدۇ. باشقا ئىـ تەرتىپى سېرىق بوياشنىڭكىگە ئوخشاش.

سېدە چېچىكى رەڭگىدە بوياش: سېرىق بوياش ئۇسۇلىـ تەييارلانغان تۇخۇمەك سېرىق بوياق سۇيۇقلۇقىغا ئاز مىقداردا يۇلغـ داۋىسى ياكى ئانار پوستىدىن تەييارلانغان داۋا سۈيى قوشۇلىدۇ. باـ ئىش تەرتىپى سېرىق بوياشنىڭكىگە ئوخشاش.

يېشىل بوياش: تۇخۇمەك چېچىكىدە سېرىق بويالغان يـ بويالما، نىل ئىېرىتمىسىگە مەلۇم ۋاقىت چىلاپ قويۇلىدۇ. ئىېرىتمـ تۇرغۇزۇلغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشىغا قاراپ (كونكر ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، يېشىل، مايسىرەڭ، ئاچ مايسىرەڭلە بويىلىدۇ.

ماش رەڭ بوياش: بويىلىدىغان يۇڭ بويالمىلار ئاۋۋال ئـ پوستىدىن قاينىتىپ تەييارلانغان داۋا ئىېرىتمىسىدە داۋلىنىدۇ، ئاند كاتاپ (كاتاپ — بۇغداي ئۇنى چىلىنغان سۇغا مەلۇم نىسبەتتە ئـ تۇزى ۋە تۆمۈر سېلىنىپ، ئېچىتىلىپ تەييارلىنىدىغان داتلىـ سۇيۇقلۇق. بۇ ياسالما بوياق بولۇپ، قارا بوياشتا ئىشلىتىلىد سۈيىگە سېلىنىپ سوغۇق بوياق ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. ماش ر بوياشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى مۇنداق: بويالما يېرىم سائەت ئەترا نىل ئىېرىتمىسىگە سېلىنىپ سوغۇق بوياق ئۇسۇلىدا ئاچ هاۋار بويىلىدۇ. ئاندىن سېرىق بوياش ئۇسۇلىدا تۇخۇمەك رەڭگە سېلـ يېرىم سائەتچە قاينىتىلىدۇ. تۇخۇمەك رەڭگە سېلىنغان تۇغـ مىقدارىنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشى، نىل ئىېرىتمىسىدە تۇرغۇزۇلـ ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشىغا قاراپ، توق ماش رەڭ، ـ رەڭ، ئاچ ماش رەڭلەردە بويىلىدۇ.

هاۋا رەڭ بوياش: بويالما نىل ئىېرىتمىسىگە سېلىنىپ سوـ بويىلىدۇ. ئىېرىتمىدە 15 سائەتچە تۇرغۇزۇلسا توق نىل ـ (زۇتىنە)، بەش سائەتچە تۇرغۇزۇلسا هاۋا رەڭ، 0.5 ـ 1 سائـ تۇرغۇزۇلسا ئاچ هاۋا رەڭ بويىلىدۇ. نىل ئىېرىتمىسىدە بويالـ

يىپ، رەخت قاتارلىقلارنى ئېرىتمىدىن ئالغاندىن كېيىن ئوبدان سىقىپ، ئاندىن دەرھال يېيىش كېرەك، يەنى يىپلارنى تال - تال يېيىش، كىگىز، رەخت قاتارلىقلارنى تولۇق ئېچىپ يېيىش كېرەك. بولمىسا بويالما رەڭگى ئالا - بۇلىماچ بولۇپ قالىدۇ.

مەللە رەڭ (تۆگە رەڭ) بوياش: ياڭاقنىڭ قورۇتۇلغان كۆك پوستى سوقۇپ قاينىتىلىپ ئېرىتمە تەييارلىنىدۇ ۋە قايناتما بوياق تەييارلىنىپ بويىلىدۇ.

قارا بوياش: يۇلغۇن داۋسى، ئانار پوستى ۋە زاك بىرلىكتە سوقۇلۇپ بوياق ئېرىتمىسى تەييارلىنىپ قايناتما بوياق قىلىنىدۇ (تەپسىلاتى مەلۇم ئەمەس، بۇنىڭدىن باشقا داۋا بىلەن كاتاپتىن پايدىلىنىپمۇ قارا بوياش مۇمكىن).

يۇقىرىدا يۇڭ بويالمىلارنى بوياشنىڭ 20 خىلدىن ئارتۇق ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بوياقچىلىقىدا بوياق رەڭ تۈرى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بوياق ماتېرىيالىنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىش، بوياش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىش ئارقىلىق يەنە بىر مۇنچە رەڭ تۈرى ھاسىل قىلىنىدۇ. بەزى ھاللاردا بوياق سۇيۇقلۇقىنى تەكرار ئىشلىتىش ئارقىلىقمۇ بەزى رەڭ تۈرى ھاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھال رەڭ بويالما بويالغان بوياق سۈيىنى قايتا ئىشلىتىش ئارقىلىق سۇس قىزىل رەڭ؛ سېرىق بويالما بويالغان بوياق سۈيىنى قايتا ئىشلىتىش ئارقىلىق سۇس سېرىق بويالمىلارنى بويىغىلى بولىدۇ.

بوياش سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى بوياق سۈپىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئوخشاش تۈردىكى بوياق ماتېرىيالىنىڭ چىقىش ئورنى، يىغىۋېلىنغان ۋاقتى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىسا، تەركىبىدىكى بوياق ماددىسىنىڭ مىقدارىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. بۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا يۇڭ بويالمىلارنى بويىغاندا ئوخشاش نىسبەتلىك بوياق سۇيۇقلۇقىدا ھەرقېتىمدا بويالغان بويالمىنىڭ رەڭ قېنىقلىقى تامامەن ئوخشاش بولۇپ كېتەلمەسلىكىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا بويالمىلار (بولۇپمۇ زىلچا گىلەمنىڭ تەگلىك تىۋىت يىپى) ھامان ئېھتىياجلىق مىقداردىن ئارتۇقراق مىقداردا بويىلىدۇ.

بوياش سۈپىتى يەنە ماتېرىيال سۈپىتى، ۋاقىت، تېمپېراتۇرا، قوشۇمچە خۇرۇچ قاتارلىقلارغىمۇ خېلى زور دەرىجىدە باغلىق بولىدۇ. كۈزگى يۇڭنىڭ رەڭ ئېلىشى ئاستا، يازغى يۇڭنىڭ رەڭ ئېلىشى تېز

بولىدۇ. ئاق يۇڭ ھەرقانداق رەڭنى ياخشى ئالىدۇ. بۆز، كۆل رەڭ، كۆكۈش يۇڭلار سۈس رەڭلەرنى ياخشى ئالمايدۇ. شۇڭا، ئەنئەنىۋى بوياقچىلىقتا يازغى يۇڭ، كۈزگى يۇڭلار ئايرىم - ئايرىم ئېگىرىلىپ، ئايرىم بويىلىدۇ. ھەر خىل تەبىئىي رەڭلىك يۇڭلار ئايرىم - ئايرىم ئېگىرىلىدۇ. بوز رەڭلىك يۇڭلار پور رەڭ، جىگەر رەڭلەردە؛ كۆل رەڭ، كۆكۈش يۇڭلار رەڭ قېنىقلىقى يۇقىرى بولغان رەڭلەر ياكى قارا رەڭلەردە بويىلىدۇ. ھەرخىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئاقارتىش، بوياق ئېرىتمىسىگە زەمچە، توغرىغا قاتارلىقلارنى قوشۇش ئارقىلىق رەڭ ئېلىش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلىدۇ. قېنىق بويىلىدىغان بۇيۇملارنى ئۇزاقراق، سۈس بويىلىدىغان بۇيۇملارنى قىسقىراق ۋاقىت قاينىتىش ئارقىلىق بوياق قېنىقلىقى تىزگىنلىنىدۇ. بەزى بويالمىلار بوياقتىن ئېلىپ سىقىلغاندىن كېيىن، بەزىلىرى يېيىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن سۈزۈك سۇدا يۇيۇپ چايقىلىپ رېڭى تۇراقلاشتۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بوياقچىلىقىدا يۇڭ چەكمەننىڭ رەڭ تۈرى ئەڭ ئاز، زىلچا گىلەمدە رەڭ تۈرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ھەرقانداق قېنىق ۋە سۈس رەڭلەرنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىلىدۇ، رەڭ تۈرى 30 خىلدىن ئاشىدۇ.

يېقىنقى زامان سانائەتتىكى تەييار بوياقلارنىڭ ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىشى، رەڭ تۈرىنىڭ پەيدىنپەي تولۇقلىنىشى ئارقىسىدا، ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، يۇڭ يىپ بوياش ھازىر ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىدىن باشقا جايلاردا ئەمەلدىن قالدى. بوياقچى ئۇستىلار سانائەت بوياقلىرى بىلەن قول ھۈنەر بوياقچىلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، سانائەت بوياقلىرى ئارقىلىق يەرلىك ئۇسۇلدا يۇڭ، يۇڭ يىپ ۋە يۇڭ مەھسۇلاتلارنى بوياشنىڭ بىرقەدەر قېلىپلاشقان ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈردى.

## 2. يۇڭ بوياقچىلىقىغا ئىشلىتىلىدىغان سانائەت بوياقلىرى ۋە سايمانلار

يۇڭ يىپ بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان سانائەت تەييار بوياقلىرى كىسلاتا ۋاستە قىلىنمايدىغان بوياقلار ۋە كىسلاتا ۋاستە قىلىنىدىغان بوياقلار دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. كىسلاتا ۋاستىلىق بوياقلار كىسلا

ئىشلەتمىسە بولمايدىغان بوياقلار بولۇپ، بۇ خىل بوياقلارغا مۇۋاپىق مىقداردا كىسلاتا قوشۇلمىسا يۇڭ يىپ بوياقنى ياخشى ئىچمەيدۇ. شۇڭا يۇڭ يىپلارنىڭ كىسلاتالىق ماددىلارنى ئۆزىگە تارتىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ رەڭلەرنىمۇ بىرلىكتە سىڭدۈرۈپ بوياش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئادەتتىكى رەڭلەرگە كىسلاتا قوشۇلمىسىمۇ يۇڭ يىپلار رەڭنى ياخشى ئىچىۋېرىدۇ. بۇ خىل رەڭلەرنىڭ ئوچۇق، شوخ بويىلىش ئالاھىدىلىكى بار. لېكىن نەرسىلەرگە يۇقۇپ قېلىش، تاراپ كېتىشكە ئوخشاش يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بار. شۇڭلاشقا، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رەڭلەر بارا - بارا ئەسلىي رەڭگىنى يوقىتىپ قويۇش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل يېتەرسىزلىكلەرنى رەڭگە قوشۇمچە ماتېرىياللارنى قوشۇپ بوياش ۋە يۇڭ يىپلارنى رەڭ بىلەن قاينىتىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق تۈزەتكىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ زەڭگەر، زۇتىنە، كۆك رەڭلەرنى ئىشلىتىپ زۇتىنە، كۆك، هاۋارەڭ، يېشىل، جىگەررەڭ قاتارلىق رەڭلىك يۇڭ يىپلارنى بويىغاندا قوشۇمچە ماتېرىياللارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق بوياشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. رەڭ بىلەن يىپلارنىڭ قايناش ۋاقتىمۇ ئۇزۇنراق بولۇشى كېرەك. ئادەتتىكى رەڭلەرگە كىسلاتالىق ۋە ئىشقارلىق تەركىبى بار نەرسىلەرنى قوشۇپ يۇڭ يىپ بوياشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بويىغاندا رەڭلەرنىڭ يۇقۇش، ئۆز رەڭگىنى ساقلىيالماسلىق قاتارلىق يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدۇ. لېكىن ئادەتتىكى رەڭلەرگە كىسلاتا قوشۇپ بوياپ توقىغان گىلەملەرنى خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن يۇيۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى گىلەمنى يۇيغان ۋاقىتتا، بوياق رەڭلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۆز ئارا ئارىلىشىپ گىلەمنىڭ بارلىق قىسىملىرىنى ئالا - بۇلىماچ قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا بۇنداق كىسلاتا ۋاستىسىز بوياقلار پەقەت ئادەتتىكى يۇيۇلمايدىغان گىلەملەرنىڭ يىپلىرىنى بوياشقىلا ئىشلىتىلىدۇ.

بازارغا سېلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ سۈپىتىگە قاتتىق تەلەپ قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئەڭ ياخشىسى كىسلاتا ۋاستىلىق بوياقلارنى ئىشلىتىش كېرەك. بۇنداق بوياقنى ئىشلەتكەندە، بوياق سۈپىتى ياخشى بولىدۇ، گىلەم ھۆل بولۇپ قالسىمۇ، يۇيۇلسىمۇ رەڭ تاراپ كەتمەيدۇ. بازاردىكى سېتىلىش باھاسىمۇ يۇقىرىراق

بولىدۇ.
يۇڭ يىپ بوياقچىلىقىدا سانائەت تەييار بوياقلىرىدىن شاپتۇل چېچىكى، سېرىق، قىزىل، زۇتىنە، پوررەڭ، قارا رەڭ قاتارلىقلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. بۇلاردىن ئەڭ مۇھىم بولغىنى، شاپتۇل چېچىكى، سېرىق، زەڭگەر، زۇتىنە رەڭلەر. ئۇنىڭدىن قالسا كاۋا چېچىكى، قارا رەڭلەر. مۇشۇ بىرقانچە خىل رەڭ بولسىلا، ئۇلارنى ھەر خىل مىقداردا قوشۇپ تەڭشەش ئارقىلىق ھەر خىل رەڭلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، شاپتۇل چېچىكى رەڭ بىلەن سېرىق رەڭ قوشۇلسا، كاۋا چېچىكى رەڭ ھاسىل بولىدۇ. شاپتۇل چېچىكى رەڭنىڭ مىقدارى كۆپەيتىلسە قىزىل رەڭ ھاسىل بولىدۇ. سېرىق رەڭ بىلەن زەڭگەر رەڭ قوشۇلسا يېشىل رەڭ ھاسىل بولىدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا، زەمچە، كىسلاتا، سوپۇن پاراشوكى قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلار، جاڭ، قازان، يىكچۆپ، داس، قەنە قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.
زەمچە: بويالمىنىڭ رەڭ ئېلىش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، پارقىرىتىپ جۇلاسىنى ئاشۇرىدۇ. ئادەتتە 1 كىلوگرام يىپ بوياشقا 20 ~ 50 گرام زەمچە سېلىنىدۇ.
كىسلاتا: يەرلىك يۇڭ بوياقچىلىقىدا سۇلفات كىسلاتاسى ($H_2SO_4$) ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ، بويالمىنىڭ رەڭ سۈمۈرۈشىنى كۈچەيتىدۇ، رەڭ تۇراقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. 1 كىلوگرام يۇڭ ياكى يۇڭ بۇيۇمنى بوياشقا رەڭنىڭ ئاچ - توق بولۇش تەلىپىگە قاراپ 2 — 3 گرام كىسلاتا ئىشلىتىلىدۇ. كىسلاتانىڭ چىرىتىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۆلچەمدىن ئارتۇق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. شۇنداقلا ئاۋۋال كىسلاتانى قۇيۇپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇشقا بولمايدۇ. بەلكى كىسلاتانى قازان گىرۋىكىدىن ئاستا ساقتىپ سۇغا قۇيۇش لازىم. بىراقلا تۆكۈپ قۇيۇلسا پارتلاش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ.
سوپۇن پاراشوكى: بۇ، ئادەتتىكى كىر سوپۇن پاراشوكى بولۇپ، يۇڭ ياكى يۇڭ بويالمىلارنى يۇيۇشقا ياكى بوياش ۋاقتىدا بىرلىكتە سېلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ياغ، كىر - قاسماقلارنى تازىلاپ، رەڭ ئېلىش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. پارقىرىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى قوشۇمچە خۇرۇچلارنى ئايرىم ئىشلىتىشكىمۇ، 2 ـ 3 خىلنى قوشۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بويالمىنى ئاۋۋال سوپۇن پاراشوكىدا يۇيۇپ ئاقارتىش، بوياش ۋاقتىدا زەمچە ياكى كىسلاتا ئىشلىتىش لازىم. ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.

تارازا: بوياق، قوشۇمچە خۇرۇچ ۋە بويالمىلارنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدۇ. باشقا سايمانلار ئەنئەنىۋى بوياقچىلىق سايمانلىرىغا ئوخشاش.

سانائەت بوياقلىرى ئارقىلىق گىلەمنىڭ تىۋىت يىپلىرىنى بوياشتا، يەرلىك ئۇسۇلدا قازاندا قاينىتىپ بوياش ۋە بوياقچىلىق ماشىنىسىدا پار ئارقىلىق بوياش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مەيلى قايسى خىل ئۇسۇلدا بويالسۇن، ھەر ئىككىسىدە ئوخشاشلا بىر خىل تېخنىكىلىق ئۆلچەم قوللىنىلىدۇ. ماشىنىدا بوياش يەرلىك ئۇسۇلدا بوياشقا قارىغاندا بىرقەدەر ئىلمىيرەك، ئىشەنچلىك ۋە سۈپەتلىك بولۇپ، سۇنىڭ مىقدارى ۋە تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلەش مەشغۇلاتى بىرقەدەر ئوڭاي، بوياش سۈرئىتى بىرقەدەر تېز بولىدۇ. ماشىنىدا پار ئارقىلىق بويالغانلىقتىن يۇڭنىڭ كېڭىيىپ، ئېسىلىشى ناھايىتى تېز بولۇپ، رەڭلەرنىڭ يۇڭنىڭ ئىچكى قىسمىغىچە سىڭىپ كىرىشىگە، يۇڭنىڭ رەڭنى ياخشى سۈمۈرۈۋېلىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىلىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بۇ ئۇسۇلنى ھەممە گىلەمچى ئائىلىلەردە ئومۇملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بوياق سۈپىتى ياخشى بولغان كىسلاتا ۋاستىلىق بوياق ئارقىلىق يۇڭ يىپ بوياش ئۇسۇلى ۋە گىلەمچى ئائىلىلەردە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان يەرلىك ئۇسۇلدا قازاندا قاينىتىپ بوياش ئۇسۇلىنى بايان قىلىمىز.

## 3. سانائەت بوياقلىرى ئارقىلىق يۇڭ يىپ بوياش

سانائەت بوياقلىرىدا يۇڭ بۇيۇملارنى يەرلىك ئۇسۇلدا بوياشمۇ تەييارلىق باسقۇچى ۋە بوياش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچلۇق

مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**تەييارلىق باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا بوياشقا تېگىشلىك يۇڭ يىپلار ئۆز خىلى بويىچە رەتلىنىدۇ. ئېھتىياجلىق مىقدارى بويىچە ئايرىم ئۆلچەپ كالۋۇ قىلىنىدۇ ۋە يۇيۇپ ئاقارتىلىدۇ. بوياق ۋە قوشۇمچە خۇرۇچلار تەييارلىنىدۇ. سايمانلار يۇيۇپ تازىلىنىپ تەقلىنىدۇ.

**بوياش باسقۇچى:** سانائەت بوياقلىرىدا ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە يۇڭ بۇيۇملارنى بوياشتا بىردەك قايناتما بوياق ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئاز بىر قىسىم بويالمىلار بىر خىللا بوياق ئېرىتمىسىدە قاينىتىپ بويىلىدۇ. كۆپ قىسمى ھەر خىل بوياقلار مەلۇم نىسبەتتە قوشۇپ تەييارلانغان ئېرىتمىگە سېلىش ئارقىلىق ياكى ئالدىنقى قېتىم بوياپ ئېشىپ قالغان بوياق ئېرىتمىسىگە قايتا سېلىش ئارقىلىق بويىلىدۇ. رەڭگى بىر - بىرىگە يېقىنراق بولغان بويالمىلار ئارقا - ئارقىدىن بوياق سېلىپ ئېرىتمە تەڭشەش ئارقىلىق بويىلىدۇ.

سانائەت بوياقلىرىدا يۇڭ بويالمىلارنى بوياشتا بىرىنچى دەۋرىيلىك بوياش مەشغۇلاتى:

سېرىق بوياش: %90 سېرىق رەڭگە %10 كاۋا چېچەكى رەڭ قوشۇپ ئېرىتمە تەييارلىنىپ بويالما سېلىنىدۇ.

كاۋا چېچەكى رەڭ بوياش: %98 كاۋا چېچەكى رەڭگە % شاپتۇل چېچەكى رەڭ، %3 سېرىق رەڭ قوشۇپ ئېرىتمە تەييارلىنىپ بويالما سېلىنىدۇ.

جىگەر رەڭ بوياش: (1) %80 قىزىل رەڭ، %10 سېرىق رەڭگە %10 زۆتىنە رەڭ قوشۇپ ئېرىتمە تەييارلاپ بويىلىدۇ؛ (2 سېرىق بويالغان بويالما جىگەر رەڭ ئېرىتمىسىگە سېلىنىپ بويىلىدۇ بۇ ۋاقىتتا قازان پاكىز يۇيۇلۇپ، سۇ يەڭگۈشلىنىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى دەۋرىيلىك بوياش مەشغۇلاتى باشلىنىدۇ.

زەڭگەر رەڭ بوياش: %100 زەڭگەر رەڭدە ئېرىتمە تەييارلىنىدۇ، رەڭ مىقدارى سەل ئازايتىلسىمۇ بولىدۇ.

مايىسرەڭ بوياش: زەڭگەر رەڭ بويالما بوياپ ئېشىپ قالغان سۇغا %70 سېرىق رەڭ قوشۇپ ئېرىتمە تەييارلىنىدۇ. يەنى زەڭگەر رەڭ بوياشتا 2 جىڭ يىپ ئۈچۈن 30 گىرام زەڭگەر رەڭ سېلىنغان بولسا، مايىسرەڭ بوياش ئۈچۈن قازاندىكى سۇغا

21 گرام ( $30g \times 70\% = 21g$ ) سېرىق رەڭ قوشۇپ ئېرىتمە تەييارلىنىدۇ.

شوخ يېشىل رەڭ بوياش: 40٪ سېرىق رەڭگە 60٪ زەڭگەر رەڭ قوشۇپ ئېرىتمە تەييارلىنىدۇ.

توق يېشىل رەڭ بوياش: 40٪ سېرىق رەڭ، 58٪ زەڭگەر رەڭگە 2٪ قىزىل ياكى قارا رەڭ قوشۇپ ئېرىتمە تەييارلىنىدۇ.

ناسىرەڭ بوياش: (1) 50٪ زەڭگەر، 20٪ سېرىق رەڭگە 30٪ كاۋا چېچەكى رەڭ قوشۇپ بويىلىدۇ؛ (2) 100٪ ناسىرەڭدە بويىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قازان پاكىز يۇيۇلۇپ، سۇ يەڭگۈشلىنىدۇ. ئۈچىنچى دەۋرىيلىك بوياش مەشغۇلاتى باشلىنىدۇ.

زۆتىنە رەڭ بوياش: 97٪ زۆتىنە رەڭگە 2٪ زەڭگەر رەڭ قوشۇپ بويىلىدۇ.

ھاۋا رەڭ بوياش: زۆتىنە رەڭ بويالما بويىلىپ، ئېشىپ قالغان ئېرىتمىگە 30 مىنۇت تىندۇرۇلغاندىن كېيىن ھاۋا رەڭ بويىلىدىغان بويالما سېلىنىدۇ.

ئاچ ھاۋا رەڭ بوياش: ھاۋا رەڭ بويالمىنى بوياپ ئېشىپ قالغان ئېرىتمىگە 20 ـــ 30 مىنۇت تىندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاچ ھاۋا رەڭ بويىلىدىغان بويالما سېلىنىدۇ.

قارا كۆك رەڭ بوياش: ئاچ ھاۋا رەڭ بويالمىنى بوياپ ئېشىپ قالغان سۇغا 95٪ زۆتىنە رەڭ، 3٪ زەڭگەر رەڭ، 2٪ قارا رەڭ سېلىنىپ ئېرىتمە تەييارلىنىپ بويالما سېلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قازان پاكىز يۇيۇلۇپ، سۇ يەڭگۈشلىنىدۇ. تۆتىنچى دەۋرىيلىك بوياش مەشغۇلاتى باشلىنىدۇ.

توق شاپتۇل چېچەكى رەڭ بوياش: 80٪ شاپتۇل چېچەكى رەڭدە بويىلىدۇ. يەنى 2 جىڭ ماتېرىيال بوياش ئۈچۈن 0.8 سەر شاپتۇل چېچەكى رەڭ سېلىنىپ ئېرىتمە تەييارلىنىدۇ.

ئاچ شاپتۇل چېچەكى رەڭ بوياش: توق شاپتۇل چېچەكى رەڭ بويالمىنى بوياپ ئېشىپ قالغان سۇغا، ئاچ شاپتۇل چېچەكى بويىلىدىغان بويالما سېلىنىدۇ.

گۆش رەڭ بوياش: (1) 95٪ شاپتۇل چېچەكى رەڭگە 5٪ زۆتىنە رەڭ قوشۇپ بويىلىدۇ؛ (2) 95٪ شاپتۇل چېچەكى رەڭگە 3٪ زۆتىنە، 2٪ قارا رەڭ قوشۇپ بويىلىدۇ؛ (3) خاسلا 100٪

جىگەر رەڭ ئېرىتمىسىگە سېلىپ بويىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قازان پاكى
يۇيۇلۇپ، سۇ يەڭگۈشلىنىدۇ. بەشىنچى دەۋرىيلىك بوياش مەشغۇلاتى
باشلىنىدۇ.

پور رەڭ بوياش: (1) %80 سېرىق رەڭگە %8 شاپتۇل چېچىكى، %10 پور رەڭ قوشۇپ بويىلىدۇ؛ (2) %95 كا چېچىكى رەڭگە %5 قارا رەڭ قوشۇپ بويىلىدۇ.

توق پور رەڭ بوياش: (1) %75 كاۋا چېچىكى رەڭگە %0 شاپتۇل چېچىكى رەڭ، %5 زۆتىنە رەڭ قوشۇپ بويىلىدۇ؛ (2 سېرىق رەڭ بويالغان بويالما قىزىل رەڭ بوياپ ئېشىپ قالغا ئېرىتمىگە سېلىپ بويىلىدۇ.

قارا رەڭ بوياش: %100 قارا رەڭدە ئېرىتمە تەييارلا بويىلىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بوياقچىلىق ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش بويالما بىلەن بوياقنىڭ نىسبىتى: 2 جىڭ بويالما ئۈچۈن تەخمىنە 1 سەر بوياق بولسا بولىدۇ. رەڭنىڭ تەڭشىلىشى يۇقىرى كۆرسىتىلگەن نىسبەت - ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ. ھەربىر دەۋرىيلە بوياشتا شۇبىر دەۋر ئىچىندە قانچە خىل رەڭلىك بويالما بويالسۇن قازاندىكى سۇنى يەڭگۈشلەش بىھاجەت، ئەمما، بىر دەۋرىيلىك بويا مەشغۇلاتى تۈگەپ، يەنە بىر دەۋرىيلىك بوياش مەشغۇلاتى باشلانغا چوقۇم سۇ يەڭگۈشلىنىدۇ.

ھەربىر دەۋرىيلىك بوياش مەشغۇلاتىنىڭ بىرىنچى قېتىملى باشلانغاندا، كېتەرلىك سۇنىڭ يېرىمى قازانغا قۇيۇلىدۇ. سۇ قىز تېمپېراتۇرىسى 50℃ ~ 60 قا يەتكەندە ئۆلچەم بويىچە تەييارلانغ رەڭ سېلىنىپ قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن سۇنىڭ قالغ يېرىمى قۇيۇلىدۇ. سۇ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ 30℃ ~ 40 چۈشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بويالما مىقدارىغا قاراپ كىسلاتا ياكى زە ئۆلچەم بويىچە قازانغا قۇيۇپ ئېرىتىلىدۇ. ئاندىن بويالما سېلىن قوچۇپ ئارىسىغا تولۇق سۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە بىر سائەت قايىنىتىلىد

① سانائەت بوياقلىرىدا يەرلىك ئۇسۇل بىلەن يۇڭ مەھسۇلاتلىرى (جۇملىدىن يۇڭ يىپ بوياشقا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بوياق تەڭشەشكە دائىر نىسبەت - ئۆلچەملەر يولداش ئابدۇ تۇرسۇن يازغان «خوتەن گىلەمچىلىكى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. بۇ يەردە دېيىلگەن «سەر» ئۆلچەمدىكى سەر بولۇپ، 31.25 گىرامغا باراۋەر كېلىدۇ. بەزى ھۈنەرۋەنلەر بۇ ئۆلچەم ئۇشۇق بولۇپ قالغان دېپ قارايدۇ.

بۇ جەرياندا پات - پات ئۆرۈپ بېرىلىدۇ. ۋاقىت توشقاندا بويالما سۇزۇۋېلىنىپ سىقىلىدۇ. سۇزۇك سۇدا چايقاپ سايە جايغا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوچاقتىكى ئوت توختىتىلىپ، قازاندىكى ئېرىتمە مەلۇم ۋاقىت تىندۇرۇلىدۇ. ئېرىتمە سوۋۇپ، تېمپېراتۇرىسى 50 ℃ ئەتراپىغا چۈشكەندە، ئىككىنچى قېتىملىق بوياش مەشغۇلاتى باشلىنىدۇ. قازانغا بوياق سېلىپ ئېرىتىلىدۇ، سۇ كۆپ خوراپ كەتكەن بولسا تولۇقلىنىدۇ. ئاندىن قوشۇمچە خۇرۇچ ۋە بويالمىلار سېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشغۇلات يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە بولىدۇ.

بويالمىلار سانائەت بوياقلىرى ئارقىلىق يەرلىك ئۇسۇلدا بويالماقچى بولغاندا، ئىشلىتىشكە بولىدىغان رەڭ تۈزى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلىرى بىرقەدەر قېنىق رەڭلەردۇر. بويالمىلار بۇنداق قېنىق رەڭلەردە بويىلىپ ئېشىپ قالغان سۇغا ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە خىل رەڭنى تولۇقلاپ سېلىپ رەڭگى ئاچ ۋە سۇس بويالمىلارنى بوياشقا بولىدۇ.

سانائەت بوياقلىرىدا يۇڭ بۇيۇملارنى بوياشتا ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىر قانچە مۇھىم نۇقتا بار. بىرىنچى، ئاۋۋال بويالمىلارنى سوپۇن پاراشوكىدا يۇيۇپ كىر، داغلارنى تازىلاش، ئوبدان ئاقارتىش لازىم. بۇنىڭدا بويالمىنىڭ تەكشى رەڭ ئېلىشى، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارى كۈچىيىپ جۇلاسى ئاشىدۇ؛ ئىككىنچى، يازغى يۇڭ، كۈزگى يۇڭ ۋە يىپلارنى، رەڭلىك يۇڭ ۋە رەڭلىك يىپلارنى ئايرىم-ئايرىم تەييارلاش، ئايرىم بوياش لازىم؛ ئۈچىنچى، بوياق سۇيۇقلۇقىغا كىرسلاتا ياكى زەمچە، ھېچبولمىغاندا سوپۇن پاراشوكىنى قوشۇش كېرەك؛ تۆتىنچى، بويالمىلارنى بوياق سۇيۇقلۇقىغا سېلىشتا بوياق سۇيۇقلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك يۇقىرى بولماسلىقى، 30 ℃ ~ 40 ئەتراپىدا كونترول قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى، بويالما قىزىق سۇغا چۈشكەندە، سۇ بىلەن ئۇچراشقان قىسمى جىددىي كېڭىيىپ قېنىق رەڭ ئالىدۇ. رەڭ بىلەن كېيىنرەك ئۇچراشقان قات ئارىسى قىسىملىرى رەڭگە تويۇنالمايدۇ - دە، ئالا - بۇلىماچ بولۇپ قالىدۇ؛ بەشىنچى، بوياق سۇيۇقلۇقىدا قاينىتىلىش ۋاقتى يېتەرلىك بولۇشى لازىم. خۇسۇسەن توق رەڭدە بويىلىدىغان بويالمىلارنى قاينىتىش ۋاقتى بىر سائەتتىن كەم بولماسلىقى كېرەك؛ ئالتىنچى، بويىلىپ

بولغان بويالمىنى سۈزۈك سۇدا چايقاپ بوياق قالدۇقلىرىنى چىقىرىۋېتىش زۆرۈر.

مۇشۇ بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىنسا، سانائەت بوياقلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، بويالمىنى رەڭ تارتمايدىغان ئۆڭمەيدىغان، شوخ، جۇلالىق قىلىپ بويىغىلى بولىدۇ.

# گىلەم توقۇش تېخنىكىسى

گىلەم توقۇش ئۈچۈن، گىلەم توقۇشنىڭ بىر يۈرۈش تېخنىكىلىق تەلەپلىرى بىلەن پۇختا تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## 1. گىلەم توقۇش دۇكانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى

ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان گىلەم توقۇش دۇكانلىرى ياغاچ دۇكا ۋە پولات دۇكان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**ياغاچ دۇكان:** بۇ خىل دۇكان پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي بولۇپ، گىلەم توقۇغاندىن ئۆزگە پالاز، تاغار، خۇرجۇن قاتارلىقلارنىمۇ توقۇشقا بولىدۇ.

ياغاچ دۇكان ئىككى گۇندا، ئىككى پاچاق ھەمدە قولاق ياغىچى توغرا بالداق، گۆلى ياغىچى، كامال، خىپچى، قەنە، پەشتاختا تەڭۋاسقۇ، گىلەم ئۇرۇشلىرىنى چىڭىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ كىچىك ھەر خىل پانا قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ.

**پولات دۇكان:** بۇ، ياغاچ دۇكاندىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ ئۆزگەرتىپ ياسالغان گىلەم توقۇش ئۈسكۈنىسى بولۇپ، ياغاچ دۇكانغا قارىغاندا تېخىمۇ زور ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. بۇنىڭدا دۇكان گۇندىلىرى ئېگىلمەيدۇ ۋە سۇنۇپ كەتمەيدۇ. گىلەم ئۇرۇشلىرىنى چىڭىتىش ۋە بوشىتىش ئوڭاي، توقۇپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن گىلەمنىڭ ئۇرۇشلىرىنى بوشاتماستىن پەسەيتىشكە بولىدۇ. پولات دۇكاننىڭ يان شەكلى

«H» ھەرپىنىڭ يانتۇ كۆرۈنۈشىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىككى پاچاق بىلەن تۆت دانە گۈندىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىككــــى دۇكان قوش ياسىلىدۇ. بۇ، ئىككى گىلەم دۇكىنىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

## گىلەم توقۇش ئەسۋابلىرى

گىلەم توقۇشتا ئۇستىرا پىچاق، پەنجە، قايچا قاتارلىــــقلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۇستىرا پىچاق تىۋىت چەكىكەندە يۇڭ يىپنى كېسىشكە، پەنجە ئارقاق ئالغاندا يەنى ئۇرۇش ئارىلىقىدىن ئارقاق ئۆتكۈزگەندە ئارقاقنى ئۇرۇپ پەسكە قىقىپ چىڭىتىشقا، قايچا گىــــلەم يۈزى تىۋىتىنى تەكشىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇستىرا پىچاق:** بۇ، پولاتتىن ياسالغان بولۇپ، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 200g كېلىدۇ. كېسىدىغان تەرىپى يېرىم چەمبەر شەكلىدە بولىدۇ. ئۇستىرا پىچاقنىڭ كەينــــى 0.8cm تومتۇقتا بولۇپ، ئۇستىرا بېشىدا يېرىم چەمبەرسىمان مۈڭگۈزى بار. تىۋىت كەسكەندە ئۇستىرا پىچاق ئۇچى ئېغىر بولغاچقا، كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۆزىنىڭ ئېغىرلىق تورى بىلەن تىۋىت ئۇچى كېسىلىدۇ. ئۇستىرا پىچاق ياغاچتىن سايلىنىدۇ.

**پەنجە:** پەنجە سىپى ۋە تاپىنى كۆپىــــنچە ئۆرۈك، ئۈجمە، چىلان، سۆگەت دەرەخلىرىنىڭ 80 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ پۇتاق ئايرىلغان قىسمىدىن كېسىۋېلىنىپ يونۇپ ياسىلىدۇ. ئاندىن كېيىن پەنجە تاپان ئۇچىنىڭ ھەر 0.6cm ـ 0.5 ئارىلىقلىرى ھەرە بىلەن 3cm ـ 2 چوڭقۇرلۇقتا تارغاقسىمان تىلىنىپ، پولاتتىــن ياسالغان پەنجە چىشلىرى كىرگۈزۈلۈپ، چىشلار چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پەنجە يان تەرىپىدىن مىخلىنىدۇ ھەمدە پەنجە چىشلىرىنىڭ پۇختا بولۇشى ئۈچۈن چىش تۈۋى ئەتراپى تاختا تۆمۈر بىلەن پۇختا قاپلىنىپ، ھەربىر چىش ئارىلىقى ئىچىگە قارىتىلىپ يۆگۈلۈپ چىش تۈۋى چىڭىتىلىدۇ. يەنە ئۇنىڭ ئۈستىدىن قېلىنراق تۆمۈر بىلەن قاپلاپ مىخلىنىدۇ. ئاخىرىدا ساپ قىسمى قالدۇرۇلۇپ، تاپانلىق قىسمى نېپىز تۆمۈر بىلەن قاپلاپ مىخلىنىدۇ.

**قايچا:** گىلەم توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قايچىنىڭ شەكلى ئادەتتىكى قايچىلارنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما گىــلەم قايچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40cm ـ 35، قانىتىنىڭ كەڭلىكى 5cm

كېلىدۇ. قانىتىنىڭ ئوتتۇرىسى بىر ئاز ئويمان، قارشى تەرەپ مۇناسىپ ھالدا دۇمباق بولۇپ، قايچىنى يەرگە قويغاندا ئوتتۇرىسى يەرگە تەگمەيدۇ، تۇتقىسى ۋە ئۇچى يەردىن سەل - پەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل قايچا ئىشلىتىلگەندە بىر قولدا تۇتقىسى يەنە بىر قولدا ئۇچى تۇتۇلۇپ تىۋىت كېسىلىدۇ.

## 2. گىلەم توقۇشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر

### 360 قۇرلۇق گىلەملەرنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرى

بۇ، قول بىلەن توقۇلغان m/360 (مېتىر) قۇرلۇق تۆۋەن سورتلۇق، ئېكسپورت قىلىنىدىغان گىلەم ئۆلچىمىدىن ئىبارەت. بۇ خىل گىلەملەر چىدامىلىق بولۇپ، ئۆي، تىياتىرخانا، مېھمانخانا، مەجلىسخانا، ماشىنا، پاراخوت، ئايروپىلان قاتارلىقلار ۋە يەرگە سېلىنىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. m/360 (مېتىر) قۇرلۇق گىلەملەر قولدا ئېگىرىلگەن يۇڭ يىپ بىلەن ياكى زاۋۇت يۇڭ يىپ بىلەن توقۇلۇپ، خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن يۇيۇلىدىغان گىلەم يۇيۇلمايدىغان گىلەم دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل گىلەمنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرى ئوخشىمايدۇ. يەنى، يۇيۇلىدىغان گىلەملەرنىڭ يۇيۇلغاندا قىسقىراپ كېتىشى نەزەردە تۇتۇلۇپ، يۇيۇلمايدىغان گىلەملەردىن ئۇزۇنراق ۋە كەڭرەك توقۇلىدۇ.

### 540 قۇرلۇق گىلەملەرنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرى

540 قۇرلۇق گىلەملەر ئۈچۈن توملۇقى 5.3 تالالىق زاۋۇت يۇڭ يىپى ئىشلىتىلىدۇ. يىپ ئېگىرىش ئومۇمىي ئېشىش پەرقى 13ـ 10/cm12 ئېشىم، يىپ چىڭلىقى تەكشى بولۇشى لازىم. سىلىق ئېگىرىلگەن بىر نەخ يىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇرۇش ۋە ئارقاق ئۈچۈن 21 ـ نومۇرلۇق تالالىق ئىنچىكە زاۋۇت يىپى ئىشلىتىلىدۇ.

### 720 قۇرلۇق گىلەملەرنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرى

1) ئىنچىكە تالالىق ئاق يۇڭدىن %70 يازلىق يۇڭ، %... كۈزلۈك يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ زاۋۇتتا 16 ـ 10/cm14 ئېشىم بىر...

ئىگىرىلگەن تومۇقى بەش تالالىق يۇڭ يىپ خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن بوياپ گىلەم ماتېرىيالى قىلىنىدۇ؛ 2) پاختا يىپ: ئۇرۇش ئارقاقلىرىغا 21 ـ نومۇرلۇق تالالىق زاۋۇت پاختا يىپى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇشى 3×3 تولانغان توققۇز نەخلىك يىپ بولۇشى، بىرقۇر تىڭىت ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئارقاق 12=3+9 نەخ بولۇشى كېرەك. 3) 720 قۇرلۇق گىلەمنىڭ قېلىنلىقى 6.5mm بولىدۇ. يۇيۇش قىسمىنى قالدۇرۇش، 540 قۇرلۇق گىلەمنىڭ قىسقىراپ كېتىش قىسمىغا قوشۇش پرىنسىپلىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولىدۇ. باشقا تېخنىكىلىق تەلەپلەر 540 قۇرلۇق گىلەملەرنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ.

## ئۇرۇش تارتىش

**ئۇرۇش تارتىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق:** گىلەم توقۇشتىن ئاۋۋال ئۇرۇش تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇرۇش تارتىشتىن بۇرۇن گىلەم دۇكىنىنى توقۇماقچى بولغان گىلەمنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىغا مۇۋاپىلاشتۇرۇپ، گىلەمنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىدىن 80 ـ 90 cm ئارتۇق ئۇرۇش قالدىغان قىلىپ پىلانلاپ، دۇكان پاچىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاستىن ـ ئۇستۇن گۇندىلار توم ياغاچتىن ياسالغان بولسا، گۇندىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسى ۋە ئاستى ئايلانمىسى 45cm ـ 40 دىن توغرا كەلسە، ئۇزۇنلۇقى 4m گىلەم ئۇچۇن 2m ئۇزۇنلۇقتىكى پاچاق تەييارلىنىدۇ. گىلەم دۇكىنىنىڭ پاچىقى ئۇزۇن ـ قىسقا بولسا بولمايدۇ. ياغاچ ـ دۇكانغا ئۇرۇش تارتىشتىن ئىلگىرى، ئىككى تەرەپ پاچاق ئاستىغا باراۋەر كەلتۇرۇپ 3cm ئەتراپىدىكى ئېگىزلىكتە پانا قىستۇرۇش كېرەك. پولات دۇكانغا ئۇرۇش تارتىشتىن ئىلگىرى ئاستىنقى ھەرىكەتچان گۇندىنى ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ئۆلچىمىدىن بىر ئاز پەسلىتىپ، ئاندىن ئۇرۇش تارتىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا گىلەم توقۇلۇپ ئېگىزلىگەندىن كېيىن گىلەمنى چۈكۈرۈپ بېسىپ، كەينىگە ئۆتكۈزۈشتە پاچاق ئاستىدىكى پانىلارنى ئېلىۋەتكەندىمۇ، ئۇرۇشلەر چۈكۈرۈشكە لايىق بوشىيالماي، گىلەمنى چۈكۈرۈشكە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. بېسىپ چۈكۈرۈشكە ئارتۇق كۈچ ئىشلەتكەندە گىلەم ئارقاقلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇندىن باشقا، كۋادرات شەكلى مۇۋاپىق بولمىغان پاچىقى

ئۈزۈن - قىسقا دۇكانغا ئۆرۈش تارتىپ گىلەم توقۇغاندا گىلەمن چۆكۈرۈپ تۈزلەش ۋاقتىدا خاتا سىزىم پەيدا قىلىپ، گىلەم مايما كۆرۈنۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە گىلەم خاتا چىگىتىپ توقۇلۇپ، ئۈزۈن كەڭلىكى مۇۋاپىق بولماي، مايماق چىقىشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا گىلەم توقۇش دۇكىنىنىڭ ھالىتىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ قۇراشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆرۈش تارتىش لازىم.

**ئۆرۈش تارتىشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر:** ئۆرۈش تىزىشتا ئاستى - ئۈستى گۈندىدىكى ئۆرۈشلەر باراۋەر كەڭلىك بولۇشى ھەمدە ئىككى يانلىرى تىك بولۇشى لازىم. ئۆرۈش تىزى جەريانىدا ھەممە ئۆرۈشلەرگە ئوخشاش كۈچ ئىشلىتىلىشى، ھەم ئۆرۈشلەرنىڭ چىڭ - بوشلۇقى ئوخشاش بولۇشى لازىم. ئۆرۈشل چىڭ - بوش بولۇپ قالسا، گىلەم توقۇش ئەپسىز بولۇپ قېلىشىن سىرتىدا گىلەم سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. ئۆرۈشلەرنى چىگىلىپ قالغان جايلىرى يېشىلمەي تارتىلىپ قېلىشتىنمۇ ساقلىن لازىم.

ئۆرۈش تىزغۇچى، بىر چى ئۆرۈنغا قانچىدىن ئۆرۈش توغ كەلتۈرۈشنى بىلىش ئۈچۈن توقۇماقچى بولغان گىلەم سورتى قا بىرلىكى بويىچە ھېسابلاپ، گىلەمنىڭ قىسقىراش قىسمىنى قوشۇپ بىر چى ئۆرۈندا ھېسابتىكى ئۆلچەمدىن 4 ـ 3 تال ئۆرۈشنى ك سېلىپ شالاڭلىتىپ تارتسا بولىدۇ.

ئۆرۈش تارتىشتا سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۆرۈ بولسىلا تارتىۋەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ تولىغ ئۆرۈشى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئۆرۈش تارتىشتا بىر پارچە گىلەمنىڭ بارلىق ئۆرۈشى بىر ك ئېچىدە ۋە بىر ئادەمنىڭ قولىدا تارتىلىپ تاماملىنىشى لازىم. ئاد ئالماشماسلىقى ۋە يېرىمى بۈگۈن، يېرىمى ئەتىسى تارتىلماسل كېرەك.

**ئۆرۈش تارتىش ئۇسۇلى:** ئۆرۈش تارتىش سول تەرەپت باشلىنىپ، ئوڭ تەرەپكە قاراپ داۋاملىشىپ، ئۆلچەمگە يەتكەند كېيىن ئوڭ تەرەپتە ئاياغلىشىدۇ. ئۆرۈش تىزغۇچى سول تەرەپتە ئۆرۈش ئارغامچىسىنى سىرىغۇچى ئادەم ئوڭ تەرەپتە ئولتۇر مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. ئۆرۈش تارتىش ئارغامچىسى ئاستىن

ئۇستۈن گۈندىلارنى ئوراپ نورمال چىڭلىقتا چىگىپ، ئۇرۇش تارتىش ئارغامچىسى غالتىكىنى گۈندا ئالدى تەرىپىدە تۇرغۇزۇپ، ئۇرۇش ئۇچىنى غالتەك تۆشۈكىدىن ئوڭ تەرەپتىن سول تەرەپكە قارىتىپ ئۆتكۈزۈپ، خىپچىنىڭ سول تەرەپ ئۇچىغا چىگىپ، ئۇرۇش تارتىشنى باشلاش كېرەك.

ئۇرۇش تارتىش ئارغامچىسىنى سىيرىغۇچى ئارغامچىنى گۈندا ئارقىسىدىكى قىسمىدىن تۇتۇپ، ئاستىغا تارتسا، ئۇرۇش ئارغامچىسى غالتىكى ئۇستۈنكى گۈندىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، گۈندا كەينى تەرەپتىن داۋاملىق تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈش ئارقىلىق، ئاستىنقى گۈندا ئاستى تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئالدىغا ئۆتىدۇ. غالتەكنىڭ سول تەرىپىدىن سول قول بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ تارتىلىپ غالتەكتىن چىققان ئۇچى خىپچا ئالدىغا، ئاستىدىن چىققان تەرىپى خىپچا كەينىگە كەلتۈرۈلۈپ، خىپچا ئوڭ تەرەپ ئۇچىغا ئىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش تارتىش ئارغامچىسى گۈندا ئالدى تەرەپتىن تۇتۇلۇپ، ئاستىغا تارتىپ سىيرىلسا، ئارغامچا غالتىكى گۈندا كەينى تەرىپىدە داۋاملىق يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇستۈنكى گۈندىنى ئاتلاپ، ئالدى تەرەپتىن تۆۋەنگە چۈشىدۇ. غالتەك قول يەتكۈدەك جايغا كەلگەندە ئارغامچىنى سىرىش توختىلىپ، غالتەك سول تەرەپتىكى ئۇرۇش سول قول بىلەن ئېلىپ تارتىلىپ، ئۇستىدىن چۈشكەن تەرىپى خىپچا كەينىگە غالتەكتىن چىققان تەرىپى خىپچا ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپ، خىپچا ئوڭ تەرەپ ئۇچىغا ئىلىنىدۇ. ئارغامچا گۈندا كەينى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، ئاستىغا تارتىلىپ، غالتەك ئۇستۈنكى گۈندىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، كەينى تەرەپتىن داۋاملىق تۆۋەنگە چۈشۈپ گۈندا ئاستىدىن ئالدىغا چىققاندا ئاۋۋالقى ھەرىكەت بويىچە ئىلىندۇرۇلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇلدىكى ھەرىكەتلەرنى داۋاملىق تۆۋەتلەشتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇرۇش تارتىلىدۇ.

ئۇرۇش تىزىشتا سول قول بىلەن خىپچاغا چىگىلگەن ئۇرۇشنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئوڭ قول بىلەن گۈندا كەينىدىكى ئۇرۇشنى تۇتۇپ، ئاستى - ئۇستىگە سىيرىپ تارتىش ئارقىلىق ئاستى بىلەن ئۇستى توغرىلىنىدۇ. ئاندىن خىپچا ئاستىن گۈندا ئۇستى ئۇدۇلىغا توغرىلىنىپ، خىپچاغا ئاستىدىن چىقىرىۋېلىنغان ئۇرۇش ئوڭ قول بىلەن تۇتۇلۇپ، سول تەرەپكە تارتىپ، ئۇرۇش يېنىغا

يېقىنلاشتۇرغاندىن كېيىن، سول قولغا يۆتكەپ، گۈندا كەينىدىكى ئۆرۈش ئوڭ قول بىلەن ئاستىن گۈندىدىكى ئەسلىدە تىزىلىپ بولغان ئۆرۈشكە يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۈستىدىن چۈشۈپ خىپچاغا ئىلىنغان ئۆرۈشنى ئوڭ قول بىلەن خىپچا كەينى قىسمىدىن تۇتۇپ، سول قول بىلەن گۈندا كەينىدىكى ئۆرۈشنى تۇتۇپ، سول تەرەپكە يەڭگىل سىرىپ تارتىش ئارقىلىق ئۈستۈن گۈندىدىكى تىزىلغان ئۆرۈش يېنىغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. ئاخىردا سول قولدىكى ئۆرۈشنى قويۇپ بېرىپ، ئوڭ قولدىكى ئۆرۈشنى سول قولغا يۆتكەپ ئوڭ قول بىلەن خىپچا ئالدىدىكى ئۆرۈشنى تۇتۇپ، بۇرۇن تىزىلىپ بولغان ئۆرۈش يېنىغا يېقىنلاشتۇرۇپ تىزىلىدۇ. يۇقىرىقى ھەرىكەتلەر تەكرار داۋاملاشتۇرۇلۇپ ئۆرۈش تىزىلىدۇ. ئۆرۈش تارتقاندا، ئۆرۈش تىزغۇچىنىڭ سول قولى ئۆرۈشلەرنىڭ چىڭ - بوشلۇقىنى تەڭشەپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا ئوخشاش كۈچ ئىشلىتىپ، ھەممە ئۆرۈشلەرنى تەكشى چىڭلىقتا تارتىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. بىرپارچە گىلەم ئۆرۈشلىرىنىڭ بەزى جايلىرىنى چىڭ، بەزى جايلىرىنى بوش تارتىشقا بولمايدۇ. ئۆرۈش تارتىش خىپچا ئۈستىدىن باشلىنىپ، ئاخىردا يەنە خىپچا ئۈستىدىن چىگىپ ئۆزۈش بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

## گۈلى باغلاش

بۇ ھەربىر ئۆرۈشنى گۈلى ياغىچىغا بىرمۇبىر باغلاپ چىقىش ئۇسۇلى بولۇپ، گىلەمنىڭ ئاساسي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاسىتىچى ھالقىلاردىن بىرى. گۈلى باغلاشتا ئالدى بىلەن گۈلى ياغاچلىرىغا ئۈچ نەخ ئۆرۈش بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىشىپ تەييارلانغان يىپ نورمال چىڭلىقتا گۈلى ياغىچىنىڭ ئىككى بېشىغا ئوقيا كىرىچى شەكلىدە چىگىلىدۇ. بۇ خىل يىپ، گىلەمچىلىكتە تومۇر يىپى دەپ ئاتىلىدۇ. گۈلى يىپلار ئاساسەن مۇشۇ تومۇر يىپقا باغلىنىدۇ. گۈلى باغلاشقا كېرەكلىك نەرسىلەر: گۈلى ياغىچى، ئار نوغۇچ، چوڭ - كىچىكلىكى باراۋەر ئۈچ دانە پانا، پىچەكلەر يۆگەلگەن ئۆرۈش قاتارلىقلار.

گۈلى باغلاشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر: گۈلى باغلاشتا ئۆرۈش تارتىشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپكە ئوخشاش ھەر 10cm جايغا باغلانغان

گۆلنى ساناپ، زىچ ـ شالاڭ قىلماي، ئۇرۇش زىچلىقىنى ئوخشاش قىلىپ تەكشى باغلاش لازىم. گۆلى يىپىنىڭ كەڭلىكى ئۇرۇشلەرنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكى بىلەن باراۋەر بولۇشى لازىم.

1) گۆلى باغلىغاندا، ئۇرۇش زىچلىقى بىلەن ئوخشاش زىچلىقتا باغلاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

2) گۆلى يىپىنى باغلىغاندا تەكشى چىڭلىقتا باغلاش كېرەك.

**گۆلى باغلاش ئۇسۇلى:** گۆلى باغلاش ئاستىن گۆلى ۋە ئۇستۇن گۆلى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بىر پارچە گىلەمدە ئەڭ ئالدى بىلەن بارلىق ئاستىن تام گۆللىرى باغلىنىدۇ. ئۇستۇن تام گۆلى ئىككىنچى قەدەمدە باغلىنىدۇ. ئاستىن گۆل بىلەن ئۇستۇن گۆللىرىنى باغلاش ئۇسۇلى ئوخشاش. ئەمما ئاستىن تام گۆلى كەينى رەت ئۇرۇشكە باغلىنىدۇ. ھەر ئىككىلا تام گۆللىرىنى باغلاش ئۇسۇلى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇرنى ئوخشىمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا پەرقىگە دىققەت قىلىش، بولۇپمۇ ئاستىن تام گۆلنى باغلاشتا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئاستىن تام گۆلى ياخشى باغلانمىسا، ئىككىنچى قەدەمدىكى ئۇستۇن تام گۆلنى باغلاۋاتقاندا، بىر ئۇرۇش ئىككى گۆلگە باغلىنىپ قېلىش ياكى ئالماش باغلىنىپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

**ئاستىن تام گۆلى باغلاش:** ئارا نوغۇچ خىپچا ئۇستىدىن ئۇرۇش ئارىلىقىغا، ئوڭ تەرەپتىكى تاق ئۇرۇش ئارا نوغۇچ كەينىگە، سول تەرەپتىكى تاق ئۇرۇش ئارا نوغۇچ ئالدىغا قالدۇرۇلۇپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. گۆلى ياغىچىنى ئۇرۇشلەر ئۇستىگە ئارا نوغۇچقا چاپلاپ، گۆلى ياغىچىنى ئىككى بېشىدىن ئارا نوغۇچ بىلەن قوشۇپ سىرتماقلاپ، گۆندا كەينىدىكى ئۇرۇشلەرگە باغلاپ، گۆلى ياغىچى بىلەن ئارا نوغۇچ ئارىلىقى 1.5cm قالغۇدەك مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئىككى بېشى ۋە ئوتتۇرا قىسمىغا پانا قىستۇرۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن تۆمۈر يىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە مۇۋاپىق ھالدىكى نوغۇچ تاياق ياكى پانا قىستۇرۇلۇپ قويۇپ، گۆلى باغلاش رەسمىي باشلىنىدۇ. ئاستىن تام گۆلى خاس كەينى رەتتىكى ئۇرۇشلەرگە باغلانغانلىقتىن، ئالدى بىلەن سول تەرەپ كەينى رەت بىرىنچى ئۇرۇشنى توغرىلاپ، تۆمۈر يىپىغا پىچەكلەنگەن گۆلى يىپىنىڭ ئۇچىنى چىگىش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارا نوغۇچ ئالدى رەتتىكى بىرىنچى ئۇرۇشنى سول تەرەپتە

قالدۇرۇپ، كەينى رەتتىكى بىرىنچى ئۆرۈشنىڭ ئوڭ يېنىدىن، گۈلى
ياغىچى بىلەن ئارا نوغۇچ ئاستىدىن ئوڭ قولدا گۈلى يىپى پىچىكى
ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ پەيتتە، تۆمۈر يىپىغا ئۇچى چىگىلىپ، ئاستىغا
قاراپ ئۆتكۈزۈلگەن يىپنى سول قولىنىڭ دۈمبىسىگە ئىلدۇرۇپ،
ئالدى رەت بىرىنچى ئۆرۈشنىڭ ئوڭ تەرەپ گۈلى ياغىچى ئۈستىدىن
سول قولنى ئۇشلاپ تىقىپ، كەينى رەت بىرىنچى ئۆرۈشنىڭ سول
تەرىپىدىن ئوڭ قول ئۈزىتىپ بەرگەن گۈلى پىچىكى
سۇغۇرۇۋېلىنىدۇ. پىچەكلەنگەن چۇچا سول قول بارماقلىرى
ئىلدۇرۇۋالغان گۈلى يىپى يىپىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەچكە كېيىنكى يىپ
بۇرۇنقى يىپ بىلەن ئۆزئارا ئىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، گۈلى يىپى
پىچىكىنى گۈلى ياغىچى بىلەن تومۇر يىپى ئارىلىقىدىن ئۈستىگە
قارىتىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ئۆرۈشنى باغلاش
ئاياغلىشىپ، ئىككىنچى ئۆرۈشنى باغلاش باشلىنىدۇ. بۇنىڭدىمۇ
ئالدى رەتتىكى ئىككىنچى ئۆرۈش سول تەرەپكە قايرىپ قويۇلغان ھالدا
سول قولنى گۈلى ياغىچى ئارا نوغۇچ ئۈستىدىن، ئوڭ قولنى گۈلى
ياغىچى ئارا نوغۇچلار ئاستىدىن تىقىپ، ئوڭ قولدىكى گۈلى يىپنى
كەينى رەتتىكى ئىككىنچى ئۆرۈش ئوڭ تەرىپىدىن ئۈزىتىپ بىرىپ
ئىككىنچى ئۆرۈش سول تەرەپ گۈلى ياغىچى ئارا نوغۇچ ئۈستىدىن
گۈلى يىپى پىچىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، تومۇر يىپىنىڭ ئاستىدىن
يۇقىرىغا قارىتىپ ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى ئۆرۈش گۈل يىپىنى باغلاش
تاماملىنىدۇ. گىلەمنىڭ ئاستىن تام گۈللىرىنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى
ئۇسۇلنى تەكرار داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق باغلىنىدۇ.

**ئۈستۈن تام گۈلى باغلاش:** ئاستىن تام گۈلىنى پۈتۈنلەي
باغلاپ تۈگەتكەندىن كېيىن قىستۇرۇلغان پانىلارنى سۇغۇرۇۋ
ئېلىۋېتىپ، ئارا نوغۇچ ۋە گۈلى ياغىچىنىڭ ئىككى بېشىدىكى
سىرتماقلاپ چىگىلگەن جايىنى يېشىۋېتىپ، ئارا نوغۇ
سۇغۇرۇۋېلىنىدۇ ھەمدە بارلىق ئاستىن تام گۈلى ياغىچى ئۈستىگ
سىيرىپ چۈشۈرۈلۈپ، ئېسىلدۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئو
تەرەپ تاق ئۆرۈشنى ئالدىغا، سول تەرەپ تاق ئۆرۈشنى كەينى
كەلتۈرۈپ، ئالدى ۋە كەينى رەت ئۆرۈش ئارىلىقىدىن ئارا نوغۇ
ئۆتكۈزۈلىدۇ. يەنە بىر دانە گۈلى ياغىچىنى ئارا نوغۇچ ئالدىغا چاپلا
ئىككى بېشىدىن ئاۋۋالقىغا ئوخشاش سىرتماقلاپ باغلاپ، گۈ

ياغىچى بىلەن ئارا نوغۇچ ئاۋۋالقى ئاستىن تام گۈلىگە ئوخشاش 1.5 cm ئەتراپىدا يىراقلاشتۇرۇپ، ئىككى ياقىغا ۋە ئوتتۇرا قىسمىغا باراۋەر چوڭلۇقتىكى پانىلار قىستۇرۇلىدۇ. ئوڭ تەرەپ تومۇر يىپى ئاستىغا نوغۇچ تاياق ياكى پانا قىستۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستۈن تام گۈلى باغلىنىدۇ. ئۈستۈن تام گۈلىنى باغلاش ئاستىن تام گۈلىنى باغلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش. لېكىن ئاستىن تام گۈلى كەينى رەت ئۆرۈشكە، ئۈستۈن تام گۈلى ئالدى رەت ئۆرۈشكە باغلىنىدۇ. گۈلى يىپىنىڭ ئۇچىنى ئالدى رەت سول تەرەپ بىرىنچى ئۆرۈشنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلاپ، تومۇر يىپقا چىگىپ بولغاندىن كېيىن، گۈلى باغلاش رەسمىي باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئالدى رەتتىكى بىرىنچى ئۆرۈشنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئوڭ قولدا پىچەكلەپ يۆگەلگەن گۈلى يىپىنى ئۆتكۈزۈپ، كەينى رەت ئۆرۈشكە يېقىن كەلمەي، ئارا نوغۇچ ئۈستىدىنلا بىرىنچى ئۆرۈشنىڭ سول يىپىنى گۈلى ياغىچى ئارا نوغۇچ ئۈستىدىن، سول قول بارماقلىرى ئۈستىگە ئىلدۇرۇۋالغان گۈلى يىپى ئاستىدىن سۇغۇرۇۋېلىنىدۇ. گۈلى يىپى ئۇنىڭدىن كېيىن تومۇر يىپى بىلەن گۈلى ياغىچى ئارىلىقىدىن ئاستى تەرەپتىن ئۈستى تەرەپكە قارىتىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئالدى رەت بىرىنچى ئۆرۈش گۈلى باغلاش تاماملىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئوڭ قول بىلەن گۈلى يىپى پىچىكىنى ئالدى رەت ئىككىنچى ئۆرۈشنىڭ ئوڭ يېنىدىن شۇنداقلا گۈلى ياغىچى ئارا نوغۇچلار ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ كەينى تەرەپكە چىقىرىلىدۇ. بۇ چاغدا سول قول بارماقلىرى ئۈستىگە گۈلى يىپىنى ئىلدۇرۇۋېلىپ، سول قول بىلەن ئالدى رەت ئىككىنچى ئۆرۈشنىڭ سول تەرىپىدىن گۈلى ياغىچى ئارا نوغۇچلار ئۈستىدىن بارماقلارنى تىقىپ، كەينى رەت ئۆرۈش گۈلى يىپى هالقىسى سىرتىدا قالدۇرۇلۇپ ئوڭ قولدىكى گۈلى يىپى پىچىكى سول قولغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. سول قول بىلەن ئالدى تەرەپكە چىقىرىلىدۇ، گۈلى يىپى بۇ چاغدا قول ئۇچىغا ئىلدۇرۇۋالغان يىپنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەچكە ئۆزئارا ئىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، تومۇر يىپى بىلەن گۈلى ياغىچى ئارىلىقىدىن ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى ئۆرۈشنى باغلاش تاماملىنىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇلنى تەكرار داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئالدى رەت ئۆرۈشلەر رەت بويىچە بىر - بىرلەپ گۈلى هالقىسىغا ئېلىنىش ئارقىلىق ئۈستۈن تام گۈلى باغلاپ چىقىلىدۇ.

## گىلەم يىپلىرىنى يۆگەش ئۇسۇلى

بۇ، گىلەم توقۇشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تىۋىت چىگىشكە ئىشلىتىلىدىغان يۇڭ يىپ ۋە بۆز ئارقاق يىپ يۆگەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گىلەم توقۇشتا كۆپ خىل رەڭلىك يۇڭ يىپ ئىشلىتىلىدىغانلىقتىن، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم يۆگەپ ئىنچام باشقۇرمىغاندا، بىرنەچچە خىل يۇڭ يىپلار ئارىلىشىپ قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ - دە، گىلەم توقۇشتا قولايسىز بولۇپ قالىدۇ. ئارقاقلارنىمۇ يۆگىمىگەندە ئۇرۇشلەرنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا يۆگەپ ئىشلىتىش كېرەك. يۇڭ يىپ ۋە ئارقاقلارنى گىلەمچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ يۆگەش ئۇسۇلى مۇنداق:

**يۇڭ يىپ يۆگەش ئۇسۇلى:** يۇڭ يىپ ئىگىرىلىپ بولغاندىن كېيىن، بوياش باسقۇچىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىككى نەخ قىلىپ، گىرە پەيدا قىلغان ھالدا ياندۇرۇپ پىلتىلەپ قويۇلىدۇ، پىلتىلەنگەن يۇڭ يىپلارنى ھەر خىل رەڭدە بويىغاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ گىلەم توقۇشقا كېرەكلىك مىقداردا ئايرىپ ئېلىپ يۆگەپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

يۇڭ يىپلارنى يۆگەش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، بىر دانە چوكىدەك تۈز ياغاچقا تىكىش يىپلىرىنىڭ يۆگىلىشىگە ئوخشاش گىرە شەكىللەندۈرۈپ يۆگەش بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇل كەڭ ئومۇملاشقان، ئىككىنچى خىلى، يۆگەپ ئىلدۈرۈپ ئېسىپ قويۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئىچىدىن باغ چىقىرىپ توپقا ئوخشاش يۇملاق يۆگەشتىن ئىبارەت، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى بولغاچقا، ھازىر ئانچە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئىشلىتىشكە لايىقلاشتۇرۇپ يۆگەپ چىقىلغان يىپ كاللەكلىرى «كۇۋۇل» دېيىلىدۇ.

يۇڭ يىپلارنى يۆگىگەندە ئەڭ ياخشىسى يىپلار يان تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەن بولۇشى، ئۈستىگە ئېلىنىپ قالماسلىقى لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا كۇۋۇل يىپلارنى قەنەرگە ئېسىپ قويۇپ، ئاستىن ئۇچىنى تارتقاندا يىپ راۋان چۇۋۇلۇپ چۈشمەستىن ئۈستىگە ئېلىنىۋالغان جايلىرىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ قويىدۇ.

**ئارقاق يۆگەش ئۇسۇلى:** ئادەتتە زاۋۇت پاختا يىپلىرىدىن گىلەم سورتلىرىنىڭ قۇر بىرلىكىگە ئاساسەن جۈپلەپ تورۇپ، بوياپ ئىشلىتىش ياكى ئاق پىتىچە پاكىز سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇۋېتىپ ئىشلىتىشنى نەزەردە تۇتۇپ، گىرەلىك پىلتە قىلىپ قويۇلىدۇ. بوياپ ياكى قاينىتىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، گىلەمچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ يۆگەپ ئىشلىتىلىدۇ. ئارقاق يۆگەش ئۇسۇلى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ؛ بىرسى، پىچەكلەپ يۆگەش؛ يەنە بىرسى، ئىككى ئۇچى قالىغاچ قۇيرۇقى شەكلىدە ئويۇۋېتىلگەن 30cm - 25 ئۇزۇنلۇقتىكى، 5cm - 4 كەڭلىكتىكى تاختايغا موكا شەكلىدە يۆگەشتىن ئىبارەت.

ئارقاقنى پىچەكلەپ يۆگەش: بۇ خىل يۆگەش كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئارقاق يۆگەشتە كۆپىنچە مۇشۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل يۆگەش 15cm ئەتراپىدىكى چوكا ياغاچقا يۇقىرىدىكى يۇڭ يىپنى كۈۋۈل قىلىپ يۆگەش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئەمما ئوخشىمايدىغان يېرى ئېسىپ قويىدىغان يىپ ئىشلىمەيدۇ.

ئارقاقنى موكىسىمان يۆگەش: بۇ خىل يۆگەش ئۇسۇلى ئانچە ئومۇملاشمىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئىككى بېشى قالىغاچ قۇيرۇقى شەكلىدە ئويۇلغان نېپىز تاختاينىڭ ئىككى يان تەرەپلىرىگە نۆۋەتلەشتۇرۇپ، گىرە ھاسىل قىلىپ يۆگىلىدۇ. بۇ خىل يۆگەش ئۇسۇلىدا ئۇرۇش ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈشتە، ئارقاقلارنىڭ چۇۋۇلۇپ كېتىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

# گىلەم توقۇش مەشغۇلاتى

## 1. گىلەم توقۇشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلار

بۇ ئۇرۇش چىگىتىش، كامال قۇرۇش، ئۇرۇمە ئۇرۇش ۋە كۆگاپ قېقىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئۇرۇش چىگىتىش:** ھازىرقى پولاتتىن ياسالغان گىلەم دۇكانلىرىنىڭ چىگىتىش قۇرۇلمىسى بۇرمىلىق قىلىپ ياسالغاچقا، چاقماق تۆشۈكلۈك ئاچقۇ بىلەن تولغاپ ئۇرۇش چىگىتىلىدۇ. ئەمما

ياغاچتىن ياسالغان يەرلىك گىلەم توقۇش دۇكانلىرىدىكى ئۇرۇشلەر قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان تەڭباسقۇ ھەمدە ئېگىز - پەسلىكى ھەر خىل بولغان پەشتاختىلار ۋە ھەر خىل چوڭ - كىچىكلىكتىكى پانا قاتارلىقلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇرۇشلەر چىڭىتىلىدۇ. ئەگەر دۇكان پاچىقىغا كۆتەك يانداپ بېكىتىپ ياسالغان چوڭ تىپتىكى ياغاچ دۇكان بولسا، دامكرات ئارقىلىق ئۇرۇش چىڭىتىلىدۇ.

**كامال قۇرۇش:** بۇ ئالدى ۋە كەينى رەت ئۇرۇشلەرنى پاراللېل ھالدا ئوخشاش ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇرۇشلەرنىڭ ئاستى قىسمىدا گىرە ھاسىل قىلىش ۋە ئەسلىي ھالىغا قايتۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلاشنىڭ مۇھىم تۈقىسى بولۇپ، توقۇلۇۋاتقان گىلەمگە ئارقاق ئۆتكۈزۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئادەتتە گۈلى باغلىنىپ، ئۇرۇشلەر چىڭىتىلغاندىن كېيىن كامال قۇرۇلىدۇ. كامال قۇرۇشتا 10 ~ 14 نەخ ئۇرۇشنى جۈپلەپ، كىچىك بالىنىڭ بارمىقىدەك تومۇلۇقتا گۈلى يىپى ئېشىپ تەييارلىنىدۇ. گۈلى ياغىچىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كامال يىپنى ئۆتكۈزۈپ، كامال يىپنىڭ ئىككى ئۇچى ھالقىلاپ چىگىلىپ، بىر ئۇچى يەنە بىر ئۇچىدىكى ھالقىسى ئىچىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، كامالنىڭ ئۇچىغا چىگىلىدۇ. بىر كامال يىپنى ئاستىنقى گۈلى ياغىچىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇنىڭمۇ ئىككى ئۇچىنى ئايرىم - ئايرىم ھالقىلاپ چىگىپ، بىر ئۇچىدىكى ھالقىسى ئىچىدىن يەنە بىر ئۇچى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىچىدىن ئۆتكەن ئۇچىنى كامالغا چىگىشتىن بۇرۇن كامالنى توغرا بالداق ئۈستىگە قويۇپ، توغرا بالداق ئاستىدىن كامال ئۇچىغا چىگىلىدۇ. كامال يىپنىڭ ھالقىلانغان ئۇچى ئىچىدىن ئۆتكەن قىسمىنىڭ ھالقا ئۈستى تەرىپىدىن ئېلىپ ئەكىلىپ، ئۈستى تەرەپ كامال يىپى توغرا بالداق ئۈستى تەرەپتىن كامال ئۇچىغا، ئاستى تەرەپنىڭ كامال يىپنى توغرا بالداق ئاستىن تەرىپىدىن كامال ئۇچىغا ئىلدۇرۇپ، يىپنى سىيرىما شەكىلدە سىرىپ، كامال يىپى چىڭىتىلىدۇ. بۇ خىلدىكى تەييارلىق جەريانى كەسىپ تىلىدا «كامال قۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئۆرۈمە ئۇرۇش:** ئۆرۈمە ئاساسەن گىلەم ئۆرۈشلىرىنى رەتكە تىزىپ، زىچ - شالاڭلىقىنى تەڭشىگۈچى ھەمدە تىۋىتىسىز توقۇلغان كۆگاپ قىسمىنىڭ چۈچا ئۇچى تەرىپىگە يېنىپ، چۈۋۈلۈپ

كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇرۇشلەرنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرغۇچى ئەڭ مۇھىم مۇھاپىزەتچى قىسىمدىن ئىبارەت.

ئۆرۈمە ئۇرۇشتە ئالدى بىلەن كامالنى يۆلەپ قويۇپ، گىرە ئۈستىگە بىر تال ئۇرۇشنى ئۆتكۈزۈپ، ئاستىدا 15cm ئۇرۇش ئۈچى چۈچىلىرىنى قالدۇرۇپ، گىرە ئۈستىگە ئىلىنىدىغان ئۇرۇشنى پاراللېل ھالدا ياخشى تۈزلىگەندىن كېيىن، ئۈستىگە ئۆرۈمە ئۇرۇش لازىم. ئۆرۈمە ئادەتتە ئىككى رەت ئۆرۈلىدۇ. بىرىنچى قېتىم كامالنى ئۈستىگە يۆلەپ قويۇپ، ئۆز جۈپتى بىلەن ئۆرۈلىدۇ. يەنە بىر قېتىم كامالنى ئاستىغا بېسىپ قويۇپ، ئىلگىرىكى قېتىمدىكى ئۇرۇشلەرنىڭ جۈپتى ئايرىلغان ھالدا ئەسلىي جۈپتىدىن ئايرىپ باشقا بىرقوشنا ئۇرۇش بىلەن جۈپلەپ ئۆرۈلىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق ئۆرۈمە سول تەرەپتىن ئوڭ تەرەپكە داۋاملاشتۇرۇلۇپ ئۆرۈلىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق ئۆرۈمە ئوڭ تەرەپتىن سول تەرەپكە داۋاملاشتۇرۇلۇپ ئۆرۈلىدۇ. ئۆرۈمىنى ئۆرۈگەندە چىڭتىپ ئۇرۇش، شۇنداقلا ئىككى رەت ئۆرۈمىنى ئىككىلا قېتىمدا بىر جۈپ ئۇرۇشكە ئۆرۈپ قويماسلىق لازىم.

**كۈگاپ قېقىش:** بۇ، گىلەم توقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئاق ئارقاق بىلەن تېۋىتسىز ھالدا گىرەلىك ۋە گىرەسىز ئارىلىقلارغا نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئارقاق ئېلىپ خۇددى رەختكە ئوخشاش توقۇلىدىغان قىسمى بولۇپ، تېۋىتلارنى تۇتۇپ تۇرغۇچى مۇھىم مۇھاپىزەتچى قىسىمدىن ئىبارەت. بۇ، كۆپىنچە تېخنىكىلىق تەلىپىگە قاراپ 2 cm كەڭلىكتە توقۇلىدۇ. كۈگاپ قېقىشتا ھەر قېتىملىق ئۆتكۈزۈپ قېقىلغان ئارقاقنى ئۇرۇش گىرە ئارىلىقىنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئارقاق پىچەك قىسمىنى نورمال ئېگىزلىكتە تارتىشتۇرۇپ تۇتۇپ، تەدرىجىي بوشىتىپ ۋە پەسەيتىپ بېرىش بىلەن پەنجىنى بىر ئۆرۈشتىن يۇرۇشتۇرۇپ، ئۇرۇش ئارقىلىق قېقىلىدۇ.

## 2. تېۋىت چىگىش ئۇسۇلى

خوتەن گىلىمى تېۋىتىنىڭ چىگىلىشى خۇددى توغرىسىغا يېزىلغان سەككىز رەقىمىگە ئوخشاش بولۇپ گىرە ئالدى ۋە كەينى

رەتتىن بىردىن جەمئىي ئىككى دانە ئۇرۇشكە بىر تىۋىت چىگىلىدۇ. تىۋىت ئالدى رەتتىكى ئۇرۇشكە بىر، يۆگۈلۈپ، كەينى رەتتىكى ئۇرۇشكە ئىلىنىۋېلىپ چىگىلگەچكە، ناھايىتى مۇستەھكەم بولۇپ ئاسان سۇغۇرۇلۇپ چۇشۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا خوتەن گىلەمىنىڭ چىداش مۇددىتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مىراس بولۇپ قالىدۇ.

تىۋىت چىگىشتە ئالدى بىلەن ئۇستىرا پىچاقنى ئوڭ قولدا تۇتۇپ، ئوڭ قول كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى سەل ئالدىغا ئېگىپ، باش بارماق بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئۇچىنى تەڭلەشتۇرۇپ بارماق ئۇچىنى يەڭگىل جۇپلەپ، ئۇرۇش ئارىسىغا چوقۇپلا بىر جۈپ ئۇرۇش ئىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سول قولنىڭ باش بارماق، كۆرسەتكۈچ بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماقلىرى بىلەن يۇڭ يىپ تۇتۇلۇپ، ئالدىغا چىقىرىلغان بىر جۈپ ئۇرۇشنىڭ ئارىلىقىغا كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرا بارماق ھەم يۇڭ يىپ ئۇچى تىقىلىدۇ. باش بارماق ئالدىنقى ئۇرۇشنىڭ ئۇستىدە تۇرىدۇ. دەل شۇ پەيتە، ئۇستىرا تۇتقان ئوڭ قول كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئۇرۇش ئىلگەن يىپنى قويۇپ بېرىلمەي، ئۇستى تەرەپكە سىيرىلدۇرۇپ كۆتۈرۈلىدۇ. ئوڭ قول كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا ئۇرۇش ئارىلىقىغا كىرگۈزۈلگەن يۇڭ يىپ ئۇچى سول قول كۆرسەتكۈچ بارماق ئارقىلىق ئالدى تەرەپكە ئېگىلىدۇ-دە، باش بارماقنىڭ بېسىپ بېرىشى ئارقىلىق يۇڭ يىپ ئۇچىنى كەينى تەرەپكە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئوڭ قول تۆۋەنگە سىلىنىدۇ-دە، ئىككى ئۇرۇش جۈپلىشىپ، تىۋىت ئۇچىنى قىسىدۇ. بۇ پەيتتە كەينىگە ئۆتكۈزۈلگەن يۇڭ يىپ ئۇچى سول قول كۆرسەتكۈچ بارماق ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ سول تەرىپىدىن ئالدىغا چىقىرىلىپ، باش بارماق بىلەن تۇتۇلۇپ تۆۋەنگە سىيرىپ چۈشۈرۈپ كېسىلىدۇ.

تىۋىت چىگىش ئۇسۇلى يۇقىرىقىدەك بولۇپ، تىۋىت ئۇچى بارماق ئۇچى بىلەن باراۋەر چىقىرىپ تۇتۇلۇپ، ئۇرۇش ئارىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ چىگىلسە، تىۋىت قىسقا چىگىلىدۇ. ئۇزۇن چىقىرىپ چىگىلسە، تىۋىت ئۇزۇن چىگىلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە قايچىلاپ تەكشىلەشتە، كۆپ قىرقىلىپ كېتىپ، يۇڭ يىپلار ئىسراپ بولىدۇ. تىۋىت باسقاندا تىۋىتنى بىر ئاز تارتقان ھالدا ياخشى بېسىش بىلەن تىۋىت ئىككى ئۇچىنى باراۋەر قىلىپ كېسىش كېرەك. تىۋىتنىڭ بىر

ئۈچى ئۇرۇش تۇۋىدە، بىر ئۈچى ئۇزۇن چىقىپ قويۇلسا، تىۋىتىنىڭ قىسقا ئۈچى قايچىغا چىقماي، تىۋىتلىرى شالاڭ، ئېگىز - پەس بولۇپ قالىدۇ. گىلەمنىڭ كەينى يۈزنىمۇ سىلىق چىقمايدۇ. شۇڭلاشقا تىۋىتنى سايلاپ، ياخشى بېسىپ، ئىككى ئۈچىنى تەڭ كېسىپ قىسقا چىگىشنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

## 3. ئارقاق ئۆتكۈزۈش ۋە پەنجە ئۇرۇش ئۇسۇلى

**ئارقاق ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى:** ئارقاق ئۇرۇش ئارىلىقىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ، ئۇرۇش بىلەن ئۆز ئارا گىرەلىشىپ، ئۇرۇشلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ رەتلىك تۇتۇپ، ئۇرۇش بىلەن گىلەمنىڭ ئۇستىخان قىسمىنى شەكىللەندۈرۈپ، تىۋىتنىڭ يۇلۇنۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چىگىلگەن تىۋىتنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىدىن بېسىپ، مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرغۇچى مۇھىم ئاساستىن ئىبارەت.

ئارقاقتىن ئايرىلغان گىلەم مەۋجۇت بولالمايدۇ. ئارقاق بولمىسا، ئۇرۇشلەرنىڭ بىر -بىرىگە باغلاشقان ھالدىكى بىر پۈتۈنلۈكى بولمايدۇ. ئۇستىخانسىز گۆش بولمىغىنىدەك، تىۋىتمۇ ئارقاقسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئارقاق گىلەمدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇستىخان بولۇپ، گىلەم گەۋدىسىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ئاساستۇر.

**ئارقاق ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى:** تىۋىت چىگىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىگە ئىككى ياكى ئۈچ رەت ئارقاق ئېلىنىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق ئارقاقلار كامالنى ئۈستى تەرەپكە يۆلەپ قويۇپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق ئارقاق كامالنى بېسىپ قويۇپ گىرە ئۈستىگە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق ئارقاق «بېسىق ئارقاق» ياكى «ئوتتۇرا ئارقاق» دەپ ئاتىلىپ، ھەممىدىن مۇھىم بولغان ئارقاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئارقاقنى پەنجە بىلەن قېقىپ، تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ چىڭىتىشتا سۈپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئوتتۇرا ئارقاق كەينى يۈزىگە كۆرۈنۈپ، تىۋىت قۇر ئارىلىقىنى ئايرىپ تۇرغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق ئارقاقلار تىۋىت ئۈستىگە ۋە

ئوتتۇرا ئارقاق ئۇستىگە ئېلىنغاچقا، كەينىدىن كۆرۈنمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئىچكى ئارقاق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئارقاق گىلەم كەڭلىكىنىڭ نورماللىقىنى ساقلاپ تۇرۇشنىڭ تۈنقىسى ھېسابلىنىدۇ.

**پەنجە ئىشلىتىش ئۇسۇلى:** پەنجە ئادەتتە ئارقاقلارنى ئۇرۇش تۈۋىگە ئۇرۇپ چىڭىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنى ئىشلىتىشتە ھەممە ئادەمنىڭ تېخنىكىسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ھەر خىل شەكىلدە پەنجە ئۇرۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. پەنجە ئۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولۇش - بولماسلىقى گىلەم سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەنجە ئۇرۇش ئادەتتە سىلكىپ ئۇرۇش، دەرۋازا چەككەندەك ئۇرۇش، قوشغۇراق شەكىللىك تېز سۈرئەت بىلەن كىچىك دائىرىلىك ئۇرۇش، پەنجە ئۇچىنى ئۇستىگە قارىتىپ، ئوڭدىنىغا ئۇرۇش قاتارلىق بىر نەچچە خىل بولىدۇ.

(1) پەنجىنى سىلكىپ ئۇرۇش: بۇ خىل پەنجە ئۇرۇش ئۇسۇلى ناچار ئۇسۇل بولۇپ، پەنجىنى سىلكىپ ئۇرغاندا، ئارقاق ياخشى چۈشمەستىن، بەلكى ئارقاقلار ئۇرۇلۇپ چانىلىپ كېتىدۇ. گىلەم ئوڭاي يىرتىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. يىرتىلمىغان تەقدىردىمۇ ئارقاقلار ئاجىزلاپ كەتكەچكە چىداش ئۆمرىگە تەسىر يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۇقۇلۇۋاتقان گىلەمنىڭ ئالدى تەرىپى كەينى تەرىپىگە يۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىپ، خىپچا ۋە گىلەمنىڭ تەكشىلىكى تاغ جىلغىلىرىدەك ئەگرى بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە گىلەمنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى توز چىقمايدۇ. ھەتتا گىلەمدە خالتا پەيدا بولۇپ قېلىش ئەھۋالى تۇغۇلىدۇ.

(2) پەنجىنى دەرۋازا چەككەندەك ئۇرۇش: بۇ خىل ئۇرۇش سالماق يۇگۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا ئوخشاش گۇپ - گۇپ ئاۋاز چىقىدىغان ئۇرۇش بولۇپ، بۇ خىل ئۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ياخشى ئەمەس. بۇ خىل ئۇرۇشنىڭ زەربىسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر ئاز سىلىق بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئۇرۇشتا، ئۇرۇپ چۆكۈرۈپ بولغان ئارقاق گىلەمنىڭ ۋە ئۆرۈشلەرنىڭ كىچىك دائىرىلىك تىترەپ سىلكىنىش بىلەن ئۇستىگە يېنىپ كۆتۈرۈۋېلىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە گىلەم قۇرلىرى شالاڭلاپ كېتىش، قۇر ئۆلچىمىگە يەتمەسلىك، گىلەم بوش، يۇمشاق چىقىپ قېلىش ئەھۋاللىرىغا سەۋەب بولىدۇ.

(3) قوڭغۇراق شەكىللىك ئۇرۇش: بۇ خىل ئۇرۇش كىچىك دائىرىلىك تېز سۇرئەتتە ئۇرۇش بولۇپ، پەنجىنىڭ ئۇرۇلۇش سۈرئىتى تېز بولغانلىقتىن، زەربىسىمۇ نورمال ۋە تەكشى بولىدۇ. ئارقاقنىڭ ئۇرۇپ چۈكۈرۈلۈشىمۇ ياخشى ۋە تەكشى بولىدۇ. گىلەم قۇرلىرىمۇ تەكشى ئۆلچەمگە يېتىدۇ. گىلەم قاتتىق چىقىدۇ. گىلەم كېيىنگە چۈكۈپ كەتمەيدۇ. كېيىنى تەكشىلىكى بۇزۇلمايدۇ. ئارقاقلىرىمۇ زەخىملەنمەيدۇ. گىلەمنىڭ چىداش ئۆمرىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ. شۇڭلاشقا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ پەنجە ئۇرۇش ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(4) پەنجە ئۇچىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تىكلەپ ئۇرۇش. پەنجە ئۇچىنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئوڭدىسىغا يانتۇ ئۇرۇش ئۇسۇللىرى پاسسىپ ئۇسۇللاردۇر. چۈنكى پەنجە تۈز، تەكشى تۇتۇپ ئۇرۇلمىغاچقا، پەنجە زەربىسى ئارقاقنى ياخشى باسالمايدۇ. پەنجە ئۇچىنى تۆۋەنگە مايىل قارىتىپ ئېگىشتۇرۇپ ئۇرغاندا، كۆرۈنۈشتە قۇرى زىچتەك كۆرۈنىدۇ. تۈۋتىلىرىنىڭ ئۇچلىرى بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ ماڭىدۇ، ئەمما گىلەم بوش، يۇمشاق چىقىپ قالىدۇ. پەنجىنى ئوڭدىسىغا چىشلىرىنى ئۈستىگە مايىل قىلىپ قارىتىپ ئۇرغاندا گىلەم قۇرى ئۆلچەمگە يەتمەي قۇرلىرى شالاڭلاپ كېتىدۇ. گىلەم بوش، يۇمشاق چىقىپ قالىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ خىل پەنجە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەڭ ياخشىسى پەنجە ئۇچىنى بىر ئاز تۆۋەنگە قارىتىپ، تىك زەربە بىلەن قوڭغۇراق شەكىلدە ئۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 4. قىرغاق يۆگەش ۋە گىلەم قىرغاقلىرىنى تارتىش

**قىرغاق يۆگەش:** قىرغاق يۆگەش گىلەم توقۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ گىلەمنىڭ قىرغاق تۈۋتىلىرى رەڭگىدىكى يۇڭ يىپ بىلەن قىرغاقتىكى ئىككى ياكى ئۈچ تال ئۇرۇش ئەتراپىنى ئوراپ يۆگىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ، قىرغاق ئۆرۈشلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئارقاقلارنىڭ گىلەم قىرغاقلىرىدىن

كۆرۈنۈپ قالماسلىقى ھەمدە قىرغاقلارنىڭ مۇستەھكەم ۋە چىرايلىق چىقىشى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**قىرغاق يۆگەشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر:** قىرغاق چىۋىقى توم - ئىنچىكىلىكى تەكشى، سىلىق ھەمدە پۇختا يۆگىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. قىرغاقتىن ئارقاق چۇۋۇلۇقلىرى ۋە ئۇچلىرى كۆرۈنۈپ قېلىشقا، شۇنداقلا ئارقاق ئاتلاپ قىرغاق يىپى ئۈستىگە چىقىپ قېلىشقا بولمايدۇ.

**گىلەم تىۋىتلىرىنى قايچىلاش:** تىۋىت چىگىپ ئارقاق ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن تىۋىت ئۇزۇنلۇقىنى (گىلەم قېلىنلىقىنى) ئۆلچەم قىلىپ، تىۋىتنىڭ ئارتۇق قىسمى قىرقىلىپ، تىۋىت ئۇچى تەكشىلىنىدۇ. تىۋىتنى قايچىلاشتىن ئىلگىرى ئىككى قول بىلەن تىۋىتنىڭ ئۇچىنى بىر قاتاردىن تەكشى تارتىپ تۈزلەپ، تۇگۇلۇۋالغان، مىنگىشىۋالغان تىۋىتلار رۇسلىنىپ، ئاندىن قايچىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل كەسىپ تىلىدا «شىپىقداش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر تىۋىتلار شىپىقدالماي قايچىلانسا، تۇگۇلۇپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان ۋە مىنگىشىۋالغان تىۋىتلار قايچىغا چىقماي كېيىن ئۆزلۈكىدىن رۇسلىنىپ، گىلەم يۈزىدە ئۆسۈك تىۋىت شەكىللەندۈرۈپ، گىلەمنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئادەتتە قايچىلانغاندىن كېيىن، تىۋىتلار سول تەرەپكە بىر ئاز ياتىدۇ، ئۇنى قولنىڭ كەينى بىلەن سىلاپ، ئوڭ تەرەپكە ياندۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم قايچا سېلىۋېتىش كېرەك. گىلەم تىۋىتلىرىنى قايچىلاشتا، بىر قۇردا چوڭقۇر، بىرقۇردا ئۇزە قايچىلاپ، گىلەم يۈزىدە قايچا ئىزى پەيدا قىلىپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر قۇرنىڭ تىۋىتلىرى چىگىلىپ، ئارقاقلىرى ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا قايچىلاپ، تەكشىلەپ مېڭىش كېرەك. بىر خىل تەكشىلىكتە قايچىلاش ئۈچۈن تۈز ئولتۇرۇپ سولدىن ئوڭغا قاراپ ياخشى شىپىقداپ بولغاندىن كېيىن قايچىلاش كېرەك.

**گىلەمنى دۇكاندىن چۈشۈرۈش ۋە سۈپەتلەش:** گىلەمنىڭ تىۋىت قىسمى پۈتكەندىن كېيىن، گىلەمنى باشلاش ۋاقتىدىكىدەك 2cm كەڭلىكتە كۆگاپ قېقىلىدۇ. شۇنداقلا بىر قېتىم كامال يۆلەكلىك، بىرقېتىم كامال بېسىپ قويۇلغان ھالەتتە، ئىككى قاتار ئۆرۈمە ئۆرۈپ بولۇپ، ئۆرۈمە ئۈستىدىن 15cm ئېگىزلىكتە چۇچا

قالدۇرۇپ، تاناپ چىكىپ، ئۆرۈشنى بىر ئاز بوشىتىۋېتىپ، تاناپ سىزىقى بويلاپ ئۆرۈشلەر كېسىلىدۇ. ئەگەر ئۆرۈش بوشىتىلماستىن، كېسىلسە، ئوق تەرەپتىن كېسىپ ماڭغاچقا، كېسىلمىگەن سول تەرەپنىڭ تارتىش كۈچى ئېشىپ كېتىپ، گىلەمنىڭ شەكلىنى بۇزۇپ قويىدۇ. ھەتتا گىلەمنىڭ سول تەرەپ قىرغىقى يىرتىلىپ كېتىش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆرۈشلەرنى بىر ئاز بوشىتىپ كېسىش، كەسكەندىمۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كېسىش لازىم. كېسىش ۋاقتىدا گۈلى يىپلىرىنى گىلەم ئۈستىگە سىيرىپ چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك. گىلەم كېسىلگەندىن كېيىن خىپچىدىكى ئۈرۈش تارتقاندا ئىككى باش تەرەپكە چىگىپ باشلىغان ۋە ئاخىرلاشتۇرغان ئۈرۈش ئۇچلىرىنى كېسىۋېتىپ، چۇچىلارنى يىغىپ تۇتۇۋېلىپ، خىپچا بىر باشتىن سۇغۇرۇۋېلىنسا، چۇچا گىلەمدىن ئاجراپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گىلەمنى يەرگە سېلىپ، ئالدى - كەينىنى پاكىز سۈپۈرگەندىن كېيىن گىلەمنىڭ ئالدى يۈزى بىر قۇر تەكشۈرۈلىدۇ. ئۆسۈپ قالغان تىۋىت ئۇچلىرى رۇسلىنىپ، بىر قاتاردىن قايچا سېلىنىدۇ. بىر ئاز سۇ پۈركۈپ، تىۋىتلارنى قول بىلەن بىر تەرەپكە سىيرىپ، توزۇندى قىل - چاڭلار چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گىلەمنى يېيىشتۇرۇپ، كەينى يۈزى پاك - پاكىز سۈپۈرۈلىدۇ ھەمدە كەينىگە يېتىپ قالغان تىۋىت ئۇچلىرى يۇتاپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئەمما ئۆرۈش تۈگۈنچىلىرى، ئارقاق چۇۋۇلۇقلىرى، بوش سېلىنغان ئارقاق قاتارلىقلارنى كېسىپ يۇتاشقا بولمايدۇ. ئۇلارنى ئۇچلۇق قىسقۇچ ياكى ئۇچلۇق زىخ بىلەن چوقۇپ، ئۈرۈش ئارىلىقلىرىدىن ئالدى يۈزى تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋېتىش لازىم. بوش سېلىنىپ قالغان ئارقاقلارنى زىخ بىلەن ئىلىپ تارتىپ ئارتۇق قىسمىنى بىر يەرگە يىغقاندىن كېيىن ئۇچىنى تۇتۇپ تولغاپ ئېشىپ، قىسقا بولسا زىخ بىلەن ئالدى تەرەپكە چوقۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇزۇن بولسا، ئوتتۇرىدىن ئۈزۈپ چىگىپ، ئاندىن ئالدى تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋېتىش ياكى يىڭنە بىلەن ئىككى تەرەپكە ئالماشتۇرۇپ ئۈرۈش ئارىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەك. ئۇنداق قىلماي تۈگۈنچە، ئارقاق چۇۋۇلۇقلىرى قاتارلىقلار كېسىۋېتىلسە گىلەمدە تۆشۈك پەيدا قىلىپ قويىدۇ. تىۋىت چىگىلمىگەن جايلار ۋە بۇزۇلغان گۈللەر كۆرۈلسە، تىۋىتنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىپ، يىڭنە بىلەن قايتىدىن

ئەسلىدىكى تېۋىت چىگىنىش ئۇسۇلى بويىچە تېۋىت ئۇندۇرۇش كېرەك.
گىلەم پاك - پاكىز يۇتاپ تازىلانغاندىن كېيىن گىلەمنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىگە مېتىر تۇتۇپ، باراۋەرلىك ئەھۋالى ئىنچىكە كۆزىتىلىدۇ. كىرىپ كەتكەن ياكى چىقىپ قالغان قىرغاقلار كۆرۈلسە، يەڭگىل بولسا سوزۇپ تارتىپ ئوڭشىلىدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇل ئىشەنچلىك بولمىغاچقا، ۋاقىتلىق تۈزەلگەندەك كۆرۈلسىمۇ، ئاخىرى ئەسلىي ھالغا قايتىۋالىدۇ. ئەگەر ئېغىر ھالدا مايماقلىق كۆرۈلسە، سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ بۇنداق ئەھۋالنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

# تۆھپىكار گىلەمچىلەر شەجەرىسى

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك خوتەندە گىلەمچىلىك ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، گىلەمچىلىكنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى كونكرېت ئەھۋالى، ئۆزگىرىشى، تەرەققىياتى ھەمدە مەشھۇر گىلەم ئۇستازلىرىنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ھۈنەر سەنئەت تارىخىغا ئائىت تەپسىلىي ماتېرىياللار ھېلىغىچە ئاساسەن بايقالغىنى يوق. شۇڭا بۇ يەردە مىنگونىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن ياكى يېڭى نۇسخىلىرىنى ئىجاد قىلىش، ھۈنەر سەنئەتنى ياخشىلاش جەھەتلەردە مەلۇم تۆھپە قوشقان بىر قىسىم تۆھپىكارلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## ئىمىن قاسىم

ئىمىن قاسىم 1925 - يىلى خوتەن ناھىيىسىدىكى بوزاق يېزا ماجا يەكشەنبىسى كەنتىدە تۇغۇلغان. دادىسى قاسىمئاخۇن ئۇستا ياغاچچى بولۇپ، قاسىمئاخۇن خارات دېگەن نام بىلەن ئۆز يېزىسىغا تونۇلغان ھۈنەرۋەن ئىدى.

1939 - يىلى ئىمىن ئاسىم ئۆز قىزىقىشى بويىچە، بوزاق يېزا ماجا كەنتىدىكى ئۇستا گىلەمچى ماخمۇت ئاخۇن ناۋايغا شاگىرت بولۇپ كىرگەن. 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شۇ ۋاقىتلاردا توقۇلىدىغان

گىلەم نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇستازىدىن قىلىشمايدىغان دەرىجىدە خاتاسىز توقۇيالايدىغان بولغان. 1942- يىلىنىڭ بېشىدا ئىمىنىسى ماخمۇت قاسىم ۋە ئاۋۇت قاسىملار بىلەن بىرلىكتە ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى قارىمىقىدىكى گىلەم كارخانىسىغا ئىشچى بولۇپ كىرگەن. شۇ يىلى شىركەت مەسئۇلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئۇلار تەمىنلىگەن بىرپارچە يولۋاس سۈرىتىگە ئاساسەن، ھېچقانداق خەرىتە يوق ئەھۋالدا ئىككى ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە ئالتە كۋادرات مېتىرلىق، يولۋاس سۈرەتلىك گىلەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توقۇپ چىقىپ يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

1950 - يىلى 15 - ئاپرېلدا رەسمىي قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىغا ئىمىن ئاسىم تۇنجى نۆۋەتلىك كارخانا باشلىقى چاقچاق بولۇپ تەيىنلەنگەن.

1951 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋالىيسى نەبىجان يۇسۇپ كەلكۈن نۇسخا گىلەمنى ئىسلاھ قىلىپ توقۇشنى تاپىلىغاندىن كېيىن، ئىمىن قاسىم كەلكۈن نۇسخا گىلەمنى ئۆزگەرتىپ، ئۆركەش كەلكۈن نۇسخا گىلەمنى لايىھىلەپ توقۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ۋە بازىرى ئىتتىك مالغا ئايلانغان. 1951 - يىلى مارتتا ئىمىن قاسىم لوپ ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ يۆتكەلگەن ۋە 1956 - يىلى ئاپرېلغا قەدەر شۇ ۋەزىپىدە بولغان. شۇ يىلى ئاپرېلدىن 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە سېخ مۇدىرى بولغان. 1959 - يىلى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا گىلەم كارخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەندىن تارتىپ تاكى 1987 - يىلى ئۆكتەبىرگە پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر بۇ كارخانىنىڭ مەسئۇل پرىيومچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1951 - يىلى لوپ ناھىيىسىگە بارغاندىن كېيىن، لوپ شەھەر ئىچىدىكى گىلەم بازىرىدا كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، گۈل نۇسخىسى ناھايىتى كۆركەم بولغان بىر پارچە گىلەمنى بايقىغان. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ گىلەمنىڭ مىنگونىڭ ئاخىرلىرىدا لوپ ناھىيىسىدە گىلەمچىلەر ئاقساقىلى بولغان بىر چوڭ گىلەمچى باينىڭ ئائىلىسىدە نۇرغۇن زامانلار ساقلانغان گىلەم ئىكەنلىكىنى، كېيىن بۇ گىلەمنىڭ مۇسادىرە قىلىنىپ باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى

بىلگەن ۋە سانقۇچى كىشىنىڭ قويغان باھاسى بويىچە 60 چارەك قوناقتا سېتىۋالغان ھەمدە مۇشۇ گىلەمنى ئۆرنەك قىلىپ «پالاس نۇسخا ئەدىيال» گىلەمنى توقۇپ چىققان. بۇ خىل گىلەم ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى باھاغا ئېرىشىپ بازىرى چاپ - چاپ بولۇپ كەتكەن. ئەسلىي نۇسخا گىلەم 1966 - يىلىدىن كېيىن باغچى بازىرىدىكى ماھىر گىلەمچى ئوبۇلقاسىم لەڭگەر دېگەن كىشىنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

ئىمىن قاسىم ئاكىنىڭ خوتەن گىلەمچىلىكىگە قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسى لوپ بازىرىدىن قەدىمىي گىلەمنى، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچە سەنئەتنى بايقاپ ئۇنى سېتىۋالغانلىقى ۋە «پالاس ئەدىيال نۇسخا» دېگەن يېڭى سورتنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ بايقاش نەتىجىسىدە ھازىرغىچە بولغان 50 يىل ئىچىدە ئەدىيال نۇسخا گىلەمنىڭ بىر - بىرىدىن گۈزەللىك تالىشىدىغان يەنە بەش خىل يانداش سورتى بارلىققا كەلدى ۋە بۇلار بىرلىكتە خوتەن گىلەملىرىنىڭ گۈلتاجىسى سۈپىتىدە شۆھرەت قازىنىپ كەلدى.

ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭ، خۇش مىجەزلىك ئىمىن قاسىم ئاكا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى شۇنچە مەنىلىك ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇنتۇلماس تۆھپە قوشقان بولۇشىغا قارىماي، ئىنتايىن مۇلايىم، كەمتەر كىشى بولۇپ، ئاپتورنى ناھايىتى كۆپ ئاغزاكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. 78 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بېجىرىم تۇرۇۋاتقان ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ مويسىپىت ئايالى روزىنىساخان بىللە كۆڭۈللۈك ياشىماقتا.

## ئىمىن ئاخۇن بوياق

ئىمىن ئاخۇن 1912 - يىلى خوتەن شەھىرىنىڭ گۈجەنباغ يېزىسىدا كەسپىي بوياقچى قاسىم ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ بوياقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن دادىسى قاسىمئاخۇندىن بوياقچىلىقنى ئۆگەنگەن ھەمدە ماتا، چەكمەن بوياش، يۇڭ يىپ بوياش ۋە سەرگەز بېسىشتا ماھىرلىقى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن.

1950 - يىلى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى قۇرۇلغاندا، بۇ كارخانىنىڭ بوياقچىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنغان. ئۇ تەبىئىي

بوياق ماتېرىياللىرى ۋە سانائەت بوياق ماتېرىياللىرى بىلەن خام ئەشيا بوياشقا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، تەلەپ قىلىنغان بوياق تۈرىنى خاتاسىز ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى. شۇڭا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر گىلەم كارخانىسىدا بوياق تەڭشەش، خام ئەشيا بوياش بىلەن شۇغۇللانغان.

1991 - يىلى گىلەم كارخانا رەھبەرلىكى تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدا بويالغان گىلەم توقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ 80 ياشقا بېرىپ قالغىنىغا قارىماي، ئىدىرىس مەتتۇرسۇن بىلەن بىللە كۆپلىگەن يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنى يىغىپ كەلدى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ تەبىئىي بوياق يىپ بوياشنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۆلچەملىك ئۇسۇللىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن، ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 40 يىل بولغان تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ خام ئەشيا بوياش كەسپى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى.

ئىمىن ئاخۇن بوياغ 1998 - يىلى 86 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## ئابابەكرىئاخۇن چوجە

ئابابەكرىئاخۇن 1919 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ چاۋاغ يېزا قاراقىي كەنتىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن باشلاپ گىلەمچىلىككە شاگىرتلىققا كىرىپ ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپ يېتىشكەن. 1952 - يىلى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىغا قوبۇل قىلىنىپ، گىلەم توقۇش سېخىدا ئىشلىگەن، بىر مەزگىل سېخ مۇدىرى بولغان.

ئابابەكرى ئاخۇننىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، 10 نەچچە خىل ئەنئەنىۋى نۇسخىدىكى گىلەملەرنىڭ نەچچە ئون خىل رەڭ تۈرىنىڭ گۈل نەقىش شەكىللىرى ۋە رەڭ ئايرىمىسىنى ئېنىق ئېسىدە ساقلىغان بولۇپ، 1970 - يىللاردىن ئىلگىرى گىلەم خەرىتىسى بولمىغان ئەھۋالدا ئۇ تېخنىكا يېتەكچىلىكى جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. بولۇپمۇ ھايۋانات سۈرىتى چىقىرىلىدىغان ئوبراز نۇسخا گىلەم توقۇشقا ناھايىتى ماھىر بولۇپ، بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىشتا تېخنىكا يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

ئابابەكرىئاخۇن ئۇستا 1981 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. 1982- يىلى 63 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## ئىدرىس مەتتۇرسۇن

ئىدرىس مەتتۇرسۇن 1948 - يىلى مايدا خوتەن شەھىرىدە كەسپىي گىلەمچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1960 - يىلى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىغا شاگىرت بولۇپ كىرگەن. 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تيەنجىنگە بېرىپ، پار ئارقىلىق يۇڭ يىپ بوياش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن. 1967 - يىلى 7 - ئايلاردا تيەنجىندىن قايتىپ كېلىپ، بوياقچىلىق سېخىدا تېخنىك بولغان. 1970 - يىلىدىن 1991 - يىلىغا قەدەر گىلەم كارخانىسى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئىشلەپ چىقىرىشقا مەسئۇل دائىمىي ھەيئىتى، گىلەم توقۇش سېخىنىڭ مۇدىرى، بوياقچىلىق سېخىنىڭ مۇدىرى، تەييارلىق، بوياش، گىلەم يۇيۇش سېخىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1991 - يىلىدىن هازىرغىچە ئىشلەپ چىقىرىش، پىلان بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئىدرىس مەتتۇرسۇن 1967 - يىلى مەتتۇرسۇن ئايۇپ، فۇسچاڭ قاتارلىق ئۈچ كىشى تيەنجىندە سانائەت بوياقلىرىدا پار ئارقىلىق يۇڭ يىپ بوياش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يېڭى تېخنىكىنى ئىشلەپ چىقىرىشتا قوللىنىپ، پار بىلەن بوياشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

1981 - يىلى ئۇ يېڭى پۈتكەن گىلەملەرنى ماشىنا ئارقىلىق تاراپ يۇيۇش تېخنىكىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنىپ شۇ يىللاردا ئىككى يىل سىناق قىلىپ قوللىنىلغان. 1991 - يىلىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلغان.

1990 - يىلى تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدا يىپ بوياپ گىلەم توقۇش ئۇسۇلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، پېشقەدەم بوياقچى ئىمىن قاسىم بىلەن بىرلىكتە ئوردان يىلتىزى، تۇخۇمەك چېچىكى، ئانار پوستى، ياڭاق پوستى، شاخار قاتارلىق نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، يىپ بوياشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرغان. هازىر بۇ خىل

تەبىئىي بوياق گىلەملەرنىڭ مەھسۇلاتى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن خېرىدارلىقى ياخشى، ئاساسەن چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

1990 ـ يىلى ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تەبىئىي رەڭدار گىلەم (قوي يۇڭىنى ئەسلىي رەڭلىرى بويىچە ئايرىم ئېگىرىپ توقۇلىدىغان گىلەم) توقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ قوبۇل قىلىنىپ يولغا قويۇلغان. ھازىر بۇ خىل گىلەم ھەر يىلى 1 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. مىقدارى ئاز بولسىمۇ، بازارلىقى ياخشى. ئوخشاش سۈپەتتىكى سۈنئىي بوياق گىلەملەرگە قارىغاندا %30~ % 40 يۇقىرى باھادا سېتىلىدۇ. كۆپ قىسمى ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

ئىدرىس مەتتۇرسۇن ئوتتۇرىغا قويغان بىر قانچە تەكلىپ ئاساسىدا يولغا قويۇلغان بۇ تەدبىرلەر خوتەن گىلىمىنىڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ جەمەتى 8 ـ ئەجدادىدىن باشلاپ ئاتا مىراس گىلەمچىلەر بولۇپ ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئىدرىسئاخۇننىڭ دادىسى مەتتۇرسۇنئاخۇن ماھىر گىلەمچى بولۇپ، 1942 ـ يىلى شۇ چاغدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شىڭ شىسەينىڭ سۈرىتى چىقىرىلغان گىلەمنى توقۇپ چىققانىكەن.

## ئابدۇۋەلى تۇرسۇن

ئابدۇۋەلى تۇرسۇن 1949 ـ يىلى لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاش يېزىسىدىكى شاخ كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1962 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن لوپ ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىغا شاگىرت ئىشچى بولۇپ كىرگەن ۋە بىر قانچە يىل ئۆتمەيلا ماھىر ئۇستىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. 1979ـ يىلى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى ئاچقان گىلەم لايىھىلەش كۇرسىدا ئۈچ ئاي تەربىيىلەنگەن. 1980 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1981ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل سەنئەت كەسپىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لوپ ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ لايىھىلەش بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1994 ـ يىلى ئۆكتەبىردىن 1999 ـ يىلى مارتقىچە بۇ كارخانىنىڭ

باشلىقى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلىك پاختا - كەندىر شىركىتىنىڭ ماي زاۋۇتىدا قوغداش خىزمىتىنى ئىشلەپ، 2001 - يىلى ئىيۇندا دەم ئېلىشقا چىققان.

گىلەمچىلىكتە مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولغان ئابدۇۋەلى تۇرسۇن سەنئەت ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇپ ئەتراپلىق نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئىجادىيەت تالانتىنى نامايان قىلىشتا پۇختا ئاساس ياراتقان. ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا لايىھىلىگەن «ئانار باغ» ۋە «ناسىۋاي» ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرى ئەلا باھاغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن 540 قۇرلۇق ئۆلچەمدە لايىھىلەنگەن «ناسىۋاي» نۇسخا گىلەم لوپ ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسى تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىرىلىپ ئېكسپورت قىلىنغان.

1989 - يىلى ئۇ لايىھىلىگەن «كارنۋات ئەدىيال» ناملىق گىلەم مەخسۇس كارنۋت گىلىمى ئۆلچىمىدە لايىھىلەنگەن بولۇپ، ناھايىتى تېزلا ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ كەڭ تارقالغان. 2001 - يىلى لايىھىلەنگەن «كېپىنەك» نۇسخا گىلەم ئىشلەپ چىقىرىلىپ بازارغا سېلىنىش بىلەنلا بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتقا ئايلانغان.

ئابدۇۋەلى تۇرسۇننىڭ ئۇيغۇر گىلەمچىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى نەزەرىيە تەتقىقاتى جەھەتتە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ يازغان «خوتەن گىلەمچىلىكى» دېگەن ئەسەر تارىختىن بۇيان گىلەم تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان تۇنجى مەخسۇس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور 1984-يىلدىن باشلاپ ئىككى يىل جاپالىق ئىزدىنىپ يېزىپ چىققان. 1986-يىلى سېنتەبىردە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، 1987 - يىلى ئاپرېلدا تۇنجى باسمىسى تارقىتىلغان. بۇ ئەسەر ئومۇمىي جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر گىلەملىرىنىڭ نۇسخا تۈرلىرى، نەقىشچىلىكى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار بىلەن ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان گىلەم توقۇش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ، ھەم بىر قەدەر يۇقىرى نەزەرىيىۋى تەتقىقات قىممىتىگە، ھەم بىر قەدەر كۈچلۈك ئەمەلىي قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، گىلەم تەتقىقاتىدىكى قىممەتلىك

ماتېرىيال بولۇپلا قالماي، گىلەمچىلىك تەربىيىلەش كۇرسلىرى ۋە گىلەم توقۇشنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىلھام جۇمە

ئىلھام جۇمە 1961 - يىلى خوتەن شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ رەسىم سىزىشقا خۇشتار بولغان. ئىلھام ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1979 - يىلى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىغا خىزمەتكە كىرگەن قىسقىغىنە بىر نەچچە ئايدا گىلەم توقۇشنى پىششىق ئۆگىنىۋالغانلىقى ۋە رەسىم سىزىشقا خۇشتارلىقىدىن ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتى بارلىقىنى بايقىغان كارخانا رەھبەرلىرى ئۇنى ئاپتونوم رايون ئاچقان گىلەم لايىھىلەش تېخنىكىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. بىر يىللىق ئوقۇشنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، گىلەم كارخانىسىنىڭ لايىھىلەش بۆلۈمىدە ئىشلىدى ۋە كۆپ يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق 1993 - يىلى «ئىلھام نۇسخا» گىلىمىنى لايىھىلەپ چىقتى. مەھسۇلات بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى، خېرىدارلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشى ۋە خوتەن گىلەملىرىنىڭ ئەڭ يېڭى نۇسخىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

1995 - يىلىدىن باشلاپ گىلەم كارخانىسى لايىھىلەش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئىشلەۋاتقان ئىلھام، ئۆزىنىڭ رەڭ تەڭشەش ۋە بوياق ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئەنئەنىۋى گىلەم سۈرەتلىرىنىڭ نۇسخا نەقىش شەكىللىرىنى ساقلاپ، نەقىش بوياقلىرىنى قايتىدىن تەڭشەش ئاساسىدىكى «كونا گىلەملەرنى ياشارتىش» جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىدە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇ قايتىدىن رەڭ تەڭشەپ ياشارتىپ چىققان چاچما نۇسخا گىلەم ئائىلىسىدىكى ئىككى ئايگۈللۈك تەڭ چاچما نۇسخا گىلەم كونا نەقىش ئاساسىدا يېڭىچە جەزبىدارلىققا ئىگە بولۇپ، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتقا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى نۇسخىدىكى گىلەملەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا بىر يېڭى يول ئېچىلدى.

## تۇرسۇنتوختى قۇربانىياز (شىر)

تۇرسۇنتوختى قۇربانىياز 1963 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچى بازار باغچى كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. سەككىز يېشىدىن باشلاپ گىلەمچىلىككە قىزىقىپ، ئۆز كەنتىدىكى مەتنىياز ئاخۇن خاپان ئىسىملىك گىلەمچىگە شاگىرت بولۇپ ھۈنەر ئۆگەنگەن. 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ ئائىلىسىدە گىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىغان.

تۇسۇنتوختى قۇربانىيازنىڭ گىلەمچىلىكتىكى تۆھپىسى ئىككى جەھەتتە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئاران باشلانغۇچ مەكتەپنىلا پۈتتۈرگەن بولۇشىغا قارىماي، كىچىكىدىنلا زېرەك، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولغان تۇرسۇنتوختى گىلەم توقۇشنى پۇختا ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە خاس نۇسخا يارىتىش ئىرادىسىگە كېلىپ، ئۇزۇلدۇرمەي تىرىشىش ئارقىلىق 1988 ـ يىلى ئەدىيال نۇسخا گىلەمنىڭ يانداش نۇسخىلىرىدىن بىرى بولغان بۆرەك مودەن ئەدىيال نۇسخا گىلەمنى لايىھىلەپ توقۇپ چىققان. ئەدىيال نۇسخا گىلەم ئائىلىسىدىكى ئەڭ كېيىن ئىجاد قىلىنغان بۇ يېڭى سورت، بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن بازىرى ئىتتىك مالغا ئايلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

ئىگىلىك يارىتىشتا ماھىرلىقى ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، 1980 ـ يىلى باشقىلاردىن ئۆتنە ئالغان ئۇچيۈز يۈەننى دەسمايە قىلىپ يەككە گىلەمچىلىككە قەدەم باسقان 17 ياشلىق بۇ يىگىت، ئۆزىنىڭ بىر دۇكان ۋە 300 يۈەن دەسمايىدىن تەركىب تاپقان بۇ كىچىككىنە ئىگىلىكىنى ئىنتايىن پىلانلىق ۋە تۇجۇپىلەپ باشقۇرۇپ، 1984 ـ يىلى دۇكاننى ئىككىگە يەتكۈزگەن. تىرىشچانلىق ۋە پەم ـ پاراسەتكە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىگەن ياش تۇرسۇنتوختى 2001 ـ يىلىغا كەلگەندە باغچى بازىرىدا كۆزگە كۆرۈنگەن يەككە ئىگىلىك ماھىرى بولۇپ تونۇلدى ۋە شۇ يىلى باغچى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىلھام بېرىشى ھەم ئۇچ مو يەر ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن گىلەم توقۇش سېخى، ئامبار، ئىشخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 800 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇشنى تاماملاپ گىلەم كارخانىسى قۇردى.

ھازىر بۇ كارخانىدا 26 پولات دۇكان بولۇپ، 170 نەپەرگە

يىقىن گىلەمچى ئۇستا ۋە شاگىرت ئىشلەيدۇ. كارخانىنىڭ يىللىق ئىشلەپ چىقىرىش مىقدارى ئىككى مىڭ كۋادرات مېتىرغا، مەھسۇلات قىممىتى 480 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. ئۇستىلارنىڭ يىللىق ئىش ھەققى 2500 ~ 3500 يۈەنگە، شاگىرتلارنىڭ يىللىق ئىش ھەققى 1500 يۈەنگە يېتىدۇ. كارخانىدا ئاز ساندا ئەنئەنىۋى نۇسخىلاردىكى يەرلىك گىلەم ۋە بۇيرۇتما گىلەملەر ئىشلەپ چىقىرىدىن ئۆزگە، ئاساسلىقى ئېكسپورت گىلىمى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

يۇرتداشلارنىڭ كۆنگەن ئادەت بويىچە ئاتاۋېرىشى بىلەن نەسەب لەقىمى فامىلىسىگە ئايلىنىپ قېلىپ «تۇرسۇنتوختى شىر» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بۇ تۆھپىكارنىڭ خۇسۇسىي گىلەمچىلىك كارخانىسى ھازىر باغچى يېزىسىدىكى 32 خۇسۇسىي گىلەمچىلىك كارخانىسى ئىچىدە كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

2002 - يىلى نويابىر 2003 - يىلى فېۋرال، خوتەن.

پايدىلانمىلار

① بۇ رىۋايەتنىڭ «گىلەم پىرى ۋە گىلەم» دېگەن تېمىدىكى يەنە بىر ۋارىيانتى بار. «جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى شىنجاڭ تومى — لوپ خەلق چۆچەكلىرى»، 6 - بەتكە قاراڭسۇن.

⑪ ②«خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى». خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن، ئۇيغۇرچە، 233 -، 128 - بەت.

③ ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 1985 - يىل نەشرى، 88 -، 89 - بەتلەر.

④ توختى مۇھەممەت: «ياڭاق ھەققىدە رىۋايەت» «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى». ئۇيغۇرچە 1988 - يىللىق 19 - ئىيۇل سانى، 3 - بەت.

⑤ مەھمۇد زەيدى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن تەرمىلەر». مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى، 63 - بەت.

⑥⑦⑧⑨ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچىلار». مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 436 - بەت.

⑩ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 33 - بەت.

⑫ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 517 ـ بەت.

⑬㉒㉓㉕ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى. 1997 ـ يىلى 6 ـ سان. 26 ـ، 27 ـ، 28 ـ بەتلەر.

⑭ غەيرەتجان ئوسمان: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېلىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىلىرى» . «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، ئۇيغۇرچە 94 ـ يىللىق 3 ـ سان، 51 ـ بەت.

⑮ سابىت ئەخمەت، ئەخمەت رىشىت: «قۇم ئاستىدىكى شەھەر ــ قەدىمكى نىيە خارابىسى» «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ، ئۇيغۇرچە 1985 ـ يىللىق 2 ـ سان 28 ـ بەتتىن 73 ـ بەتكىچە قارالسۇن.

⑯ ئەخمەت رىشىت: «نىيە خارابىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە يېڭىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» . شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1996 ـ يىللىق بىرلەشمە 1 ـ، 2 ـ سان، 44 ـ بەت.

⑰ ئەخمەت رىشىت: «سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى» . شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان 31 ـ بەتتىن 145 ـ بەتكىچە قاراڭ.

⑱⑲⑳㉑ لى يىنپىڭ «بۇددا ئېلى ــ ئودۇن» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 105 ـ، 106 ـ بەتلەر.

㉔ «ياڭرىدى ھەرياندا ساز» ، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسى 266 ـ بەت.

㉖ ئاپتور خاتىرىسىدىن: بۇ رىۋايەتنى پىشقەدەم گىلەمچى ئاۋۇتئاخۇن 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سۆزلەپ بەرگەن.

㉗㊱ «خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» . خەنزۇچە، 128 ـ، 129 ـ بەت.

㉘ «گۆھەر زېمىن ــ خوتەن» . ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسى. 21 ـ بەت.

㉙㉛㉝ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە. ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» . ئۇيغۇرچە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 1990 ـ يىل 1 ـ باسمىسى. 190 ـ، 455 ـ، 458 ـ بەتلەر.

㉚ ھاجى نۇرھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» . ئۇيغۇرچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسى. 220 ـ، 221 ـ بەتلەر.

㉜㉟ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە. جۇڭجو قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 82 ـ، 86 ـ بەتلەر.

㉞ كاتارىن ماكاتنىپي «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» . ئۇيغۇرچە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. 65 ـ، 66 ـ بەتلەر.

㊲ ئابدۇۋېلى تۇرسۇن: «خوتەن گىلەمچىلىكى» ، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 145 ـ، 152 ـ بەتلەر.

㊳ «جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى شىنجاڭ تومى ـ گۇما خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرى» . 59 ـ بەت.

㊴ لى يىنپىڭ: «خوتەن ۋىلايىتىدىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى» ، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان. 22 ـ، 23 ـ،24 ـ،25 ـ بەتلەر.



مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئىسمائىل
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇنىرە مۇساجان
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار
## — يېپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى№348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى رېنشياڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم، 1/32،
باسما تاۋىقى: 12.75، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003-يىل 8-ئاي 1-نەشرى
2003-يىل 8-ئاي 1-بېسىلىشى
تىرازى: 0001 — 3800

ISBN 7—228—08242—7
ئومۇمىي باھاسى (ئالتە پارچە): 98.50 يۈەن

# دۇنيادا ئىلىم بار

## ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

- ☆ يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
- ☆ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
- ☆ مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
- ☆ يېپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
- ☆ ئەدەبىيات - سەنئەت
- ☆ ھېكايەتلەر
- ☆ خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
- ☆ خەلق چۆچەكلىرى (تاللانما)
- ☆ خەلق داستانلىرى
- ☆ ئەپسانە - رىۋايەتلەر
- ☆ خوتەندە ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەر
- ☆ خوتەن يەر - جاي ناملىرى
- ☆ چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن
- ☆ خوتەن كىتابلىرى ئۈچۈرى
- ☆ خوتەن كارخانىچىلىرى

ISBN 7-228-08242-7

9 787228 082421 >

ISBN 7-228-08242-7
(民文)总定价(共六册):98.50元